ئەخمەت تۇردى ئەسەرلىرى



# يەچەشمە

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



ئەخمەت تۇردى ئەسەرلىرى



# يەپچەشمە

( ھېكايە ۋە پوۋېستلار )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : كامىلە راخمان
مەسئۇل كوررېكتورلىرى : ئىبادەت ياسىن
دىلدار مۇھەممەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غالىب شاھ

ئەخەت تۇردى ئەسەرلىرى

**يەكچەشمە**

(ھېكايە ۋە پوۋېستلار )

ئاپتورى : **ئەخەت تۇردى**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 1 ـ قورۇ ، پ : 830049 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168مم ، 32 كەسلەم ، باسما تاۋىقى : 14
2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN978—7—5371—6505—1
سانى : 1—2000
باھاسى : 28.00 يۈەن

بېسىلىشتا ، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ ، تېگىشىپ بېرىمىز



# نەشرىياتتىن

ئەخەت تۇردى — دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ
تەرەققىياتىغا ، گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان
ۋەكىللىك خاراكتېردىكى داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ
ئۆزىنىڭ 50 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا پروزىچىلىقنىڭ
ھېكايە ، پوۋېست ، رومان قاتارلىق ھەممە ساھەسىدە قەلەم تەۋرد-
تىپ ، ھەممە ساھەسىدە بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ ،
ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە خېلى زور تەسىر
قوزغىدى .

يازغۇچى 1940 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر
شەھىرىدە تۇغۇلغان . 1949 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە باشلان-
غۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان . 1959 - يىلى شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىر-
گەن . 1964 - يىلى 8 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن
ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەق-
سىم قىلىنىپ ، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر
بولۇپ ئىشلىگەن ، كېيىن ژۇرنالنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى
بولغان . 1989 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ كەسپىي يازغۇچىلىققا
تەكلىپ قىلىنىپ ، 2000 - يىلى 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا
چىققۇچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى
بولغان . ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ،
جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ
ھەيئەت ئەزاسى ، مەملىكەتلىك ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە
مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، دۆلەتلىك

بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى.

ئەخەت تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت هاياتى 1958 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گۇرۇچ» ناملىق هېكايىسى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن تارتىپ 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ «هاياتنىڭ باشلىنىشى»، «دەشتكە باهار كەلدى»، «كۈرەش داۋام قىلىدۇ»، «ئازاد زامانەمدىن ئايلىناي»، «بىزنىڭ ئەۋلاد» قاتارلىق بىر قىسىم هېكايىلەرنى يېزىپ، شۇ دەۋر رېئاللىقىنى خېلى جانلىق ئەكس ئەتتۇرگەن هەم كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئەخەت تۇردىنىڭ پروزا ئىجادىيىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇ «يالقۇنلۇق ياشلىق»، «مەرهابا، باغۇەن»، «مەهبۇس قىزى» قاتارلىق هېكايىلەرنى يېزىش ئاساسىدا پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «قىيانلىق دەريا»، «ئەلۋىدا، كۆز يېشىم» قاتارلىق پوۋېستلارنى ئېلان قىلىپ، بۇ جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ هېكايە ئىجادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى ئىجادىيىتى بولۇپ قالدى. ئۇ 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، 1989 ـ يىلى تۇنجى رومانى — «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»نى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۇردى. بۇ رومان ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى ۋە يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ۋە ئەدەبىيات ساهەسىدە زور تەسىر قوزغىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتى ئۇچۇن پۇختا ئاساس بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاساسلىق كۈچىنى رومان ئىجادىيىتىگە قارىتىپ، كەينى ـ كەينىدىن «هايات شۇنداق»، «سەرسان روھ»، «بەختسىز سەئىدىيە»، «قاباهەت» قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ جامائەتچىلىك

بىلەن يـۈز كـۆرۈشتۈردى . ئـەگەر بـىز «خەيرخوش ، توققۇز كۈنلۈك ماكان» ، «ئەلۋىدا ، كۆز يېشىم» ناملىق ئەسەرلەرنى ئۇنىڭ ھېكايە ۋە پوۋېست ئىجادىيىتىدىكى بىر پەللە دېسەك ، ئۇنداقتا «سەرسان روھ» ، «بەختسىز سەئىدىيە» ، «قاباھەت» رومانلىرى ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان نادىر ئەسەردۇر .

يازغۇچىنىڭ تۇنجى پوۋېستى «قىيانلىق دەريا» 1985 ـ يىلى مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيا- تىنى باھالاشتا «مۇنەۋۋەر پوۋېست» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كې- يىن ، ئۇنىڭ بىر قىسىم ھېكايىلىرى ، بولۇپمۇ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ، «ھايات شۇنداق» ، «سەرسان روھ» ، «بەختسىز سەئىدىيە» قاتارلىق رومانلىرى كەينى ـ كەينىدىن «جۇڭگو كىت- تاب مۇكاپاتى» ، «تۇلپار ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ، «تەڭرىتاغ ئەدە- بىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى» ... قاتارلىق مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ زور شەرەپ قۇچتى . ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ھېكايە ـ پوۋېستلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن سىرت ، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ، «خەير- خوش ، توققۇز كۈنلۈك ماكان» قاتارلىق نادىر ھېكايىلىرى چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، «چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ھې- كايىلىرى» ناملىق توپلام بىلەن «پەرۋاز» ناملىق مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىندى .

بۇ قېتىم نەشرىياتىمىز دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللى- قىغا سوۋغا قىلىش ۋە ئەخەت تۇردى ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقى- نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يازغۇچىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى 10 توم قىلىپ نەشر قىلدۇق . بىز ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇ- غان بۇ 10 توملۇق ئەسەر يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ تارىخ ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى 50 يىلدىن بۇيانقى جاپالىق ئىزدىنىشلىرى- نىڭ مەھسۇلى . ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدە كىشىلەرنىڭ

ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بولغان ئوخشاشمىغان مۇناسىۋەت ـ ئالاقىلىرىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى تىپىك ۋە ماھىيەتلىك بولغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە ئوبرازلىق يارىتىشتەك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتقان. ئۇ تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلارنىڭ كۆپىنچىسىدە زاماندىشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپەتلىرى تەبىئىي ۋە ئېنىق ئېچىپ بېرىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىپىك مىللىي خاراكتېرى خېلى روشەن ئەكس ئەتكەن. بۇ خىل تىپىك خاراكتېر يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆزقاراشلىرى، شۇنىڭدەك ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئارقىلىق سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن. شۇڭا ئۇ كىشىلەرگە ئۆزگىچە بىر خىل ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ، كىشىنى ھايات گۈزەللىكىدىن، شۇنداقلا تەبىئەت گۈزەللىكىدىن سۆيۈندۈرىدۇ.

قىسقىسى، ئەخەت تۇردى دەۋر قىياپىتىنى ئىجابىي ۋە سەلبىي ياقتىن يورۇتقان، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، زىددىيەت توقۇنۇشلىرى كەسكىن، پېرسوناژلىرى ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە، تىلى تاتلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا، جۈملىدىن ئۇنىڭ رومانچىلىق ساھەسىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان تۆھپىكار يازغۇچىدۇر.

بىز ئاخىرىدا، ھۆرمەتلىك ئەدىبىنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، قەلىمىگە تېخىمۇ زور بەرىكەت تىلەيمىز!

2009 ـ يىل، مارت.

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە ........................ 1
گۈلخان........................................... 22
گۈرۈچ ........................................... 41
يەكچەشمە ........................................ 66
خەيرخوش ، توققۇز كۈنلۈك ماكان .................... 81
قىزىق ئىشلار..................................... 113
ئالۋاستىغا يولۇققان ئادەم ........................ 138
يەر گۈۋاھ ، ئاسمان گۈۋاھ !........................ 163
نېمە دېگۈلۈك..................................... 176


## پوۋېستلار


باھاردىكى جۇدۇن ................................ 190
قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا ...................... 313
سەبىيلەر پاجىئەسى ............................... 380

# سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە

«ئېيتاي ، ئەي تالىپ ساڭا چەندان سۆخەن ،
مەرپەتسىز جىسمىدۇر جانسىز بەدەن .»
( «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» )

بىر ئايدىن بېرى كوچا ـ كويلاردا ئېقىپ يۈرگەن مىش ـ مىش خەۋەر ئاخىر راستقا ئايلاندى . تۈنۈگۈن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن چىققان ئۈچ كىشىلىك كومىسسىيە گۇۋاھنامە تارقىتىپ ، 20 ـ ئۆكتەبىردە ئىمتىھان ئېلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى .

گۇۋاھنامە ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى نۇردۇنغىمۇ بېرىلگەنىدى ، ئۇ «بىر قىسىم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىش گۇۋاھنامىسى» دېگەن خەتلەر بېسىلغان قەغەزگە تىكىلگىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قالدى . كېيىن ئۇنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ ، بىلىكىدىكى كالېندارلىق سائىتىگە قارىدى ، چېسلا «18» رەقىمىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . ئۇ بېشىنى پەرۋاسىزلا يېنىككىنە سىلكىپ قويدى . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پۈتۈن ناھىيىنى ساراسىمىگە سېلىۋەتكەن بۇ خەۋەر نۇردۇن ھاكىمغا ھېچقانچە تەسىر قىلمىغاندەك ئىدى . ھەتتا ئۇنىڭ ھەمىشە ئۇيقۇسىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىمۇ شۇ پېتى قىسىلىپ ، نۇرسىز پىلدىرلاپ تۇراتتى . ئۇ ئۆگۈنلۈككە ئېلىنىدىغان ئىمتىھان توغرۇلۇق ئويلاپمۇ قويمىدى ···

20 ـ ئۆكتەبىرمۇ يېتىپ كەلدى ، ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ چوڭ زالى بۈگۈن تاڭ سەھەردىن باشلاپلا جانلىنىپ

كەتتى، ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغانلار ئىمتىھان زالىغا كىرىپ كەتتى، ئىمتىھانغا قاتنىشالمىغۇچىلار ئىشىك ئالدىدا بۇ يەرگە جەم بولۇشقانىدى.

ئىمتىھان مەيدانى شۇنچە ئازادە بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بىر ـ بىرىدىن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇرغان ئادەملەر گويا بىر تىنىقتا نەپەس ئېلىۋاتقاندەك دەككە ـ دۈككە ئىچىدە تىمتاس ئولتۇرۇشاتتى. تەييارلىق قوڭغۇرىقى ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا، نۇردۇن ھاكىمنىڭ جىپ ماشىنى ـ سى زال ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. نۇردۇن ھاكىم ياش بىر يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇلار ئىمتى ـ ھان مەيدانىغا كىرىشكە ۋىلايەتتىن چىققان بىر نازارەتچى ئۇلار ـ نىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدى:

— گۇۋاھنامىڭىزنى كۆرۈپ باقاي.

نۇردۇن ھاكىم گۇۋاھنامىسىنى كۆرسەتتى.

— نومۇرىڭىز قىرىق يەتتە ئىكەن، ئورنىڭىز ئەنە ئاۋۇ يەردە، — نازارەتچى گۇۋاھنامىنى نۇردۇن ھاكىمغا بېرىۋېتىپ ياش يىگىتتىن سورىدى، — سىزنىڭچۇ؟

— مەن ... مېنىڭ ... ، — يىگىت دۇدۇقلىغىنىچە نۇردۇن ھاكىمغا قارىدى.

نۇردۇن ھاكىم دەرھال نازارەتچىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ چۈشەند ـ ۈردى:

— بۇ كىشى ئىشخانىنىڭ كاتىپى بولىدۇ، ئىسمى ئابلا، ئىككىمىز بىرلىكتە تەييارلىق قىلغان، ئىمتىھانىمىزنى بىللە بەر ـ مەكچىمىز ...

— ھە؟! — نازارەتچى دەسلەپ ھەيرانلىقتا لەپپىدە بىر قارىدى ـ دە، كېيىن مەسخىرە ئارىلاش سوغۇققىنە كۈلدى، — تەييارلىقنى ئەلۋەتتە بىللە قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن ئىمتىھاننى قانداقمۇ بىللە بەرگىلى بولسۇن؟! بۇ ھەركىمنىڭ ئىقتىدارىنى سىنايدىغان ئىش ـ دە! — نازارەتچى ئاندىن ئابلا كاتىپقا قاراپ

دېدى ، — يولداش ، ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىگە گۇۋاھنامە تارقىتىلغان ، سىزنىڭ گۇۋاھنامىڭىز بولمىغاندىكىن قايتىپ كېتىڭ ...

نازارەتچىنىڭ تەلەپپۇزى بۇيرۇقتەك جىددىي ئىدى ، ئابلا كاتىپ نۇردۇن ھاكىمغا قاراپ ئىلاجسىز قالغانلىقىنى بىلدۈردى . راستىنى ئېيتقاندا ، شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ بۇ يەردىن خۇددى بوز تورغايدەك پۇررىدە قىلىپ غايىب بولغۇسى بار ئىدى . بايا نۇردۇن ھاكىم قاراپ تۇرۇپلا يالغان ئېيتتى . ئۇلار نەدىمۇ بىرلىكتە تەييارلىق قىلسۇن ؟ ! بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن يۈز سوئال چىقىرىپ ، ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىپ بەرگەن . شۇ چاغدا نۇردۇن ھاكىم سوئاللار بېسىلغان قەغەزنى ئابلا كاتىپقا بېرىپ : «سەن مۇشۇ بويىچە ئانچە - مۇنچە تەييارلىق قىلىپ قويغىن ، ئىمتىھان ۋاقتىدا بىر يەردە ئولتۇرارمىز ...» دېگەنىدى . بۇ شۇنداقلا ئېيتىلغان سۆز بولسىمۇ ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ، بىر رەھبەرنىڭ قول ئاستىدىكى كادىرغا ۋەزىپە تاپشۇرۇشى ئىدى . ئابلا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانىسىدا ئىشلەۋاتقان مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى نۇردۇن ھاكىمنىڭ قولىغا قول ، پۇتىغا پۇت بولۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ بۇ قېتىممۇ ياخشى تەييارلىق قىلدى . بۇ جەرياندا نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆردى ، نۇرغۇن كىشىلەردىن سورىدى . شۇنداق قىلىپ ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە خېلى ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇپ قالدى . بۇنى ئۇ ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان ئىشقىۋازلىقى بىلەن قىلدى ، شۇنداقلا بۇنىڭ ئۆز رەھبىرى ئورۇنلاشتۇرغان «سىياسىي ۋەزىپە» ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى . لېكىن ، ئابلا تېخى ئىككى يىل بۇرۇنلا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەچكە ، بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا قاتنىشىش «سالاھىيىتى» توشماي گۇۋاھنامە ئالالمىدى . بۇگۈن بولسا نۇردۇن ھاكىمنىڭ

يىنىدا ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىغىزىغا ئىغىز، قولىقىغا قولاق بو-
لۇش شەرتىگە مۇيەسسەر بولالماي قالدى ...
— ۋاقىت توشۇپ قالدى، — دېدى نازارەتچى نۇردۇن ها-
كىمغا ئەسكەرتىپ، — تېزرەك جايىڭىزغا بېرىڭ!
نۇردۇن ھاكىمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. باشقا
ئىشلاردا ئۇ بۇ يەرگە ھاكىم بولسىمۇ، لېكىن ھازىر شۇ مەيداندا
نازارەتچى ئۇنىڭغا ھاكىم ئىدى، ئۇنىڭغا بويسۇنماي بولمايتتى.
ئابلا كاتىپ يەلكىسىنى قىسىپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى، ئۇنىڭ
قارىسى يىتكەندىن كېيىن نۇردۇن ھاكىمنى بىردىنلا ۋەھىمە
باستى. ئۇنىڭ كاللىسى گويا كاتىپ بىلەن بىللە چىقىپ كەتكەن-
دەك، ئۆزىنى ئىنتايىن زەئىپ ھەم جانسىز ھېس قىلدى ...
لېكىن، ئۇ يەنە دەرھاللا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. بۇ يەردە ئول-
تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بو-
لۇپ، ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغانلار ئىدى. شۇلار چېغىدا
ھېچبىر غېمى يوق بەخىرامان ئولتۇرسا، نەچچە يىلدىن بېرى
ئۇلارنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئالاقزادە بولۇشى ئۇيات
ئەمەسمۇ؟! ئىمتىھان دېگەن قانچىلىك نېمىتى؟! ئۇ ئەقلىگە
كەلگەندىن بېرى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى يازسىمۇ چوڭ بىر
كىتاب بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىككى ـئۈچ سائەت ئىچىدە
بىر نەچچە ۋاراق قەغەز توشقۇزۇش شۇنچە تەس گەپمۇ؟!...
نۇردۇن ھاكىم بىردىنلا جانلاندى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى
ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە قاۋۇل ھېس قىلدى. پۇت ـ قوللىرىغىمۇ
باشقىدىن مادار كىرگەندەك، مەزمۇت قەدەم بىلەن چوڭ زالنى
ئۇدۇل كېسىپ جايىغا قاراپ ماڭدى.
قوڭغۇراق ئۈچىنچى قېتىم چېلىنغاندا، ئىمتىھان كومىس-
سىيىسىنىڭ باشلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى.
— يولداشلار، بۈگۈن بىز مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك
ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، بىر قىسىم ئىشچى ـ

خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى سىناپ باقماقچىمىز . بۇ قېتىمقى سىناقنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئۆتكەندە تارقىتىلغان ھۆججەتتە تەپسىلىي سۆزلەنگەن ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرگە «لاياقەت گۇۋاھنامىسى» بېرىلىدۇ . ھازىر ئىمتىھان سوئاللىرىنى تارقىتىمىز ، — دېدى ئۇ ۋە يەنە بىر نەچچە ماددىلىق دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى جېكىلىگەندىن كېيىن ئىمتىھانغا قاتناشقان ئاتمىش يەتتە كىشىنىڭ ئىسىملىكىنى بىرمۇ بىر ئوقۇپ ئەمەلىيلەشتۈردى . نۇردۇن ھاكىم شۇ چاغدىلا بۇ مەيداندا ئۆزى بىلەن بىللە ناھىيىنىڭ يەنە بىر مۇئاۋىن ھاكىمى — مەخسۇتنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدى . مەخسۇت ئۇنىڭدىن تۆت قەدەم ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇراتتى . ئۇ مەخسۇتنىڭ پۈتۈن قىياپىتىنى ئېنىق كۆرەلمىسىمۇ ، لېكىن يان تەرەپتىن ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ خاتىرجەم ھەم بەھۇزۇر ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، قانداقتۇر بىر خىل ئىچكى تۇيغۇ بىلەن سوغۇققىنە ھىجىيىپ قويدى .

شۇ چاغدا ئىمتىھان نازارەتچىلىرى پېچەتلەنگەن ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ پېچىتىنى يېشىپ تارقىتىشقا باشلىدى . جىمجىت زال ئىچى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى . قايسىبىرلىرى ئىلتىجالىق كۆزلىرى بىلەن تۆت ئەتراپىغا قاراپ ، كىملەردىندۇر مېھىر - شەپقەت كۈتكەندەك قىلاتتى ، قايسىبىرلىرى چوڭقۇر «ئۇھ» تارتىپ ، ئۆزىنىڭ روھىي زەئىپلىكىنى ئاشكارىلايتتى ...

نۇردۇن ھاكىم ئىمتىھان سوئالىنى قولىغا ئېلىپ ، بېشىدىن ئاخىرىغىچە بىر قاراپ چىقتى . ھەرخىل پەنلەردىن ئارىلاش چىقىرىلغان ئون سوئال ئۇنىڭ كاللىسىدا دەماللىققا ھېچقانداق تەسىرات قالدۇرمىدى ، گويا ئۇ ئۈمۈچۈك تورىغا چىرمىشىپ قالغاندەك ، پىكىرلىرى بىردىنلا تۇمانلىشىپ كەتتى . پەقەت ماتېماتىكا سوئاللىرى ئىچىدىكى ئاددىي كەسىرلەر ئۇنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنۈپ ، بىر ئاز مەيلىنى تارتقاندەك بولدى - يۇ ، لېكىن يەنە شۇ ھامان ئۇلارمۇ قانداقتۇر ئەھمىيەتسىز ،

تۇتۇرۇقسىز نەرسىلەرگە ئايلىنىپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىل-
دى : «مۇنداق غەلىتە نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا ‹توخۇ - توشقان
قىرىق سەككىز ، پۇتلىرى يۈز سەككىز › نى چىقارسا بولما-
دۇ ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىچە چىچىلىپ ، — ئەگەر شۇ بولغان
بولسا هايت- هۇيت دېگۈچە ئىشلىۋەتمەمتتىم ! ... »
نۇردۇن هاكىم ئۆزىنىڭ شۇ هېسابنى ياخشى ئىشلىيەلەيدى-
غانلىقىنى ، ئۇنىمۇ ئۆتكەن هەپتە بىر ئۇلپىتىنىڭ ئۆيىدىكى
ئولتۇرۇشتا قايسىبىرسىنىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ بېشىپ بەرگەن-
لىكىنى ئېسىگە ئالدى .
شۇنداق قىلىپ ماتېماتىكىدىن چىقىرىلغان ئىككى سوئال
ئۇنى ئانچە قىزىقتۇرالمىدى ، ئۇ ئاخىر قولىنى بىرلا سىلكىپ :
«نېمانچە باش قاتۇرغۇلۇق !؟ تۆت ئەمەلنى بىلمىگەن ئادەم ناھە-
يىنى سورىيالامدىكەن !؟» دەپ ، بۇ مۇرەككەپ ئىسكەنجىدىن
ئۆزىنى ئاسانلا ئازاد قىلىۋەتتى . ئەمدى ئۇ ئىمتىھان سوئاللىرى-
نىڭ باشتىكى بىرقانچىسىدىن بىراقلا ئاتلاپ ئۆتۈپ ، ئوتتۇرىدى-
كى بىرسىگە كېلىپ توختىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كۈلكە يۈگۈر-
دى . لەۋلىرى ئىختىيارسىز لىپىلداپ ، بىلىنەر - بىلىنمەس
پىچىرلىدى : «مانا ، سوئال دېگەن مۇنداق بولسا بولىدۇ ، بۇنى
چىقارغان مۇئەللىم ناھايىتىمۇ ئەقىللىق ئىكەن : ‹جۇڭگو كوم-
مۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى قاچان ، قەيەردە
ئېچىلغان ؟ › ، دەمدۇ ، هىم ! ... »
نۇردۇن هاكىم چاپىنىنىڭ يېڭىنى يۇقىرىغا سۈرۈپ قويۇپ ،
خۇددى هۆججەتلەرگە تەستىق سالغاندەك سالاپەت بىلەن يېزىشقا
كىرىشتى : «جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتى-
يى پارتىيە تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ، ئەڭ ئۇلۇغ قۇرۇلتاي
بولۇپ ، ئۇ 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇلۇغ
پايتەختىمىز بېيجىڭدىكى ھەشەمەتلىك خەلق سارىيىدا تەنتەنە بى-
لەن ئېچىلغان . »

نۇردۇن ھاكىم يېزىشتىن توختىدى ـ دە، تۆت تەرىپىگە قاراپ ئازادە كېرىلىۋالدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ سوئالغا ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭدەك توغرا ھەم تېز جاۋاب بېرەلىشى ناتايىن ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى مەخسۇتنىڭ باش كۆتۈرمەي جىددىي يېزىۋاتقان قىياپىتىگە چۈشۈش بىلەن يەنە كەيپى بۇزۇلدى …

ئوتتۇز سەككىز ياشلاردىكى مەخسۇت ئىنتايىن كەم سۆز، ئاددىي ـ ساددا يىگىت ئىدى. سىرتتىن كۆرگەن كىشى ئۇنى بىرەر ناھىيىنىڭ ھاكىمى دەپ زادىلا ئويلىمايتتى. ئۇ ئەزەلدىن كىتاب ۋە گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ، شەرەپنى ئەقىل بىلەن ھۈنەردىن، ئۇلۇغلۇقنى ئىلىم بىلەن پاراسەتتىن تېپىشقا تىرىشاتتى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا «كىتابخۇمار» دەپ نام قويغانىدى. لېكىن، كېيىنرەك بۇ نام نۇردۇن ھاكىم تەرىپىدىن «كىتاب سارىڭى»غا ئۆزگەرتىۋېتىلدى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، مەخسۇت ھەرخىل بىلىملەردىن خەۋەردار بولغاچقا، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، سۆزلىرى مەزمۇنلۇق ئىدى. ئۇ ھەرقانداق چوڭ يىغىن ياكى كىچىك مۇزاكىرىلەردە سۆزلىمىسۇن، سۆزلىرى كىشىلەرنى قايىل قىلالايتتى. شۇڭا بەزى قېرىلار ئۇنىڭ دوكلاتىنى، پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلىغاندا، «ئەجەبمۇ ئىسسىق باستى» دېسە، ياشلار «ئەجەبمۇ تەملىك سۆز بولدى» دېيىشەتتى.

مەخسۇتنىڭ ئىمتىھان قەغىزىدىن باش كۆتۈرمەي، ھەۋەس بىلەن يېزىشى نۇردۇن ھاكىمنى تۇرتتى بولغاي، ئۇ دەرھال خىيالدىن ئۆزىنى يىغىپ، نەزىرىنى يەنە سوئاللارغا ئاغدۇردى. بايا جاۋاب يېزىپ بولغان سوئالنىڭ ئاستىدىلا ئۇنىڭغا خېلى تونۇشتەك يەنە بىر سوئال تۇراتتى. نۇردۇن ھاكىم پىچىرلاپ ئوقۇدى: «دۆلىتىمىزدە بارلىققا كەلگەن تۆت چوڭ كەشپىيات قايسىلار؟»

نۇردۇن ھاكىم قەلەمنى ئېڭىكىگە تىرەپ چوڭقۇر ئويغا

پاتتى. بۇ سوئال ئۇنىڭغا خېلى ئاساندەك بىلىندى، ئوبدانراق بىر ئويلىسا دەرھاللا جاۋاب بېرىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

تۇغرا، ئۇ بۇنىڭغا چوقۇم تۇغرا جاۋاب بېرىدۇ، تۆت چوڭ كەشپىيات دېگەننى بىر ناھىيىنى سوراۋاتقان ھاكىم بىلمىسە سەت ئەمەسمۇ؟! ... مانا ـ مانا، ئېسىگىمۇ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ قايسىبىر گېزىتتە يولداش پېڭ جيامۇنىڭ باغراش كۆلى ئەتراپىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئوقۇغاندەك قىلىۋىدىغۇ، تۇغرا، بىرىنچى كەشپىيات دەل شۇ، يولداش پېڭ جيامۇ باغراش كۆلىنى ئىزدەپ تاپتى. ئىككىنچىسىچۇ؟ ھە، بۇمۇ ئېسىگە كەلدى. ئۇ قايسىبىر يىغىندا نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ بىپايان قاغىلىق نېفىتلىكىنى ئاچقانلىقى توغرىسىدا ئاڭلىمىغانمىدى، ھە ـ ھە، مانا شۇ كەشپىيات بولامدۇ؟ ... ئەمدى ئۈچىنچىسىچۇ؟ ئۈچىنچىسى ...

خۇددى شۇ چاغدا ئۇنىڭ دىققىتىنى باشقا بىر نەرسە تارتىپ كەتتى. ئون نەچچە ياشلىق ئىككى ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ يېنىدىكى دېرىزىنىڭ سۇنۇق ئەينىكىدىن بېشىنى تىقىپ، زالدىكىلەرگە ئەندىكىپ قارىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ بىرسى يېنىدىكىسىنى نوقۇدى، ئۇلارنىڭ چېچەن كۆزلىرى زالدىكى دوسكىغا چۈشتى. ئۇنىڭدا ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ ھەممىسى يېڭى يېزىقچە كۆچۈرۈپ قويۇلغانىدى. ئۇلار سوئاللارنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن تىللىرىنى چىقىرىپ، غەلىتە ھەرىكەتلەر بىلەن زالدىكىلەرنى مازاق قىلىشقا باشلىدى. نۇردۇن ھاكىم ھارسىنغان ھالدا ئۇلارغا قاراپ قاتتىق گۆلەيدى. لېكىن، ئۇلار پىسەنتمۇ قىلماي، ئەكسىچە، نۇردۇن ھاكىمغا قاراپ مەسخىرىلىك ھىجايدى ۋە پەس ئاۋازدا:

— ۋەيىي! ... ئاشۇ بويى بىلەن ئىزا تارتماي ئولتۇرغىنىنى! ئىزا ـ ئىزا ئەمەسمۇ؟! — دېدى بارماقلىرىنى يۈزىگە سۈركەپ، — ئۈنچىلىك سوئالنى كىم بىلمەيدۇ؟! ...

مانا مەن ھەممىسىنى بىلىمەن ...

— مەنمۇ بىلىمەن ! — دېدى يەنە بىرسىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ ، — يەر شارىدىكى بەش ئىقلىم بەلۋېغىنى ساناپ بېرەيمۇ ؟

— توختا ، ئۇنى دۇنيا خەرىتىسىدىن كۆرسىتىمىز ، — دېدى يەنە بىرسى ، — سەن دۆلىتىمىزدىكى تۆت چوڭ كەشپىياتنى بىلەمسەن ، شۇنى ساناپ باقە ؟

— كىم بىلمەيدۇ : بىرىنچىسى ، مەتبە ، ئىككىنچىسى ، قەغەز ...

دەل شۇ چاغدا مەيدان نازارەتچىلىرى باللارنى كۆرۈپ قىلىپ قوغلىۋەتتى . نۇردۇن ھاكىمنىڭ خاپىلىقتىن ئەمدىلا خۇشاللىققا ئايلانغان كۆڭلى يەنە ئارماندا قالدى . ئەگەر ، نازارەتچىلەر يەنە بىرەر مىنۇت ئۇلارنى كۆرمىگەن بولسا ، نۇردۇن ھاكىم تۆت چوڭ كەشپىياتنى تولۇق ئاڭلىۋالغان بولاتتى ... ھېلىمۇ ياخشى ، ئىككىسىنى بولسىمۇ بىلىۋالدى . ھەي ! ... بۇ شۇمتەكلەرنىڭ قىلىقى ئەسكى بولغان بىلەن كۆڭلى ئەجەبمۇ ياخشى ئىكەن ـ ھە ؟ !

نۇردۇن ھاكىم ھېلىقى نازارەتچىگە قاتتىق ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى . مۇمكىن بولسا ئىدى ، ئۇ دەرھال كەمپۈت ياكى پۇل تەڭلەپ باللارنى قايتىدىن چاقىرىۋالغانمۇ بولاتتى . ئەتتەڭ ! ... ئامال قانچە ؟

نۇردۇن ھاكىم باللاردىن ئاڭلىۋالغان ھېلىقى ئىككى گەپنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھال يازدى : «قەغەز ، مەتبە ... »

ئەمدى ئۇنىڭ ئەقلى بىردىنلا چاقماقتەك يورۇپ كەتتى ، ئۇ تۆت چوڭ كەشپىياتنىڭ قالغان ئىككىسىنىمۇ تېپىپ ، ئۆزىنىڭ بايا ئويلىغانلىرىنى دەرھال ئىنكار قىلدى : قەغەز بىلەن مەتبە بولغان يەردە نېمە ئۈچۈن سىياھ بىلەن قەلەم بولمايدۇ ؟ توغرا ، دەل ئۆزى شۇ !

نۇردۇن ھاكىم ئىمتىھان قەغىزىگە چوڭ ھەم چىرايلىق قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى يازدى :

«قەغەز ، مەتبە ، سىياھ ، قەلەم — دۆلىتىمىزدە بارلىققا كەلگەن تۆت چوڭ كەشپىياتتىن ئىبارەت . »

ئۇ يەنە بىر قېتىم كۆكسىنى كېرىپ ، ئەتراپىغا قارىدى ، كۆز قارىچۇقى بىر ئايلىنىپ كېلىپ مەخسۇتقا كەلگەندە ، چىپپىدە توختىدى . بۇ چاغدا مەخسۇت ئىمتىھان قەغىزىنى ئالدىن تاپشۇرغانلارنىڭ ئۇچىنچىسى بولۇپ زالدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى . نۇردۇن ھاكىم بىرئاز جىددىيلىشىپ قالدى ، مەخسۇتنىڭ بۇ ئىشتىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى ئۇنىڭغا ھار كەلدى . ئۇ دېگەن كىم ؟ ئۇنى پەقەت نۇردۇن ھاكىملا مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگەنغۇ ...

بىر ھېسابتا شۇنداق دېيىشكىمۇ بولاتتى . مەخسۇت 1972 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يېزىغا چۈشكەنىدى ، 1975 ـ يىلىغا كەلگەندە ، گۆڭشې بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئالتە ئايلىق ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا بىرىنچى دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ پارتىيىگە كىردى ھەم شۇ يىلى دادۇي ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدى . 1976 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا نۇردۇن كېجاڭ دەل شۇ داداۋيىنىڭ لۇشيەن تەربىيىسىگە مەسئۇل بولۇپ چۈشكەندە ئۇلار تونۇشتى . مەخسۇت ئۇنىڭغا كاتىپلىق قىلدى ، كۆڭلى تۈز ، تىرىشچان بۇ يىگىت ئاستا ـ ئاستا نۇردۇنغا ياراپ قالدى . خىزمەتنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى گۆڭشېغا ، ناھىيىگە تونۇشتۇرۇپ «ئىقتىدارلىق ، ئىستىقباللىق ياش» دەپ ماختىدى . 1977 ـ يىلى مەخسۇت گۆڭشېغا مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ ئۆستۈرۈلدى . شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا نۇردۇننىڭ ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىگە باشلىق بولۇپ ، ئۇزاق ئۆتمەيلا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . لېكىن ، نۇردۇن 1980 ـ يىلدىكى ئومۇمىي سايلامدا مەخسۇتنىڭ تولۇق ئاۋاز بىلەن ھاكىملىققا

سايلىنىپ كېتىشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى . بىر چاغلاردا
ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا سوكۇلداپ ، نېمە قىل دېسە ، شۇنى قىلىدى-
غان بىر «قوڭالتاق»نىڭ بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىد-
شى ئۇنىڭدا قاتتىق ھەسەت قوزغىدى . ئىشنىڭ بۇنداق ئاستىن-
ئۈستۈن بولۇپ كېتىشىنى ئۇ پەقەتلا كاللىسىغا سىغدۇرالمايتتى .
شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنە «تۇتۇنىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ»
دېگەندەك ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئۆزىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى
ئىناۋىتى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرۈۋەردى . كۈندە تەرەپ - تەرەپ-
تىن كېلىۋاتقان تەكلىپ ، باغاقلار ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆز ئىناۋىتى-
نىڭ ئۆلچىمى ئىدى ، شۇڭا ئۇ ئۆز ئۆزىگە ماختىنىپ : «تۆردە
ئولتۇرغان ھېساب ئەمەس ، زەللە ئالغان ھېساب ! ناھىيىدە كىم-
نىڭمۇ مەنچىلىك يۈز - ئابرۇيى بار ؟ ! مەخسۇتنى ئالساق بىرەر
باغاقچىلىكمۇ يۈزى يوق··· » دەيتتى . لېكىن ، يېقىنقى كۈنلەردە
نۇردۇننى تۇرۇپلا بىر ۋەھىمە چۇلغىۋالدى . ئىشچى - خىزمەتچى-
لەر ئارىسىدا مۇنداق ئىككى خىل مىش - مىش گەپ ئېقىپ
يۈرەتتى . بىرى : «نۇردۇن ھاكىمنى ۋىلايەتكە ئۆستۈرەر-
مىش» ، يەنە بىرى : «مەخسۇتنى ۋىلايەتكە ئۆستۈرەرمىش» . بۇ
ئىككى خىل مىش - مىش گەپنىڭ ئۆز ئالدىغا ئېنىقلىغۇچىسى
بار ئىدى .

نۇردۇننى ئۆستۈرىدۇ دېگۈچىلەر ئۇنىڭ «سالاھىيىتىنى ،
تەجرىبىلىكلىكىنى ، يۇقىرىدىكى ھىماتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى»
شىپى كەلتۈرسە ، مەخسۇتنى ئۆستۈرىدۇ دېگۈچىلەر ئۇنىڭ «بىد-
لىملىكلىكىنى ، قاۋۇللۇقىنى ، ياشلىقى»نى تىلغا ئېلىپ ماختىد-
شاتتى . بۇ گەپلەر نۇردۇننىڭمۇ قۇلىقىغا يەتتى ، ئۇ ئۆزى ھەققىد-
دىكى ماختاشلارنى ئاڭلىغاندا كېرىلىپ ، ھۇزۇرلىناتتى . بۇ
مىش - مىش گەپنىڭ تېزرەك رېئاللىققا ئايلىنىشىنى ئېغىز
تامشىپ كۈتەتتى . لېكىن ، شۇ ھامان بۇ شېرىن خىياللار يەنە
قانداقتۇر بىر ئاچچىق ھەسەتكە ئايلىنىپ ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى

ئېچىشتۇراتتى . مەخسۇت گويا ئۇنىڭ ئالدىدا توغرىسىغا تۇرۇۋال-
غاندەك ، ئۇنىڭغا تىگىشلىك ئىسسىقنى تارتىپ كېتىۋاتقاندەك بى-
لىنەتتى . چۈنكى ، تۇرۇپلا مەخسۇت ھەققىدىكى مىش - مىش
گەپلەر كۆپىيىپ ، ۋەزىنلىك بولۇپ كېتەتتى ، خەلق ئۇنى خۇددى
گۆھشىدىن بىرلا سادا بىلەن ناھىيىگە ئېلىپ كەلگەنگە ئوخشاش ،
يەنە بىر سادا بىلەن ۋىلايەتكىمۇ ئاپىرىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى .
بۇنداق چاغلاردا نۇردۇن ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ : «ئۇ
مەندىن ناھايىتى ئازراقلا كىچىك ، مېنىڭ بولسا خىزمەت تەجرى-
بەم ، ئىش ئىقتىدارىم ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە چوڭ . قولۇمنى
قەيەرگە سوزسام شۇ يەردىن بىر لوقما يۇلۇپ ئالالىغۇدەك قۇدرى-
تىم بار ، پۈتۈن ناھىيە مېنى تونۇيدۇ ، ئۇ بولسا بىر كىتاب
سارىڭى ، تېگى- تەكتىنى سورۇشتۇرسەڭ ، شالدىرلاپ تۇرغان
بىر سېۋەت غوزەك ! ئۇنى كىم تونۇيدۇ ، قانچىلىك يـۈز -
ئـابرۇيى بار ئىكەن ! ؟ ...» دەيتتى .
بۇ پەقەت ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىشلا ئىدى . ناھىيىدىكى-
لەرنىڭ مەخسۇتقا قارىغاندا ئۇنى كۆپ تونۇيدىغانلىقى راست ،
ئۇنىڭ يۈز - ئابرۇيىمۇ خېلى چوڭ . لېكىن ، بۇ جەھەتتە خەلق-
نىڭمۇ ئۆز كۆڭلىدە ھېساب - كىتابى بار ئىدى . كىشىلەرنىڭ
نەزىرىدە ، نۇردۇن ھاكىم بۇنچە كۆپ تونۇشلارنى ، بۇنچە چوڭ
يۈز- ئابرۇينى پەقەت جىرىڭشىپ تۇرغان قىرلىق رومكىلار بىلەن
بەزى كىشىلەرنىڭ ھەرخىل مۇددىئادا راسلىغان كاتتا داستىخانلى-
رىدىن تاپقان . مەخسۇت بولسا باشقا گەپ . كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە
ئۇ خۇددى قۇلۇلە ئىچىدىكى ساپ مەرۋايىت ئىدى ...
نۇردۇن ھاكىم ئاستا - ئاستا خىيالدىن سەگىپ ئەسلىگە
كەلدى . كىشىلەر بىردىن - ئىككىدىن چىقىپ كېتىشكە باشلىغا-
نىدى . مانا ، ئۇنىڭ يېنىدىكى مال ساتقۇچى ئايالمۇ ئىمتىھان
قەغىزىنى تاپشۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى . نۇردۇن ھاكىم ئۆزىمۇ
سەزمىگەن ھالدا ئارانلا تونۇيدىغان بۇ ھەمراھىغا ئىلتىجالىق

كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قارىدى ، مال ساتقۇچى ئايالمۇ بىر نەرسىنى سەزگەندەك كۆز ئىشارىسى بىلەن ئۇنىڭدىن : «قايسى سوئالنى يازالمىدىڭىز ؟» دېگەندەك قىلدى . لېكىن ، نۇردۇن هاكىم يەنە شۇ هامان ئاددىي بىر مال ساتقۇچىغا يېلىنىشتىن هارسىندى بولغاي ، دەرهال ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ، ئالدىدىكى ئىمتىهان سوئاللىرىغا قارىۋالدى . ئايال چىقىپ كەتتى ، ئۇنىڭ مەزمۇت ماڭغان قەدەم ئاۋازى نۇردۇن هاكىمنىڭ قۇلىقىدا خېلى ۋاقىتقىچە ئەكس سادا بولۇپ تۇردى ...

نۇردۇن هاكىم ئىمتىهان سوئاللىرىنى باشتىن - ئاخىر يەنە بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى . لېكىن ، ئۇنىڭ كاللىسىغا هېچ نەرسە چۈشمىدى ، كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ ، قاتتىق هارغىنلىق هېس قىلدى ، زەئىپلەشكەن كۆڭلى قانداقتۇر بىر نەرسىنى خالايتتى . ئۇ ئالدىدىكى ئىستاكاندىن بىر - ئىككى يۇتۇم قايناق سۇ ئوتلىدى ، لېكىن زادىلا ئاغزىغا تېتىمىدى ، ئۇ شۇ چاغدىلا ، هاراق خۇمار قىلغانلىقىنى بىلدى ، جىددىيلەشكەن ئەسەبىلىرى بىردىنلا بوشىشىپ ، قۇلىقىغا قايسىبىر سورۇنلاردىكى رومكىلارنىڭ جاراڭشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، كۆزىگە هەشەمەتلىك داستىخانلاردىكى خىلمۇ خىل نازۇ نېمەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى ...

ئويۇن - تاماشا ، بەزمە - باراۋەت نۇردۇن هاكىمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ مۇهىم مەزمۇنى ئىدى . ئۇ بارا - بارا هەر كۈنى ئاخشىمى بىرەر يەرگە مېهمانغا بارمىسا ئىچى پۇشىدىغان ، بىرەر يەردىن باغاق كەلمىسە كۆڭلى يېرىملىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۇنداق كۈنلەردە ، ئۇ بەزىلەرگە ئۆزىنى يېقىن تۇتقان قىياپەتتە ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن : «بۈگۈن ئاخشام سىز بىلەن بىر مۇڭدىشاي دەيمەن» دەپلا قوياتتى . بۇ سۆز ئەلۋەتتە ئادەتتىكى بىر كادىر ياكى پۇقرا ئۈچۈن ناهايىتى كاتتا ئىلتىپات هەم قاتتىق سىگنال ئىدى . ئۇ گويا شۇ كۈنى ئۆيىگە خىزىر كېلىدىغاندەك هەشەم بىلەن تەييارلىق قىلاتتى ، هاكىمغا ئۇلپەت بولۇش ئۈچۈن

يەنە بىر نەچچە مۇددىن ، كېچاڭلارنى چاقىراتتى . شۇ كۈنى ساھىب-
خانا ئۆز ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، قەرز ئې-
لىپ بولسىمۇ ، بىرەر پاقلان سوياتتى . چۈنكى ، پۈتۈن ناھىيە
ئىچىدە نوردۇن ھاكىمنىڭ تونۇر كاۋىپى بىلەن پىتىر مانتىغا
ئامراق ئىكەنلىكى مەشھۇر ئىدى . بۇنداق ئولتۇرۇش بەزىدە تاڭغا
سوزۇلاتتى ، دەسلەپ تەپتارتىش ، قورۇنۇش ئىچىدە بولسا ، كې-
يىن نوردۇن ھاكىم قولىغا ئۆچ قىرلىق يوغان رومكىنى ئېلىپ ،
كىملەردىندۇر ئاڭلاپ يادلىۋالغان :

قەترە قالمىسۇن جامنىڭ ،
ئىچەيلى بۇ ئەزىز مەينى .
مۇھەببەت ئىشقىدا كۆلەيلى بىردەم ،
ئەتە دوزاخقا كىرسەكمۇ مەيلى .

دېگەن شېئىرنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا ئولتۇرۇش ۋاژژىدە قايناپ
كېتەتتى ...

باغاق يېزىپ چاقىرىلغان مۇنداق مېھماندارچىلىقلارنىڭ
كۆپلىرىدە ئەلۋەتتە مەلۇم بىر ھېساب - كىتاب بولاتتى . ئولتۇ-
رۇشنىڭ ئەتىسى ياكى ئۆگۈنى ساھىبخانا بىر پارچە ئەرز ياكى
ئىلتىماسنى كۆتۈرۈپ ، قانداقتۇر بىر شەخسىي ئىشلىرىنى ھەل
قىلىش ئۈچۈن نوردۇن ھاكىمنىڭ ئالدىدا پەيدا بولاتتى .

«ئېغىز يېسە يۈز ئۇيۇلىدۇ - دە !» نوردۇن ھاكىممۇ ئەرز-
نى چالا - بۇلا ئوقۇپلا ئاستىغا : «تەلىپى بويىچە مۇۋاپىق ھەل
قىلىپ بېرىلسۇن !» دەپ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا قارىتىپ
تەستىق سالاتتى . لېكىن ، بۇ تەستىق ئىككى كۈن ئۆتمەيلا يېڭى
بىر ئىزاھات بىلەن قوشۇلۇپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلەتتى ،
ئۇنىڭغا : «يۇقىرىنىڭ پالانى ھۆججىتىنىڭ پۈستانى ماددىسىغا
ئاساسەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان

بولاتتى . پەقەت مانا شۇ چاغدىلا نۇردۇن ھاكىم ھېلىقى ھۆججەت-لەرنى تېپىپ كۆرۈپ باقاتتى ياكى ئۇ ھۆججەتلەر ئاللىقاچان كاتىپ تەرىپىدىن شۇ پېتى قايتۇرۇپ كېتىلگەن بولاتتى . بۇنداق چاغلاردا ئۇ ھېلىقى ئەرز ئىگىسىگە : «ھىم ··· بۇ تازىمۇ يامان يەرگە دۇچ كېلىپ قاپتۇ - دە !» دەپ ئۆزىنىڭ ئۆزرىسىنى ئېيتاتتى ياكى يۈزى چوڭراق يېقىن ئادىمى بولسا ، دەرھال : «بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇر ، شەرىئەتنىڭ يۇتنقى تولا ، مەن ئۆزۈم ھەل قىلىمەن !» دەپ شەخسىي تونۇشلۇق يولى بىلەن بەزى ئىشلارنى ھەل قىلىپمۇ بېرەتتى ···

مانا بۈگۈن نۇردۇن ھاكىمنىڭ ئۆزى قىيىن بىر ئىشقا دۇچ كېلىۋىدى ، ئۇنى يېشىشكە بىرەر ياردەمچىمۇ چىقمىدى ، كاشكى ، شۇ ئولتۇرۇش ، شۇ سورۇنلارنىڭ بىرەرسىدە بۈگۈنكى ئىمتىھان سوئاللىرى ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز گەپ - سۆز بولغان بولسا-ھە ؟ ! نۇردۇن ھاكىم ئۇنى خۇددى ھېلىقى شېئىرنى يادلىۋالغاندەك يادلىۋالغان بولسا ، بۇ مەيداندا ئانچە باش قاتۇرۇپمۇ كەتمە-گەن بولاتتى ···

نۇردۇن ھاكىم ھاراق خۇمارىنى زورغا بېسىپ ، چېچىلىپ كەتكەن خىياللىرىنى ئاران بىر يەرگە يىغدى - دە ، ئەتراپقا قارىدى . ئىمتىھانغا قاتناشقانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى زالدىن چىقىپ كېتىپ بولغانىدى . بەلگىلەنگەن ۋاقىتمۇ ئاز قېلىۋاتاتتى . ئۇ جىددىيلەشكەن ھالدا دىققەت - نەزىرىنى يەنە سوئاللارغا ئاغ-دۇردى . خىلمۇ خىل سوئاللاردىن ئۆزى بىلىدىغان ، ئاسانراقلى-رىنى ئىزدىدى ، لېكىن بىرسىگىمۇ ئەقلى يەتمىدى . ئەكسىچە ، ئەدەبىياتتىن چىقىرىلغان بىر سوئال ھەتتا ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى . ئۇنىڭدا بىر كۇپلېت خەلق قوشىقىنى ئىدىيە-ۋىلىك ھەم بەدىئىيلىك جەھەتتىن تەھلىل قىلىش تەلەپ قىلىنغا-نىدى . نۇردۇن ھاكىم بۇ قوشاقنى كۆپ ئاڭلىغان ، ھەتتا يادقىمۇ بىلىدۇ ، لېكىن بىر چاغلاردا ئۇ بۇنى «سېرىق ، ئەكسىيەتچى»

ۋەھاكازا دەپ تەنقىد قىلغان، ئەمدى بولسا ئۇنى ئىجابىي جەھەتتىن تەھلىل قىلىش قانداقمۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا سىغسۇن!؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە «ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك» دېگەنلەر زادى نېمە؟ ئۇنىڭ بىلىدىغىنى ئەزەلدىن «ئىنقىلابىيلىق، جەڭگىۋارلىق» دېگەن گەپلەر تۇرسا، بۇنىڭ ئورنىغا ئۇنداق غەلىتە گەپلەرنى ئىشلىتىشنىڭ زادى نېمە ئەھمىيىتى بار؟! ...

نۇردۇن ھاكىم تىل - ئەدەبىياتتىن چىقىرىلغان سوئاللارغا ئاچچىق بىلەن غودۇڭشىپ قويۇپ، جاۋاب بېرىشتىن باش تارتتى، بۇنى ئۆزىچە شۇنداق قىلىش زۆرۈر دەپ قارىدى. ئەمدى كېيىنكى ئىككى سوئال ئۇنىڭ خېلى مەيلىنى تارتىپ قالدى: «نېمە ئۈچۈن شامال چىقىدۇ؟» توغرا، ئۇنى ئەلۋەتتە بىلىپ قويۇش كېرەك. بۇنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئەھمىيىتى زور.

«كۈن نېمە ئۈچۈن تۇتۇلىدۇ؟» بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ قويۇشمۇ زىيانلىق ئەمەس. ئەگەر، بۇ ھەقتە دېھقانلارغا سۆزلەپ بەرسەڭ، ئۇلار ھاڭ - تاڭ بولۇپ، سېنىڭ بىلىمىڭگە قايىل بولماي قالمايدۇ ...

خوش، ئۇنداق بولسا، «نېمە ئۈچۈن؟»

نۇردۇن ھاكىم كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، لەۋلىرىنى مىدىرلاتقىنىچە چوڭقۇر ئويغا چۆمدى. ئەسلىدى، پىكىر قىلدى ... لېكىن ھېچ نەرسىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. شامالنىڭ نېمە ئۈچۈن چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا قاچاندۇر بىر چاغلاردا مومىسىدىن ئاڭلىغان «شامال كۇھقاپتىن چىقىدۇ» دېگەن سۆزلىرىلا ئېسىدە قالغاندەك قىلاتتى. ئەلۋەتتە بۇنى شۇ پېتى يازغىلى بولمايدۇ، بۇ كونىلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ئىدى. ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ئىلمىي سەۋەبلىرى زادى نېمە؟ ...

ئارقا - ئارقىدىن قادىلىپ تۇرغان «نېمە ئۈچۈن»لەر بىردىنلا نۇردۇن ھاكىمنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ نېرۋىلىرى تارتىشىپ، ئىچى تىتىلداشقا باشلىدى ...

«شامالنىڭ نېمە ئۈچۈن چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيمۇ بىر نا-
ھىيىنى ئوبدان سوراپ كېلىۋاتىمەنغۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ
كىملەرگىدۇر دوق قىلغاندەك ئاچچىق بىلەن، — بۇنىڭدىن كې-
يىنمۇ بىلمىسەم نېمە بوپتۇ؟! بىر ۋىلايەتنى سوراشقا پۈتلىكا-
شاڭ بولامدىكەن! ...»

لېكىن، كۆن تۇتتۇلۇش توغرىسىدىكى سوئال ئۇنى ئويلاندۇ-
رۇپ قويدى. بىردىنلا باللىق چاغلىرى ئەسكە چۈشتى. بىر
چاغلاردا ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە كۈن تۇتۇلغاننى كۆرىمەن
دەپ يېرىم كۈن تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدى. ئاخىر ئوقۇتقۇچى-
سىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆگزىگە چىقىپ، بىر پارچە ئەينەككە
قازان قارىسىنى سۈركەپ، شۇنىڭ بىلەن كۈنگە قارىغان، ئوقۇت-
قۇچىسىمۇ نەق مەيداندا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ...

شۇ چاغلاردىكى ياشلىق ئەسلىمىلىرى، شادىيانە كۈنلىرى
ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ، كۆڭلى بىر ئاز كۆتۈرۈلدى. ئۇ،
كۈن تۇتۇلۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىشكە قىزىقتى، قاشلىرىنى
ھىمىرىپ، لەۋلىرىنى پۈرۈپ چوڭقۇر ئويلاندى، ئەسلىدى، خى-
يال قىلدى، ھەتتا ناھىيىدە ئېچىلغان ھەر دەرىجىلىك يىغىنلار-
غىچە ئەسلىدى. قايسىبىرىدە، شۇ توغرىدا گەپ - سۆز بولغانلى-
قىنى ئېسىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى ...

ئۇنىڭ يەنە كۆڭلى يېرىم بولدى، ئىمتىھان قەغىزىگە:
«مەن قاتناشقان يىغىنلاردا كۈن تۇتۇلۇش توغرىسىدا مۇزاكىرە
قىلىنغانلىكەنىمىز، شۇڭا، مەنمۇ بىر نەرسە دېيەلمىدىم ...» دەپ
يازماقچى بولدى - يۇ، يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. ئەگەر، مۇنداق
يازغاندا بىرەر كۆلكىگە قېلىپ، لەت بولىدىغان ئىش
بولماسمۇ؟!

بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ساۋىقى خېلى ئاچچىق ئىدى. بۇنىڭدىن
تۆت ئاي بۇرۇن ناھىيىلىك مېھمانخانىنىڭ زالىدا مۇنداق بىر
ئىش يۈز بەرگەنىدى: ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى بۇ ناھىيىگە

كىلىپ ، ئۇن نەچچە مەيدان ئويۇن قويدى . قايتىش ۋاقتىدا ئۇلارنى ئاددىيلا بىر چاي زىياپىتى بىلەن ئۇزىتىپ قويۇشقا توغرا كەلدى . ئۇزىتىش نۇتقىنى ئەلۋەتتە ناھىيىنىڭ مەدەنىي ـ مائا- رىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل ھاكىمى نۇردۇن سۆزلىمەكچى ئىدى . تېكىستنى ئابلا كاتىپ ئاللىبۇرۇنلا يېزىپ ، نۇردۇن ھاكىمغا تاپشۇرۇپمۇ بەرگەن ، ھاكىم شۇ كۇنى بىرسىنىڭ ئۆيىدە يېرىم كېچىگىچە زىياپەتتە ئولتۇرۇپ ، ئەتىسى خېلى كېچىكىپ ئورنى- دىن تۇرغاچقا ، يۇز ـ كۆزىنىمۇ چالا ـ بۇلا يۇيۇپ ، ئۇستەل ئۇستىدە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ماتېرىياللىرىنى سومكىسىغا سالدى ـ دە ، مېھمانخانىغا كەلدى . ئارتىسلار ئاللىقاچان يىغى- لىپ بولغانىدى . نۇردۇن ھاكىم ئۇلار بىلەن نېرى ـ بېرى سالاملىشىپ قويۇپلا ئۆزى ئۇچۇن تەييارلانغان ئورۇنغا ئولتۇر- دى ـ دە ، سومكىسىدىن ئۇزىتىش نۇتقىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلى- دى : «يولداشـلار ! — دېـدى ئـۇ قـاتتـىق بـىر ئەسنىۋې- لىپ ،— ئاراڭلاردىكى بىر قىسىم كىشلەر ئوغرىلىق ، خىيانەت- چىلىك قىلىپ سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلىنى كولاپ ، سوتسىيالىس- تىك قۇرۇلۇشقا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق سالدى ! ئۇلارنىڭ قول ـ پۇتلىرى نىجاسەتتىنمۇ پاسكىنا… »

ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلار قاراسلاپ ، كۇس ـ كۇس پاراڭلار ئەۋجىگە چىقتى . كىمدۇر بىرسى يەنە بىرسىگە دوق قىلدى :

— ھوي ئەخمەت ، مانا ئەمدى ھېسابنى ئۆزۇڭ بەر ! سەن نەدىكى خىيانەتچى ، ئوغرىنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىپ ، ھەممى- مىزنى گەپكە قويدۇڭ ! …

نۇردۇن ھاكىم شۇ چاغدىلا مەستلىكتىن يېشىلگەندەك سە- گەكلىشىپ ، بىردىنلا قولىدىكى ماتېرىيالنىڭ ئارقا ـ ئالدىغا قارىدى ـ دە ، چىرايى بىردەم ئاقىرىپ ، بىردەم تاتاردى .

— يولداشلار ، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ ،— دېدى ئۇ ئوڭايسىز- لىنىپ ، — ھەي … شۇ كاتىپنى ، بۇ ئۆزى ئەقىلسىز ئادەمنىڭ

ئىشى ئەمەس ـ دە ! بۇ تازىمۇ دۆتلۈك ، ماڭا نەدىكى بىر ماتېرد-يالنى بېرىپتۇ ئەخمەق ! كەچۈرۈڭلار …

زال ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى ، بۇ كۈلكە شۇنداق ئاچچىق ھەم مەسخىرىلىك ئىدىكى ، نۇردۇن ھاكىم كۈلكىنىڭمۇ تەڭداشسىز كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم مانا شۇ يەردە ھېس قىلغانىدى .

ئەسلىدە ، ئۇنىڭ بۇگۈن بۇ يەردە ئوقۇغىنى ئۆتكەن ئايدا مەدەنىي ـ مائارىپ سىستېمىسى بويىچە ئىقتىسادنى ئېنىقلاشقا سەپەرۋەرلىك قىلىش چوڭ يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز بولۇپ ، بۇ يەردە سۆزلەشكە تەييارلانغان سۆز تېكىستى ئابلا كاتىپ بەرگەن پېتى ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىلا قالغانىدى . شۇنداقتىمۇ نۇردۇن ھا-كىم چاققانلىق بىلەن ئەيىبنى كاتىپقا ئارتىپ ، ئارتىس دېگەن بۇ مازاقچى ، زۇۋانىدارلارنىڭ كۈلكىسىنى ھەر ھالدا ۋاقىتلىق بولسىمۇ بېسىپ قالدى …

ئىشنىڭ يۈز بەرگىنىگە خېلى ۋاقىت بولغان بولسىمۇ ، لېكىن كىشىلەر گەپ ئارىسىدا ئۇنى ئەسلەپ كۈلۈشەتتى ۋە بۇ كۈلكىلەر نۇردۇن ھاكىمنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى . شۇڭا ، ئۇ بايىقى سوئالغا جاۋاب يېزىش ئۈچۈن تەييارلانغان چېغىدا مانا شۇ كۈلكە ساداسى قۇلاق تۈۋىدە قايتا جارائىلىغاندەك بولدى ـ دە ، قەلەمنى چىڭ سىقىملىغىنىچە ئول-تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ خىيالى يەنە چېچىلىپ ، كۆڭلى نەلەرنى-دۇر كېزىشكە باشلىدى . پەقەت بىرىنچى قېتىملىق قوڭغۇراق چېلىنغاندىلا چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى …

ئىمتىھان ۋاقتى توشۇپ قالغانىدى . زالدا پەقەت بەشلا ئادەم قالدى . كومىسسىيە باشلىقى ئۇلارنىڭ يەنە بەش مىنۇت ئىچىدە ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ بولۇش لازىملىقىنى ئەسكەرتتى . نۇردۇن ھاكىمنىڭ ئەمدى ئىمتىھان سوئاللىرىغا قاراشقىمۇ ، بىرەر نەرسىنى ئويلاشقىمۇ قۇربى يەتمەيتتى . ئۇنىڭ قۇلاقلىرى

غوڭۇلداپ ، كـالللىسى ئىغىرلىشىپ كەتتى . شۇنداق تۇرۇپمۇ بىرلا نەرسە ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىگىلىۋالغانىدى : «بۇ قىـ- تىمقى ئىمتىھاندىن چوقۇم ‹لاياقەت گۇۋاھنامىسى› ئېلىش كېـ- رەك . شۇنداق قىلغاندىلا ھېلىقى مىش – مىش گەپلەرنىڭ رېئالـ- لىققا ئايلىنىشىغا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ . مەخسۇت ئالالارمۇ – ھە ! ... كىتاب بىلىمى باشقا گەپ ، ئەمەلىي تەجرىبە باشقا گەپ ! بۇنداق ئىمتىھان نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ ؟ ئالتۇن بىلەن داشقال تارازىنىڭ ئىككى بېشىدا تۇرغىنى بىلەنمۇ ئالتۇن يەنىلا ئۆز قىممىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ – دە ! ... »

نۇردۇن ھاكىم چىرايلىق تۇرتەكلەنگەن ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقاندىمۇ ئەنە شۇ خىياللار بىلەن ئۆز كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ، ئۆزىچە ئاق قالغان بوشلۇقلارنى تولدۇرۇۋەتكەندەك بولۇپ قالدى ...

كېيىنكى ئىشلار نۇردۇن ھاكىمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيـ- دىن تالاغا چىقمىدى ، سۇرۇشتۇرگۇچىلەر ئۇنى تۇيۇقسىز بىتاب بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى .

ئىمتىھان نەتىجىسى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىـ- دىكى چوڭ دوسكىغا چاپلانغانىدى . بىرنەچچە كۈنگىچە كىشىلەر- نىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى . بۇ يەر گويا ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئىمتىـ- ھان زالىدىنمۇ سۈرلۈك بىر سىناق مەيدانىغا ئايلاندى . ئۇ يەردە بىر كومىسسىيىلا سىنىغان بولسا ، بۇ يەردە پۈتۈن ناھىيە خەلقى بىرمۇ بىر سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۇلارنىڭ تېگى – تەكتىگە لىللا باھا بېرىۋاتاتتى .

— بۇ تازىمۇ بەلەن ئىش بوپتۇ ، — دەيتتى ئۇلار ئىمتىھان نەتىجىسىگە قاراپ ، — ۋاقىتلىق ئىشچىدىن تارتىپ ھاكىمغىچە نۇشرىۋان ئادىلىنىڭ تارازىسىغا چۈشۈپ ، گۆشى گۆش ، بېزى بەز بوپتۇ !

ئىمتىھان ھەقىقەتەنمۇ، گۆش بىلەن بەزنى ئايرىغاندى. كىشلەر مەخسۇتنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ ئاپىرىن، بارىكاللا ئوقۇدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئورتاق نەتىجىسى 92.4 بولۇپ، پۈتۈن مەيدان بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىكلەر قاتارىدا ئىدى. كىشىلەر نۇردۇن ھاكىمنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ، ئۇمىدسىزلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، پىخىلداپ كۈلۈشتى، ھەتتا ئاچچىقلاندى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئورتاق نەتىجىسى 13.7 بولۇپ، ئېغىزغا ئالغۇچىلىكمۇ يوق ئىدى، كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە جىممىدە قارىشاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدىن ئاجايىپ ئۆتكۈر ۋە مەنىلىك بىر سوئال چىققاندەك قىلاتتى:

نۇردۇن ھاكىمدەك كادىرلار تۇنۇگۇن بولغان، بۈگۈنمۇ بار، ئەمدى ئەتىچۇ؟ ...

1983 - يىل مارت، ئۈرۈمچى

# گۈلخان

## 1

ئۇنىڭ قەلبىدە چۈشىنىپ بولمايدىغان رەنجىش پەيدا بولغان-
دى ، رەنجىش نەدىن ۋە كىمدىن كەلدىكىن ؟ ...
ئۇ قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى پۇرلەپلا يانچۇقىغا تىقتى-
دە ، بۇرغىلاش سەھنىسىدىن چۈشۈپ ، قىرىق نەچچە مېتىر ئې-
گىزلىكتىكى ۋېشكىغا ياماشتى ، ئۇنىڭ مېتالدەك قاتتىق قوللى-
رى ۋېشكا بالداقلىرىنى شۇنداق مەھكەم قامايتتى ، پۇتلىرىمۇ
شۇنچە چەبدەس ئىدى . ئۇ بۇرۇن ھەر قېتىم ۋېشكا ئۈستىگە
چىققاندا ، بوينىنى سوزۇپ مانا شۇ پايانسىز چۆل ئىچىدىن ئاللى-
كىمنى ئىزدەۋاتقاندەك يىراق - يىراقلارغا خېلىغىچە قاراپ قوياتت-
تى ، بۈگۈن ئۇنداق قىلمىدى . ئۇ قەلبىگە ئېغىر رەنجىش سالغان
ئاشۇ بىر ۋاراق قەغەزدىكى تۆت ئىلىك خەتنى ئۇنتۇشقا ، پۈتۈن
زېھنىنى ئىشقا بېرىشكە ھەرىكەتلەندى ، لېكىن بۇ ئۆلگۈر خەت
ھامان ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ئاستا سوزۇلۇپ چىققان غايىۋانە بىر
قولدەك ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى . ئۇ چاپىنىنى سېلىپ تاشلى-
دى ، ھەتتا گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ تۆۋەندىن بېرىۋاتقان بۇيرۇقىنى
ئاڭلىماي قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك ، قۇلاقچىسىنىمۇ ئېلىۋېتىپ
جان - جەھلى بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى . قۇرغاق شامال
ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇراتتى . ئىزغىرىن
سوغۇق ئۇنىڭ ئىككى قەۋەت پوپايكىسىدىن ئۆتۈپ يىڭنىدەك
سانجىلىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قىزىپ كەتكەنىدى .
ئۇ شۇ ھالدا قانچىلىك ئىشلىگەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى ،

بىر چاغدا گۈرۈپپا باشلىقىنىڭ قولىنى كاناي قىلىپ تۇرۇپ :

— قەيسەر ، قايتىپ چۈش ! روزا تۇتقان بولساڭمۇ ، ئىپتار قىلىدىغان ۋاقتىڭ ئۆتۈپ كەتتى ... ، — دېگەن ئاۋازىنى خىرە-شىرە ئاڭلىدى .

ئۇنىڭ كۆڭلى ھېچ نەرسە تارتمايتتى ، ئۇ قاچىسىدىكى سەي-نى مالتىلاپ ، ناننى ئېرىنچەكلىك بىلەن چايناپ ئولتۇرغاندا كېرىم بۇرغا چاقچاق قىلدى :

— قەيسەر ، ساڭا گۈلخاننىڭ خېتى ھەپتىلىك ناشتا بوپتۇ - دە !

ئاردىن يەنە بىرسى لوقما سالدى :

— گۈلخاننىڭ خېتىنى كۆرۈپلا ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسى جەرەنبۇلاققا كەتتى .

— ھا - ھا - ھا ...

كۈلكە - چاقچاقلار قەيسەرگە تەسىرمۇ قىلمىدى ، ئەگەر بىرنەچچە كۈن بۇرۇن بولىدىغان بولسا ، ئۇمۇ بۇنداق چاقچاقلارغا ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى ، لېكىن ھازىر ئۇنىڭدا بۇنچىلىك ھەۋەس يوق . قەيسەر تامىقىنى چالا - بۇلا يەپلا سىرتقا چىقتى . يۇلغۇن بىلەن سۆكسۆك قاپلىغان دالىدا بىر ئاز ئايلى-نىپ ، ھېلىقى خەتكە يەنە كۆز يۈگۈرتتى :

«قەيسەر ! — دەپ يېزىلغانىدى ئۇنىڭدا قىسقىلا قى-لىپ ، — سىزگە كۆتمىگەن يەردىن بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم . مەن ئەمدى سىز كۆرگەن گۈلخان ئەمەس ... مېنى ئۇنتۇپ ، بەختلىك بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن ! ... »

قىزىق ، قەيسەرنىڭ بەختلىك بولۇشى گۈلخان بىلەن ئۆمۈر-ۋايەت قوش مېغىزدەك بىللە ئۆتۈشتە ئەمەسمىدى ؟ ! ...

قەيسەر كۆزىنى يۇمۇۋالدى ، قەلبىدە بولسا ناھايىتى ئاچ-چىق ، ھەتتا مانا شۇ چۆلدىكى يانتاق بىلەن ئەمەندىنمۇ بەتەررەك ئاچچىق پەيدا بولدى . ئۇ گۈلخان بىلەن تونۇشۇپ ، سىردىشىپ

كەلگەن ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆزئارا باغاقچىلىكمۇ خەت يېزىشمىدى-غان ، ئاز دېگەندە ئايدا بىرەر قېتىم ئۇچرىشىپ نېفىت شەھىرى-نىڭ گۈزەل كېچىلىرىنى ، جۇڭغار ۋادىسىنىڭ جۇشقۇن هايات مەنزىرىسىنى بىللە تاماشا قىلىشاتتى ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى غايىلىرى ، بەخت ـ ئىستىقباللىرى توغرىسىدا مۇڭدىشاتتى ، ساپ مۇھەببەتكە تولغان ئوتلۇق كۆزلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان-دا ، ئۇچقۇندەك نۇرلار چاقنايتتى ، يەر قەرىدىن نېفىت فونتانلى-رىنى ئېتىلدۇرۇشتا پىشقان مەزمۇت قوللار بىر ـ بىرىنى سى-قىشقاندا ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ئىللىق بىر هارارەتتىن هۇزۇرلى-ناتتى ...

لېكىن ، ئەمدىلىكتە مانا بۇ خەت قەيسەرنىڭ قوللىرىنى مۇزلىتىۋاتىدۇ ، بۇ مۇز ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ يۈرىكىنىمۇ سوۋۇ-تۇشقا ئۇرۇنماقتا . ئۇ خەتنى بىر مىجىقلىدى ـ دە ، تاشلىۋەتمەك-چى بولدى ، لېكىن يەنە كۆڭلى قىيىمىدى ، «بۇ زادى قانداق سىر ؟ ! گۈلخان شۇنچىلىك يېنىك تۇيغۇلۇق قىز بولسا-ھە ؟ ئىككى يىللىق مۇھەببەت ئىككىلىك خەت بىلەن ئەخلەت-ساندۇققا تاشلىنامدۇ ؟ ! ... »

شۇ تاپتا قەيسەرنىڭ پۈتۈن خىيالىنى ئۆزى ئۇچۇن ئېغىر رەنجىش ئېلىپ كەلگەن بۇ خەتنىڭ سىرىنى بىلىش ئىستىكى چۇلغىۋالغانىدى .

## 2

قەيسەر ئىككى كۈننى خام ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك مەستە-خۇش ئۆتكۈزدى . ئۇنىڭ قەلبىدە ئارىلىشىپ كەتكەن مۇھەببەت بىلەن نەپرەت تۇنلىرىنى ئۇيقۇسىز ، كۈنلىرىنى مەنىسىز قىلىۋەت-تى ، لېكىن ئىشقا كەلگەندە ، ئۇ يەنىلا يولۋاستەك ئىشلەيتتى ، شۇڭا ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئاچچىق ھەسرەتلىرى پەقەت ئۆزى

ئۈچۈنلا سىر بولۇپ قالدى .

ئۈچىنچى كۈنى ئۇ ئىشتىن ئەمدىلا چۈشۈپ ياتاقتا يۇيۇنۇۋاتـ
قاندا ، ئىشىكنى مۇرىسى بىلەن ئىتتىرىپ كىرگەن كېرىم بۇرغىـ
نىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— لايىقدىڭنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قونۇپتۇ . تەلەيلىكـ
سەن - دە ، نېفتچىم ! — كېرىم بۇرغا ئېيىق شاپىلىقىدەك
قوللىرى بىلەن قەيسەرنىڭ دومبىيىپ تۇرغان سۆڭگىچىگە يەڭـ
گىلگىنە بىرنى سالدى .

قەيسەر سوپۇن ماغزاپلىرى ئېقىپ تۇرغان بېشىنى كېرىمگە
بۇراپ :

— ئۇنىڭ بېشىغا قونغان بەخت قۇشىنى سەن نەدە
كۆردۈڭ ؟ — دېدى ۋە خۇرسىنغان ھالدا قوشۇپ قويدى ، —
ئاسماندىن تاۋار ياغسا ، تومارلىق تەگمەيدىغان تەلەيسىز مەن...

— مانا ساڭا تومار ، — دېدى كېرىم قولىدىكى «نېفت
گېزىتى »نىڭ يېڭى بىر نۇسخىسىنى شارتتىدە يېيىپ ، — بۇنى
قولتۇقۇڭغا ئەمەس ، دەل كۆكسۈڭگە ئېسىۋالساڭمۇ يارىشىدۇ .

قەيسەر يۈز - كۆزلىرىنى ئۇياق - بۇياق سۈرتۈپ ، كېرىمـ
نىڭ قولىدىكى گېزىتنى ئالدى ، ئۇنىڭ كۆزى گېزىتنىڭ بىرىنـ
چى بېتىدىكى قىزىل رەڭ بىلەن نەقىشلىك قىلىپ يېزىلغان
«جەڭگىۋار بۇرغىچى » دېگەن چوڭ ماۋزۇغا چۈشكەندە بىر ھازاـ
غىچە تۇرۇپلا قالدى . خەۋەر خېلىلا ئۇزۇن ئىدى . قەيسەر ئۇنىڭ
باش قىسمىدىكى «نېفتلىكىمىز بويىچە قانات يايغان چوڭ بىرـ
لەشمە جەڭنىڭ ھالقىلىق پەيتلىرىدە ، 3268 - قىزلار بۇرغىلاش
دۈيىنىڭ بۇرغىچىسى گۈلخان ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي ئۈچ مىڭ
مېتىر قېزىلىپ بولغان قۇدۇقنى ئېغىر ھادىسىدىن ساقلاپ ،
سەپدىشى شىياۋلەننى قۇتۇلدۇرۇپ ، نېفت رايونىمىزنىڭ قەھرىـ
مان ئۈلگىسى بولۇپ قالدى ... » دېگەن قۇرلارنى ئوقۇغاندا ،
ئىختىيارسىز يۈرىكى دۈپۈلدىدى .

شۇ كۈنى كەچتە ياتاقتا توپلانغان نېفتچىلار ئارىسىدا گۈل-خاننىڭ ئىش - پائالىيىتى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر قىزىپ كەتتى ، بۇ سورۇن ئۈستىگە پېشقەدەم ئەترەت باشلىقىمۇ كىرىپ قالدى . ئۇ تۇمارچە ياسىتىۋالغان بۇرۇتىنى تىلى بىلەن يالاپ قويۇپ ، ھېلىقى گېزىتنى قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆرۈۋاتقان يىگىتلەرگە قاراپ دېدى :

— گۈلخان قىز بىزگە جەڭ ئېلان قىلدى . قېنى قايسىڭلار كېلەر قېتىمقى قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىدا ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندۇقتا يانمۇ يان ئولتۇرۇشقا ۋەدە بېرەلەيسىلەر ؟

بۇ سۆز خۇددى قەيسەرگە ئېيتىلىۋاتقاندەك باشقىلارنىڭ كۆزلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئاغدى ، ئۇ بىر ئاز ئوڭايسىزلاندى .

ئەترەت باشلىقى سۆزىنى داۋام قىلدى :

— گۈلخاننىڭ روھىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك يىگىتلەر ، ئۇ نېفتلىكىمىزنىڭ پەخرى ! — ئۇ گېزىتتىن ئوقۇغان خەۋەرگە ئۆزىنىڭ ھېسسىياتلىرىنى قوشۇپ ئىشتىياق بىلەن سۆزلەشكە كىرىشكەندە ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىدىكى ھەۋەس ۋە ئىلھام ئو-تىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى . قەيسەرمۇ خېلىلا ھاياجانلاندى ، بۇ ماخ-تاشلار گويا ئۇنىڭغىمۇ تەئەللۇقتەك كۆزلىرىدە كۈلكە شولىسى ئەگىدى . لېكىن ، ئۇ تاماكا خالتىسىنى ئېلىش ئۈچۈن يانچۇقىغا قولىنى سېلىۋىدى ، ھېلىقى خەتكە قولى تېگىش بىلەنلا يەنە سەسكىنىپ كەتتى . ئۇ ئويچان ھالدا ، ساقىلى ئۆسۈپ قالغان ئۇچلۇق ئېڭىكىنى گىرەلەشكەن بارماقلىرى ئۈستىگە قويۇپ ، غەمكىن كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئولتۇردى . ئەمدى ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى ئۆزى ئۈچۈن تونۇش بولغان يىراقتىكى قىزلار بۇرغىلاش دۈيىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋېشكىلىرى ئۈستىدە ئەگىشكە باشلىغانىدى . قەيسەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، گېزىت خە-ۋىرىدىكى تەپسىلاتلارنى ئويلىدى ، تەپسىلاتلار بىردىنلا ئۇنىڭ ئال-دىدا شاۋقۇن - سۈرەنلىك جانلىق مەنزىرە بولۇپ شەكىللەندى :

قىزلار بوٴرغىلاش دوٴيى جانپىدالىق بىلەن ئىشلىمەكتە ، قوٴدوٴق 3000 مېتىر بىخەتەر قىزىلىپ بولدى ، گېئولوگىيىلىك مەلوٴ-ماتلاردىن قارىغاندا ، نېفىت كوٴزىنىڭ ئېچىلىشىغا پەقەت يوٴز نەچچە مېتىرلا قالغان . قىزلارنىڭ قەلبىدە قوٴدوٴقنى موٴددەتتىن بوٴروٴن قېزىپ ، چوڭ بىرلەشمە جەڭگە سوۋغا قىلىش ئىستىكى ئوٴرغوٴيتتى ، شوٴڭا ئوٴلار نوٴۋەتتىكى توٴروٴبىلارنى ئوٴلاپ چوٴشوٴروٴش ئوٴچوٴن ھەممە تەييارلىقلارنى پوٴتكوٴزدى . ئىككى قولى بىلەن تور-موٴزنى قاماپ توٴتقان ياردەمچى بوٴرغىچى شياۋلەن بوٴيروٴق كوٴتمەك-تە .

گوٴلخاننىڭ بوٴيروٴق ئىشارىتى بىلەن تورموٴز بوشىتىلىپ ، 40 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھەيۋەتلىك توٴروٴبا موٴنارى ئاستا سىيرىلىپ يەر قەرىگە شوٴڭغوٴشقا باشلىدى ...

كىرپىكلىرىدىن ماڭلاي چاچلىرىغىچە ئاپئاق قىراۋ باغلىغان گوٴلخاننىڭ سەگەك كوٴزلىرى بىردە يەر ئاستى مەشغوٴلاتىنى كوٴر-سەتكوٴچى چوڭ قىزىل سائەتكە ، بىردە نورمال سوٴرئەت بىلەن قوٴدوٴققا چوٴشوٴۋاتقان توٴروٴبىلارغا قارايتتى . ئوٴنىڭ كوٴڭلى ئەمىن تاپقاندەك شياۋلەنگە قاراپ چەپ كوٴزىنى قىسىپ ، ئىللىققىنا كوٴلوٴپ قويدى ، لېكىن ئوٴنىڭ كوٴزلىرىدىن باشلانغان كوٴلكە زى-ناقلىق يوٴزلىرىگە بېرىپ تارىغىچە ، شياۋلەننىڭ ھەرىكىتى جىد-دىيلىشىپ قالدى . نەق شوٴ چاغدا سىم ئارقان ئورالغان بارابان ئارقىغا يېنىپ كېتىپ ، تورموٴز كوٴتوٴروٴلوٴپ كەتكەن ئىدى ، شياۋلەن پوٴتوٴن بەدىنىنىڭ سالمىقى بىلەن تورموٴزنى باسقان بول-سىموٴ ، لېكىن تورموٴز ئوٴنى كوٴتوٴروٴپ كېتىۋاتقاندەك پوٴتلىرى تىپىرلاپ قالغانىدى ، ئوٴنىڭ «ۋاي بولمىدى ...» دېگەن ئەنسىز ئاۋازىموٴ گوٴلدوٴرلەپ توٴرغان ماتورلار ئىچىدە غايىب بولوٴپ كەت-تى . گوٴلخاننىڭ كوٴزى 270 گرادوٴس بوٴلوٴڭ ھاسىل قىلىپ پىقىراۋاتقان سائەت ئىسترېلكىسىدىن يوٴتكىلىپ ، بىنورمال سوٴر-ئەت بىلەن شوٴڭغوٴۋاتقان توٴروٴبىلارغا چوٴشكەندە ، خوٴددى بېشىدا

چاقماق چاقاقاندەك تېنى شۈركۈندى: ئەگەر قىرىق ـ ئەللىك تونىنا ئېغىرلىقتىكى بۇ تۆرۈبىلار ئاشۇ سۈرئەت بىلەن گۈلدۈرلەپ چۈشىدىغان بولسا، قۇدۇق بىلەن بىللە نۇرغۇن جازىلارنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى، ئۇ چاغدا ... گۈلخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى، ئۇ ماتورخانا بىلەن سىغىزلىق ئېرىتمىدە ئىشلەۋاتقانلارنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى ـ دە، ئۆزى تورمۇزغا قاراپ ئېتىلدى. شياۋلەننىڭ يۈزلىرى قەغەزدەك ئاقىرىپ كۆزلىرى پارقىراپلا قالغانىدى، گۈلخان پۈتۈن كۈچى بىلەن تورمۇزنى باستى، ئۇنىڭ قوللىرى خۇددى ئامبۇردەك تورمۇز تۇتقۇچىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى. تۆرۈبىلارنىڭ سۈرئىتى بىر ئاز ئاستىلىدى، لېكىن يەنە بىر كۆتۈلمىگەن پېشكەللىك يۈز بەردى، قاتتىق تارتىلىشتىن زورۇققان پولات ئارقان ئۈزۈلدى ...

— قەيسەر، — كېرىم بۇرغىنىڭ غودۇڭ ئاۋازى قەيسەرنى خىيالدىن سەگىتتى، — بېشىڭنى چاتىرىقىڭغا تىقىپ نېمانچە خىيال قىلىپ كەتتىڭ! قورقما يىگىت، ئۇنى سەندىن ھېچكىم تارتىپ كېتەلمەيدۇ ...

— ھىم ...، — دېدى چاچلىرى مېتىس قويىنىڭ يۇڭىدەك پاخپىيىپ كەتكەن ھاشىم دىمىغىنى قېقىپ، — ئۇ تارتىپ كەتكىلى بولمايدىغان مايتاغىنىڭ مىڭ تونىلىق ماي تۈگمىتى؟ قىز دېگەن كىم دان چېچىپ بەرسە، چوقۇلداپ كېتىۋېرىدىغان چۈجە.

— ھاي ـ ھاي! — دېدى كېرىم ئۇنىڭغا ئالىيىپ، — مۇشۇ سۆزلىرىڭنى قىزلار ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، بۇدۇر چاچلىرىڭنى خوراز پەيلىرىدەك يۇڭۇزلىۋېتىمىسۇن يەنە!

گاز پىلتىسىنىڭ ئوتىنى ئۈلغايتىۋەتكەن بىر سەييۇ ئىشچىسى سۆزگە ئارىلاشتى:

— ئالتۇننى كۆرسە پەرىشتىمۇ يولدىن چىقىدۇ، ئاغىنىلەر، گۈلخاننىغۇ ئۇنداق قىزلارغا ئوخشاتقىلى بولماس، ھەر ھالدا

ئۇنىڭمۇ نام ـ شۆھرىتى چىڭگىز تېغىدىن ھالقىپ ، مايتاغقىچە كەتتى . ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى گۈلخان ئەمەس ، كۆكسىدە قادالغان گۈللەر كىمنىڭ كۆزىنى قىزارتمايدۇ دەيسەن . كىم بىلىدۇ ، ئەتە ـ ئۆگۈن كادىر بولۇپ ئارقىدىن ئىس چىقامدۇ تېخى ، ئۇ چاغدا بىزنىڭ قەيسەرمۇ «ۋاي توختىسىلا ، توختىسىلا ...» دەپ يېتىشەلمەي قالارمىكىن ...

قەيسەرنىڭ خورلۇقى كەلدى ، گويا گېلىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قالغاندەك ئازابلاندى . بۇرۇنقى چاغلار بولمىغان بولسا ، ھاشىم- نىڭ شۇ سۆزى ئۈچۈن ئۇنىڭ پاخپىيىپ تۇرغان چېچىدىن قار- ماپ تامغا ئىككىنى ئۈستۈرۈۋەتكەنمۇ بولاتتى ، بىراق بۇ سۆزلەر ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىشماق بولۇپ ، يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان خەتنىڭ سىرىنى يېشىۋەتكەندەك بولدى ... ئۇ ئېغىر بىر «ئۇھ» تارتتى ـ دە ، ئۈندىمەستىن سىرتقا چىقىپ كەتتى .

كەچ كۈزنىڭ قۇرغاق شامىلى سوقۇپ تۇراتتى ، ماتورلار گۈرۈلدەپ ، ۋېشكىلار كۆككە تاقاشقان بۇ كەڭ جۇڭغار ۋادىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ تار بىلىندى ، ئىككى يىلدىن بۇيان داۋام قىلىۋات- قان شۇ نېفىت شەھىرىدە باشلانغان مۇھەببەت خاتىرىلىرى ئەسكە چۈشتى ... خاتىرىلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ، باراقسان نەپىس گۈل بولۇپ ئېچىلىپ ، شوخ شامالدا ئارىلىشىپ خۇش ـ پۇراق تارقاتماقتا ...

قەيسەرنىڭ كۆزىگە ئەنە شۇ گۈللەرنى ئارىلاپ كېلىۋاتقان گۈلخان كۆرۈنگەندەك بولدى ، لېكىن ئۇ بۇرۇنقى گۈلخان ئە- مەس ، بېشىدا ناۋات رەڭ ھېلىلە ياغلىق ، ئۈستىدە لىغىرلاپ تۇرغان پىلاتى ـ يوپكا ، پۇتىدا ئېگىز ئۆكچىلىك مېغىزرەڭ ئاياغ ، قولىدا بولسا كادىرچە سومكا... ئۇ ئۈستىۋېشى ماي بىلەن لايغا مىلەنگەن قەيسەرنى كۆرۈپلا بېشىنى بىر سىلكىپ چەتكە بۇرۇلدى ـ دە ، ئاللىقانداق بىر ناتونۇش كۆلەڭگە تەرەپكە قاراپ كەتتى...

قەيسەر گويا يۈرىكىگە بىرسى پىچاق بىلەن سانجىغاندەك سىلكىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا شاخاراپ كەتكەن بىر توپ يۇلغۇن تۇراتتى. ئۇ يانچۇقىدىكى خەتنى ئالدى - دە، «ۋاپاسىز !» دېگىنىچە مىجىقلاپ - مىجىقلاپ تاشلىۋەتتى، خەت پىلدىرلاپ بېرىپ يۇلغۇن شاخلىرىغا ئىلىنىپ قالدى ...

## 3

قەيسەر دەم ئېلىش كۈنىگە بارماق ساناپ دېگۈدەك ئۇلاشتى. ئۇ ئەتىگەنلىكى ياتاقداشلىرى تېخى تۇرمىغان چاغدا يۇيۇنۇپ ئاز - راقلا ناشتا قىلدى - دە، تۇرۇۋا توشۇۋاتقان ماشىنىلارنىڭ بىرىگە ئولتۇرۇپ، جەرەنبۇلاققا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ بۈگۈن گۈلخان بىلەن كۆرۈشۈپ، يۈزتۇرا ئىككى ئېغىز گېپىنى قىلىپلا ئارىنى ئوچۇق قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. چەكسىز چۆل باغرىدا شامال - دەك تېز ئۇچقان ماشىنا بىر پەستە ئۇنى يۈز نەچچە كىلومېتىر - لىق مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويدى ...

ئەنە، قەيسەرنىڭ كۆزىگە يىراقتىنلا 3268 - قىزلار بۇرغى - لاش دۈيىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋىشكىسىمۇ كۆرۈندى، كىم بىلىدۇ، گۈلخان ھازىر ئەنە شۇ ۋىشكىنىڭ ئۈستىدە ئىشلەۋېتىپ، قەي - سەرنى كۆرۈپلا يۈزىنى چەتكە بۇرامدۇ تېخى ! ...

قەيسەرنىڭ قەدىمى ئاستىلىدى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى يەنىلا دۈپۈلدەشكە باشلىغانىدى. بۇ دۈپۈلدەش ھاياجاندىن - مۇ ياكى خورلۇق - ئەلەمدىنمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. شۇ چاغ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر قىز كېلىپ قالدى، قەيسەر ئۇنى تونۇ - دى، ئۇ مۇشۇ بۇرغىلاش دۈيىنىڭ تېخنىكى قايشا ئىدى. ئۇلار قىسقىچە پاراڭلاشتى، قىز دەم ئېلىش ئۈچۈن يۇرتىغا بېرىپ ئاخشام كەپتۇ، بۈگۈن سەپداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىش مەيدانىغا كېتىۋاتقانىكەن. بۇ ئۇچرىشىش قەيسەرگە خوپ

كەلدى ، ئۇ ئەتىگەن يانچۇقىغا سېلىۋالغان كىچىككىنە تۇگۈنچەكنى چىقىرىپ :

— ئالدىراپ تۇرىمەن ، بۇنى گۈلخانغا بېرىپ قويارسىز ، ئاۋارە قىلدىم ... ، — دېدى ـ دە ، تېزلا ئارقىغا ياندى .

## 4

تاڭ شەپىقى سەھەرنىڭ سۈس تۇمانىنى قىزىللىققا پۈركەپ ، كەڭ دېرىزىدىن ئېقىپ كىرىپ ئازادە ياتاقنى تېخىمۇ يورۇتۇۋەتكەنىدى . گۈلخان ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى .

«تاك ـ تاك» چېكىلگەن ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى . ئىشىك قىيا ئېچىلىپ قايشانىڭ يېرىم گەۋدىسى كۆرۈندى ۋە ئۇ ھاياجانلىق ۋارقىرىۋەتتى :

— گۈلخان ! ...

ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . قايشا ئۇنىڭ داكا بىلەن تېڭىۋالغان يۈز ـ كۆزلىرىگە ، قاتمۇ قات بىنتلار بىلەن ئورىۋەتكەن سول قولىغا قارايتتى ، قارىغانسېرى كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر ئىچكى ئازابنىڭ كۆلەڭگىسى ئەگىيتتى ، لەۋلىرى لىپىلداپ ، ئەگىم قاشلىرى بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى ، گۈلخان ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى سەزدى ئەتىمالىم ، تەبىئىي خۇش پېئىللىقى بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇرىدى :

— قارىڭە قايشا ، پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كەتتىم ، دوختۇرلارمۇ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چىقىپ كېتىشىمگە قوشۇلدى ، — ئۇ قوللىرىنى ، پۇتلىرىنى ئۆزىچە ھەرىكەتلەندۈردى ۋە بىردىنلا بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك ، — ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن ، ئۆيدىكىلىرىڭىز تىنچلىقمىكەن ؟ ياخشى دەم ئېلىپ قايتقانسىز ؟ — دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن سوئاللارنى ياغدۇردى .

— ھەممىسى ياخشى ، سىزگە كۆپ سالام ئېيتتى ، — دېدى قايشا ۋە ھاياجانلىق بىر تىنىۋېلىپ داۋام قىلدى ، — گۈلخان ، كۆپ جاپا چېكىپسىز ، لېكىن قان بەدىلىگە كەلگەن بۇ قۇدۇق ئەجرىڭىزنى بىكار كەتكۈزمەپتۇ ، ھازىر ئۇنىڭدىن سوتكىسىغا سەكسەن تونىنا ماي چىقىۋاتىدۇ .

گۈلخان ھاياجانلاندى ، كېچە - كۈندۈز تىنىمسىز ئېقىپ چىقىۋاتقان نېفىت شارقىراتمىلىرىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە گۈركىرىگەندەك بولدى ، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى ، ئۇ نېپىز لەۋلىرىنى يىمىرىپ كۈلۈپ قويدى .

— شياۋلەن ياخشىمۇ ؟

گۈلخاننىڭ سوئالى قايشانىڭ ئېسىگە شياۋلەننىڭ تەسىرلىك سۆزلىرىنى قايتا سالدى . قايشا كەلگەن كۈنىلا شياۋلەن ئۇنىڭغا كۆز يېشى قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى : «ئەگەر گۈلخان مېنى ئۆز گەۋدىسى بىلەن توسىۋالمىغان بولسا ، مەن ئاللىقاچان ئۆزۈلگەن پولات ئارقاننىڭ يېمى بولۇپ كەتكەن بولاتتىم ... . بىراق ، گۈلخان مېيىپ بولدى ... »

دەرۋەقە ، گۈلخان مېيىپ بولغانىدى ، پولات ئارقاننىڭ چۇۋۇلغان سىملىرى خۇددى ئوقيادەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىدىن قان جىرغاتتى ، سول قولىنىڭ بارماقلىرىنى بولسا قىلىچتەك ئۈزۈپ تاشلىغانىدى ...

ئۇلار خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى ، قايشا ئەمدى قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە تۇيۇقسىزلا گۈلخانغا بۇرۇلۇپ :

— ئاپلا ... ، — دېدى تاڭلىيىنى چېكىپ ،— قارىڭە ، سىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئامانەتنى ئۇنتۇغىلى تاس قاپتىمەن ، — ئۇ كىچىككىنە قەغەز بوپىنى گۈلخانغا سۇنۇۋېتىپ قوشۇپ قويدى ، — ئامانەتنى ۋاقتىدا يەتكۈزەلمىدىم ، ئۇ چاغدا مەن سىزنىڭ دوختۇرخانىدا ياتقانلىقىڭىزنى نەدىن بىلەي .

قايشا خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . گۈلخان تۈگۈچنى

ئالدىراپ يەشتى ، ئۇنىڭ ئالىقىنىدا ئۆزى ئۇچۇن تونۇش بولغان ئىككى نەرسە تۇراتتى . گۈلخانىنىڭ قوللىرى تىترەپ ، يۈرىكىنىڭ دۇپۇلدىشى ئۆزىگە ئاڭلانغاندەك بولدى . گۈلخان ۋېشكا ئالدىدا تۇرۇپ چۈشكەن مانا شۇ تۆت سۇڭلۇق رەسىمى بىلەن ماۋۇ كەشتىلىك ياغلىقنى تېخى بىر يىل بۇرۇن قەيسەرگە مۇھەببەت يادنامىسى قىلغانىدى ، مانا ئەمدى ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئالىقىنىدا تۇرۇپتۇ ، ئۇ ياغلىقنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلغان باغاقچىلىك خەتـ نى شىۋىرلاپ ئوقۇدى :

«ماڭا بەخت تىلىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت !
سىزنىڭ كۆكسىڭىزگە قادالغان شەرەپ گۈلىنىڭ تىكىنى
كۆزۈمگە سانجىلار دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن ، خەير ! ...
سىزنىڭمۇ ئۆز خالىغىنىڭىز بىلەن بەختلىك بولۇۋېلىشىڭىز
تىلەيمەن !...

قەيسەر »

گۈلخانىنىڭ نۇرلۇق ۋە خۇشال كۆزلىرى بىردىنلا مۇڭلىنىپ تۇمانلاشتى ، ئۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، دېرىزە ئالدىغا كەلدى ، جەينىكى بىلەن دېرىزە تەكچىسىگە يۆلىنىپ ، تەرلەپ قالغان ئەينەكنىڭ نەم يۈزىگە ماڭلىيىنى تىرەپ ئويغا كەتتى ...
«نېمە ئۈچۈن ھەممىنى ئوچۇق يازمىدىم ... ئۇ ئازابلىنىپتۇ ، ئەمدى يېزىشىم كېرەك . كىممۇ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىـ سىنىڭ بەختسىز بولۇشىنى خالايدۇ !؟ قەيسەر ياخشى يىگىت ، لېكىن ئەمدى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى بەختلىك قىلالمايمەن ! ئۇ ئۆزىـ گە ئوخشاش ساغلام بىر قىزنى يار قىلىشى كېرەك ... »
لېكىن ، گۈلخان ئۆزىنىڭ مېيىپ بولغانلىقىغا قىلچە زارلىـ نىش ھېس قىلمايتتى . ئۇنىڭ مۇھەببەت ھەم بەختى ئەنە شۇ كېچە ـ كۈندۈز گۈرۈلدەپ تۇرغان بۇرغا ۋېشكىلىرىنىڭ قۇدرەتـ لىك ئايلىنىشىغا قوشۇلۇپ ، نېفىت فونتانلىرىنىڭ شارقىرىشىغا ئارىلىشىپ ، بۇ كەڭ نېفىتلىكنىڭ گۈزەل كېلەچىكى بىلەن باغـ لىنىپ كەتكەنىدى ...

قەيسەرنىڭ كۆزى بىر نۇقتىغا مىختەكلا قادىلىپ قالدى، ئۇ نېمىگە شۇنچە قارايدىغاندۇ؟ ...

ئۇ كىنوخانىنىڭ دەم ئېلىش ئۆيىدىكى ئەينەك جاھازلىق شەرەپ تاختىسى ئىچىدىن گۈلخاننى تېپىۋالغانىدى. ئەنە، بېشىغا قۇلاقچا، ئۈستىگە نېفىتچىلارنىڭ شىرىق چاپىنىنى كىيىۋالغان گۈلخاننىڭ سول كۆكسىگە پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈل تاقالغان، بۇ گۈل ئۇنىڭغا خويمۇ ياراشقانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قەيسەرنىڭ خۇمارى بولغان گۈلگۈن چىرايى بىلەن ئوماق كۆزلىرىگە قانداقتۇر بىر نەرسە سايە تاشلاپ تۇمانلاشتۇرۇۋەتكەندەك بىلىنەتتى ...

قەيسەر ئاستا كۆزىنى يۇمدى - يۇ، گۈلخاننىڭ ئۆكتەبىر كۈنىدىكى باغ سەيلىسىدە ئۆزى ئۈچۈن شۇنچە يېقىملىق ۋە ئىپپەتلىك كۆرۈنگەن ئوبرازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى ...

كىنوخانا ئىچىدىكى كارناي جاراڭلاشقا باشلىدى، دىكتور قىزنىڭ خۇش نەپەس ئاۋازى يەنە گۈلخاننى مەدھىيىلىمەكتە ئىدى: «يېڭى ئۇزۇن سەپەر مىڭلىغان يېڭى قەھرىمانلارنى ياراتماقتا ... 3268 - بۇرغىلاش دۇيىنىڭ بۇرغىچىسى گۈلخان بىر مېتىرى نەچچە يۈز يۈەن بىلەن قېزىلغان ئۈچ مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇقنى جىددىي ھادىسىدىن ساقلاپ، دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن ... »

جاراڭلىق ئۇرۇلغان قوڭغۇراق ئاۋازى قەيسەرنى چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇ تۇرغان ئورنىدا بىر ھازاغىچە مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۆز تۇرمۇشى ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىكلەرنى ئەكەلگەن بۇنداق ماختاشلارغا نىسبەتەن قاتتىق ھەسەت قوزغالغاندەك بولدى ...

قەيسەر كۈلۈپ ئىچىگە كىرگەندە كىنو يېڭىلا باشلانغانىدى ، ئۇ قولىدىكى بېلەتنىڭ نومۇرى بويىچە تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئورنىنى ئاران تېپىپ ئولتۇرۇشىغا ، بىرسىنىڭ :

— قەيسەرمۇسىز ؟ — دېگەن تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى .

قەيسەر يېنىغا قارىۋېدى ، باشقارما ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئاتىكەم ئىسىملىك جۇۋاننىڭ تونۇش چىرايىنى كۆردى . ئۇلار بىر يۇرتلۇق بولۇپ ، پات - پات ئىزدىشىپ تۇراتتى . دەل شۇ پەيتتە «قەيسەر »نىڭ ئىسمى چىقىش بىلەن بۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان بىرسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئارقىغا بىر قارىدى - دە ، ئېغىر خورسىنىپ جىم بولدى ...

— مانا قاراڭ ، ئىشلار شۇنچە ئالدىراشكى ، سىز بىلەن كۆرۈشمىگىلىمۇ نەچچە ئايلار بوپتۇ ، — دېدى قەيسەر ئۆكۈنگەندەك «ئۇھ» تارتىپ ۋە ئېرى - بېرى تىنچلىق سوراشتى .

— بەكمۇ كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىز ، — دېدى ئاتىكەم ئاۋازىنى پەسەيتىپ ، — بۇرۇن باشقارمىدا ئانچە - مۇنچە كۆرەتتىم .

— ھازىر دالىدا ئىشلەۋاتىمىز ، ئاقبۇلاقنىڭ نېرىسىدىكى غىلاڭ سايدا دەڭە ، پۈتۈن بىساتىمىز بىلەن كۆچۈپ كەتتۇق .

مىنۇت ئارىلىقىدا يېنىپ ئۆچكەن چىراغ يورۇقىدا قەيسەر ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان بىرسىگە قىزىقىپ قاراپ قالدى . ئۇ ئاغزىغا ماسكا تاقىغان ، قولىغا ئاپئاق يىپ پەلەي كىيىۋالغانىدى ، ئەگەر ئۇنىڭ چەمبىرەك قىلىپ يۆگىۋالغان قويۇق چاچلىرى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان قۇلاقچا ئاستىدىن چىقىپ تۇرمىغاندا ، ئۇنىڭ ئاياللىقىنىمۇ پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى . «قىزىق ، نېمانچە چۈمپەردە ئىچىگە ئورىنىۋالغان - ھە ؟» ھەيرانلىقتا كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى قەيسەر ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى .

بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن قەيسەر بېشىنى ئاتىكەم

تەرەپكە قىيسايتىپ سورىدى :

— قىزلار بۇرغىلاش دۈيىدىكى گۈلخاننى تونۇيدىغانسىز ؟

— تونۇيمەن ، نېمىشقا تۇرۇپلا بۇ ئىسىم ئېسىڭىزگە كېلىپ قالدى ؟ — قىزىقىپ سورىدى ئاتىكەم ، — ئېكراندىكى تونەنى كۆرۈپ سىزمۇ گۈلخاننى ئەسلەۋاتامسىز ـ يە ؟

قەيسەرنىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى ماسكا تارتقان تونۇش قىز قۇلاق تۇۋىگە يېيىلىپ چۈشكەن چېكە چاچلىرىنى ئارقىغا قىستۇرۇپ ، بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تىرىدى …

— ياقەي … ، — دېدى قەيسەر يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشىنى ئاران بېسىپ ، — يېقىندا گېزىتتىكى ئىش ـ ئىزلىرىنى ئوقۇغانتىم ، ئاڭلىسام باشقارمىغا كادىر قىلىپ ئۆستۈرۈپتۇ دېيىشىدۇ .

ئاتىكەم ئېكراندىن كۆزىنى ئالماي ئاستا سۆزلىدى :

— ئۇ مېيىپ بولغانىكەن ، باشقارمىغا يۆتكەپ مۇۋاپىق ئىش بەرمەكچى بوپتۇ ، بىراق گۈلخان «بۇرغىلاش دۈيى مېنىڭ ئائىلەم ، قۇدۇق بېشى ياتىقىم ، ئۆمۈر بويى ئۇ يەردىن ئايرىلمايمەن ! » دەپ گەپنى ئۈزۈۋېتىپتۇ .

— مۇنداق دەڭ ! … ، — قەيسەر لەۋلىرىنى تامشىپ قويدى ۋە ئاخىرىدا ھولۇقۇپ سورىدى ، — مېيىپ بوپتىكەن دەمسىز ؟

قەيسەرنىڭ خېلىغىچە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلى كۆرگەن گۈلخاننىڭ رەسىمىدىكى تۇمانلىق غەلىتە سايىلەر يەنە ئۈچۈشقا باشلىدى …

— سىزمۇ گۈلخاننى ئوبدان تونۇيدىغانسىز ؟

ئاتىكەمنىڭ سوئالى قەيسەرنى بىرئاز تەمتىرىتىپ قويدى ، ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ :

— ھازىر ئۇنى كىم تونۇمايدۇ دەيسىز ؟ مەنمۇ تونۇيمەن ، لېكىن تازا بىلمەيمەن ! — دېدى قەيسەر ۋە مەنىلىك قىلىپ قوشۇپ قويدى ، — بىر ئادەمنى بىلىش ئۈچۈن بىر تاغار تۇزنى

بىللە يېيىش كېرەك ئىكەن .

— گۇلخان بىلەن بىر تاغار ئەمەس ، بىر ئۆمۈر بىللە تۇز يېيىشمۇ ئەرزىيدىغان قىز ··· ، — دېدى ئاتىكەم ۋە يەنە بىرمۇنچە نەرسىلەرنى سۆزلىمەكچىدى ، بىراق تاماشىبىنلارنىڭ پاراققىدە كۈلكىسى ھەر ئىككىيلەننىڭ دىققىتىنى ئېكرانغا تارتتى .

پاۋىل كورچاگىننىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى جانلىق ، تارتىملىق ۋەقەلەر ئۇلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى ، ئۇلار ھاياجانلىناتتى ، كۈلۈ- شەتتى ۋە بەزىدە تەسىرلىنىپ تاڭلىيىنى چاكىلدىتاتتى . بولۇپمۇ تونەنىڭ ھېلىقى چوشقىدەك سۆلەتمەن ئېرى بىلەن پاۋىلغا ئۇچ- راشقان چاغدىكى كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلەنگەندە قەيسەر ھاياجانلى- نىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى :

— ۋاھ ! ··· ئەجەب بابلىدى ـ دە ! — ئۇ پاۋىلنىڭ تونەگە قىلغان مەردانە سۆزلىرىدىن زوقلانغانىدى ، — تونەدەك ۋاپاسىز قىزلار بىزدىمۇ ئاز دەمسىز ؟ ! ئۇنىڭ يۈزى ئاق بولغان بىلەن كۆڭلى قارا ! — قەيسەر ئېغىر خورسىنىپ قويدى . بۇ چاغدا ھېلىقى ماسكا تارتقان ناتونۇش قىزمۇ بېشىنى يەڭگىل سىلكىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ، قەيسەر بۇنى ئاڭلىدى ، ئۆزى ئۇچۇن ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك بىلىنگەن بۇ روھىي ھالەت بۇ قېتىم ئۇنىڭغا خېلىلا يېقىملىق تۇيۇلدى ···

ئاتىكەم نارازى بولغاندەك قەيسەردىن سورىدى :

— ئەر خەقلەر ھە دېسە گۇناھنى قىزلارغا ئارتىپ ، ئۆزۈڭ- لارنىڭ قانتىغا سۇ تەگكۈزمەيسىلەر . ئېيتىپ بېقىڭە ، ئەگەر پاۋىلنىڭ ئورنىدا تونە بولۇپ ، پاۋىل ئۇنى شۇنداق ھالەتتە ئۇچرى- تىپ قالسا قانداق بولاردى ؟

— پاۋىل ئۇنى بېشىغا تاج قىلىپ قىساتتى دەڭە ، چۈنكى ئۇ مەنىۋى گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ ، راست ئەمەسمۇ ، چىراي تويدا كېرەك ، مۇھەببەت بولسا كۆڭۈلدە !

قەيسەر بۇ سۆزلەرنى شۇنداق سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن

ئېيتتىكى، شۇ سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىق ئىپادىسىمۇ بىردەملىككە ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى.

— يۇرەكتىن نېمە چىقسا، پەقەت شۇنىڭ ئۆزىلا يۇرەككە ياقىدۇ، — دېدى ئاتىكەم قايىللىق بىلەن، — مانا سىزدىن خېلى تۆز - تەمى بار گەپنى ئاڭلىدىم، سىزگە رىزقى چۇشكەن قىزنىڭ-مۇ تەلىيى ئۇلۇغ كەلگۇدەك ...

كىنو ئاخىرلاشتى. قەيسەر ئاتىكەم بىلەن خوشلىشىپ كى-نوخانىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە ئاتىكەمنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ئەسلەپ ئويلىناتتى، تۇرۇۋېلا يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى ماسكا تارتقان قىز گەۋدىلىنەتتى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ - كى-چىك تىنىشى ۋە بەزىدە ھاياجانلىق نەپەس ئېلىشى، بولۇپمۇ كىنو ئاخىرلاشقاندا، ئارقىغا بۇرۇلۇپ قەيسەرگە تىكىلىشى ... ئەگەر شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزەينىكى بولمىغان بولسا، قەيسەر ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزى ئۇچۇن سىرلىق بولغان مەنىلەرنى كۆرگەن بولاتتى، ئەپسۇسكى...

— قەيسەر!

ئارقا تەرەپتىن چىققان بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى، ئۇ بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، كىنوخانىدىكى ھېلىقى تونۇش قىزنىڭ ئۆزىگە قاراپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۇپ تۇرۇۋېلا قالدى. ئۇ ماسكىنى يەشتى. قارامتۇل كۆزەينىكىنى ئالدى.

— گۇلخان! ...

قەيسەرنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ بىر چاغلاردىكى چىرايلىق يۇزى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن ئۇلۇغ كۆزىنى بېسىپ تاكى مەڭزىگىچە سوزۇلۇپ چۇشكەن ئىنچىكە بىر تاتۇق روشەن كۆرۇنۇپ تۇرات-تى، بىر قارىماققا ئۇلۇغ كۆزىمۇ سەل قىسىلىپ قالغاندەك ئىدى.

— قەيسەر، مەن ھەممىنى ئۇچۇق يېزىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن سىزنى ئايايمەن دەپ ئازابلىدىم ... ، — گۇلخاننىڭ

سۆزلىرى شۇنچە يېقىملىق ۋە خۇددى كۆزلىرىگە ئوخشاش سەمىمىي ئىدى ، — مەن مېيىپ بولدۇم ، ئەمما بۇ مېنىڭ ئىستىقبالىمغا تەسىر قىلالمايدۇ ، لېكىن ··· بىز كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز ، ياق ، ياق ··· مەن ئەمدى سىزگە لايىق ئەمەس ، سىزگە يەنىلا بەخت تىلەيمەن !

— گــۈلخان ! ··· ، — قــەيسەرنىــڭ ئاۋازى دولقۇنلۇق ئىدى ، — گۈلنى سۆيگەن ئادەم تىكىنىدىن قاچمايدۇ !

قەيسەر ئارتۇق گەپ قىلمىدى ، ئۇ قەلبىدىكى پۈتۈن ھېس-تۇيغۇسى بىلەن ئارزۇ - ئىستىكىنى مانا شۇ بىر جۈملە سۆزگە يىغقانىدى .

گۈلخاننىڭ يۈزلىرى ئالمىدەك پارقىراپ ، مېغىزرەڭ قاتما قوللىرى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى . ئۇ ماسكىسى بىلەن كۆزەينىكىنى يەنە تاقىماقچى بولۇۋېدى ، لېكىن قەيسەر :

— تاقاپ نېمە قىلىسىز ؟ ئارتۇقچە يۈكقۇ ، — دەپ سىرلىق كۈلۈپ قويدى .

— دوختۇرنىڭ بۇيرۇقى ئىدى ، قايتا يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىرنەچچە ۋاقىت تاقاش كېرەك ئىكەن ، مەيلى ، ئەمدى سىزنىڭچە بولسۇن ، — دېدى گۈلخان ماسكا بىلەن كۆزەينىكىنى يانچۇقىغا سېلىپ .

قەيسەر گۈلخاننىڭ سول قولىنى ئالىقىنىغا ئالدى ، بۇ قول گەرچە بارماقسىز بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئوتلۇق ھارارەت ئاللىقاچان قەيسەرنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ ، ئۇنىڭ دۈپۈلدىشىنى تېزلىتىۋەتكەنىدى . ئۇلار قوللىرىنى ئەنە شۇنداق زىچ گىرەلەشتۇرۇپ ، مۇھەببەتنىڭ لەززەتلىك ئەللەيلىشىدە قىيغىتىپ مېڭىپ ، تالاي قېتىملىق يۈرەك سىرلىرىنىڭ شاھىتى بولغان باغچىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ، ئاسمانغا ئايمۇ چىقتى ، ئۇ خۇددى كۈمۈش ھــالقىدەك ھــەيۋەتلىك چــەكسىز تېغىنىڭ ئۈستىدە

ئېسىلىپ تۇراتتى . قەيسەر گۇلخاننىڭ ئاي نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان يۈزلىرىگە قارىدى ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە كېرىم بۇرغىنىڭ «ئۆستەڭ يارىشىقى تال ، قىزنىڭ يارىشىقى خال» دېگەن سۆزلىرى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى .

راست ، نېمىدېگەن يارىشىملىق خاللار – هە ؟ ! بۇ پەقەت ئاددىي خاللا ئەمەس ، بەلكى ، يۈكسەك بىر مۇهەببەتنىڭ ئۆچمەس يادنامىسى ئىدى ...

1979 – يىل يانۋار ، قاراماي

# گۆرۆچ

تۆت تاغار شال بېسىلغان ئېشەك ھارۋىسى سوقا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ھارۋىدىن ئاۋايلاپ چۈشكەن، شەھەر سۆپەت بىر ئادەم ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرغان ئاق سېرىق، زىلۋا، ئون ئالتە — ئون يەتتە ياشلارغا كىرگەن بالىغا قاراپ:

— بالام ئابدۇسەمەت، سەن ھارۋىنى چىقىرىپ تۇرغىنە، ھازىر مەمەتخانمۇ كېلىدۇ. مەن سوقىغا بىر كىرىپ باقاي، — دېدى ـ دە، كونىراپ قارامتۇل رەڭگە كىرىپ قالغان يوغان ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى.

ئەتىگەندىن بېرى دېھقانلار بىلەن لىق تولغان سوقا ئەمدى خېلى بوشاپ قالغانىدى. پەقەت كوپىراتىپىنىڭ بىرنەچچە كادىرى كېتىش ئالدىدا بەزى ئىشلار توغرۇلۇق ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئول- تۇراتتى. «غارت ···» قىلىپ ئېچىلغان ئىشىك ئۇلارنىڭ دىققى- تىنى بۆلدى. سوقىغا كىرگەن كىشىنى تونۇغان مۇدىر قولىدىكى تىزىم دەپتىرىنى ۋاراقلاۋېتىپ:

— ھە، تۆرىخان ئاكا، كەلسىلە، كەچ بولغاندا سوقىنى يوقلىغىلىرى كەپتۇغۇ؟

— سوقا كەچقۇرۇن بىكار بولىدىكەن، دەپ ئاڭلاپ ھېلىقى شالنى ئېلىپ كېلىۋىدىم.

— بۈگۈن كېچىچە شالنى سوقۇۋالاي دەپ نىيەت قىلىپلى- دە؟

— خوش، شۇنداق···

— ئوبدان بوپتۇ، سوقىنىڭ بىكار ۋاقتىدا ئىشلىرىنى تۈ- گىتىۋالسىلا. ئەتە ـ ئۆگۈن يەنە «بىاس ـ باس» بولۇپ

كېتىدۇ ... بىزمۇ دەسلەپ تەييار بولغان خامانىڭ گۈرۈ-
چىنى دېھقانلىرىمىزغا تەقسىملەپ بېرىمىز دەپ ، ئەتىگەندىن بې-
رى شال سوقتۇق .
— شال خېلى قۇرۇپتۇمۇ ؟ — سورىدى ئارىدىن بىرەيلەن .
— ۋاي ، جىرىڭلاپ كېتىپتۇ ، بىزنىڭ بالا چىقىپ ، مەمەت-
خاننىڭ ئۆگزىسىگە ئۈچ كۈن يايدى ئەمەسمۇ !
تۆرىخان قويۇن يانچۇقىدىن بىر خەتنى ئېلىپ مۇدىرغا
ئۇزاتتى ۋە :
— بىزنىڭ ئاھالە كومىتېتى قىلىپ بەرگەن خەت
ئىدى ، — دېدى .
مۇدىر ئوقۇشقا باشلىدى :
«... تەۋەيىمىزدىكى تۆرىخان ئاۋۇت ھاجى ئوغلىنىڭ سىلەر-
نىڭ تەۋەيىڭلاردا ئۆزى تېرىغان تۆت مو شال يېرى بولۇپ ، ئۇنىڭ
گۈرۈچى بىلەن ئۆزى تەمىنلەنمەكچى . بۇ كىشىنىڭ نوپۇسى ئون
جان ، يىللىق گۈرۈچ نورمىسى بىر يۈز يىگىرمە جىڭ ، چىققان
مەھسۇلاتىنى گۈرۈپ ، نورمىدىن ئارتۇقى سېتىۋېلىنسا
بولىدۇ... »
— شال تۆت تاغارمىدى ؟ — سورىدى مۇدىر خەتنىڭ ئاخى-
رىغا كۆز يۈگۈرتىۋېتىپ .
— شۇنداق .
— ئەمىسە شالنى سوقۇۋەسىلە ، گۈرۈچمۇ ئەتىگەنلىككىچە
تەييار بولار . ئەتىگەنلىككە يەنە سۆزلىشەرمىز .
— ئوبدان ، شالنى جىڭلىمايلا سوقىۋېرەمدۇق ؟
— ھەئە ، گۈرۈچنىلا جىڭلايمىز .
ئىشىكنى يوغان ئېچىپ كىرگەن مەمەت قولىدىكى بىر باغ
پاخال بىلەن كونىراپ كەتكەن چوڭ بىر پالاسنى يەرگە قويۇپ ،
ئۇستۋاشلىرىنى قېقىشقا باشلىدى . ئۇ قارىراق كەلگەن ئېگىز
بوي ، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ يىرتىق

جۇۋسىدىن كۆڭلەكسىز بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . كونىراپ قالغان ئۆتۈكىنىڭ سالپاڭ قونچىنى كىشى كۆرمىسۇن دېگەندەك ، يېلىڭ كۆك ئىشتىنى يېپىپ تۇراتتى . قارا كۆرپە تۇمىقى قويۇق قارا بۇرۇتلۇق قارامتۇل يۈزىگە تازا باب كەلگەنىدى .

— بەللى ، مەمەتخان ، بۈگۈن تۆرىخان ئاكامغا قارىشىپ بېرەي دېگەن ئوخشىمامسىلە ؟ — دەپ سورىدى باياتىن سۆزگە ئارىلاشماي ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان بوغالتىر . ئۇنىڭ ئاندا - ساندا چېچەك ئىزى بار يۇمىلاق يۈزىدىكى دائىم كۈلۈپ تۇرغاندەك بىلىنىدىغان قىسىق كۆزلىرى گويا قول بىلەن ئويۇپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى .

— بىكار تۇرغۇچە بىكارغا ئىشلە دەپتىكەن ، كېچىدە قىلىدىغان ئىش يوق ، تۆرىخان ئاكام يالغۇز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوقىنىڭ تىلىنى بىلمەيدۇ . شۇڭا قارىشىپ بېرەي دېدىم ، قانداق ؟

— ئوبدان بوپتۇ . بۇمۇ سىلىنىڭ ئىشچانلىقىڭلا ، ئاق ئۇششاق قىلىۋەتمەي ، دانلىقراق سوقۇپ بېرىڭلا .

— كېچىچە سىلىمۇ يالغۇز قالمايسىلەر ، — دېدى مۇدىر كېتىشكە تەرەددۇتلىنىپ ، — بىر ئازدىن كېيىن ئىككى ئادەم ئەۋەتىمىز ، ماۋۇلارنى ساقلاپ ياتىدۇ .

— تېخى ئېلىپ كېتىپ بولمىغانمۇ ؟ ! — سورىدى ئۇ سوقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېتىپ بېرىشكە ئايرىلغان ئالتە - يەتتە تاغار گۈرۈچنى كۆرۈپ .

— ياق ، بۈگۈن پونكىتنى ئاچماپتۇ . يەكشەنبە قىلغان ئوخشايدۇ ، ئەتە ئاپىرىمىز .

ئەتىگەندىن بېرى قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى بىلمەي ئىش بىلەن مەشغۇل بولغان مۇدىر بىلەن كادىرلار دەپتەر ، قەلەم ۋە چوتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئۆيلىرىگە قاراپ يول تۇتقاندا ، يېزا مەسچىتىنىڭ پەشتىقىدىن مەزىننىڭ ناماز ئەسىرگە توۋلىغان ئەزىنى ئاڭلاندى .

مەمەت سوقا باققۇچىدىن غەلۋىر، سۇپۇرگە، ئارغامچىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چاناق ئەتراپىنى بىر قاتار سۇپۇردى-دە، هارۋىدىكى شالىلارنى ئابدۇسەمەت بىلەن سوقىغا ئەكىردى ...

— ھەي ... كۈننىڭ قىسقىلىقىنى! — دېدى مەمەت چىراغنىڭ پىلىكىنى چىقىرىۋېتىپ، — ئۇ ياقتىن چىقىپ، بۇياقتىن كەچ بولىدۇ.

— بۇ كەمنىڭ كۈندىمۇ بەرىكەت قالمىدى مەمەتخان، — دېدى نامازشامغا بالدۇرلا تاھارەت ئېلىپ كىرگەن تۆرىخان.

— يائاللا، بۇ ئالۋاستى چىرىغىنىڭمۇ تۈزۈكرەك يورۇقى يوق ئىكەن. نۆكچىدەكلا پىلدىرلاپ تۇرىدۇ.

سۆزىنى تۈگەتكەن مەمەت تاغارلارنى چاناقنىڭ ئاغزىغا ئەكېلىپ شالنى قويۇشقا باشلىدى. بىردەمدىلا ئىككى چاناق شالغا لىق تولدى. ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويۇلغان سوقا تۈمشۇقىمۇ چاپسانلا ئىشقا چۈشتى.

خېلىدىن بېرى قويۇق بۇلۇتلار ئارىسىدىن خۇددى مۆكۈمۆكىلەڭ ئوينىغان شوخ باللاردەك بىر قاراپ، بىر ماراپ تۇرغان تولۇن ئاي بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ، يورۇق يۈزىنى ئەتراپقا روشەن كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ خۇددى دولقۇن يېرىپ ماڭغان ھەيۋەتلىك كېمىلەردەك بۇلۇتلار ئارىسىدىن يېنىك شۇڭغۇپ، ئۆز نۇرىنى تېخىمۇ ئايىماستىن سېپىشكە تىرىشاتتى.

بىر پەس ھۆكۈم سۈرگەن تۈن قاراڭغۇسى يەر يۇتقاندەك چاپسان يوقالدى. يېزا بىر ئاز جىملىققا چۆكتى. پەقەت سوقا بىلەن گۈركىرەپ چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازىلا خېلى يەرلەرگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى ...

سوقا ئىچىگە ئىككىيلەن كىرىپ كەلدى. بۇلارنىڭ بىرى ئېگىز بوي، ئانچە ئورۇقمۇ ئەمەس، ياشلىقىغا قارىماي بېلى بىر ئاز مۈكچەيگەن، توختاجى ياۋاش دەپ ئاتىلىدىغان بىر يىگىت

ئىدى . يەنە بىرى پاكارراق ، ئەمما گەۋدىلىك كەلگەن ، پۇت ـ قوللىرى دىقماققىنە ، دۈڭ كۆز ، بىرئاز ئالدىراڭغۇراق يىگىت بولۇپ ، يېزىدا «تۇرسۇن شەپشەك» دەپ ئاتىلاتتى ...

بۇ ئىككى يىگىت بىر ـ بىرىگە مۇتلەق ئوخشاشمىسىمۇ ، ھەر ئىككىسى دىگىدەك يېزىنىڭ ئاكتىپلىرىدىن ئىدى . شۇڭلاشقا ئۇلار ھېلىراقتا مۇدىرنىڭ ياشلارنى يىغىپ «سوقىغا قايسىڭلار بارىسىلەر ؟ » دېگەن سۆزى ئاغزىدىن چىققۇچە ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقتى . چۈنكى ، ئۇلار ئىككى ـ ئۈچ كۈننىڭياقى سوقىدا يېتىپ ، سوقىنىڭ قاتتىق ـ قۇرۇقلىرىغا خېلى كۆنۈپ قالغانىدى .

— يەنە سىلەر بارامسىلەر ؟ — دېدى مۇدىر بۇ ئىككىيلەننىڭ چىداملىقلىقىغا ، غەيرىتىگە زوقلىنىپ ، — بوپتۇ ، بارساڭلار بېرىڭلار ، لېكىن بۈگۈن سەگەكرەك بولۇڭلار !

مانا ئۇلار سوقا ئىچىگە كىرىش بىلەن مەمەت بۇيرۇق بېرىشكە باشلىدى :

— قېنى ئەمىسە ، دەسلەپ قىلىپ ئوچاققا بىر ئوت قالاڭلار . سوغۇقنىڭ خېلى ئاچچىقى ياماندەك تۇرىدۇ .

— ئوتۇن يوق ئوخشىمامدۇ ؟ — سورىدى توختاجى پارچە ـ پۇرات خىشلار بىلەن ياسالغان ئوچاق ئەتراپىغا قاراپ .

—ھە ، يوق بولسا ئەكېلىسىلەر ـ دە ، سىلىدەك يىگىتلەر ـ دىن نېمە قېچىپ قۇتۇلىدۇ .

تۇرسۇن بىلەن توختاجى ئوتۇن تېپىپ كىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى . مەمەت بولسا ئابدۇسەمەت بىلەن قىلتىرىقى سۇنغان شالنى چاناقتىن چىقىرىپ ، شامالدۇرغۇچ ئالدىغا توشۇشقا باشلىدى .

— شال چاناققا قانچە قېتىم چۈشىدۇ مەمەتخان ؟ — سورىدى خېلىدىن بېرى ئۈن ـ تىنسىز بىر بۇلۇڭدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان تۆرىخان .

— تۆت قېتىم چۈشىدۇ ، قىلتىرىق سۇندۇرۇشقا سالىمىز ،

بۇنى چىقىرىپ بولدۇق . ئارقىدىن چالغا سالىمىز . ئۇنىڭدىن كېيىن ئاققا ، ئۇنىڭدىن كېيىن پەردازغا…

— ۋايىەي ، بۇنىڭ گۈرۈچ بولمىقى خېلى گەپكەن دېسىلە ؟

— خېلى بار ، ئىش قىلىپ تاڭغا يېقىن تەييار بولىدۇ . ھەممىدىن سىلى بۈگۈن ئۇيقۇسىز قالىدىغان بوللى ــ دە .

— قانداق قىلاتتۇق مەمەتخان ، بۇمۇ جاھاندارچىلىق ، قورساق دەردى . ئۇغۇ مەيلى ، تېخى ئۆزىمىزنىڭكىگە ئۆزىمىز تولۇق ئىگە بولالمايۋاتقىنىمىزنى دېسىلە ، ھەي ! …

— توۋا ، ئاجايىپ بىر زامانلار بولۇۋاتىدۇ . قىلغان ئىشلىرىغا ، تارتقان جاپالىرىغا تۇشلۇق چىققان گۈرۈچنى ئۆزلىرىگە بەرسىغۇ مەيلىتتى . «ئارتۇقىنى سېتىۋالىمىز» دېگىنى نېمىسى ؟ ! مۇشۇ ئىش بولدىمۇ ؟ «مەن قىلارمەن ئوتتۇز ، خۇدايىم قىلار توققۇز» دېگىنمۇ ئېشىپ چۈشتى ــ دە ، بۇ .

— نېمىسىنى دەيلا مەمەتخان ، مېنىڭمۇ ھازىر بېشىم قېتىپ گاراڭلا بولۇپ قالدىم . نېمە قىلىشىمنى بىلمەيمەن . ئازراقىنى بىر يوللۇق قىلارمەن دەپ ئۈمىد قىلىۋىدىم ، بۇ ئويۇممۇ يوققا چىقىدىغان بولدى . مانا ھېلىتىن بىزگە ئىككى ساقچى ھەمراھ بولغىلى كەلدى ئەمەسمۇ ؟ !

— قېنى ، ئاۋۋال گۈرۈچ تەييار بولسۇنچۇ ! بىز بولغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار . بۇ بىر نېمىلەرنى ئۇخلىمايدىغان پەرىشتە دەمدىلا ؟ ئۇلار تونۇگۈنمۇ سوقا باققان ، ئۇيقۇسىز ، بۈگۈنمۇ …

تۆرىخان كونا بوبرۇك كەمزۇل ئۈستىگە كىيگەن چوڭ چاپىنىنى چىڭ قوۋۇشتۇردى ــ دە ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى ، كالاچ كىيگەن خۇرۇم مەسىسىدىنمۇ سوغۇق ئۆتمەيتتى . كۈچار كۆرپىسىدىن تىكىلگەن كونىراق قۇلاقچىسى بولسا ئوتتۇرىسى چاچسىز ، يالاڭدىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان بېشىنى سوغۇقتىن ساقلايتتى ، ئۇ قىرىق بەش ياشلارغا كىرگەن ئوتتۇرا بوي كىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆسكەن قويۇق قارا بۇرۇتى بىر ۋاقىتلاردا

«پۈچۈق» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈستۈنكى كالپۈكىدىكى ئەيىبىنى يوشۇرۇپ ، پۈتۈنلەي كۆرۈنمەس قىلىۋەتكەن ، ياپىلاق يۈزىدىكى قۇشنىڭكىدەك يۇمىلاق كۆزى بولسا تۈگەۋاتقان شامنىڭ نۇرىدەك پىلدىرلاپ قالغانىدى . قاڭشارسىز پاناق بۇرنى ياندىن قارىغان كىشىگە گويا مىجىلىپ قالغان شاپتۇلدەك كۆرۈنەتتى ...

مەمەتنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ئۇنىڭ خېلى كۆڭلىنى ئاچتى . ئۇ تىنماي تاماكا شورايتتى ، ئىچىنى ساياھەت قىلىپ چىققان كۆكۈچ ئىس ئاغزى - بۇرنىدىن پاتماي پۇرقىراپ چىقاتتى . «تېگى - تەكتىنىڭ ئېسىل - دە ، مەمەت . قىلغاننى بىلىسەن ، مۇشۇ دورەم بىر خىزمەت كۆرسەتسەڭ ھەرگىزمۇ ئۇنتۇماسمەن سېنى . ھېچ بولمىغاندا ، ئالتە - يەتتە چارەكنى ئابدۇسەمەتتىن شەھەرگە ماڭدۇرۇۋېتەلىسەم ...» دەپ ئويلايتتى ئىچىدە .

— ئابدۇسەمەت ! — چاقىردى ئۇ بىر قېتىم سورۇلۇپ بولغان شالنىڭ چېچىلغانلىرىنى سۈپۈرۈۋاتقان بالىسىغا قاراپ ، — مەيەرگە كېلە ؟ !

يالاڭ شىمدىن كۆز كېچىسىنىڭ سوغۇقى خېلى ئۆتۈپ ، بەدەنلىرى تىترەپ تۇرغان ئابدۇسەمەت دادىسى تەرەپكە ماڭدى . ئۇنىڭ مەڭزىدىكى يۇمران سېرىق تۈكلەر ھۆرپىيىپ ، لەۋلىرى سەل كۆكىرىپ كەتكەنىدى .

— نېمانچە تۇگۈلۈپ كەتتىڭ ، توڭۇپ كەتكەن ئوخشىماسەن ؟ !

— ...

— ھېچقىسى يوق ، بىر كۈنلۈككە ھېچ نېمە بولمايسەن ، چىداشلىق بەر ، ساڭا بىر ئىش ، خۇدا بۇيرۇسا ، بىر - ئىككى ئۇخلاپ ، ھېلىقى نەرسىلەرنىڭ كۆزى ئىلىنغاندا ، ئېشەك بىلەن شەھەرگە ماڭىسەن ، ھوشيار بول . بولۇپمۇ مۇشۇ مەھەللىدىن ئۆتكۈچە ئۆزۈڭ پەخەس بولساڭ بولىدۇ . ئىش ئوڭۇشلۇق بولسا ، ئۆيگە تاشلاپلا قايتىپ چىققىن ، جۇمۇ جېنىم بالام . مۇشۇ ئىشتا

سەنمۇ بولساڭ بىر غەيرەت قىلغىن . ئۆزۈڭ بىلىسەن ، بۇ گۈرۈچ قانچە ـ قانچە پۇل بىلەن گۈرۈچ بولۇۋاتىدۇ ؟ !

ئابدۇسەمەتكە «ماقۇل» دېيىشتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى . ئۇنىڭ كۆزىگە يولنىڭ بەزى قورقۇنچلۇق مۇدھىش سۈرى كۆرۈنۈۋاتقان بولسىمۇ (ئۇ جىن ـ ئالۋاستى ، ئېزىتقۇ دېگەن ئەپسانىلارغا ئىشىنەتتى ) ، تەرسا دادىسىنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ «ماقۇل» دىن باشقا ئۈنچىقمىدى . ئۇ دادىسىنىڭ ئالدىدا يۈرەكلىك گەپ قىلالمايتتى ، چۈنكى شەپقەتسىز دادىسىنىڭ بىر ۋاقىتلاردا ئۇرغان قـوش تـىللىق قـامچىسىنىڭ ئىزى ئۇنىڭ بەدىنىدىلا ئەمەس ، يۈرىكىدىمۇ بار ئىدى ! ...

چاناقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بەش ـ ئالتە كىشىلىك ئورۇن بىرەر گەز كەلگۈدەك كىچىك تام بىلەن قورشالغان . مانا شۇ يەر بەزىدە چاي قايىنىتىپ ئىچىدىغان ، سوغۇق ۋاقىتلاردا ئوت قالاپ ئىسسىنىدىغان ئوچاق ئىدى . توختاجى تۆرىخاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر باغ پاخالنى ئوچاقنىڭ ئەتراپىغا يېيىپ سالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە پالاسنى سېلىپ ، تېپىپ كەلگەن قۇرۇق ئوتۇنلارنى گۈركىرىتىپ قالاشقا باشلىدى .

بەزى توڭغاقلار ئوچاقنى چۆرىدەپ ئولتۇردى ، مەمەتمۇ سوـ قىنى ئىككىنچى قېتىم ئىشقا سېلىپ قويۇپ ، ئوچاقنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن ئورۇن ئالدى .

— ھەي ... ئۇيقۇسىزلىق يامان ئىكەن جۇمۇ ! بۇگۈن زادى باشلىرىم گاراڭلا بولۇپ قالدى ، — دېدى تۇرسۇن ئوتنىڭ تەپتىدىن ئۆزىنى سەل ئارقىغا سىلجىتىپ .

— ئادەم كۆپ ئۇيقۇسىز قالسا زەئىپلىشىپ كېتىدۇ . ئۇيقۇسىزلىق يامان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقى ، — دېدى تۆرىخان كىچىك داستىخاننى ئوتتۇرىغا سېلىۋېتىپ .

ئۇ خوتۇنى يۆگەپ بەرگەن قاتلىما ناننى ئۇشاتتى ـ دە ، ھـەركىمنىڭ ئـالدىغا بـىر بـۆردىدىن قويـدى . ئاندىن بازار

گىردىسىدىن پارچىلاۋېتىپ :

— قېنى ، بىرەر بۇردىدىن نانغا باقايلى ، كېچىدىمۇ قورساق خېلى ئاچىدىكەن ، — دېدى .

— بۇ بازار نانلىرىنىڭ كىچىككلىكىنى ، بىرنى يېسە چىشنىڭ كاۋىكىدا قالىدۇ !

— تېخى كىچىك دەمسىنا تۇرسۇن ، — دېدى مەمەت چىۋىق بىلەن ئوتنى كوچىلاۋېتىپ ، — ئاشلىقنى نورمىغا سالدى ، ئەمدى كۆرىسەن ، ئويماقتا يېيىپ ، يىگنىدە قومارمىسىلا مەيلى !

— نان ئالماقنىڭ بىر تەسلىكى !

— هەي تۆرىخان ئاكا ، شۇ شەھەرگە كىرىشتىن زېرىكتىم جۇمۇ ! قۇرۇقلا چىقاي دېسە باللار قولغا قارىغان . ئىككى ـ ئۈچ گىردە ئېلىۋالاي دېسە ، ناۋايخانا ئالدىدا تىزىلىپ ، كىچىك چېغىمىزدىكىدەك «قاتار ـ قاتار قۇشلارىم» ئوينىغان ! — دېدى مەمەت يۇڭ باسقان مەيدىسىنى ئوتقا قاقلاپ ئولتۇرۇپ .

— هە ، تۆرىخان ئاكا ، شەھەردە نورما بولۇۋاتىدۇ دەيدۇ ، ئادەم بېشىغا قانچىلىككەن ؟ — سورىدى تۇرسۇن .

— ئىشنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ ، چوڭ كىشىلەر-نىڭ ئوتتۇز جىڭدىن قىرىق جىڭغىچە ، كىچىك باللارنىڭ ئۇنىڭ-دىن ئاز .

— بىر ئايغىچە ئوتتۇز جىڭ نەرسە يېتەمدىغاندۇ ؟ ئون بەش كۈندە يەپلا قاراپ ئولتۇرسا كۆرۈڭ ، — هەيران بولدى تۇرسۇن .

— مەنمۇ هېسابلاپ باقتىم ، يېتىدىكەن . «ئىككى ئۆينىڭ قوغۇنى بىر ئۆيگە ئاش بولۇپتۇ» دېگەندەك ، كۆپ جانلىق ئۆيلەر-گە بەخۇدۇك يېتىدىكەن ، مۇشۇ توغرىدا خېلى كۆپ تالاش ـ تارتىشلار بولدى .

«ئاغزىمدىكى سۆز بىلەن بولسىمۇ ، بۇ نەرسىلەرنى ئۆزۈمگە ئىشەندۇرۇشۇم كېرەك ، — دەپ ئويلايتتى تۆرىخان ، — مەندىن كەتسە يەل كېتىدۇ . ئۇنىڭلىققا ئابرۇيۇمدىن چۈشۈپ

كەتمەيمەنغۇ؟» ئۆزىنى قەيەردە قانداق تۇتۇشنى بىلىدىغان تەجرىبىلىك تۆرىخان سۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرغانلاردا «چۈشەنگەن ئادەمكەن» دېگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن، مەجلىسلەردە ئاڭلىغانلىرىنى، گېزىت - ژۇرناللاردا كۆرگەنلىرىنى تىزىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مۇشۇ ئاشلىق توغرىسىدا شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە بىزنىڭ سودا - سانائەتچىلەر بىلەنمۇ مەجلىس بولدى، مەجلىستە ھەركىم قورسىقىدىكىنى، ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەشكە باشلىدى، بەزىلەر «بىز نورما يەتمەيدۇ، تويمايمىز، ھۆكۈمەت بىزنى ئاچ قويامدىكەن ...» دېيىشتى، يەنە بەزىلەر: «يېتىدىغاندەك تۇرىدۇ، يېتىدىكەن ...» دەپ يۇقىرىقىلارغا قارشى چىقىشتى. مەنمۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ نورمىسىنى ھېسابلاپ، تۈرلۈك مىساللارنى كۆرسىتىپ: «نورما يېتىدۇ، تېخىمۇ ئىقتىساد قىلىپ ئىشلەتسەم، ئېشىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپ ئوتتۇرىدا ئېيتىۋىدىم، بەزىلەر مەندىن رەنجىشتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، باشلامچىلىق رولىنى ئويناش كېرەك. «يەتمەيدۇ، تويمايمىز...» دېگەنلەر بىلەنمۇ سۆھبەتلىشىپ، «يېتىدۇ، ئېشىپ قالىدۇ» دېگەنلەر بىلەن سېلىشتۇردى. ئاخىر ئۇلارمۇ بىز دېگەننى توۋلاشقا باشلىدى، كۆندى. بۇ نورما دېگەن يۇقىرىدىن تەستىقلىنىپ كەلگەن نەرسە. شۇنداق بولسىمۇ، ھۆكۈمەت خەلقتىن پىكىر ئېلىپ باقىدۇ، چېكىپ باقىدۇ. كونىلارنىڭ سۆزى بارغۇ: «قومۇشنى كۆرمىدىڭمۇ، يەرگە چۈشتى بورىيا» مانا شۇ دە. ھەرقانچە بوينى قاتتىقلارنىڭ بوينى ئېگىلىدۇ. ئاخىر ھۆكۈمەتنىڭ دېگەن يېرىگە كېلىدۇ. ئىلاج يوق. شۇڭا ھەر ئىشنىڭ ئالدىدا مېڭىش كېرەك. گەپ شۇنىڭدا!

— ھە، تۆرىخان ئاكا، — سورىدى مەمەت، — بۇ نورما دېگەن ھەممە يەردە بولامدىكەن، يا مۇشۇ قەشقەردىلىمۇ؟

— دۆلەت بويىچە - دە.

— بۇنىڭدىكى مۇددىئا نېمىدۇر؟ — سورىدى مەمەت.

— بۇنىڭدىكى مۇددىئا، بىرىنچىدىن، ھەممە يەردىكى خەلقنى قانداق ئاشلىق بىلەن بولمىسۇن باراۋەر تەمىنلەش؛ ئىككىنچىدىن، ئىقتىساد قىلىش، ئاساسىي مەقسەت شۇ.

— سىلىزە ئاجايىپ ئادەمكەنلا جۇمۇ، تۆرىخان ئاكا، كىتاب سۆزىدەكلا سۆز قىللا، — دېدى مەمەت تۆرىخاننىڭ گەپلىرىگە زوقلىنىپ، — باشلىرىدىن جىق ئىش ئۆتكەن، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى چۈشەنگەن، زادى ھەممە سالادا بار ئادەممەدە سىلى. «ئېسىلدە خاتا يوق، بىئېسىلدە ۋاپا» دېگەن گەپ زەپ جايىدا ئېيتىلغان - دە.

— مەمەت ئاكا، دېگىنىڭىزدەك - زە، تۆرىخان ئاكام خېلى گېپى جايىدا ئادەم ئىكەن، چەكسىمۇ جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ···

سۆزىنى تۇگەتكەن تۇرسۇن ئاغزىدىكى تۇكۇرۇكىنى تۇكۇرۇش ئۈچۈن ئارقىسىغا قارىۋىدى، پاكار تامغا ئارتىپ قويغان خالتىغا كۆزى چۈشتى ۋە:

— نان يۆگەپ كەلگەنمىدىڭ مەمەت ئاكا بۇ خالتىغا؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ئېشەككە بەرگىلى ئازراق بوغۇز ئالغاچ كەلگەن، تېخى ھېلىراق بىكار بولدى.

— زاۋۇت ئۈنىنىڭ خالتىسىغۇ بۇ؟ — سورىدى ئۇ خالتىنىڭ يۈزىدىكى خەتلەرنى ئوقۇش ئۈچۈن ئىنتىلگەندەك سىنچىلاپ.

— ھەئە.

ئارىغا جىمىلىق چۈشتى. تۆرىخان بىردىن قەغەز يىرتتى - دە، تاماكا ئوراش ئۈچۈن ھەممەيلەنگە تۇتتى.

تۆرىخاننىڭ كۆڭلىدە بىرلا خىيال ھۆكۈم سۈرەتتى: «ئابدۇسەمەت گۇرۇچنى ئېلىپ شەھەرگە ماڭسا، قانداق بولار؟! تۇتۇلۇپ قالارمۇ؟! ··· ئۇ شەھەرگە كىرىپ چىققۇچە تاڭ ئېتىپ

قالدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئابدۇسەمەت بىلەن ئېشەكنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، بۇ نېمىلەرنىڭ كۆڭلىدە گۇمان تۇغۇلار. شەھەرگە ماڭدۇرۇش خەتەرلىككەن ... قانداق قىلىش كېرەك؟ توختا، مەمەتكە بىر مەسلىھەت سالاي، ئاسان يول تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ...» خېلىدىن بېرى پاراڭ تىڭشاپ ئولتۇرغان ئابدۇسەمەتنىڭ ئوت يالقۇنىدىن بەدەنلىرى خۇددى مۇزلاپ يانغان قوغۇنداك، بوشىشىپ، ئاستا ـ ئاستا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

## 2

مەمەت بىر ئاز چاۋار تېرىپ كىرىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، كەينىدىن چىققان تۆرىخان پەس ئاۋاز بىلەن:

— ھە، مەمەتخان، ئابدۇسەمەتنى شەھەرگە ماڭدۇرىمىز دەۋاتىمىز، شۇ ئىش قانداق بولار؟ بۇ نەرسىلەرنىڭ بىرەرسى تۇيۇپ قېلىپ، بىر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالارمىزمىكىن دەيمەنا؟!

— ئۇنىمۇ ھېچ نېمە دەپ بولمايدۇ. ئوت بار يەردە تۇتۇن بار، سۇ بار يەردە پېتىق. ئۇنىڭدىن كۆرە شۇ بالىنىمۇ كېچىدە ئاۋارە قىلىپ يۈرگۈچە، مۆلچەرىمىزدىكىنى تاغار بىلەن خالتىغا ئېلىپ، بىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ جايلاپ قويساق، باشقا بىر كۈنى ئابدۇسەمەتخان پاخالغا چىققاندا، ئارىسىغىلا ئۆزۈم ئەپلەپ بەرسەم قانداق دەيلا؟

— بۇمۇ ياخشى گەپ، شۇنداق قىلايلى.

— شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، مەن گۈرۈچكە قاراي.

مەمەت بىر باغلام شاخنى ئېلىپ سوقىغا كىرىپ كەتتى. تۆرىخان بولسا ئۈگدەك باسقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، جىمجىت دالىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ قىستاپ كەلگەن ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش

ئۈچۈن يۈزىنى يۈيۈشقا ئۈلگۈردى . ئويلىمىغان بولسا كېرەك ،
سۇغا قولىنى تىقىش بىلەنلا ئەندىكىپ كەتتى ، كۆزىنىڭ مۇزدەك
سوغۇق سۇيى بەدەن ـ بەدەنلىرىنى تىترىتىشكە باشلىدى . نودىن
ئېتىلىپ چاقپەلەككە ئۇرۇلغان سۇنىڭ شوخ چاچراندىلىرى سىد-
ماب رەڭلىك ئاي نۇرىدا خۇددى ئۈنچە ـ مارجان دانىلىرىدەك
كۆرۈنەتتى . سوقىنىڭ كويلىسىدا ھەيۋەتلىك ئايلىنىپ ، ماغزاپ-
تەك كۆپۈك ھاسىل قىلغان سۇ قاشقا ھەربىر ئۇرۇلغاندا ، كىشد-
نى خۇددى يۇتۇپ كېتىدىغاندەك ئاۋاز چىقىراتتى ...
تۆرىخان ئاجايىپ ھەرىكەتلىنىۋاتقان سۇغا قاراۋېرىپ ،
بېشى قايدىمۇ ، چاپسان ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، يۈزىنى چاپىند-
نىڭ پېشى بىلەن ئېرتىپ ، ئاسمانغا ، ئاندىن كېيىن يورۇق
دالىغا قارىغىنىچە خىيالغا كەتتى...

تۆرىخان ئەسلىدە خېلى باش كۆتۈرگەن چوڭ سودىگەر ئىد-
دى . «خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش»
دېگەن گەپلەر تارالغاندا ، ئۇ خۇددى «موللا مۈشۈك» بولۇۋالدى .
قولىدىكى نۇرغۇن دەسمايىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھورىنى چىقار-
ماستىن جىمىقتۇرۇۋەتتى . قالغانلىرى بىلەن ئىشنىڭ ئالدىنى
ئېلىپ ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ئالتە-
يەتتە كىشىلىك بىر دۇكانغا ئورۇنلىشىۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئەمدى : «جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ ئىش تۇتۇش كېرەك» دېگەن
نەرسىنى نىشان قىلىپ ، تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى . بەزى
كىشىلەر ئارىسىدا ئۇ توغرۇلۇق : «جاھاننىڭ رەپتارىنى ئالغان»
دېگەن گەپ ـ سۆزلەرمۇ تارالماي قالمىدى . ئەمما تۆرىخان كىم
نېمە دېسە ، «راست» دەپ قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردى .

ئالدىنقى يىلى ئۇنىڭ تۇل ،قېرى بىر ھاممىسى ۋاپات بول-
دى . ھاممىسىنىڭ نەزىر ـ چىراغلىرىنى قىلىپ ، ئۆلۈمىنى
ئۈزاتتى . شۇنىڭ بىلەن تۆرىخاننىڭ ھاممىسىنىڭ كىچىك بىر
ئېغىز ئۆيى بىلەن تۆت مو شال يېرى مىراس قالدى . ئۆينى

ساتقان بولسىمۇ ، يەرنى ئانىسىنىڭ «بالام ، يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق ، ئازدۇر - كۆپتۇر ھەرىكەت قىلىپ تېرىپ قويسىلا ، بالىلارنىڭ رىزقى بولار ، ئاز - تولا گۇرۇچ چىقسىمۇ ، قىسىلـ- ماستىن كۆز ئالدىمىزدا قويۇپ ، توق - توق يەرمىز ··· » دېگەن سۆزى بىلەن بىر ئاز پۇل چىقىم قىلىپ ، مەمەتنىڭ ياردىمى بىلەن تېرىپ ، بۇلتۇر خۇددى مۇشۇ كۈنلەردە ئىككى يېرىم تاغارغا يېقىن گۇرۇچ ئالغانىدى .

ئۇزۇن يىل سودىگەرچىلىكتە يۈرگەن تۆرىخاننىڭ پايدىغا ئۆگەنگەن كۆڭلى ، پايدا دېسە ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان كۆزلىرى ، بۇلتۇرقى گۇرۇچتىن كىرگەن بىرمۇنچە ھايان بۇ يىلمۇ يەرنى كوپىراتسىيىگە بەرمەستىن ، تېرىشقا مەجبۇر قىلدى . كوپىراتـ- سىيىدىكىلەرمۇ : «مەيلى ، قولى يەتسە تېرىپ تۇرسۇن . كۆپ تېرىسا ، بىر يىل ، ئىككى يىل تېرار ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز قولى بىلەن كوپىراتىپقا تۇتار» دېدى - دە ، يەرنى بېرىشكە تۆرىخاننى قىستىمىدى . شۇنىڭ بىلەن تۆرىخان بۇ يىلمۇ يەرنى ئۆزى تېرىشقا بەل باغلىدى . ئەمما ئۇنىڭ بەختىگە قارشى مەمەت بۇلتۇرقىدەك قارىشىپ بېرەلمىدى . چۈنكى ، ئۇ بۇ يىل كوپىرا- تىپنىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزەلمەيتتى .

شۇنداق بولسىمۇ ، تۆرىخان يەرنىڭ ئىككى قېتىملىق چېپىد- قىنى كوپىراتىپقا كۆتۈرە بەردى ، قالغان ئىشلىرىنى بولسا بالد- سى ۋە بازاردىن ياللاپ چىققان مەدىكارلار بىلەن ئۇنداق - مۇنداق قىلىپ ، ئورۇقنى يەرگە چۆكۈرۈۋالدى . ئەمدى يەرنىڭ سۇيىنى ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر يېگىلاپ تۇرۇش كېرەك ئىدى ، ئەمما بۇنىڭغا تۆرىخان ئاجىزلىق قىلاتتى . ئۆزى بولسا سودا ئىشىدا ، ئىشقا يارىغۇدەك بالىسى ئابدۇسەمەتمۇ ھۇنەردە . شۇ مەسىلە بې- شىنى قاتۇرۇپ تۇرغان تۆرىخانغا بىر پەيشەنبە كۈنلۈكى شەھەردە مەمەت ئۇچراپ قالدى . مۇشۇنداق بىر پەيتنى كۈتكەن تۆرىخان ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي ، مەمەتنى ئۆيىگە باشلاپ ئېلىپ كىرىپ ،

ئالاھىدە «مېھمان» قىلدى ، ئىززەتلىدى . قايتار ۋاقتىدا قولتۇ-
قىغا سوۋغىمۇ قىستۇرۇپ قويدى ...
ئۆزىدەك بىر ئاددىي دېھقانىنىڭ تۆرىخاندەك ئادەمنىڭ ئالدىدا
شۇنچە ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشكەنلىكىنى ، تۆرىخاننىڭ كۆڭ-
لىگە ئۆزىنىڭ يېقىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان مەمەت ، قانداق
بولمىسۇن ، تۆرىخاننىڭ «مۇھىم ئىشلىرىنى» قىلىپ بېرىپ ،
«خىزمەت» كۆرسىتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى . شۇنىڭ
ئۈچۈنمۇ تۆرىخاننىڭ ئاغزىدىن چىققۇچە يەرنىڭ سۈيىنى يەڭگۈش-
لەش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى . شۇنىڭدىن كېيىن تۆرىخانمۇ
بەزى بىكار ۋاقىتلىرىدا يەرنىڭ بېشىغا چىقسا قۇرۇق چىقمايدى-
غان ، مەمەتنىڭ ئۇششاق بالىلىرىغا لايىق بىرنەرسىلەرنى ، خوتۇ-
نىغا بولسا پايپاق ، سوپۇن ، ئەينەك... لەرنى ، ھېچ بولمىغاندا ،
بىرەر - يېرىم جىڭ گۆش ئالغاچ چىقىدىغان بولدى . ئۆمرىگە
كېلىپ يات كىشىلەردىن بۇنچىلىك «دىلى سۇ ئىچمىگەن» مەمەت-
نىڭ كۆڭلىگە بۇ ھال تېخىمۇ تەسىر قىلدى . ئۇنىڭ قەلبىدە
تۆرىخاننى «بىرەر ئىش بىلەن رازى قىلىش» ئويى تېخىمۇ كۈ-
چەيدى . تۆرىخانمۇ ئۆز كۆڭلىدە : «ئېغىز يېسە يۈز ئۇيۇلىدۇ ،
دېگەن گەپ بار ، ئۆشرە - زاكات ئورنىدا ئۈچ - تۆت تال نەرسە
بىلەن بۇ سەھرالىقنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ قويسام ، بىرەر ئىشلاردا
ئەسقاتار ! كىشىنىڭ كىشىدە قالمايدۇ» دەپ ئويلايتتى .

3

ئىككى كۈنلۈك ئۇيقۇسىزلىقنىڭ ئېغىر ئازابى تۇرسۇن بە-
لەن توختاجىنى قانچە قىلسىمۇ ئۆز ھۆكمىگە ئاستا - ئاستا
كۆندۈرۈشكە باشلىدى . تۇرسۇن خېلى بۇرۇنلا چاپىنىنى غىربىچە
يېپىنىپ ، ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ ، توختاجى پىلدىرلاپ
قالغان ئوتنى كوچىلاپ ئولتۇرۇپ مۈگدەشكە باشلىدى . ئۇ

خۇددى قاتتىق شامالدا ئىرغاڭلىغان ياش كۆچەتتەك ، ھەر تەرەپكە ئېگىلەتتى ۋە يەنە چۆچۈپ قەددىنى رۇسلايتتى ··· ئاخىر بولمىدى . توختاجى قانچە غەيرەت قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇيقۇ لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئوچاق يېنىدا سۇنايلىنىپ ، قاتتىق - قاتتىق خورەك تارتىشقا باشلىدى .

— ھە ، بولدى ، چاپسانراق ! — دېدى مەمەت پەس ئاۋاز بىلەن سوقىنىڭ توپان قۇيىدىغان يېرىدىكى تام كەينىدىن بېشىنى چىقىرىپ .

تۆرىخان بوش تاغاردىن ئىككىنى قولىغا ئالدى - دە ، ئوچاق يېنىغا كېلىپ ، تۇرسۇن بىلەن توختاجىنىڭ ئۇچىسىغا ياپتى . كېيىن تۇگۈلۈپ ، تامغا چاپلىشىپ ياتقان ئابدۇسەمەتنى نوقۇشقا باشلىدى ، چۆچۈپ ئويغانغان ئابدۇسەمەت دادىسىنىڭ «قوپ !» دېگەن ئىشارىسىنى كۆرۈپ ، چاپسان ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى ، سول پۇتى يەرگە دەسسىيەلمىدى ، ئابدۇسەمەتكە پۇتى خۇددى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك سېزىلدى ، سوغۇقتىن پەيلىرى تارتىشىپ توڭلاپ كەتكەن پۇت تاياقتەك قېتىپ قالغانىدى . شۇنداق تۇرۇقلۇق ئابدۇسەمەت قاتتىق - قاتتىق دەسسەپ دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى .

— شەھەرگە ھازىر ماڭامدىمەن ؟ — سورىدى ئۇ ئاغزى قولاشماي ۋە بىر تەرەپتىن قورقۇنچ ئارىلاش .

— ياق ، شەھەرگە كىرمەيدىغان بولدۇق . گەپنى ئاز قىل ! ماۋۇ گۇرۇچنى مەمەتخان بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلىسەن . يولدا گەپلەشمەي شۈك ماڭ ، جۇمۇ ! بىر كىم تۇيۇپ قالمىسۇن ؟ !

مەمەت تاغار ۋە خالتىنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ چىراغنى ئۆچۈرگەندىن كېيىن ، خالتىنى ئابدۇسەمەتكە يۈدۈتىپ ، ئۆزى تاغارنى يۈدۈپ سوقىدىن ئۇن - تىنسىز چىقتى .

پۈتۈن يېزا جىمجىت ، ھەممە شېرىن ئۇيقۇدا . پەقەت مەمەت

بىلەن ئابدۇسەمەت ئەتراپتىن ئۆزىنى يوشۇرغاندەك چاپسان كېتىپ باراتتى. ئۇلار ئۆزىنى قانچە يوشۇرۇشقا تىرىشسىمۇ، لېكىن ئاپئاق دالىدا مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ قالاتتى.

— ھەي ... ! بۇگۈنكى تۈنىنىڭ بىزدە قەستى باردەك يورۇپ كەتكىنىنى قاراڭ! قولۇم يەتسىمۇ ئاينى بىر دەملىك تۇمىقىم بىلەن چۈمكەپ قوياتتىما!

تومۇرلىرىغا قان يۇگۇرۇپ، ئەمدىگىنە بەدەنلىرى ئىسسىشقا باشلىغان ئابدۇسەمەت ئۇيمان ـ دوڭغۇل يەرلەرنى بېسىپ، چوڭ قەدەم بىلەن كېتىپ بارغان مەمەتكە ئاران ـ ئاران يېتىشىپ ماڭاتتى. ئۇلار كىچىك ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى هارۋا يولىغا چىقىپ توختىدى. «قايسى يول بىلەن ئۆيگە يېتىش كېرەك؟ — ئويلىدى مەمەت، — ئۇدۇل يول بىلەنمۇ ياكى ئارا يول بىلەنمۇ؟»

ئالدىدا قۇچاق يېيىپ ياتقان يول بىلەن مەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىش خېلى يېقىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يول بىلەن مېڭىشنى ياقتۇرمىدى. چۈنكى، يول بويىدا ئىككى يەردە خامان بار. كىم بىلىدۇ، بەلكى خاماندىكى كىشىلەردىن قورقۇپ، ئېھتىيات قىلغاندۇ؟ شۇڭا مەمەت «بۇ يولدا مېڭىش خەتەرلىك» دەپ، يىراق بولسىمۇ ئارىچىلاپ مېڭىپ كەتتى. ئابدۇسەمەت كەشىنى سېلىپ قولىغا ئالدى ـ دە، ئۆستىدىكى يۇكنىڭ ئېغىر بېسىمىغا ۋە سوغۇقتا پۇتىنىڭ توڭلىغانلىقىغىمۇ قارىماستىن، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، كۆچىنىڭ بارىچە مېڭىپ مەمەتكە تەستە يېتىشىۋالدى.

— ئۇكام، — دېدى مەمەت ئابدۇسەمەت يانداشقاندىن كېيىن، — ئەگەر بىرەرسى «كىم؟» دەپ قالغۇدەك بولسا، «بېلىقچى ...» دېسىلە جۇمۇ !چانسانىراق ماڭسىلا، ئۆيگىمۇ ئاز قالدۇق.

بۇ ئىككىيلەن خېلى مۇشەققەت بىلەن، ھېچكىمگىمۇ تۇيدۇرماستىن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى. تاشقىرىقى ھويلا

ئىشىكنى چوڭ دەم بىلەن تاقاقلىق ئىدى . شۇڭا مەمەت ئىشىكنى قاقماستىن ، تام تۈۋىدىكى يالغۇز سىدە بىلەن ئۆگزىگە چىقتى- دە ، قوناق شاخلىرىنى ئېھتىيات بىلەن دەسسەپ ، شوتا بىلەن ھويلىغا چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچتى .

— خۇدايا شۇكرى ، — دېدى ئۇ بوسۇغىدىكى تاغارنى ئۆش- نىسىگە ئارتىۋېتىپ ، — ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويۇپ ھويلىغا كىرسىلە ، ئۇكام ، ئەمدى كۆڭلۈم تىنجىدى .

«خېلىچ··· » دېگەن بوغۇق تاۋۇشنى ئاڭلىغان مەمەتنىڭ خوتۇنى چۆچۈپ ئويغاندى - دە ، يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ قۇلاق سالدى ، ئاۋاز يەنە تەكرارلاندى . ئۆز ئېرىنىڭ ئۈنىنى تونۇغان خېلىچىخان ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ، چىراغنى يېقىپ ئىشىكنى ئاچتى .

— بول ، بول ، چىراغنى قولۇڭغا ئال ! — دېدى مەمەت ئۆزىنى ئۆيگە ئالغاندىن كېيىن .

— ۋاي نېمە بۇ ؟ ! — دەپ سورىدى خېلىچىخان ئېرىنىڭ ۋە ئابدۇسەمەتنىڭ ئاياغلىرىدىكى لاينى كۆرۈپ ھودۇققان ھالدا .

— ئىشىكنى قىل ، تاڭ ئاتقاندا ئۇقارسەن !

مەمەت تاغار بىلەن خالتىنى ئىچكىرىكى قازناققا قويغاندىن كېيىن ، ئىشىكنى زەنجىرلىدى . ئۇ كۆڭلىدە خوتۇنىغا «ئاغزى بوش» دەپ ئىشەنمەيتتى . شۇڭا خوتۇنىنىڭ كۆڭلىدە گۇمان تۇغۇلۇشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ، گەپنىڭ راستىدىن كۆرە ، يالغى- نىنى ئەۋزەلرەك كۆردى ، شۇڭلاشقىمۇ :

— ھوشىيارراق ياتقىن ، تەييار بولغان گۇرۇچنى سوقىدا قويۇشقا كۆڭلىمىز تىنماي ، ئۆيگە ئەكېلىپ قويۇپ تۇردۇق .

«خېلى بالدۇر تەييار بوپتۇ - دە ، — دېدى خېلىچىخان ئىچىدە ، — گۇرۇچنى جىڭلايمىز دەۋاتاتتى ، سەھەرلىككە يەنە سوقىغا ئېلىپ بارىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟ نېمە بولسا ، ئۆزى بىلەر !··· »

— ھە راستلا ، سەھەردە قوپۇپ ، ئوخشىتىپ بىر گۈرۈچ ئاش ئەتكىنە ، بۇگۈن كېچە ئىسسىقسىز قالدۇق . تۆرىخان ئاكامـ مۇ بىر ناشتا قىلىپ كىرىپ كېتەر !

مەمەت بىلەن ئابدۇسەمەت ئۆيدىن چىقىپ سوقىغا قاراپ ماڭغاندا ، باش توخۇ چىلىلىغانىدى . يەنە شۇ جىمجىت ئايدىڭ كېچە ، بۇ جىملىقنى يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇرغان سوقىـ نىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بۇزۇپ تۇراتتى .

كۈز سەھىرىنىڭ سوغۇق شامىلى بىر خىل ئۇچماقتا .

زەھەردەك سوغۇق سۇدا بامداتقا تاھارەت ئالغان تۆرىخان ئۆستەڭ لېۋىدىن تۇردى ـ دە ، سەھەرنىڭ نەم ئارىلاش ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ ـ قېنىپ سۈمۈرۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ھەر يانغا قىزىقىپ قاراۋاتقان كۆزلىرى يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخـ لەرگە قادالغىنىچە تىۋۈرۈپ قالدى : «ھـەي ... رەھمەتلىك ئاتام ، — دېدى ئۇ ئىچىدە ، بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن خۇددى مۇشۇ كۈنلەردە ۋاپات بولغان ئاتىسىنى قايغۇ بىلەن ئەسكە ئېـ لىپ ، — جەننەتنىڭ قايسى بەخت ھالاۋەتلىرىنى كۆرۈۋاتىدىغانـ سەن ! مەندەك بىر كاج تەلەي بالاڭنىمۇ يېنىڭغا تارتساڭ ، بەخت ـ ھالاۋەتلىرىڭگە شېرىك قىلساڭ بولماسمىدى ؟ ... ھەي خۇدا ، بەندەڭنى خار قىلمىغىن ...»

تۆرىخان ئېغىر بىر تىندى ـ دە ، نامازنى قازا قىلماسلىق ئۈچۈن سوقىغا كىرىپ كەتتى .

بامدات نامىزىدىن يانغان بەزى كىشىلەر ئادىتى بويىچە بىر ـ ئىككىلەپ سوقىغا كىرىشكە باشلىدى . ھېلىراقتا ئۇيقۇدىن كۆز ئاچقان تۇرسۇن بىلەن توختاجىمۇ توڭغان كىشىلەرنى كۈتۈۋېلىشـ قا تەييارلىغاندەك گۈلدۈرلىتىپ ئوت قالىۋاتقەنىدى .

— ھە ، مەمەتخان ، دېگىنىڭلىدەك سەھەردىلا تەييار قىپسىـ لەر . تاسقىساڭلىلا بولىدىكەن ـ دە ؟ — دېدى ياشانغانراق بىر

دېھقان ئالدىغا بىر تاغارنى خالاتتەك تارتىۋالغان مەمەتكە قاراپ .
— چاغلىق نەرسە ئەمەسمۇ ئەمەتكا .
تىزلىنىپ ئولتۇرغان مەمەت گۇرۇچنى تاسقاشقا باشلىدى .
— قىلغانغا تۇشلۇق بىر نەرسە چىقماپتۇ - ھە ! ؟ — سورىدى بىر دېھقان .
— قىلغان چىقىمنى بولسىمۇ كۆتۈرسىچۇ ! — دېدى مەمەت قولىدىكى غەلۋىرنى تىزىغا قويۇپ ، — بۇ بىچارە ئادەمنىڭ شۇنچە قىلغىنىغا يارىشا بىر نەرسە چىقمىدى ! مېنىڭمۇ ھازىر ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ .
— دېگەنلىرىدەك ، بۇ يىل بىر نەرسە چىقماي قويدى . ھېسابى مۇشۇ يەرگە بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭ كويغا يېقىن (بىر يۈز يىگىرمە يۈەنچە دېمەكچى ) چىقىم قىپتىمەن . مانا خاتىرىلەپمۇ قويغانتىم . سەككىز تاغار سۆڭەك ساپتىمەن . ئىككى يېرىم تاغار كۆنجۈرە ، ئىككى قېتىملىق چېپىق ھەققى ··· پارچە-پۇرات خىراجەتلەر بىلەن شۇنىڭغا بارىدۇ - دە !
— ھە ، ئاكا ! گۇرۇچ سىلىگە قاراڭغۇ بازار نەرقىدە چۇشۇپتۇ دېسىلە ؟ ! — دېدى مەمەت ئېچىنغان ھالدا .
— ئۇغۇ شۇنداق ، بىز چارىسىز - دە ، بۇمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى ، ئۇششاق باللىرىمىزنىڭ رىزقى . ھەرىكىتى كېتەر ، بەرىكىتى قالار .
— دېھقانچىلىق — بەزىدە چىلىق - چىلىق ، بەزىدە قۇرۇق پىلىك دېگەن شۇ - دە ! — دېدى ئارىدىن بىر دېھقان .
كوپىراتىپ كادىرلىرى بىلەن بىر - ئىككى يىگىت سوقىغا كىرىپ كەلگەندە ، مەمەتمۇ گۇرۇچنى تاسقاپ تەييار قىلغانىدى .
— بالدۇرلا تەييار قىپسىلە مەمەتخان ، — دېدى مۇدىر ، لېكىن كۆزى ئوتتۇرىدا دۆۋىلەنگەن گۇرۇچكە چۈشكەندە ، كۆڭلىگە بىر ئاز خۇدۇك چۈشتى ۋە سورىدى ، — گۇرۇچنىڭ ھەممىسى مۇشۇمۇ ، يا چاناقتا قالدىمۇ ؟ !

— قالغان بولسىمۇ يۇرۇق كاۋاكلىرىدا قالغاندۇ ، ئۇنى سۇرۇشتۇرۇپ نېمە قىلىمىز ، جان ـ جانىۋارلارنىڭ نېسىۋىسى بولار !

— سۇرۇشتۇرگىنىمىز ياخشى ، جانىۋارلارغا قالمىغىنى تېخى ياخشى ، بىزگە زىيانلىق نەرسىنى بورداپ نېمە قىلىمىز . ئۇنداق نەرسىلەرنى كۆرگەن يەردىلا ئۇجۇقتۇرمىقىمىز لازىم !···

كۆڭلى غەلىتە بولغان تۆرىخان :

— ئۇششۇك تېگىپ ، شال بىرئاز پۇچەكلىشىپ كېتىپتىكەن ···

مەمەت تۆرىخاننىڭ سۆزىنى تارتىۋالدى :

— شۇڭا گۇرۇچنىڭ ئورنىغا توپان جىق چىقىپ كەتتى ئەمەسمۇ ، مۇدىر ، مانا كۆرمەمدىلا ، لىپمۇلىپ ئىككى تاغار توپان چىقىپتۇ .

— ئاۋۋال جىڭلاپ تاغارغا بىر ئۇسۇپ باقىلى ، — دېدى ئارىدىن بىر دېھقان .

— قېنى ئەمىسە تارتىڭلار ! — دېدى مۇدىر مەمەتكە .

تارازىنى ئېلىپ تەييار تۇرغان مەمەت تارتىشقا باشلىدى :

— بىر ··· بىر ··· ئىككى ··· ئىككى ··· ئۈچ ··· ئۈچ···

— ئىششىكى كەم ئون چارەك گۇرۇچ ، ئىككى چارەك ئاق ئۇششاق .

— تۆت تاغار شالدىن چىققان ھوسۇل شۇ ، ھىم ··· ، — ھەيران بولدى بوغالتىر .

ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىدە بىر تۈرلۈك ھېسابات پەيدا بولدى : «ھەرقانچە بولسىمۇ تۆت تاغار شالدىن ئون سەككىز ـ يىگىرمە چارەك گۇرۇچ چىقمىغىنى نېمىسى؟ چارىكىدىن ئاز دېگەندە ئالتە ـ يەتتە جىڭ دان چۈشسىمۇ بىر نەرسە بولمامدۇ؟ ! ··· »

ئۆز ۋەزىپىسىنى دېگەندەك ئادا قىلالماي خىجىللىقتا قالغان توختاجىننىڭ ئېسىگە گۈيپىدە بىر نەرسە چۈشتى ـ دە ، ئەتراپقا

سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى .

— ھە ، مەمەت ئاكا ، ئۆشرىسىگە ئايرىپ خالتىغا پىشكە ئېلىپ قويدۇڭمۇ ـ يا ؟ ! ...

— قايسى خالتىغا ؟ ! — تىكىلىپ سورىدى مەمەت .

— ئاخشام بىز گېپىنى قىلغان ئۇن خالتىسىغىچۇ ؟ ئېشەك-كە بوغۇز ئېلىپ كەلگەن ئاق خالتىغا ؟ !

— ئۇ خالتىنى مەن ئاخشام ئۆيگە ئاپىرىپ قويـ-غان ، — ئىتتىك ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ سۆز مەمەتنىڭ ئۆزىنى بىر ئاز چۆچۈتۈۋەتتى .

— دۇرۇس ، — دېدى خېلىدىن بېرى سۆزگە ئارىلاشماي تۇرغان مەمەتكە قوشنا بىر دېھقان ، — ئاشۇ كېچىدە مەمەتخان خالتىنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويغىلى بېرىپتىكەن ـ دە !

— قانداق ! — سورىدى مۇدىر دېھقاننى سۆزلەشكە ئۈندەپ .

— كېچە بىزنىڭ بالىنىڭ ئانىسى ھويلىغا تەرەتكە چىقىپتى-كەن ، ئۇ كىرىپ : «ھوي ، بۇ كېچىدە مەمەتخاننىڭ ئۆيىگە كىم كەلگەندۇ ، ئىككى ئادەم ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى ، بىر-دەمدىن كېيىن بىرسى تام تۈۋىدىكى سېدە بىلەن ئۆگزىگە چى-قىپ ، ئاندىن ھويلىغا كىرىپ ئىشىكنى ئاچتى . بىر ئازدىن كې-يىن ئۇلار كۆسۈلدىشىپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى . تىڭشاپ تۇر-سام ، بىر كىمنىڭ ‹خېلىچ ... خېلىچ... › دېگەن ئۈنى ئاڭلاندى . ھە ، مەمەتخان ئوخشايدۇ دەپ يېنىپ كىردىم ، بۇ كېچىدە مەمەت-خان نېمىشقا ئۆگزە بىلەن يامىشىپ يۈرىدىغاندۇ ؟ » دېۋىدى ، مەن : «بۈگۈن مەمەتخان سوقىدا ، ئۆيىگە بىر ئىشقا كەلگەن بولغىيدى ، خېلىچخان ئىشىكنى ئاچمىغان بولسا ، ئۆگزە بىلەن چۈشكەندۇ» دېدىم . ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۈمگىمۇ : «بۇ كېچىدە ئىككىيلەن نېمىگە كەلگەن بولغىيدى ، نېمىشقا ئۆگزە بىلەن يامىشىپ يۈرىدىغاندۇ» دېگەن خىيال كەلدى ... شۇ ۋاقىتتا خالتىنى ئاپىرىپ قويغانىمىدىكىن دەيمىنا ؟ !

— مانا ، كېسەل ئۆزلۈكىدىن ئېغىز ئاچمىغان بولسا ، خالـ. تىنى يالغۇز كۆتۈرەلمەي ئىككىڭلار ئېلىپ بېرىپ قويۇپتىكەنسىد. لەر ـ دە ، مەمەتخان ، يا خالتىنىڭ ھەمراھىمۇ بارمۇ ؟

— ...

يۈزلىرى تاتىرىپ ، لەۋلىرى تىترەشكە باشلىغان تۆرىخانغا مۇدىرنىڭ كۆزى چۈشتى ۋە بىگىزدەك قادىلىپ مەنىلىك بىر قارىۋالدى ـ دە ، يېنىدا تۇرغان توختاجى بىلەن بوغالتىرنى سو. قىنىڭ قېشىغا شەرەتلىدى .

— سىلەر ، مەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سەزدۈرمەي بىر كۆزد. تىپ بېقىڭلار . ئەگەر ئويلىغىنىمىزدەك ، ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان بىر نەرسە بولسا ، كۆتۈرۈپلا كېلىڭلار ، خوتۇنى قارشىلىق قىلغۇ. دەك بولسا ، «جىڭلاپ كۆرمەكچى» دەپ ياخشى چۈشەندۈرۈش بېرىڭلار ، قانداق ؟

— ماقۇل ، ماقۇل ، — ئۇلار كېيىكتەك يېنىك قەدەم ئال. دى .

تاغار كۆتۈرگەن توختاجى بىلەن خالتا كۆتۈرگەن بوغالتىر سوقىغا كىرىپ كەلگەندە ، ھەممەيلەن بىر غەزەپ ، بىر ھەيرانلىق. تا جىم بولۇشتى .

— مانا يولداشلار ! ھەممىمىز گۇۋاھ ، ھىيلىگەرلىك ـ شۇملۇقنىڭ شەرمەندىسى چىقتى . كىمدە كىم بولمىسۇن ، مەمەت. خاندەك ئالا كۆڭۈللۈك قىلسا ، ئامىمىدىن ئايرىلىپ ، نەپرەتكە كۆمۈلۈپ قالىدۇ ! ھازىر خەلقنىڭ كۆزى ئۆتكۈر ، قولىقى دىڭ بولۇپ قالدى . قېنى مەمەتخان ، ئۆزۈڭلىمۇ بىر ئويلاپ بېقىڭلار ، ئەمدى قاچانغىچە كىشىگە يالىنىپ ، قاپقىنىغا چۈشۈپ ، دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايسىلە ؟

مەمەت تاغارنىڭ تۆپىسىدە يەرگە قاراپ ئولتۇرغىنىچە ئۇن. چىقمىدى .

— ھازىر ئىشىمىزنى قىلايلى . مەمەتخان بىلەنمۇ كېيىنچە

قانغۇدەك سۆزلىشىۋالارمىز . قېنى ئەمىسە ، ماۋۇ گورۇچنى تار-تىپ بېقىڭلار ! — دېدى مۇدىر يانچۇقىدىن خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ بىر نەرسە يېزىۋېتىپ .

توختاجى گورۇچنى تارتىشقا باشلىدى :

— بىر... بىر ... ئىككى ... ئىككى ... ئۈچ ... تۆت ... ئېغىر سەككىز چارەك ، — دېدى ئۇ مۇدىرنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىيالماي ، مۇدىرمۇ توختاجىنىڭ شۇ تاپتا نەقەدەر خىجىل بولۇ-ۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنى ئارتۇقچە ئىزا تارتقۇزۇشنى خالىمايتتى .

— ئىككى چارەك ئاق ئۇششاقنى بىر چارەك ئىششەك گو-رۇچكە سۇندۇرايلى ! — دېدى بوغالتىر چوت سوقۇپ .

— ئۇنداقتا قانچە بولىدىكەن ؟

— ئون سەككىز چارەك .

— خوش ، ئەمىسە مەشەدە بولغان ھەممە ۋەقەلەرنى سېلىپ ، قاتۇرۇپ بىر خەت يازسىلا .

خەتمۇ پۈتتى . يوغان بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە يېزىلغان خەتنى بوغالتىر ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى :

«... سوقىدىكى بىر كېچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار ئەنە يۇقىرىقىدەك . تۆرىخانىنىڭ تۆت مو شال يېرىدىن چىققان ئۈچ يۈز ئاتمىش جىڭ گورۇچنىڭ بىر يۈز يىگىرمە جىڭىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ ، قالغىنىنى سېتىۋالدۇق . ۋاقىپ بولۇش بىلەن ، تۆرىخانىنىڭ يۇقىرىقى قىلمىشىغا لايىق چارە كۆ-رۈشلىرى ئۈچۈن ھۆزۈرلىرىغا يوللىدۇق .

دەپ : «بەشيۈلتۈز» كوپىراتىپىنىڭ مۇدىرى : يۇنۇس زەيدىن .

سېكرېتار : ئابدۇللا... »

— جايىدا بوپتۇ ، — دېدى مۇدىر خەتنى تەستىقلاپ ۋە ئۆز تامغىسىنى باسقاندىن كېيىن ، خەتنى توختاجىغا ئۇزاتتى .

— ئىدارىسىگە ئەكىرىپ بەرسەم بولامدۇ؟
— ھەئە، خەتنى بەرگەچ يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئاغزىڭ بىلەن باشلىقلارنىڭ سەممىگە سېلىپ قوي.
— ماقۇل.
توختاجى تۆرىخاننى ئالدىغا سېلىپ ماڭغاندا، ئابدۇسەمەتمۇ ئىشەكنى يېتىلەپ ياندىش ماڭدى.
بۇلار يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ قىزغۇچ نۇرىدا، ئاستا ـ ئاستا ئېرىۋاتقان، كىچىككىنە ھارۋا يولىدىكى چېچىلىپ ياتقان پاخال قالدۇقلىرى بىلەن غازاڭ ـ غۇزاڭلاردىكى پارقىراپ تۇر-غان ئاپئاق قىروولارنى مىچىلدىتىپ دەسسىگىنىچە سوقىدىن ئۆزاپ كەتتى.

1958 ـ يىل فېۋرال، قەشقەر.

## يەكچەشمە

ئۇ شۇنچە غەلىۋە ئىچىدىمۇ مۈگدەشكە باشلىدى، قوڭۇر رەڭلىك پال - پال كۆزلىرىنى ئاستا يۇمۇپ، مىسقالى داكا سەللە يۆگىگەن بېشىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ، سەل - پەل دۈمچەيگەن بەدىنىنى ئۆز رايىغا قويۇۋەتتى. ئۇ قارىماققا ئۇخلىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن كۆڭلى ئويغاق، خىيالى بىر يەرلەردە كېزىپ يۈرەتتى ...

بۇ ئادەم قىرانلىق يېشىغا يەتكۈچە تۆت قېتىم لەقەمگە ئېرىشكەنىدى. شۇنىسى ياخشىكى، ھەربىر يېڭى لەقەم قويۇلغاندا، كونىسى ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى سېيىت بولۇپ، بىرىنچى لەقىمى ...

ئىشىكنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلىشى ئۇنى خىيالدىن سەگىتتى، ھەرە كۆنىكىدەك غوڭۇلدىغان ئاۋاز بىلەن تولغان ئۆي ئىچىمۇ بىردىنلا جىمىلىقتا چۆكتى. ئون ئۈچ ياشلىق بىر بالا ئىشىكنىڭ يېرىم ئېچىلغان يوچۇقىدىن قىستىلىپ كىرىپ، پەگاھدا ئۆرە تۇردى، لېكىن ھودۇققىنىدىن بولسا كېرەك، قوينىدىكى لاتا تاشلىق كىتاب «پاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا يەرگە چۈشتى، بالا ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. سېيىتقارى ياپما قاپاقلىرىنى لەپپىدە كۆتۈرۈپ، دەسلەپ بالىغا قاتتىق ئالايدى، كېيىن ئاۋازىنى سەل يۇمشىتىپ بۇيرۇق قىلدى:

— مۇرادجان، قۇرئاننى دەرھال قولۇڭغا ئېلىپ سۆي!

مۇراد يېنىك تىن ئالدى ۋە چاققانلىق بىلەن يەردىكى كىتابنى قولىغا ئېلىپ، دەسلەپ ئىككى قوللاپ كۆكسىگە باستى، كېيىن پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ، ئاندىن سۆيدى ۋە بۇ ھەرىكەتنى

ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى .

— بالىلىرىم ، قولاق سېلىپ ئاڭلاڭلار ! — دېدى سېيىتقا-رى ئۆز ئالدىدا يوكۇنۇپ ئولتۇرغان يىگىرمە نەچچە گۆدەك بالىغا قاراپ ، — ئاللاتائاللا بىز مۆمىن بەندىلىرىگە قۇرئان شېرىپنى نازىل قىلدى ، بۇ قۇرئان بىز ئۆلۈپ قاراڭغۇ گۆر ئىچىگە كىر-گەندە ، بېشىمىزدا چىراغ بولۇپ ياندۇ ، مۇنكىر - نەكىر سوراق قىلغاندا ، ئۇ بىز ئۈچۈن جاۋاب بېرىدۇ . بۇ قۇرئان بىزگە ئۇ دۇنيا ، بۇ دۇنيا ھەمراھ بولىدۇ . بالىلىرىم ، ئۇقتۇڭلارمۇ ؟

ھۇجرا ئىچى ساپ ۋە ياڭراق ئاۋاز بىلەن جاراڭلىدى :

— ئۇقتۇق ! …

سېيىتقارى ئۇيقۇسىرىغان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ، يەنە مۇرادقا قاراپ دېدى :

— بۇگۈنكى دەرسكە نېمە ۋەجىدىن كېچىكتىڭ ؟

— يولدا … يولدا كونا ساۋاقداشلىرىم توسۇۋېلىپ … ، — دېدى مۇراد دۇدۇقلاپ .

سېيىتقارى ئەزۋەيلەپ سورىدى :

— نېمىشقا توسۇۋالدى ؟ ئۇلارنىڭ بىر نەرسىسىنى ئېلىۋال-غانمىدىڭ - يە ؟

— ياق خەلپىتىم ، ياق … ، — مۇراد ئەمدى توغرىدىن - توغرىلا ئېيتتى ، — ئۇلار توسۇۋېلىپ «يېڭى مەكتەپكە ئەكېتى-مىز » دېدى ، يەنە : «خەلپىتىڭدىن سوراپ باق ، بىزنىڭ مەھەللى-دىن جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك ؟ » دەيدۇ … ئۇلار يەنە …

— بەس ! … ، — سېيىتقارىنىڭ تۇيۇقسىز ۋارقىرىشىدىن مۇراد دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى ، — بۇ ئۆزى كۇپۇرلۇق ، ئىمان-سىزلىق !

بالىلار ئۈركۈپ كەتكەن قوزىدەك ، كۆزلىرىنى چەكچەي-تىپ ، بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە تىمتاس بولۇپ قالدى ، مۇراد

تېخىمۇ ھودۇقتى ، ئۇ «ئايغىدا چىۋىن ئۆلمەيدىغان» نازۇك تەبىئەت خەلپىتىمىنىڭ مۇنداق ئاچچىقى بارلىقىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى ...

ئارىدىن سەل ئۆتكەندە ، سىپىتقارى ئۆزىنى بىر ئاز بېسىپ ، مۇرادقا بۇيرۇدى :

— ماڭ ، جايىڭغا بېرىپ ئولتۇر !

مۇراد ئۆز جايىغا باردى ۋە قۇرئاننى ئېچىپ ، قايسىبىر سۈرىنى ئەمدى ئوقۇشقا باشلىۋېدى ، سىپىتقارىنىڭ مەرغۇللۇق ئاۋازى يەنە ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى :

— بالىلىرىم ، ھەممە ئادەمنىڭ ئىككى مۇرىسىدە پەرىشتە بار ، ئۇلار بىزنىڭ ياخشى ـ يامان ئىشلىرىمىزنى دائىما خاتىرىـ لەپ ماڭىدۇ ، بىز بۇ دۇنياغا پەقەت خۇدانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنمىز . خۇدا بىزگە مېنىڭ كالامىمنى ئاڭلىسۇن دەپ قۇلاق بەرگەن ؛ ھەمىشە مېنى ياد قىلىپ تۇرسۇن دەپ دىل بەرگەن ؛ ماڭا ھەمدۇ سانا ئېيتسۇن دەپ تىل بەرگەن ؛ مەسچىتكە بارسۇن دەپ پۇت بەرگەن . بىز بۇ دۇنيادا خۇدانىڭ ئەمرىدىن چىقماي ، تائەت ـ ئىبادەتنى كۆپ قىلساق ، خۇدا بىزنى ئۇ دۇنياغا بارغاندا جەننەتكە سالىدۇ ... ، — سىپىتقارى ئۇلۇغـ كىچىك تىندى ۋە بىردىنلا مۇڭلۇق ئاھاڭدا سۆزىنى يەنە داۋاملاشـ تۇردى ، — بالىلىرىم ، بىز بۇ دۇنياغا مېھمان ، ھەممىمىز ئۇ دۇنياغا كېتىمىز ، ئاسمان ئۇتقا ، يەر چوغقا ئايلىنىپ ، دەريالار قۇرۇپ ، تاغلار توزۇغان ۋاقىتتا ئاخىر زامان بولىدۇ . دوزاختىن ھەر يوغان ، ھەر يوغان يىلان ـ چايانلار چىقىپ ، مەھشەرگاھقا قاراپ ماڭىدۇ ، ئۇلار ئاللادىن ئۆز نېسىۋىسىنى تەلەپ قىلىپ ، كۇپۇرلۇق قىلغان ، خۇدانىڭ بەرگىنىگە قانائەت قىلمىغانلارنى ، بىناماز ، ئىمانسىزلارنى دەم تارتىپ سۈمۈرىدۇ ، قۇياشمۇ يەرگە قىرىق گەز يېقىن كېلىپ ، ھاۋانى مىستەك ، يەرنى تۆمۈردەك قىزىتىپ ، ئادەمنىڭ بېشىنى ئۆرتەيدۇ ...

بالىلارنىڭ سېيىتقارىغا تىكىلگەن كۆزلىرى بارغانسېرى چەكچىيىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سۈر باستى، ئۇلارنىڭ مەسۇم قەلبى، سەبىي يۈرىكى ئالدىقانداق بىر ۋەھىمىنىڭ سىرلىق كۈ-چى بىلەن مۇجۇلدى. بەزىلىرىنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئەتراپىدا زەھەرلىك يىلان – چايانلار لۆمشۈپ، كۆشۈلداپ يۈر-گەندەك، بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. بەزىلىرىنىڭ بېشى قىزىپ، قۇياش تۆۋەن چۈشۈپ كۆيدۈرۈۋاتقاندەك، پۈتۈن بەدىنى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمدى ...

سېيىتقارى تېخىچە سۆزلىمەكتە، ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇل-غان، ئاغزى قۇرۇپ، ئىككى جاۋغىيى ماغزاپقا تولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بېھىشنىڭ راھىتى، دوزاخنىڭ ئازابى، ئۇ دۇنيا-نىڭ مەئىشىتى، بۇ دۇنيانىڭ كۈلپىتى توغرىسىدىكى ئاجايىپ سىرلىق ھەم قورقۇنچلۇق سۆزلىرى تۈگىمىگەندەك ئەمەس ئى-دى، ئۇ سۆزلىگەنسېرى بالىلارنى شۇنچە ۋەھىمە باساتتى، شۇر-كۇندۇرەتتى، ئاخىر ئون بىر ياشلىق بىر بالىنىڭ نېرۋىسى جىددىيلىشىپ، كۆزىگە غەلىتە بىر نەرسىلەر كۆرۈنگەندەك بول-دى-دە، ئىختىيارسىز «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. سېيىتقا-رىمۇ شۇ چاغدىلا ۋەز ئېيتىشتىن توختىدى...

مۇرادنىڭ دادىسى سايىم چوڭ بىر – ئىككى يىلدىن بېرى قوۋۇرغىسىغا ماي قونغان يەككە تىجارەتچىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ھەرخىل مىلىچماللارغا تولغان ئەپچىلگىنە چاقلىق بوتكىسى ھەر كۈنى شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىقاتتى. ھاجەتمەنلەر ئۇنىڭدىن خالىغان نەرسىلىرىنى قولمۇ قول ئالالايتتى. ئۇ يەنە شەھەر سودىسىدىن باشقا، يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيە بازارلىرىدىمۇ سودا-سېتىق قىلاتتى. ئۇ كۆڭلى تۈز، ئەقىدىلىك ئادەم بولغاچقا، ئىلىم – بېرىم ئىشلىرىدا ھالال، قائىدە – يوسۇنلاردا يوللۇق ئىدى ...

ئۇ بۈگۈن جۈمە نامىزىدىن كېيىن سېيىتقارى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئوغلىنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭ «تىلىنى قۇرئانغا، دىلىنى ئىمانغا كەلتۈرۈش» ئۈچۈن سېيىتقارىنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك ئەجىر قىلىشىنى ئۆتۈندى.

— باش ئۈستىگە، بۇ دېگەن پېقىرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ئەمەسمۇ! ...، — دېدى سېيىتقارى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، — ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىخلاسمەن يارەنلەگە قولىمىزدىن كەلگەننى ئايىمايمىز.

— ئۆزلىرىگە كۆپ رەھمەت! — سايىم چوڭ ناھايىتى مەمنۇن بولدى ۋە خۇشاللىقىدىن تۆش يانچۇقىنى كولاپ ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئالدى-دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئاڭلىسام، تۈنۈگۈن مۇرادجان ئېلىپ بارغان پەيشەنبىلىك ئۆزلىرىنىڭ لايىقىدا بولماپتۇ، ئانىسى ئاشۇنداق چوپچىلىرەك ئەۋەتىپتۇ، كۆڭۈللىرىگە ئالمىغايلا، — سايىم چوڭ قولىدىكى پۇلنى سېيىتقارىنىڭ كېلەڭسىز يانچۇقىغا ئاستىلا تىقىپ قويدى. سېيىتقارى ئاغزىدا «لازىمى يوق ئىدى» دېسىمۇ، كۆڭلىدە بۇنىڭ قانچىلىك پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى.

ئۇلار بىر پەس جىم مېڭىپ، يان تەرەپتىكى خالىي كوچىغا كىرگەندىن كېيىن يەنە سۆھبەتكە چۈشتى.

— چوڭام، ئىش - ئوقەتلىرى قانداقراق؟

— خۇداغا شۈكرى، قارىم، ئايىغىمىزدىن شامال ئۆتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، — ئۇ بىر ئاز توختىۋېلىپ، كېيىن ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزى بىلەن دېدى، — مەن ئەتە ناھىيە بازىرىغا چىقىشنى نىيەت قىلىۋىدىم، قوبۇل كۆرۈلسە، مۇرادجاننى ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت بىلەن ھەمراھلىققا بەرسىلىرى قانداق بولاركىن؟

— بولمامدىغان، ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى سېيىتقارى رازىلىق بىلدۈرۈپ، — ئوغۇل بالا ئاتا ئىزىدىن يۈرۈپ پىشىدۇ،

ئۆزلىرى قاچان ماڭماقچى ؟

— خۇدا خالىسا ، ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقسام ، يەكشەنبە بازارنى ئېلىپ ، دۈشەنبە كۈنلىرى قايتارمەن .

سايىم چوڭ ئۆيگە يېقىنلاشقان چاغدا ، باشقا بىر سوئالنى سوراپ قالدى :

— قارىم ، ئۈشرە ـ زاكاتنىڭ قانداق ساۋابى بار ؟

— ئۈشرە ـ زاكات بەرمىگەن ئادەمنىڭ تاپقان دۇنياسى هارام ! — دېدى سېيىتقارى ۋە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشەندۈ-رۈشكە باشلىدى ، — چوڭئام ، بىز بۇ دۇنياغا مۇساپىر ، بىزنىڭ مەنزىلىمىز ئۇ دۇنيا . خۇدا بىزگە خەير ـ ساخاۋەت قىلىشنى بۇيرۇغان . خەير ـ ساخاۋەت ، ئۈشرە ـ زاكات بەرگەن كىشى ئۇ دۇنيادا ئۇنىڭ ساۋابىنى كۆرىدۇ ، قىيامەت كۈنى پىلسىراتتىن ئۆتىدىغان چاغدا ، بەرگەن خەير ـ ساخاۋىتى ، ئۈشرە ـ زاكىتى ئۇنى يۆلەيدۇ ...

— ئۇنداقتا ، ئۈشرە ـ زاكاتنىڭ خۇنى قانچىلىك بولىدۇ ، قارىم ؟

— تىجارەت قىلىۋاتقان كىشى تاپقان پۇل ـ مېلىنىڭ قىرىق-تىن بىرىنى زاكات بېرىشى ؛ يەر تېرىغان كىشى ئالغان هوسۇلى-نىڭ ئوندىن بىرىنى ئۈشرە بېرىشى كېرەك .

— ئۇنداقتا ... ئۇنداق بولسا ... ، — سايىم چوڭ كۆڭلىدە بىر قۇر هېسابلاپ كۆردى ، — مەن يۈز يۈەندەك زاكات بەرسەم بولغۇدەك ... قارىم ، ساندۇقتىكى ئەن ماللارغىمۇ زاكات كېلەم-دۇ ؟

— كېلىدۇ چوڭئام ، ئۇنىڭغىمۇ ئۆز خۇنى بويىچە كېلىدۇ .

ئۇلار شۇ سۆزلەردىن كېيىن خوشلاشتى .

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ، مەھەللىنىڭ ئىككى بېشىدىن بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل خەۋەر تارقالدى :

بىرسى ، «سېپىتقارىم قاتتىق بىتاپ بولۇپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەر ئىدى . جامائەت بۇنى ئاڭلاپلا بۇگۈن ئەتىگەن سېپىتقارنىڭ بامداتقا ئەزان ئېيتمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدى . يەنە بىرسى ، «سايىم چوڭنىڭ ئۆيىگە ئوغرى تېگىپتۇ» دېگەن خەۋەر ئىدى . جامائەت بۇنىڭدىن خېلىلا چۆچۈشتى . بامدات نامىزىدىن كېيىن ، بەزىلەر يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن سېپىتقارنىڭ ئۆيىگە ، بەزىلەر كۆڭۈل ئېيتىش ئۈچۈن سايىم چوڭنىڭ ئۆيىگە ماڭدى .

سايىم چوڭنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئاممىۋى هاجەتخانىغا يانداش بولۇپ ، ئايۋان ئۆيىنىڭ تېمى هاجەتخانىنىڭ ئارقىسىدىكى هويلىغا پاسىل ئىدى ، ئوغرى يېرىم كېچىدە مانا شۇ خىلۋەت هويلىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ ، ئايۋاننىڭ تېمىنى تەشكەنىكەن .

— خۇدا ئۆزى ساقلىدى ، — دەپ كۆز يېشى قىلدى سايىم چوڭنىڭ ئايالى مەرەمخان ، — بولمىسا بۇ يالغۇز جېنىم ئامان قالامتى ؟ ! ...

يوقلاپ كەلگەنلەر ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېيتىشتى :

— شۇنداق ، هەر نېمە بولسا خۇدايىم ساقلاپتۇ ، نىيەتلىرىڭنىڭ دۇرۇسلۇقىدىن يامان قول تەگمەپتۇ !

— سايىم چوڭنىڭ تاپقان پۇلى هالال ئىكەن ! ...

دۈشەنبە كۈنى كەچتە سايىم چوڭمۇ ئوغلى بىلەن قايتىپ كەلدى ۋە بىر كۈندىلا يۈز بەرگەن ئىككى خىل كۆڭۈلسىز ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ، ئەتىسىلا پۇتۇن مەھەللىگە ئوغلاق سويۇپ نەزىر بەردى . ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئالاهىدە داستىخان قىلىپ ، مەرەمخان بىلەن بىللە سېپىتقارنى يوقلاپ باردى . بۇ كۈنلەردە سېپىتقارى كۆڭلى تارتقانلارنى قوبۇل قىلىپ ، مۇڭدىشىدىغان هالغا يەتكەنىدى . لېكىن ، كېسەل تېشىغا تەپكەنلىكتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ، ئىشقىلىپ يۈز-كۆزىگە خۇددى سۇ پۈركۈگەندەك «شاپاق يارىسى» چىقىپ كەتكەچكە ، يۈزىنى داكا

بىلەن يېپىپ ، سىرلىق قىياپەتتە ياتاتتى .
سايىم چوڭ دىلكەشلىك بىلەن ئۇنىڭدىن ھال سورىدى ، سېيىتقارىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى :
— ئاڭلىسام ، ئۆيلىرىگە ئوغرى تېگىپتۇ ، خۇداغا شۈكرى ، نىيەتلىرى توغرا ، سودىلىرى ھالال ئىكەن ، ئوغرىنىڭ نىجىس قولى مال - دۇنياغا تېگەلمەپتۇ ، خۇدانىڭ ئەمرىنى تۇتمىغان بۇنداق ناپاك ، ناجىنسلارغا خۇدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ ! ...
— خوش ، ئەلۋەتتە شۇنداق ...
— ئاللانىڭ ھۆكۈمىگە ئەمەل قىلماسلىق دېگەن چوڭ گۇناھ ...
سايىم چوڭ بىلەن مەرەمخان ئەنە شۇنداق قىسقا ، لېكىن ئەقىدىلىك سۆزلەر بىلەن ئۆز كۆڭلىنى يوپۇتۇپ ، سېيىتقارىنىڭ ئىچ كۆيەرلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى ، ئۇ-زاققا سوزۇلغان پاراڭ سېيىتقارىنى چارچىتىپ قويدىمۇ ئەتما-لىم ، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاستا -ئاستا پەسىيىپ ، كېيىن بىراقلا ئۈزۈلۈپ قالدى . شۇ ئەسنادا ، ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى : ئوچۇق دېرىزىدىن ئۇچۇپ كىرگەن يوغان بىر قاپاق ھەرە غوڭۇلدىغان پېتى ئۆينى بىر ئايلىنىپ كېلىپ ، ئاخىرىدا ئاپئاق داكا ئاستىدىن بىرنەرسىنىڭ ھىدىنى سەزگەندەك ، ئۇدۇل كېلىپ سېيىتقارىنىڭ يۈزىگە قوندى - دە ، قىلچە تەپ تارتماستىن ئېچىرقاپ كەتكەن زەھەرلىك نەشتىرىنى داكا ئۈستىدىن «ۋاژژىدە» سانجىدى . سېيىتقارىنىڭ پۈتۈن بەدى-نى غۇژژىدە سىرقىراپ كەتتى ، ئاچچىق يارا ئۈستىگە سانجىلغان زەھەرلىك نەشتەر ئۇنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەندى . ئۇ پۈتۈن غەزىپى بىلەن لەنىتى ھەرە قونغان يەرنى نىشانلاپ ، سول قولى بىلەن پاققىدە ئۇردى . لېكىن ، سېيىتقارىدىن ھەرە چاققان كەلدى - دە ، ئۇچقىنىچە يەنە شۇ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان

ئاۋازى بىلەن غوڭۇلداپ ئايلىنىشقا باشلىدى . دەرد ۋە ئاغرىق ئازابىغا چىدالمىغان سېيىتقارى ئۇنلۇك ۋايجانلىغىنىچە ، يۈزىدى-كى داكىنى مۇجۇپ يەرگە ئاتتى . باياتىن بۇ كېلىشمەسلىكلەرگە قاراپ تۇرغان سايىم چوڭنىڭ كۆزى بىردىنلا سېيىتقارىنىڭ شەل-ۋەرەپ كەتكەن يۈزىگە چۈشتى - دە ، كۆڭلىدىكى ھەيرانلىقنى تەستە بېسىپ ، سېيىتقارىغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپلا قالدى .

شۇ ئارىلىقتا سېيىتقارىنىڭ ئايالى ھېلىقى داكىنى چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە قايتا يېپىپ قويدى . بۇ ئىشلار شۇنداق تېز بولۇپ ئۆتتىكى ، بەھۇزۇر چاي ئىچىپ ئولتۇرغان سايىم چوڭمۇ يېنىدىكى ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا بولۇۋاتقان بۇنداق سىر-لىق ئۆزگىرىشلەرنى بىلىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدى . ئۇ پەقەت سېيىتقارىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەپتىگە قاراپ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى .

«ئاھ خۇدا ! ... بۇ كۈنلىرىڭدىن ئۆرگىلەي !— دەيتتى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، — سەن بەرگەن كېسەلنىڭ ياخشى - يامىنى يوق ، ھەممىسى بەندەڭنىڭ ساداقىتىنى ، ئىخلاسمەنلىكى-نى سىنايدىغان بىر سىناق ! »

سايىم چوڭ يەنە نۇرغۇن كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ ، ئۇنىڭ تېزرەك شىپا تېپىشىنى كۆز يېشى ئىچىدە تىلى-دى .

مەرەمخان ئىككى كۈندىن بېرى خۇددى خام ياغ ئىچىۋالغان-دەك خامۇش بولۇپ قالدى . قارىماققا ئۇ خامۇشتەك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرى دەريادەك تىنىمسىز ئىدى . ئۇ كېچىلىرى تۇرۇپ - تۇرۇپ جۆيلۈيتتى ، ئۆندەرەيتتى ۋە ئاللىنى-مىلەرنى دەپ ۋارقىراپ سايىم چوڭنىمۇ قورقۇتاتتى ، ئۆزىنىڭمۇ ئاغزى - بۇرنىغا ئۇچۇق چىقىپ كەتتى . خوتۇنىنىڭ كەيپىياتىدى-كى بۇنداق تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش سايىم چوڭنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى ، ئاخىر ئۇ ئىچى تىتىلداپ ، مەرەمخاندىن دوق ئارىلاش سورىدى :

— ساڭا زادى نېمە بولدى خوتۇن ؟ جىن چاپلاشقاندەك بولۇپ قالدىڭغۇ ؟

لېكىن مەرەمخاننىڭ ھوش ـ كاللىسى جايىدا ئىدى . ئۇ پەقەت بىرلا نەرسىنى ئويلاپ ، ئىچىگە سىغدۇرالماي ياكى بىرسىگە ئېيتىشقا پېتىنالماي ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئازابلاپ يۈرەتتى . سايىم چوڭنىڭ سوئالى ئۇنىڭغا باھانە بولدى :

— شۇنداق ، ماڭا راستتىنلا جىن چاپلىشىپ قالدى ، — دېدى ئۇ ، — بۇ باشقا جىن ئەمەس ، ئاشۇ سېيىتقارىنىڭ جىنى ...

— ھە ؟ ! — سايىم چوڭ دەسلەپ ئەجەبلىنىپ ، كېيىن قىزىقتى ، — سېيىتقارىنىڭ جىنى دېدىڭما ؟ ھە ، ھە ... ھېلىقى كۈنى ئۇنىڭ شاپاق يارىسى چىققان يۈزىگە قاراپ قورقۇپ كېتىپسەن ـ دە ! شۇنىڭدىنمۇ قورققۇلۇقمۇ ؟ دۇنيادا ئاجايىپ ئىللەتلەر بولىدۇ ، ئەگەر مەن ئاشۇنداق بولۇپ قالسام قانداق قىلاتتىڭ ؟

مەرەمخان تىت ـ تىت بولدى :

— دادىسى ، نېمىدەپ يۈرىدىغانلا ، سېيىتقارىنىڭ يۈزىدىكى شاپاق يارىسى ئەمەس ، ئوغرى يارىسى ...

— ئوغرى يارىسى دېگەن قانداق يارا ئۇ ؟ — سورىدى سايىم چوڭ كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ .

— قانداق بولاتتى ؟ — دېدى مەرەمخان كۆڭلىدىكىنى بىراقلا ئاشكارىلاپ ، — ئوغرىلىقنىڭ كاساپىتىدىن بولغان يارا ...

— نېمە ؟ ! — سايىم چوڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ، — ئېگىز ـ پەس گەپ قىلماي ئاغزىڭنى يۇم ! ...

تۇيۇقسىز تەگكەن شاپىلاق مەرەمخاننىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىتىۋەتتى ، ئۇ يىغلىغان پېتى دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ سۇپىدا ئولتۇرۇپ قالدى ...

سايىم چوڭ بىردەم چىچاڭشىدى ، ۋارقىرىدى ، ئالايدى ،

كېيىن ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ ، بەزى نەرسىلەرنى ئويلاپ قالدى ، دېمىسىمۇ ، ئۇ ئوغلىنى ئېلىپ چەت ناھىيىلەرگە بېرىشنى پەقەت سېپىتقارىغىلا ئېيتقان ، ئەجەبا ھېلىقى ئوغرىمۇ دەل ئۇنىڭ ئۆيدە يوق كۈنىنى پايلاپ كەپتۇ . توغرا ، ئوغرى ئۇنىڭ ئۆيىدىن نېمىنى كۆزلىدى ؟ مىڭ يۈەندەك نەق پۇل بىلەن ئاز-تولا ئەن مالىنىڭ بارلىقىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتىغۇ !؟ توختا ... ، ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى ، ئۇ تېخى جۈمە كۈنىلا سېپىتقارى بىلەن ئۆشرە ـ زاكات توغرىسىدا سۆزلەشمىگەنمىدى ؟ دۇرۇس ...

سايىم چوڭ ئەمدى ئايالى بىلەن بىر بەندىڭنىڭ ئىككى بېشىدا ئولتۇرۇپ سۆزلەشتى ، مەرەمخانمۇ كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتتى :

— مەنمۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچسا يامان بولىدۇ دەپ ئىچىمگە يۇتۇپ ، يەتكۈچە دەرد تارتتىم ، سىلى ئويلاپ باقسىلا ، شاپاق يارىسى نەدىمۇ شۇنداق بولىدۇ ؟ بىر چاغلاردا سىلىگىمۇ چىققانىغۇ ؟ ئۇنىڭ يۈزىدىكى شاپاق يارىسى ئەمەس ، سۇ كۆيۈكى ، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ ، ئىمانىم گۇۋاھ ، شۇ كۈنى مەن چاچقان قايناق سۇنىڭ كۆيۈكى ...

— قايناق سۇ ؟...

— ھە ، شۇنداق .

مەرەمخان ھېلىقى كۈنى يېرىم كېچىدە ، تامنى تېشىپ ، تۆشۈكتىن ئەمدىلا بېشىنى تىققان ئوغرىنىڭ يۈز-كۆزىگە ئۇن ئىككى باغلىق چايداندىكى قايناق سۇنى بىراقلا چېچىپ قاچۇرۇۋەتكەنىدى ...

سايىم چوڭ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ، تونۇش بىر تېۋىپنى باشلاپ ، سېپىتقارىنى يەنە يوقلاپ باردى .

— مۇرادجان مەكتەپنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتتى ، — دېدى ئۇ گەپنى ئەگىتىپ ، — ئۆزلىرىنى تېزرەك شىپالىق تېپىپ ،

بالىلار بىلەن ھەمنەپەس بولارمىكىن دېگەن نىيەتتە تېۋىپ ئېلىپ كەلدىم ...

سېيىتقارى تېۋىپنى كۆرۈۋپلا ئۇجۇقۇپ كەتتى ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھامان بىر خىل دەككە ـ دۈككە ، خۇدۇكسىرەش بولغاچقا ، گەپ ـ سۆزلىرى قانچە قىلسىمۇ چاك باسمايتتى ، قورقۇنچلۇق ئەپتىمۇ بىر خىل زەئىپلىك ھەم ئالللىقانداق قۇۋلۇق بىلەن خىلمۇ خىل ئۆزگىرىپ تۇراتتى ...

ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق تېۋىپ ئاۋۋال ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتى ، كېيىن يارىسىنى كۆرۈۋپلا سىرنى ئاشكارىلىۋەتتى :

— يۈز ـ كۆزلىرىنى كۆيدۈرۈۋاپلا ھە ، قارىم ...

— يوقسۇ ... بۇ ئۆزى ... ، — سېيىتقارىنىڭ ساق قالغان سول كۆزى ناھايىتىمۇ غەلىتە ، ھەم سۇس چاقناپ كەتتى ، — شاپاق يارىسى ... .

تېۋىپ ئۇنىڭ سۆزىنى نېرۋا ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىدىمۇ ئەتىمالىم ، پەرۋا قىلماي ، ئاستاغىنا غودۇڭشىپ ئورنىدىن تۇردى :

— يۈز ـ كۆزىنى قانداق قىلىپ كۆيدۈرۈۋالدىكىنە ؟ ! ...

مېھمانلار چىقىپ كېتىپ ئۆي تىمتاس بولۇپ قالدى ، لېكىن سېيىتقارىنىڭ كۆڭلى تېخىچە ئىزىغا چۈشمىدى ، سىرتتىن قارىغان كىشىگە ئۇ خۇددى كېپەنلەپ قويغان ئۆلۈكتەك ياتاتتى ، لېكىن ئاشۇ كېپەندەك كىچىككىنە بىر پارچە داكا ئاستىغا يوشۇرۇنغان سىڭا كۆز بىلەن زەخىمدار كاللىدا ھازىر ئۆتمۈشنىڭ ئاجايىپ كارتىنىلىرى بىلەن غەلىتە خاتىرىلىرى ھەرىكەتلىنىپ يۈرەتتى ...

سېيىتقارى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدا قولى ئەگرىلىك قىلىپ ، ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن «سېيىت ئوغرى» دەپ لەقەمنى ئالغان ۋە ئاخىر شۇ لەقەم بىلەن ئىككىنچى يىللىقتا چىققاندا مەكتەپتىنمۇ قوغلانغانىدى . بۇ ئۇنىڭ ئون يەتتە ياش ۋاقتى

بولۇپ، تۆنجى قېتىم لەقەملىك بولۇشى ئىدى ...
ئىككىنچى قېتىم ئۇ ئوتتۇز ياشلارغا قەدەم قويغاندا، بىكار تەلەپ ئۆلپەتلىرى تەرىپىدىن «سېپىت بايۋەچچە» دېگەن «پەخىر- لىك» لەقەمگە ئېرىشتى. بۇ چاغ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان تەئەللۇقاتلارنى سېتىپ، خۇدىنى بىلمەي يۈرگەن ۋاقىتلىرى ئى- دى. لېكىن «يېتىپ يېيىشكە تاغمۇ توشمايدۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ بۇنداق كەيپ - ساپالىق كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە، بىر پارچە نان بىلەن بىر چېكىم تاماكىغا زار بولۇپ، ئاخىر شەھەرنى تاشلاپ بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپلەرگە چىقىپ كەتتى ...
ئۈچىنچى قېتىم ئۇ سەككىز يىلدىن كېيىن، قانداق تۈيۇق- سىز يوقالغان بولسا يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي «سېپىت مەخسۇم» دېگەن لەقەمگە ئېرىشتى. بۇ چاغدا ئۇ ھەقمقەتەنمۇ بېشىغا سەللە ئوراپ، پۇتىغا مەسە كىيىپ، بىر- نەچچە تال ئاق ئارىلىغان ساقال - بۇرۇتنى بولۇشىغا قويۇۋەت- كەن، بېلىدىكى كۆك شايى بەلۋىغىنىڭ ئالدىغا مىسۋاك بىلەن ساقال تارغىقىنى ئېسىپ، خېلى تەقۋادار موسىپىتلەر قىياپىتىگە كىرىۋالغانىدى. ئۇ دەسلەپكى بىرنەچچە ئايغىچە شەھەرنىڭ كاتتا ئۆلىما ۋە يۇزلۇك داموللىلىرىنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ، قولىغا سۇ قۇيۇپ، ئۇلارنىڭ سادىق مۇخلىسى بولۇۋالدى ھەم شۇ جەريان- دا ئاز - تولا دىنىي ئەقىدىلەرنىمۇ ئۆگىنىۋالدى، كېيىن قايسى- بىر داموللىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مۇشۇ مەھەللىگە مەزىن بولدى ۋە تۆت ئايدىن كېيىن جامائەتنىڭ «ھە - ھۇ» دېيىشى بىلەن ئۆزى دېمەتلىك بىر تۇل خوتۇنغا ئۆيلىنىپ، مەھەللە مەسچىتى- نىڭ مانا شۇ ئايۋان - سارايلىق ۋەخپە ئۆيىنى ماكان قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، يېقىندىن بېرى، مۇشۇ ئۆيدە يىگىرمە نەچچە بالىنى خالىسانە ئوقۇتۇپ، بىر قىسىم تەقۋادار مۇسۇلمانلارنىڭ تېخىمۇ زىيادە ئەقىدىسىگە ئېرىشكەنىدى ...

سېيىتقارى تالا توزگە ئانچە چىقمايتتى ، كۆپ ۋاقتى مەس-چىت بىلەن ئۆيىدىلا ئۆتەتتى ، شۇنىڭ ئۇچۇنمىكىن ، كونا ئۇلپەت-لىرى ئۇنى ئىزدىمىدى ، ئىزدىگەنلىرىمۇ بۇ ئادەمدىكى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشكە قاراپ ، ئاغىنىدارچىلىق قىلىشقا پېتىنالمىدى ، چۇنكى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا «ئۇلۇغ مازايى ـ ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلىپ ، ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولغان زات» بو-لۇپ قالغانىدى . دېمىسىمۇ ، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ، يۇرۇش-تۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرگەن . بىرسى بىلەن سۆزلەش-كەندە ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، ئاۋازىنى ئەمرىمەرۇپقا كەلتۇ-رۇپ سۆزلەيتتى ، يول ماڭغاندا ، گەۋدىسىنى ياغاچتەك تۇتۇپ ، ئاۋايلاپ دەسسەپ ، كىمنى كۆرسە ئېگىلىپ سالام قىلىپ ، يۇم-شاق گەپلەر بىلەن ھال سورايتتى . شۇڭا ، مەھەللىدىكى قىزىقچى ياشلار ئۇنىڭغا «چوكان مەخسۇم» دېگەن لەقەمنى قويۇۋىدى ، بۇ لەقەم ئۇنىڭغا تېزلا سىڭىپ ، ئۆزىمۇ كۆنۈپ كەتتى . لېكىن مەسچىت قوۋمى يەنىلا ئۇنى ھۆرمەتلەپ «سېيىتقارىم» دەيتتى . تۆتىنچى قېتىم ، تۆتىنچى لەقىمى ...

ئايۋاندىن ئالدىراپ چىققان خوتۇنى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ ، چۆچۈتۈۋەتتى :

— نېمە ئىش ؟ يەنە بىرەرسى كەلدىمۇ ؟

— ياق ... قوشنىمىز داستىخان كىرگۈزۈپتىكەن ، ئازراق ئېغىز تەگسىلە ...

— ئىشىكنى تاقىدىڭمۇ ؟ يوغان دەم بىلەن تاقىۋەت !

— ئوبدان .

سېيىتقارى يۈزىدىكى داكىنى ئېلىپ ، ئاستا ئۆرە بولدى ...

سايىم چوڭ ئاخىر ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتتى ، مەرەم-خان ھەقىقەتەنمۇ ھەقلىق ئىدى . لېكىن سايىم چوڭنىڭ نەزىرى-دە ، بۇ ئىشنى يەنىلا مەڭگۇ سىر قىلىپ ساقلاش كېرەك ئىدى .

چۈنكى، بۇ يالغۇز سېيىتتقارى بىلەنلا كېتىدىغان ئىش بولماس-تىن، بەلكى پۈتۈن بىر ئېتىقادقا، مۇستەھكەم بىر ئەقىدىگە تاقىشىدىغان نازۇك ئىش ئىدى ...

لېكىن كىم بىلسۇن، بۇ «مەڭگۈلۈك سىر» مۇراد تەرىپىد-دىن ناھايىتى تېزلا ئاشكارىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن ئاڭلىۋالغان يوشۇرۇن گەپلەرنى ئۆزى دېمەتلىك چاققان خەۋەر-چىلەر ئارقىلىق دەسلەپ پۈتۈن مەھەللىگە، كېيىن يىراق - يېقىنغا تارقىتىۋەتتى ...

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، يىگىرمە نەچچە ئۆسمۈر سېيىتتقارد-نىڭ قاراڭغۇ ۋە زەي ھۇجرىسىدىكى غەلىتە ئەپسانىلەرنى ئاڭلاش-تىن قۇتۇلۇپ، مىڭلىغان ساۋاقداشلىرىنىڭ جۇشقۇن ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كەتتى ...

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، سېيىتتقارىنىڭ ئىسمىمۇ، جىسمى-مۇ كىشىلەر قەلبىدىن ئاستا - ئاستا ئۆچتى ۋە ئۇ تۆتىنچى قېتىم «يەكچەشمە» دېگەن لەقەمگە ئېرىشىپ، توغرا ئەقىدىلىك كىشى-لەرنىڭ نەزىرىدە، مەككىنىڭ يولىدىكى رودۇپاينىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالدى.

1983 - يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى

# خەير خوش ، توققۇز كۆنلۈك ماكان

«خورازلار سوقۇشتا بولسىمۇ چاققان ،
مىس تىرناق لاچىنغا قاچان جەڭ ئاچقان ؟
مۆشۈك شىر بولىدۇ چاشقان تۇتۇشتا ،
لېكىن ئۇ يولۋاسنىڭ ئالدىدا چاشقان ! »
(شەيخ سەئدى )

كىشىلىك ھاياتتا ئادەم قەلبىدىكى قانچىلىغان گۈزەل ئارزۇ- ئارمانلار ئەپسۇس بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ - ھە ؟ ! شۇنداق ، ئۆتۈپ كېتىدۇ ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ، يۈرەكتە قالىدىغىنى يەنىلا قايغۇ - ئەلەمنىڭ ئاچچىق خاتىرىسى بولىدۇ . مەن بۇنى كېيىنرەك ھېس قىلىپ قالدىم ...

خىزمەت ئورنۇم بەكمۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەردى . مەن تەشكىلنىڭ ئىشەنچىدىن خۇشال ئىدىم ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر بەزى بۇرادەرلىرىم مەندەك خۇشال بولۇپ كەتمىدى . ئۇلار مېنىڭ تەقدىرىمدىن ئەنسىرىگەندەك قىلىپ :

— سەن كىتاب ئىچىدىكى بىلىملەرگە پىششىق بولغىنىڭ بىلەن ، ئۇنىڭ سىرتىدىكى ھايات سىرلىرىدىن بىخەۋەر ئادەمسەن ! ئۇ يەر دېگەن بىر پارچە لوق گۆش ، ھەممىسىنىڭ كۆزى تىكىلگەن . مۇبادا ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ ئىشلىيەلسەڭمۇ ياخشى ، بولمىسا كۈنۈڭ تەس !... — دېيىشتى .

مەن دەسلەپ بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىدىم ، راستىنى ئېيتسام ، چۈشىنىشنىمۇ خالىمىدىم . چۈنكى ، يۆتكىلىش بۇيرۇقى چۈشۈپ بولغان ، ئەمدى ئۇنىڭغا پالان -

پۇستان دېگىلى بولمايتتى . ھەي ! ... بۇلارنىڭ «لوق گۆش» دېگىنى نېمىسىدۇر ؟ ! لوق گۆش دېگەن نەرسە ئەسلا بولمايدۇ ، كىشىلەر ئۇنى سۆڭەكتىن شىلىپ لوقلاشتۇرۇپ قويغان ، خالاس ! مەن ئۇنى سۆڭەكتىن ئاجراتمىسام بولمىدىغۇ ! شۇ چاغدا ، ھېچكىممۇ بۇ يەرگە «لوق گۆش» دەپ تۇمشۇق سوزالمايدۇ ! ...

شۇنداق قىلىپ ، ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئوڭ پۇتۇم بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ ، يېڭى ئورۇندا ئىشقا چۈشتۇم . كىم بىلسۇن ، بىرىنچى كۈنىلا مېنى پالاكەت باستى ...

تېخى ئەمدىلا بۆلۈم مەسئۇللىرىنى ئىشخانامغا يىغىپ ، ئۆز-ئارا تونۇشۇپ ، ئەھۋال ئۇقۇشۇۋاتاتتىم ، ئۇشتۇمتۇت تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى . مەن ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم . قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازى سۇرلۇك ھەم زەردىلىك ئىدى .

— سىز كىم ؟

— مەن ياسىن...

— ھە ، ياسىن جىڭلىمۇ سىز ؟

— شۇنداق ...

— بۈگۈن كېچە مېھمانخانىڭلاردا سادىر بولغان ۋەقەدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ ؟

— ياق ، مەن تېخى بۈگۈنلا ئىشقا چۈشتۇم ...

— قانداقلا بولمىسۇن خەۋەر تېپىشىڭىز كېرەك ، يولداش جىڭلى ! بۇ كىچىك ئىش ئەمەس ، ئۇقتىڭىزمۇ ! بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ! دەرھال تەكشۈرۈپ ، ماڭا دوكلات قىلىڭ ! ...

تۇرۇپكا تاراققىدە قويۇلدى . مەن بىرھازا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم . ماڭا تېلېفون بەرگەن كىشى بۇ يۇرتنىڭ كاتتىسى ، سۆزىگە پالان - پۇستان دېگىلى بولمايدۇ ، دەرھال ئىجرا قىلىش كېرەك . لېكىن قانداق ئىجرا قىلىمەن ! ؟ مېنىڭ بۇ داڭدار

مېھمانخانىغا جىگلى بولۇپ چىققىنىمغا تېخى بىر سائەت قىرىق مىنۇت بولغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاخشام سادىر بولغان «ۋەقە»دىن خەۋىرىم بولمىسا، باشلىقنىڭ بۇيرۇقىنى قانداق ئىجرا قىلىمەن؟! ...

بايا جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىم سەل بوشاشتى، تۇ-رۇپكىنى جايىغا قويدۇم. ئىشخانىدىكىلەرمۇ ماڭا قاراپ، ئاغزىنى ئېچىپلا ئولتۇرۇشاتتى. شۇ چاغدىلا ئېسىمگە كەلدىم. «مانا مۇشۇ بۆلۈم مەسئۇللىرى ھەممە ئىشنى بىلمەمدۇ؟ تېخى بۇلار-نىڭ ئىچىدە ئاخشام نۆۋەتچىلىك قىلغانلار بولۇشى مۇمكىنغۇ! شۇنىڭدىن سورىساملا ئىش پۈتمەمدىمۇ؟! ...»

— ئاراڭلاردا ئاخشام نۆۋەتچىلىك قىلغانلار بارمۇ؟

سوئالىم غەلىتە تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ھەممەيلەن تەڭلا چۆچۈگەندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپلا قېلىشتى. خېلى ھازاغىچە جىملىقتىن كېيىن، ئۇدۇلۇمدىكى كرېسلودا ئولتۇرغان ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى ئورۇق، چاسا يۈزلۈك كىشى ئىككى تەرەپكە قىمدىنىپ، ئوڭايسىزلانغاندەك قىياپەتتە پىچىرلىدى:

— مەن نۆۋەتچىلىك قىلغان، بىرەر ئىش بوپتۇمۇ؟!

بۇ كىشىنىڭ فامىلىسى لياڭ بولۇپ، مالىيە بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ئىكەن، ئۇنىڭ ھازىرقى كەيپىياتىدىن ناھايىتىمۇ ئېھ-تىياتچان، يۈرەكسىز ئادەملىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ-دىن كۆزۈمنى ئۈزمەي سۆزۈمنى داۋام قىلدىم:

— ئىش بولغاندىمۇ كىچىك ئىش ئەمەسكەن! ...

— نېمە بوپتۇ ... قانداق ئىش ئىكەن؟! ... — لاۋلياڭ تېخىمۇ ھودۇقۇپ سورىدى.

مەن بايىقى تېلېفوننىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەر-دىم.

— گەپ ئەنە شۇ، — دېدىم ئاخىرىدا، — نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تېخى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، لېكىن باشلىق دەرھال

تەكشۈرۈپ دوكلات قىلىشىمنى تاپىلىدى . سىز كېچىدە بىرەر ئىشنى سەزمىگەنمۇ ؟

لاۋلياڭ بېشىنى كەسكىن ئىرغىتتى :

— ياق ، ياق ! ھېچقانداق ئىش بولغىنى يوق ، بىرەر ئىش بولغان بولسا ، بۇ چاققىچە كىشىلەر بىلىپ بولامدۇ ؟ !

توغرا ، بۇ باشتا قاتتىقراق ناخشا ئېيتسا ، ئۇ باشقا ئاڭلىنىدىغان خىلۋەت ، كۆجۈم بۇ مېھمانخانىدا بىرەر ئىش بولغان بولسا ، مۇشۇ ئولتۇرغان بۆلۈم مەسئۇللىرىنىڭ نەزىرىدىن سىقىت بولارمۇ ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بايا باشلىق تېلېفوندا ناھايىتى زەردە بىلەن «ۋەقە» ، «چوڭ ئىش» دېدى . شۇنداق ئىكەن ، «ۋەقە» بىلەن «چوڭ ئىش» ھەرگىزمۇ شاۋقۇن - سۈرەنسىز ، تىمتاس بولمايدۇ . ئۇنىڭدا جەزمەن قىيا - چىيا ، گۈلدۈر - غالاپ بولىدۇ . لېكىن قېرىشقاندەك ، بۇنى ھېچكىم ئاڭلىمىغان ، ھېچكىم سەزمىگەن ، ئەكسىچە تۈنۈگۈنكى بىر كېچە ناھايىتىمۇ تىنچ ، خاتىرجەم ئۆتۈپ كەتكەن . ئۇنداق بولسا ، بۇ زادى نېمە ئىش ؟ باشلىقنىڭ سەزگۈسى خاتالاشتىمۇ ياكى بىرەر ئالاقىغا يالغان خەۋەر يەتكۈزدىمۇ ؟ ! ياق ، ئەگەر ئۇنداق ئىش بولسا ، باشلىق قاق سەھەردە ئۆزى تېلېفون بېرىپ ، ئۇنچىلىك چېچىلىماستى ! نېمە بولمىسۇن ، چوڭقۇرراق تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك ، بەلكىم ، شاۋقۇن - سۈرەنسىز بىرەر «سىياسىي ۋەقە» سادىر بولغاندۇ ! …

مەن ئاشۇنداق چىگىش خىياللار بىلەن بىر پەس ئويلاندىم ، كېيىن بۆلۈم مەسئۇللىرىغا جىددىي ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇردۇم :

— ھازىر ھەممىمىز قايتىپ ، ئۆز تەۋەيىمىزدە بىر قۇر تەكشۈرۈش قىلىپ باقايلى ، كېچىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ بېقىڭلار ، مەن ئىشخانىدا ساقلايمەن ، ئىككى سائەتكىچە تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلساڭلارمۇ بولىدۇ .

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋاتقاندا ، ياش ھەم شوخراق

بىرسى چاقچاق ئارىلاش كىنايە قىلدى :

— يولداشلار ، ئەھۋالدىن قارىغاندا ، تەكشۈرۈشىمىز چوڭقۇرراق بولمىغان ئوخشايدۇ ، مەن بىر نەرسىنى سورىۋالاي ، تۇنۇگۈن ئاخشام ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا سادىر بولغان ئىشلار بولسىمۇ تەكشۈرىمىزمۇ ؟ !

پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى ، لېكىن بۇ كۈلكە چىن كۆڭۈلدىن چىققان خۇشال كۈلكىگە قارىغاندا سالقىن ھەم مەسخىرىلىك ئىدى .

مەنمۇ يا كۈلۈشۈمنى ، يا ئاچچىقلىنىشىمنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم .

بىر سائەت جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى ، ئىشخانىغا ھېچكىم كىرمىدى ، تېلېفونمۇ جىرىڭلىمىدى ، بىر خىل روھىي ئېزىلەڭگۈلۈك مېنى تېخىمۇ بۇرۇقتۇرما قىلىۋەتتى . يەنە يېرىم سائەت ئۆتتى ، بىر چاغدا ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى ، مەن ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، ئىشىكنى ئاچتىم . بوسۇغىدا ھېلىقى مالىيە بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى لاۋلياڭ تۇراتتى . ئۇ ئاددىي ھەم قىسقىلا دوكلات قىلدى :

— بىزنىڭ تەۋەدە ھېچقانداق ئىش سادىر بولماپتۇ ، بىخەتەرلىك ئىشكاپى ساق ، ئۈستەل - ئورۇندۇق ، ھۆججەت ، تالونلارمۇ ئۆز ئورنىدا ، بۆلۈم تەۋەسىدە گەپ تەگكىشىپ ، قىزىرىشىپ قالغانلارمۇ يوق ئىكەن ...

لاۋلياڭ «يەنە گەپ بارمۇ ؟» دېگەندەك كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇراتتى . مەن يەنە نېمەدەيمەن ، ئۇ ، ھازىر ئۆز تەۋەسىدىن خاتىرجەم ، بولۇپمۇ مېھمانخانىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقىدا ھېچقانداق ئىش سادىر بولمىغان . دېمەك ، ئۇمۇ ، مەنمۇ خاتىرجەم بولۇشىمىز كېرەك !

— بولدى ، ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ ، — دېدىم ئۇنىڭغا .

ئۇ يەڭگىل لاتا خىيىنى شىپىرلىتىپ سۆرىگىنىچە چىقىپ

كەتتى ، قايتىپ كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشۇمغا تېلېفون جىرىڭلىدى ، تۇرۇپكىنى ئىتتىك ئالدىم ، ھېلىقى شوخ يىگىتنىڭ ئاۋازى ئىدى :

— يولداش جىڭلى ، ئاشخانا تەۋەسىنى تامام تەكشۈرۈپ ، ئېنىقلاپ بولدۇم ، ئالدى بىلەن گۈرۈچ ، ماي ساق ـ سالامەت ، ئۇننى جىڭلاپ كۆردۇق ، بىر سەرمۇ كەم ئەمەس . قازان ـ قومۇچ ، قاسقان ـ جىمبىل ، ئەنبەل ـ پەشخۇن ، پىچاق ـ چەيدۇ ھەممىسى ئۆز جايىدا ، لېكىن ... ، — ئۇ شىپپىدە سۆزدىن توختىۋالدى ، مەن ئۇنىڭ زۇۋانىدارلىقىدىن بىزار بولۇپ تۇرسامۇ ئاخىرقى گېپىگە قىزىقىپ قالدىم ، «ھە ـ ھە» دېگىنىمچە تۇرۇپكىنى قۇلىقىمغا تېخىمۇ يېقىن تۇتتۇم ، ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە جاراڭلىدى ، — لېكىن جىڭلى ، ئاخشام بىزنىڭ بىر ئاشپەز كەيپچىلىكتە تاۋىكاغا چۈشۈپ ، قىمار ئويناپ ساپتۇ ، بار ـ يوقى ئوتتۇز يۈەن پۇلى بار ئىكەن ، ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ ...

— ئاشپەز ھازىر نەدە ؟

— ئاشخانىدا ئىشلەۋاتىدۇ ...

مەن لاسسىدە بولۇپ تۇرۇپكىنى قويدۇم . باشلىق دېگەن «ۋەقە» ئەلۋەتتە ئۇ ئەمەس ئىدى . ئاشپەز كەچتە قىمار ئوينىغان بولسا ، يەنە ساق ـ سالامەت قايتىپ چىقىپتۇ . مۇبادا ، ئۇ قولغا چۈشۈپ ساقچى ئورۇنلىرى : «مۇشۇنداق بىر كاتتا مېھمانخانىنىڭ ئاشپىزى قىمار ئويناپ تۇتۇلدى» دەپ باشلىقلارغا دوكلات قىلغان بولسا ، بۇنىڭ يولى باشقا ئىدى ...

بارغانسېرى ئىچىم تىت ـ تىت بولۇپ يۈرىكىم سىقىلدى . توۋا ، باشلىق دېگەنمۇ غەلىتە بولىدىكەن ـ ھە ؟ ! مەندىن بىر ئېغىز گېپىنى ئاياپ نېمە قىلىدۇ ؟ ئۆزى بىلگەن ئىشنى ئوچۇقلا ئېيتماي ، سىرلىق تېپىشماقتا ئايلاندۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ ياكى بۇ مەن ئۈچۈن بىر ئىمتىھان سوئالىمۇ ؟ ! ...

خىيالىمنى تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى بۆلۈۋەتتى . يەنە شۇ

دوكلات ، ھېچ گەپ يوق ! بۆلۈم مەسئۇللىرىنىڭ ھەممىسى خۇد-دى كېلىشىۋالغاندەكلا «ساق - سالامەت ، خاتىرجەم ··· » دېيىش-تىن نېرى ئۆتمەيۋاتاتتى . بەلگىلەنگەن ۋاقىتمۇ توشۇپ قالاي دېدى ، يەنە بىر ئورۇن قالغانىدى ، ئەگەر ئۇنىڭ دوكلاتىمۇ يۇقى-رىقىغا ئوخشاش بولسا ، ئىش تۈگەيتتى ، ئۇ چاغدا مەنمۇ خاتىر-جەم ھالدا باشلىققا : «تۈنۈگۈن كېچە مېھمانخانىدا ھېچقانداق ۋەقە سادىر بولماپتۇ ، ھەممە ئىش ئۆز جايىدا ، ھەممە ئادەم خاتىرجەم ئىكەن !» دەپ دوكلات قىلاتتىم ، خالاس !

سائىتىمگە قارىسام ، ئىشتىن چۈشۈشكە چارەك سائەت قاپ-تۇ ، ئاخىرقى خەۋەرنى كۈتۈپ تېلېفوندىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇر-دۇم . سائەت ئون ئىككىگە بەش مىنۇت قالغاندا تېلېفون جىرىڭ-لىدى :

— ۋەي ، جىڭلىما ··· ، — تۈرۈپكىدىن بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى ، — مەمۇرىي بۆلۈم تەۋەسىنى تەكشۈردۇق ، چوڭ ئىش يوق . ئەمما ، تۈنۈگۈن كەچتە ئىككى ئايالنىڭ تېلېفوندا گەپ تەگىشىپ قالغان بىر ئىشى بار ئىكەن ···

بۇ مۇجمەل گەپكە ئىچىم پۇشۇپ ، سوغۇقلا سورىدىم :

— ئوچۇقراق ئېيتامسىز ، كىم بىلەن كىمنىڭ ؟

— ھە ، ماقۇل ، ئوچۇق ئېيتسام ، بىزنىڭ ھېلىقى تېلېفو-نىست ئايال جاڭ شياۋلى بىلەن ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن بىر ئايال مېھمان تېلېفوندا سوقۇشۇپ قاپتۇ .

بۇ خەۋەر مېنى بىرئاز قىزىقتۇرۇپ قالدى ، مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقىدىن ئاسماقچىلاپ سورىدىم :

— ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن ئايال مېھمان كىم ئىكەن ؟

تېلېفوندىن پۇشۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ، مەنمۇ مەقسەتلىك ھالدا كېكىردىكىمنى قىرىپ قويدۇم .

— بۇ مېھماننىڭ سالاھىيىتىنى سۈرۈشتۈرەلمىدۇق ، — دېدى ئۇ بىر ھازادىن كېيىن دۇدۇقلاپ ، — ئاڭلىشىمىزچە ،

ئىش قىلىپ ، بېشىدا تاجى بارلاردىن ئوخشايدۇ …
ھە ، بىلدىم . باشلىق دېگەن «ۋەقە»نىڭ نېمە ئىكەنلىكى كاللامدا سەل - پەل روشەنلەشكەندەك بولدى . «تاغدەك ئىشنىڭ- مۇ تېرىقتەك تۈگۈنى بولىدۇ» دېگەندەك ، باشلىقنى شۇنچە سارا- سىمىگە سالغان ئىشنىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ تۈگۈنى بولۇشى كېرەك ئىدى ، بۇ تۈگۈن جەزمەن ئاشۇ كەچتىكى «تېلېفون» بولۇشى مۇمكىن .
چۈشلۈك تاماقنى ئالدىراشلا يېدىم ، دەم ئېلىش ۋاقتى توشا - توشمايلا مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقىنى ئەگەشتۈرۈپ ، باش ئاپپارات ئۆيىگە باردىم . تېلېفونىست پوپايكا توقۇپ ئولتۇرغان- كەن ، بىزنى كۆرۈپ بېشىنى شۇنداقلا بىر كۆتۈردى - دە ، قىپقىزىل لەۋسۇرۇخ سۇرتۇۋالغان قېلىن كالپۇكلىرىنى غەلىتە مىدىرلىتىپ قويۇپ يەنە ئىشىنى قىلىۋەردى . مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقى ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى :
— جاڭ شياۋلى ، بۇ كىشى مېھمانخانىمىزغا يېڭى كەلگەن ياسىن جىڭلى بولىدۇ ، تونۇشۇپ قويۇڭ !
تېلېفونىست بېشىنى سىلكىپ كۆتۈرۈپ ماڭا يەنە بىر قېتىم قارىدى ، ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى . ئۇنىڭ كىرپىك قاقماي ماڭا قادالغان كۆزلىرىدىن بىر خىل يېقىمسىز سوغۇق نۇر «يالت» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى ، قورۇقلىرى تارتىشقان چىرا- يىدىن بولسا ئاللىقانداق مەنسىتمەسلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ قىرقىم چاچلىق ، ياداڭغۇ ، لېكىن ئانچىمۇ سەت كۆرۈنمەيدىغان ئوتتۇرا ياشلىق تەكەببۇر ئايال ئىدى . ئۇ ماڭا ئاشۇ يوسۇندا ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن :
— يېڭى باشلىق كەلگەن بولسا ، قارشى ئالىمەن ، لېكىن بىزدەك پۇقرالارغا بەرىبىر ، ئۇلار كېلىپ تۇرىدۇ ، كېتىپ تۇرى- دۇ … — دېدى قاش - قاپىقىنى سۈزۈپ ۋە مېنى سىنىماقچى بولغاندەك ، بېشىمدىن - ئايىغىمغىچە ئۇزاق قارىغاندىن كېيىن

پەس ئـاۋازدا قـوشۇپ قـويدى ، — بـۇ كـىشىنىڭ قـانچىلىك تۇراركىن !...

ئۇنىڭ گەپلىرى ، قىياپىتى تولىمۇ كۆرەڭ ئىدى ، مەنمۇ پىسەنت قىلمىدىم ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئازادە ئولتۇ-رۇپ ، ئاخشامقى ئىش توغرىسىدا توپتوغرىلا سورىدىم :

— ئاخشام تېلېفوندا كىم بىلەن گەپ تەگىشىپ قالدىڭىز ؟

— كىملىكىنى كىم بىلسۇن ئۇنىڭ ! — دېدى ئۇ تۇمشۇقى-نى ئۇچلاپ ۋە بىر دىنلا جاۋۇلداپ سۆزلەپ كەتتى ، — «تېخى مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن ؟ » دەيدا ، «كىم بولاتتىڭ ! ماڭا ئوخشاشلا يېتىم قوۋۇرغىدىن بولغان بىر ئايال » دېدىم ، «ناھايى-تى بولساڭ ، ئېرىڭ باشلىقتۇ ياكى بىرەر باشلىققا ئاسراندى كېلىن بولغانسەن ، بولساڭ ئۆزۈڭگە بولدۇڭ ، ماڭا نېمە ؟ ! سەندەك ئېرىنى قوقاق قىلىپ شەھەر سورايدىغان ئازازۇللارنى پۇتۇمغا پايتىما قىلغانمەن » دەپ پوسكايتىۋەتتىم ...

ياللا ! ئۇ ئايالنىڭ ئاغزى ئېغىز ئەمەس ، پىلىموتنىڭ ئوقى ئىكەن . ئۇنىڭ مۇشۇ ئەلپازىدىن قارىغاندا ، ئاخشام تېلېفوندا قارشى تەرەپنى بەكمۇ بوزەك قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . مەن ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن ، ئالدىرىماي سورىدىم :

— ئاراڭلاردا نېمە ئىش بولغان ؟

— ھـېچ ئـىش ... ، — دېـدى ئـۇ يـەنە شـۇ زۇۋانلىرى-قى بىلەن ، — ئۇ تازىمۇ جېدەلخور پاسكىنا ئىكەن ، سائەت ئون يېرىمدا ئۇرۇمچىگە تېلېفون ئالدى ، ۋاقىتنى ئۈچ مىنۇت ھېسابـ-لىدىم ، شۇنىڭغا چىدىماي «مەن پەقەت ئۈچ ئېغىزلا گەپ قىلـ-دىم ، سېنىڭ سائىتىڭ قاپاق ئوخشايدۇ » دەپ چىچاڭشىۋاتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ «مېنىڭ سائىتىم قاپاق بولسا ، سېنىڭ بې-شىڭ قاپاق ئوخشايدۇ ، قىسقا سۆزلەمسەن ، ئۇزاق سۆزلەمسەن مېنىڭ چاتىقىم يوق ، ئۈچ مىنۇتقا توشمىسىمۇ ئۈچ مىنۇت ھې-سابلايمەن ، بۇ مېنىڭ ھوقۇقۇم ، ئۈچ مىنۇتقا چىدىمىغان ئادەم

ئۆزۈن يوللۇق تېلېفون بېرىپ نېمە قىلاتتىڭ ، سەككىز پۈتلۈق خەت ياز ... » دېدىم . بولغان ئىش شۇ !

كاللام قوداڭشىپ كەتتى . بۇ ئىشنى ھەرقانچە كۆپتۈرۈپ پرىنسىپقا كۆتۈرسىمۇ ، باشلىقلارنىڭ ئاغزىغا چىققۇدەك بىرەر «ۋەقە» شەكىللەنمەيتتى ، روھىم چۈشكەن قىياپەتتە ئىشخانامغا كىردىم ، ئەمدى بىرەر پىيالە قايناق سۇ ئىچەي دەپ تۇرۇۋشۇمغا تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى . خۇشياقماي ، لەلەڭشىپ بېرىپ تۇ-رۇپكىنى ئالدىم . تېلېفون غەربىي بىنادىن كەلگەنىكەن ، بىر كۇتكۇچى قىز سۆزلەۋاتاتتى :

— جىڭلى ، سىزنى ئىككى باشلىق 104 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە ساقلاپ تۇرىدۇ ، «تېز كەلسۇن» دەيدۇ .

بۇ خەۋەردىن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ، غەربىي بىناغا پالاق-شىپ باردىم . 104 ـ نومۇرلۇق ئازادە ئۆينىڭ مېھمانخانىسىدا ئۈچ ئادەم ئولتۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئىككىسى ماڭا تونۇش باشلىق ، بىرسى ئوتتۇرا ياشلاردىكى ناتونۇش ئايال ئىدى . ئەنە ، ئاۋۇ سول تەرەپتىكى كرېسلودا ئىككى قولىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ، تۈزۈت بىلەن ئـولتۇرغان كـۆپـمە يـۈزلـۈك ، چىمەن دوپپى-لىق كىشى — ئەتىگەن ماڭا تېلېفون بەرگەن باشلىق ئىدى . بۇ ئادەمنى ھازىر خەقلەر ئۆز ئىسمىدىن كۆرە ، «تېلېۋىزور چولپى-نى» دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرەتتى . ئوڭ تەرەپتىكى كرېسلودا ئېگىلىپ ئولتۇرغىنى بولسا ، قارىمۇتۇق ، ياپما قاپاق ئادەم بو-لۇپ ، چېكىسىدىكى تېكە ساقىلىدەك بىر تۇتام شالاڭ چېچىنى يانتۇ تاراپ ، بېشىنىڭ چوققىسىدىكى ئاپپاقلىقنى يوشۇرۇۋالغان-دى ...

ئۇلار مېنىڭ كىرگىنىمگە دىققەت قىلىپمۇ كەتمىدى ، ئىك-كى باشلىق ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ھېلىقى ئايالدىن ئەپۇ سوراپ ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىۋاتاتتى :

— ليۇ خېنىم ، كەچۈرگەيسىز ، سەۋەنلىكنىڭ ھەممىسى

بىزدە ، سىزنى ياخشى كۈتۈۋالالمىدۇق …

— شۇنداق ، ياخشى كۈتۈۋالالمىدۇق … ئادەتتىكى بىر مۇلازىمەتچى سىزنى رەنجىتىپ قويۇپتۇ ، بۇ بىزنىڭ خىزمىتىمىزدىكى يېتەرسىزلىك ، سىزگە مىڭ مەرتىۋە ناماقۇل بولىمىز …

ئۇلار خۇددى «ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەس» دېگەندەك ، ھە دەپ باشلىرىنى ئېگىشەتتى ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ ، ھەرقانداق پەرمانغا تەييار قۇلدەك بىچارە قىياپەتتە تۇرۇشاتتى …

مەنمۇ بۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ ، «ۋەقە»نىڭ ھەقىقەتەنمۇ كىچىك ئەمەسلىكىگە ئىشەندىم . بۇ ئىككى باشلىق بۇنداق يەرلەرگە ئاسانلىقچە چىقىپ قالمايتتى . ئەگەر تونۇگۇن ئاخشام رايونىمىزنىڭ بىرەر زاۋۇت ـ كانلىرىدا تۇيۇقسىز ھادىسە يۈز بەرگەن بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ھە دېگەندىلا ئۇ يەرلەرگە بېرىپ ، ھال ـ ئەھۋال سورىشى ناتايىن ئىدى . كۆڭلۈمگە كەلگەن بۇ خىيال مېنى بىر قىسما قىلىپ قويدى ، تېنىم جۇغۇلداپ ، ئۆز ـ ئۆزۈمچە بىر نەرسىدىن يىرگەنگەندەك بولۇپ قالدىم . باشلىقنىڭ بىرسى ئەمدى مېنى ئېسىغا ئالغاندەك ، خەنزۇچىنى يامىداپ ، چىڭقىلىپ تۇرۇپ سۆزلىدى :

— ياسىن جىڭلى ، سىزمۇ ليۇ خېنىمدىن ئەپۇ سوراڭ ، ئاخشام سىلەرنىڭ تېلېفونىست بۇياقتا قاتتىق ئازار بېرىپ قويۇپتۇ ، ليۇ خېنىم كېچىدە ئۆيگە تېلېفون بېرىپ ، ماڭا كۆز يېشى قىلدى . شۇڭا ئەتىگەن سىزگە خەۋەر قىلغانىدىم . بۇ نېمىدېگەن بېشى چوڭلۇق ! تېلېفونىستتىڭلار زادى قانچىلىك نېمە ؟ ! تېخى تەپتارتماي : «سېنىڭ كىملىكىڭدىن مېنىڭ چاتىقىم نېمە» دەپتىدىيا ؟ ئۇ چوڭ ئاقساقالنىڭ كېلىنى تۇرسا ! …

باشلىق ھەددىدىن ئارتۇق كۈچىنىپ كەتكەچكە ، دېمى سىقىلىپ قالدى ، دەسلەپ كۈچلۈك باشلانغان سۆزمۇ ئاخىرىغا بېرىپ پەسىيىپ كەتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىگە ئۇلاپلا يەنە

بىر باشلىق ۋەزىيەتنى جانلاندۇردى. ئۇ خەنزۇ بولغاچقا، سۆزلىرى ئۇرغۇلۇق ھەم دانە - دانە ئىدى:

— شۇنداق، سىزمۇ لىيۇ خېنىمنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈڭ! بۇ سىلەرنىڭ خىزمەت پوزىتسىيەڭلەردىكى ناچارلىق! ھېلىقى تېلېفونىستقا ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭغا قاتتىق چارە كۆرۈش كېرەك! ئۇنداق بىشەم، ئازازۇللارنى بۇ يەردە داۋاملىق ئىشلىتىشكە بولمايدۇ! بۇ يەر دۆلەت ئەربابلىرىدىن تارتىپ، چەت ئەللىك مېھمانلارغىچە چۈشىدىغان مۇھىم جاي. سىز بۇ يەرگە يېڭى چىقتىڭىز، بۇ قېتىم تېلېفونىستقا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش — سىز ئۈچۈن بىر سىناق!

قۇلىقىم غۇڭۇلداپ كەتتى. بۇ گەپلەر تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ناقۇلاي ئەھۋالدا ئولتۇرغاندا، ھېلىقى ئايال ناھايىتى سىپاگەرلىك، لېكىن بىر خىل يوشۇرۇن تەھدىت بىلەن مۇنداق دېدى:

— بولدى، سىلەرمۇ خاتىرجەم بولۇڭلار! مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋاللارنى ئاقساقالغا دەپ يۈرمەيمەن! لېكىن تېلېفونىستنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ، ئۇ ماڭا شۇنداق قىلغان يەردە، ئاددىي پۇقرالارغا نېمە قىلماقچى؟! بۇ مۇلازىمەت ئورنى، پوزىتسىيە ئىللىق، مۇئامىلە سىلىق بولۇشى كېرەك، شۇنداققۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، شۇنداق! پوزىتسىيىسى يامانلارنى جەزمەن قاتتىق بىر تەرەپ قىلىمىز!...

ئەمدى مەنمۇ بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلمىسام بولمايدىغان يەرگە كېلىپ قالغانىدى.

— مەن بۇ يەرگە تېخى بۈگۈنلا ئىشقا چۈشتۈم، — دېدىم ئىككى باشلىققا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، — كۆپ ئىشلارنى بىلىپ كېتەلىگىنىم يوق. زىددىيەت، مەسىلە ھەممە يەردە بولىدۇ، پەقەت بەزى يەرلەردە كۆپرەك، ئېغىرراق بولۇشى مۇمكىن،

ئەمما مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىسلاھاتنىڭ بورىنى بارلىق غەلدە ـ غەشلەرنى تازىلاشقا قادىر. رەھبەرلىك قوللاپ، يار ـ يۆلەكتە بولسىلا، بۇ يەرنىڭ ئىشىنى ياخشى تۈزەپ، رايونىمىز-نىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدىن قىلىپ چىقىشقا ۋەدە بېرەلەيمەن!

ئىككى باشلىق تۇشمۇ تۇشتىن پوزىتسىيە بىلدۈردى:

— قورقماي ئىشلەۋېرىڭ، رەھبەرلىك سىزگە يار ـ يۆلەكتە بولىدۇ!...

— تەشكىل سىزنى قوللايدۇ، دادىل ئىسلاھات قىلىڭ!

بۇ سۆزلەر قۇلىقىمغا ياقتى، كۆڭلۈمدىكى بايىقى غەشلىكلەر كۆتۈرۈلۈپ، خېلى يەڭگىللەپ قالدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا يەنە بۆلۈم مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنىنى ئاچتىم. ئاۋۋال تېلېفونىست جاڭ شياۋلىنىڭ مەسىلىسىنى ئوت-تۇرىغا قويدۇم. ئارقىدىن ئىككى باشلىقنىڭ تۈنۈگۈنكى جىددىي يوليورۇقىنى يەتكۈزۈپ، مۇزاكىرىگە سالدىم. ھە دېگەندىلا پىر-كىرلەر يۈرۈشۈپ كەتمىدى. بەزىلەر تاڭلىيىنى چەكتى، بەزىلەر خۇرسىنىپ قويدى. خېلى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئەپقاچتى گەپلەر چىقىشقا باشلىدى:

— شۇنچىلىك ئىشقىمۇ چارە كۆرەمدىكەن؟!...

— كۆرمىسە بولماس، باشلىقلارنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قاپتۇ...

— ئۇۋال بولۇپ كېتەرمىكىن...

— ئۇۋال بولمايدۇ!

— توغرا، ئۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن!

— ئۇنداق ئادەملەرنى يەنە قانات ئاستىغا ئېلىشقا بول-مايدۇ!...

......

ئومۇمىي كەيپىياتتىن قارىغاندا، جاڭ شياۋلىنى

ياقلىغۇچىلار يوق دېيەرلىك ئىدى. بەزىلەر پەقەت ئېھتىيات يۈزى-
سىدىنلا ئانچە - مۇنچە ياپىلاق گەپلەرنى قىلىشىۋاتاتتى. مۇزاكى-
رە ئاخىرىغا بارغانسېرى قىزىپ كەتتى. جاڭ شياۋلى بىلەن
ئۆزۈندىن بېرى ئۆچ - ئاداۋىتى بار، ئۇنىڭ مىشچان، تەكەببۇر،
ئازازۇللۇقىدىن بىزار بولغانلار ئۇنى پۇخادىن چىققۇدەك سۆكۈش-
تى، ئەيىبلەشتى. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ ئاخشامدىن بېرى
ئويلاپ قويغان قارارىمنى ئوچۇق ئېلان قىلىشقا پۇتۇنلەي زېمىن
هازىرلاندى. مەن كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى يىغىنچاقلىغاچ ئۆز
قارارىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

— يولداشلار بىز هازىر ئىسلاهات دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز،
ئىسلاهات دېمەك، — ئۆزگەرتىش دېمەك. يولداش جاڭ شياۋلى-
نىڭ مەسىلىسى مېهمانخانىمىزدا مۇلازىمەتتىكى پوزىتسىيە ۋە
مۇئامىلىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىدەك مۇهىم بىر مەسىلىنى ئىس-
پاتلاپ بەردى. بۇنى تۈزىمەي تۇرۇپ، مېهمانخانىدا يېڭى كەيپى-
يات، يېڭى ئىستىل، يېڭى سۈپەتنى تىكلىگىلى بولمايدۇ. شۇ-
ڭا، يولداش جاڭ شياۋلىنىڭ مەسىلىسىنى جىددىي بىر تەرەپ
قىلىش ئارقىلىق باشقىلارغا ئىبرەت قىلىشىمىز كېرەك. مەن
يۇقىرى رەهبەرلىكنىڭ يوليورۇقى بويىچە، يولداش جاڭ شياۋلى-
نى بۇ يەردىن يۆتكىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. ئۇنىڭغا ئىككى
ئاي سۈرۈك بېرىمىز. شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۆزى مۇناسىۋەتلى-
شىپ، خىزمەت ئورنى تېپىۋالسا بولىدۇ، بۇ قارارنى بۈگۈن
ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ چوڭ يىغىنىدا ئوچۇق ئېلان قىلى-
مىز.

بۇنىڭغا هېچكىم قارشى ئاۋاز بەرمىدى، لېكىن هەممەيلەنمۇ
بىردەك قىزغىن بولۇپمۇ كەتمىدى. بەزىلەر: «ئاقىۋىتى قانداق
بولار» دەپ بېشىنى لىڭشىتسا، بەزىلەر «كۆرۈپ باقمايمىزمۇ»
دەپ، بىتەرەپلىك ئىپادىسىنى بىلدۈردى. يىغىن تارقىلىش ۋاقى-
تىدا، مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقى مەندىن بىر ئىشنى سورىدى:

— ياسىن جىڭلى ، باش ئاپپاراتنى توختىتىپ قويۇشقا بول-
مايتتى ، ئەمدى جاڭ شياۋلىنىڭ ئورنىغا كىمنى قويىمىز ؟ !
مەن تۈنۈگۈنلا بۇ ھەقتە كۆڭلۈمدە سان تەييارلاپ قويغان-
دىم .
— يېڭى بىنادا گۈلنار ئىسىملىك بىر قىز بار ئىكەن ، ئۈچ
تىللىق ئىكەن ، تېلېفونىستلىقتىنمۇ خەۋىرى بار ئوخشايدۇ ،
شۇنداقمۇ ؟
مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقى بىر نەرسىنى ئەسلىگەندەك ، كۆزلى-
رىنى يېرىم - يارتا يۇمۇپ دېدى :
— ھە ـ ە ، تـوغرا - تـوغرا ، شۇنداق بىر قىز باردەك
قىلاتتى ...
— ئەمىسە ، ھازىرچە شۇ قىز ئىشلەپ تۇرسۇن !
چۈشتىن كېيىنكى چوڭ يىغىن قىسقا ، لېكىن تەنتەنىلىك
ئېچىلدى . جاڭ شياۋلى ئۈستىدىكى كەسكىن قارار خۇددى تىپ-
تىنچ كۆلدە قاتمۇ قات دولقۇن پەيدا قىلغاندەك ، ئىشچى -
خىزمەتچىلەر ئارىسىدا چوڭ غۇلغۇلا ، جىددىي ۋەزىيەت شەكىل-
لەندۈردى . ھەممىشە كۆپ ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىدا بولۇپ ، قەلبى
مۇگدەپ قالغان ، قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ بىخەستەلىك قىلى-
دىغان ، سەپداشلىرى ئىچىدە بىشەملىك ، زۇۋانلىق قىلىپ ،
ياخشىلارغا كۆپ بەرمەيدىغان بەزى كىشىلەر چۆچۈگەندەك ، غەپ-
لەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك بولدى . بۇ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى
باشلىنىش ئىدى . لېكىن كىم بىلسۇن ، بۇ ئىشنىڭمۇ ئاخىرى
خەيرلىك بولماي قالدى . جاڭ شياۋلى ئارقىمۇ ئارقا ئەرز يې-
زىپ ، يۇقىرى - تۆۋەن قاترىدى ، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭمۇ ھامىسى
چىقىشقا باشلىدى . ئىشنىڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، جاڭ شياۋ-
لى ئۈستىدىكى قارار ئېلان قىلىنىپ بەش كۈندىن كېيىن ، ھېلى-
قى ئىككى باشلىق مېھمانخانىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى .
ئۇلار مېنى يەنە شۇ غەربىي بىنادىكى 104 - نومۇرلۇق ئۆيگە

چاقىرتتى . ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپلا ھەيران قالدىم . ئۇلارنىڭ بۇگۈنكى گەپ ـ سۆزى ، تەقى ـ تۇرقى ئۆتكەنكى بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى . ئاۋازى ناھايىتى دولقۇنلۇق ، چىرايى سۇر ـ لۇك ھەم سوغۇق ئىدى .

چىمەن دوپپىلىق باشلىق جىددىي ئەلپازدا سورىدى :

— تېلېفونىست جاڭ شياۋلىنىڭ مەسلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانىدىڭىز ؟ !

پۈتۈن جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم ، باشلىق ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئادەمدەك بىردىن چالۋاقىدى :

— شۇ ئىشقىمۇ بۇنچە ئېغىر چارە كۆرگەن بارمۇ ؟ !

مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدىم ، تىلىممۇ تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالدى . بىرھازادىن كېيىن ئاران ئېسىمنى يىغىپ :

— ھېچقانداق چارە كۆرۈلمىدى ، پەقەت بۇ يەردىن يۆتكە ـ لىشنى ئۇقتۇردۇق ... ، — دېيەلىدىم .

— شۇمۇ چارە ـ دە ! — دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن ، — بۇ يەردىن كېتىپ نەگە بارماقچى ؟ !

ياپما قاپاق باشلىقمۇ دەرھال ئۇنى قۇۋۋەتلىدى :

— توغرا ، زىددىيەتنى باشقا يەرگە ئىتتىرىپ قويۇش ياخشى ئەمەس ، ئۇنىڭغا ئىجابىي تەربىيە بەرسەڭلار بولاتتى ، ئادەم ئەمەسمۇ ، تۈزۈلۈپ كېتىدۇ ـ دە !...

بېشىمدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك شۈركۈنۈپ كەت ـ تىم . بۇ ئىككى باشلىقنىڭ بىر ھەپتە بۇرۇن مەن بىلەن مۇشۇ ئۆيدە سۆزلەشكەن باشلىق ئىكەنلىكىدىن شەككىلىنىپ قالدىم . ئەلەمدىن خىرەلەشكەن كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ ، ئۇلارغا قاي ـ تىدىن زەن سالدىم . ھېچقانداق خاتاسى يوق ، دەل شۇلارنىڭ ئۆزى ، پەقەت كىيىملىرىلا ئۆزگەرگەن : ئۇ چاغدا ئۇلار ناھايىتى ـ مۇ ئاددىي ـ ساددا ئىدى ، بۇگۈن بولسا ، ناھايىتىمۇ سالاپەتلىك

ئەجنەبىيلەرچە كۆرۈنەتتى .

— جاڭ شياۋلى سىزنىڭ ئۈستىگىزدىن ئەرز سۇندى ، — دېدى چىمەن دوپپىلىق باشلىق ئەمەلدارلارچە تەلەپپۇزدا ، — ئۇ سىزنى مىللەتچىلىك كەيپىياتى ئېغىر ، بىر خەنزۇنى بوشىتىپ ، ئورنىغا ئۇيغۇرنى قويدى ، دەۋاتىدۇ . سىز بۇنىڭغا قانداق قاراي-سىز ؟

يارەببىم ! يوغان بىر باشلىقنىڭ مۇشۇ گەپنى مەندىن سورا-ۋاتقىنىنى قاراڭ ! ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچتى . توۋا دەيمەن ، پارتىيە ئۇنىڭغا شۇنچە پۇرسەتلەرنى يارىتىپ نېمىدەپ تەربىيىل-دى ؟ ! ئىككى - ئۈچ يىلغىچە مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىدە ئۇ زادى نېمىنى ئوقۇغاندۇ ؟ جاڭ شياۋلىغۇ چىدىماسلىق قىلىپ شۇنداق دېسۇن ، بۇ باشلىقچۇ ؟ ! ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئىشنى چۈشىـ-نىپ ، تېگىگە يەتكۈچىلىكى يوقمۇ ؟ ! ئىسىت ! ئىسىت !...

ئويلىغانسېرى يۈرىكىم سىقىلىپ كەتتى ، ئالدىمدا قاڭقىيىپ ئولتۇرغان ئىككى باشلىق كۆڭۈل ئەينىكىمدە بارغانسېرى خىرە-لەشتى ، ئۆزۈمنى باسالماي ئاخىر پوسۇققىدە دەۋەتتىم :

— مۇنداق گەپلەرنى كالتەك ، قالپاق قىلىپ ئادەم قورقۇ-تۇش بۇرۇن بولغان ، لېكىن كىشىلەر هازىر بۇنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنىپ قالدى . مېنىڭچە ، خىزمەتتىكى نورمال تەڭ-شەشنى مىللىي كەيپىيات ، مىللەتچىلىك دېگىلى بولماس ! توغ-را ، مەن جاڭ شياۋلىنىڭ ئورنىغا گۈلنار ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر قىزنى قويدۇم . ئۇ جاڭ شياۋلىدىن مىڭ ياخشى ، خىزمەتتە قىزغىن ، ئاكتىپ ، مەسئۇلىيەتچان . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۈچ تىلـ-لىق ، خەنزۇچە بىلەن ئىنگلىزچىنى ياخشى بىلىدۇ ، بۇ مېهمانخا-نىمىزنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق . ئۆتكەندە جاڭ شياۋلى چەت ئەل تىلى بىلمىگەچكە ، چەت ئەللىك مېهمانلار بىلەن ئالاقىلىشىشتا بىرمۇنچە ئۇقۇشماسلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىـ-قارغان . مېنىڭچە ، خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ، مۇلازىمەت

سۆپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، قايسى مىللەت ، قايسى جىنس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ياخشى بولسىلا مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ ئىشلىتىشكە بولۇۋېرىدۇ .

— بولدى ، بولدى ، بەك سۆزلەپ كەتتىڭىز ، يولداش جىڭلى ، — دېدى چىمەن دوپپىلىق باشلىق مەسخىرە قىلغاندەك دىمىغىنى قېقىپ ، — ھەرقانچە چۈشەندۈرسىڭىزمۇ جاڭ شياۋلى ئۈستىدىكى چارە مۇۋاپىق بولماپتۇ ! ...

— نېمە ؟ ! — مەنمۇ ئاغزىمنى قويۇۋەتتىم ، — بۇ ئىشتا مەن ئۆز بېشىمچىلىق قىلغىنىم يوق ، سىلەرنىڭ يوليورۇقۇڭلارنى ئىجرا قىلدىم !

چىمەن دوپپىلىق باشلىقنىڭ كۆپمە يۈزى تېخىمۇ ئېسىلىپ ئۆڭدى ، ياپما قاپاق باشلىقمۇ كرېسلونى غىرسىلدىتىپ ، ئۇيان-بۇيان تولغاندى ، شالاڭ چاچلىرىنى چىمەلتىكى بىلەن قاشلىغاندەك تاراپ قويدى ، كېيىن قىلچىمۇ تەپتارتماستىن :

— توغرا ، ئۇ ۋاقىتتىكى گەپقۇ شۇنداق بولغان ، لېكىن ئەھۋال ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ - دە ! ئۇ چاغدىكى سورۇنمۇ ئوخشىمايدۇ ، ئۇ كۈنى شۇنداق دېيىش زۆرۈر ئىدى ... — دېدى .

مەن شۇ چاغدىلا ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە باشلىدىم . ئۇلار سورۇن تاللاپ سۆزلەشكە نېمىدېگەن ئۇستا - ھە ؟ ! ئۇ كۈنى ئۇ يەردە ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ بىر ئاقساقالنىڭ كېلىشى بار ئىدى ، بۈگۈنچۇ ؟ ! بۈگۈن بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى كىچىككىنە بىر جىڭلى ئولتۇرىدۇ . بۇنى ئۇلار خۇددى خېمىردەك خالىغانچە ئەيلەپ - چەيلىيەلەيدۇ - دە ! ...

بىردىنلا ئۆزۈمچە خورلۇق ھېس قىلدىم ، نېمىدۇر ئىنسانىي غۇرۇرۇمغا قاتتىق تەگكەندەك بولدى . ئاچچىقىمدا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ، قادىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىم . بىر چاغدا چىمەن دوپپىلىق باشلىق تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ بۇيرۇق قىلدى :

— قارارنى ئۆزگەرتىڭ ! جاڭ شياۋلى ئۆز جايىدا ئىشلەۋەرسۇن ! ...

— شۇنداق قىلىڭ ! — دېدى يەنە بىر باشلىقمۇ سالا قىلغاندەك ، — قارار دېگەننى ئادەم چىقىرىدۇ ، ئۆزگەرتسە بولۇۋېرىدۇ ...

غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى ، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم .

— قارارنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ ! — دېدىم چورتلا كې- سىپ ، — سىلەر تېخى بىر ھەپتە بۇرۇن مانا مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ : «تېلېفونىستقا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش سىز ئۇچۇن بىر سىناق !» دېگەنىدىڭلار ، مەن شۇ گەپ بويىچە مېھمانخانىدىكى ئىككى يۈز ئەللىك ئۈچ نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئالدىدا جاڭ شياۋلى ئۈستىدىكى قارارنى ئېلان قىلدىم . قارار مېھمانخا- نىدا كۈچلۈك دولقۇن پەيدا قىلدى ، كىشىلەر شۇنىڭغا قاراپ سەپكە تۇردى ، ھازىر بۇ قارارنى ئىجرا قىلىش - قىلماسلىق مەن ئۈچۈن ئىككى يۈز ئەللىك ئۈچ ئىشچى - خىزمەتچى ئالدىدىكى جىددىي سىناق بولۇۋاتىدۇ . ئەگەر قارارنى ئۆزگەرتىشكە مېنى مەجبۇرلىساڭلار ، ئۇ چاغدا مېھمانخانىدا مەن ئەمەس ، جاڭ شياۋ- لى تۇرسۇن ، ئىككىمىزنىڭ بىرى !

ئىككى باشلىق بىر - بىرىگە قاراشتى ، بىرىنىڭ يۈزى دەسلەپ قىزىرىپ ، كېيىن ئاقاردى ، يەنە بىرسىنىڭ چويۇندەك كۆكىرىپ كەتتى . ئەمدى ئۇلارغا ھېچقانداق گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى .

— بولدى ، سىز چىقىپ ئىشىڭىزنى قىلىڭ ! — دېدى چىمەن دوپپىلىق باشلىق قوپال ھەم سوغۇق ئاۋازدا ، — بۈگۈن مۇشۇنچىلىك سۆزلىشەيلى !

ئورنۇمدىن لىككىدە تۇرۇپ چىقىپ كەتتىم . كۆڭ قايرى- لىپ ، ھاۋا سەگىپ قالغانىدى . ئىشخانىغا كىرگۈم كەلمىدى ، يۈرىكىم سىقىلىپ ، شۇنچە كەڭ يەرمۇ تارلىق قىلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى . باغلارنى ئارىلاپ خىيالغا چۆمدۈم . يۈرىكىمدىن

ياڭراق بىر سادا كۆتۈرۈلۈپ ، ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالاتتى . قانچە ئويلىساممۇ بۇگۇنكى ئىشنىڭ ئىگىگە يېتەلمەيتتىم . يوغان ئىككى باشلىقنىڭ ئاددىي بىر تېلېفونىستقا بۇنچىلىك خەيرخاھـ لىق قىلىشۋاتقانلىقىنىڭ ، بىر ھەپتە بۇرۇنقى لەۋزىدىن دەرھال يېنىۋېلىپ ، ئۇنىڭ تەقدىرى ئۇستىدە بۇنچە باش قاتۇرۇۋاتقانلىـ قىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشەنگىلى بولمايتتى ...

دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇنچىلىك مۇرەككەپ ، شۇنچىلىك سىرلىقمىدۇ ؟ ! ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاشۇنداق غەلىـ تە ، ئۆمۈچۈك تورىدەك باش ـ ئايىغى يوق تىلسىماتمۇ ؟ ! ئۇنىڭ زادى تېگىگە يېتىپ ، پايانىنى تاپقىلى بولماسمۇ ؟ !

خىياللىرىم چىگىشلىشىپ ، بېشىم چىڭقىلىپ كەتتى ، نېرـ ۋىلىرىم تارتىشىپ كەتتى . ئېغىر ـ ئېغىر تىنىپ ، تاللىق ئاسـ تىدا كېتىۋاتتىم . ئارقامدىن شىپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالـ دى . قارىسام ، مالىيە بۆلۈمىنىڭ ھېلىقى ئېھتىياتچان مەسئۇلى لاۋلياڭ كېلىۋاتقانىكەن . ئۇ ئالدىمغا كېلىپ ، بىر ۋاراق قەغەزنى ماڭا سۇنغاچ دېدى :

— مالىيەنى ئېنىقلاپ كۆرۈشنى تاپشۇرغانىدىڭىز ، ئۈچ كۈندىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىدۇق . ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئاز ئەمەس ئىكەن ، لېكىن يىگىرمە بەش مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش يۈەنلىك مۇشۇ بىر ھۆججەت ھازىرغىچە كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ ، سىزمۇ كۆرۈپ بېقىڭ .

ھۆججەتنى قولۇمغا ئېلىپ قارىدىم . ئۇنىڭدا «مەركەزدىن كەلگەن xx باشلىقنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كەتكەن پۇل يىگىرمە بەش مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش يۈەن» دەپلا يېزىلغانىدى . ھۆججەتـ نىڭ چېكىسىدە مېھمانخانىنىڭ بۇرۇنقى باشلىقىنىڭ ئىمزاسى تۇراتتى . بۇ كىشى تېخى بىر ئاي بۇرۇنلا بىر دەرىجە ئۆسۈپ ، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىغا باشلىق بولۇپ كەتكەنىدى . مەن ھۆججەتتىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي سورىدىم :

— بۇنچە كۆپ پۇل نېمىگە ئىشلىتىلگەنىكەن؟
لاۋياڭ قىسقىلا جاۋاب بەردى:
— ئۆتكەندە مەركەزدىن كەلگەن باشلىقلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىگە ئىشلەتكەن ...
— ئۇلار قانچىلىك ئادەم ئىدى؟
— مەركەزدىن، ئاپتونوم رايوندىن بولۇپ يىگىرمە يەتتە نەپەر.
— قانچە كۈن تۇرغان؟
— بار - يوقى ئىككى كۈن ...
تەئەججۈپ ئىچىدە تېخىمۇ كوچىلاپ سورىدىم:
— سېتىۋېلىنغان نەرسىلەرنى دەپ بېقىڭە!
لاۋلياڭ بىردەم جىمىپ كەتتى، ئاندىن ئالدىرىماي، ئىددىت- لىق قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:
— ئېسىمدە قېلىشىچە، قايسىبىر ناھىيىدىن سېتىۋېلىنغان بادام تۆت تاغار، ئىككى كۈن ئىچىدە ئېلىنغان قوغۇن، تاۋۇز ئون تۆت توننا، قوي ئوتتۇز ئىككى، توخۇ، ئۆردەك، غاز دېگەنلەر يۈزلەپ - يۈزلەپ، قالغان نەرسىلەر ئانچە ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن، سىز بىر سانىنى ھېسابلاپ كۆرۈڭ: مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان نەرسىلەر بىلەن يىگىرمە ئۈس- تەللىك زىياپەت تەييارلاپ ئىككى يۈز ئادەم بىر كېچە ئوينىدى!
...
بۇ سان - سىپىرلارنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. بۇ يەردە «بۇغدايىنىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچكەن» دىنىمۇ چوڭ نەپسا- نىيەتچىلىك باردەك قىلاتتى. راست ئەمەسمۇ؟! ئىككى كۈن تۇرغان مېھمان ئۈچۈن شۇنچىلىك نازۇ نېمەتلەرنى سېتىۋېلىش- نىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەركەزدىن كەلگەن چوڭ باشلىق بىر جېنىغا شۇنچە نەرسىلەرنى يەپ كېتەلەيدىغان لەھەڭمۇ؟! ئەگەر ئۇ كاتى- پى ھەم مۇھاپىزەتچىسى بىلەن بىللە ئىككى كۈن مىدىرلىماي

ئولتۇرۇپ بادام چېقىپ يېسىمۇ ، ئۇلار سېتىۋالغان بادامنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمىنى يەپ بولالمايتتى ! ...

بۇ سان ـ سىپىرلار مېنى سەگەكلەشتۇرۇپ قويدى . خىيالىمغا بىردىنلا ئۆتكەن يىلى باھار بايرىمىدىن كېيىن ئىدارىمىزدا سۆز ـ چۆچەك بولۇپ يۈرگەن بىر ئىش كەلدى :

ئۆتكەن يىلى باھار بايرىمىنىڭ هارپا كۈنى كەچتە مېھمانخانىنىڭ سابىق جىڭلىسى شەھەردىكى كادىرلار قورۇسىغا كەپتۇ . ئۇ ئا بۇجاڭنىڭ ئۆيىنى ئىزدەيدىكەن ، بىرسىدىن سورىسا ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىرىنچى ئۆينى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ ، جىڭلى بۇ ئۆيگە توڭلىتىلغان ئون بەش توخۇ بىلەن يىگىرمە كىلو بېلىقىنى ئەكىرىپ : «چاغانلىق سوۋغىتىمىز» دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ نام ـ ئەھۋالىنى ئېيتىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ . بۇ چاغدا ئا بۇجاڭ ئۆيدە يوق ئىكەن ، خوتۇنى ناھايىتى تەڭقىسلىقتا «سوۋغات» لارنى ئەپقاپتۇ . كىم بىلسۇن ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئا بۇجاڭ جىڭلىغا تېلېفون ئۇرۇپ ، راسا دەككىسىنى بېرىپتۇ . شۇ چاغدىلا ئۇ ئىشنى خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپتۇ . ئەسلىدە شۇ بىنادا ئىككى ئا بۇجاڭ بار ئىكەن ، بىرسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى ، يەنە بىرسى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى ئىكەن . جىڭلىنىڭ «سوۋغات» ئېلىپ كىرمەكچى بولغىنى تەشكىلات بۆلۈمىدىكى ئا بۇجاڭ ئىكەن ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۇقۇشماي كۆرسىتىپ قويغىنى بويىچە ، تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى ئا بۇجاڭنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ سالغانىكەن ...

بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە بىر مەزگىل راسا كۈلكە بولغانىدى . بۇنى بىزنىڭ ئىشخانىدىكى قىزىقچى بىرسى خۇددى مەدداھلاردەك كېلىشتۇرۇپ ھېكايە قىلاتتى . مانا بۈگۈن شۇ ئىشلار سادىر بولغان مېھمانخانىدا ئۆزۈم تۇرۇۋېتىمەن . قولۇمدىكى ھۆججەت بىلەن شۇ ۋاقىتلاردىكى ئىشلارنى باغلىسام ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە ھەم سىرلىق بىر باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى غۇۋا ھېس قىلغاندەك

بولدۇم . بەلكىم بۇ بىرلا ئا بۇجاڭنىڭ ئۆيى بىلەن تۇگى-مىسە كېرەك ...

كۆڭلۈمگە بىر ئىش كەلدى ، مالىيە بۆلۈم باشلىقىدىن سو-رىدىم :

— سىز ماڭا مۇشۇ ھۆججەتنىكى ئەھۋالنى تەپسىلىيرەك ماتېريال قىلىپ يېزىپ بېرەلەمسىز ؟

— پايدىلىنىش قىممىتى بار دەپ قارىسىڭىز ، يېزىپ بې-رەي ، — دېدى ئۇمۇ قىزغىنلىق بىلەن ، — راستىنى ئېيتسام ، بەزى ئىشلار مېنىڭمۇ كاللامدىن ئۆتمەيدۇ ، جىڭلى . لېكىن ، ھوقۇق دېگەن بۇ نەرسىنىڭ پىلدەك كۈچى بار ئىكەن ، ئۆتمىسىمۇ ئۆتكۈزىدىكەن . سىز ئويلاپ بېقىڭە ، يۇقىرىدىن بىزنىڭ بۇ يەر-لەرنى نامرات دەپ ، ھەريىلى نۇرغۇن ياردەم پۇلى بېرىدۇ . لې-كىن ، بۇ پۇللار زادى نەگە كېتىۋاتىدۇ ؟ ئۆز جايىغا ئىشلىتىلىۋا-تامدۇ ، يوق ؟ ! مەن گۇمانلىنىمەن . بىرنەچچە مېھماننى كۈتۈۋې-لىش ئۈچۈن ، مانا مۇشۇنچىۋالا پۇل بۇزۇپ - چېچىلسا ، ئادەم-نىڭ ئىچى سىيرىلمامدۇ ؟ ! بۇ ئىشلارنىڭ زادى ئىگىسى بارمۇ ، يوق ؟ ...

لاۋلياڭنىڭ قاينىشى يوللۇق ئىدى ، يۈز مۇسكۇللىرى تارتى-شىپ ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئې-غىز بولسىمۇ كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ قويدۇم .

— ئىگىسى بار ، ئىگىسى يوق ئىش بولامدۇ ، لاۋلياڭ ، — دېدىم ئۇنىڭ يەلكىسىگە يېنىك قېقىپ تۇرۇپ ، — سىز يېزىپ بېرىڭ ، مەن ئۇنىڭ ئىگىسىنى تاپماقچىمەن !

ئۇ ماتېرىيالنى كېچىچە ئىشلەپ بەرمەكچى بولۇپ كەتتى .

ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى . مەن تاللىقتىن چىقىپ گۈللۈككە كەلدىم ، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ئەمدى ئىشخانىغا كىرەي دەپ تۇرۇشۇمغا دەرۋازىدىن ناتونۇش بىر پىكاپ كىرىپ كەلدى . مەن بىرەر ئىش بىلەن چىققان بىرسى بولسا كېرەك ،

دەپ ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇردۇم . لېكىن ، پىكاپ بۇ تەرەپكە قايرىلماي ، ئۇدۇل ئاشخانا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . دەسلەپ كۆڭۈلشىمىگەنىدىم ، كېيىن بىردىنلا كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى ، شەيتان ۋەسۋەسىسى بىلەن بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ئاشخانىغا باردىم ، ماشىنا بۇ يەردە كۆرۈنمىدى ، قايتىپ كېتىۋېتىپ ، ئامبار تەرەپكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . ماشىنا ئامبارنىڭ ئارقا تېمىغا چاپلىشىپ تۇراتتى . تېخىمۇ يېقىنراق كەلدىم ، ھەممە نەرسە ئوچۇق كۆرۈندى ، ئامبارنىڭ ئارقا تەرەپتىكى كىچىك دېرىزىسى ئېچىلىپ ، شۇ يەردىن ماشىنىغا ھە دەپ بىر نەرسىلەر قاچىلىنىۋاتاتتى . مەن تۇيدۇرماي ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدىم ، دېرىزىدىن ئېلىنىۋاتقان نەرسىلەر قولچىراغنىڭ نۇرىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ماشىنىنىڭ ئارقا ساندۇقى توڭلىتىلغان گۆش ، توخۇ ، بېلىق ، ياپون پىۋىسى ، پاكىستان تاماكىسى ، ئالىي دەرىجىلىك ئاق ھاراق ، مېۋە سۈيى ، گاز سۈيى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن توشاي دەپ قالغانىكەن . مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي تۇيۇقسىز چاقماق چاققاندەكلا ۋارقىرىدىم :

— بۇ نېمە ئىش ؟ ! ئامبارغا ئوت كەتمىگەندۇ ؟ ! ...

بۇ قوپال ئاۋازىمدىن ئۇلار چۆچۈپ ، جىممىدە بولۇپ قېلىشتى . ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى ، يەنە ۋارقىرىدىم :

— گەپ قىلمايسىلەرغۇ ؟ ! بۇ ماشىنا نەگە بارىدۇ ، كىمنىڭ ؟ !

ئامبار ئىچىدىن مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى :

— باشلىقنىڭ ئۆيىدە مېھمان بار ئىكەن ، شوپۇرنى چىقىرىپتۇ ، ئازراق بىر نەرسە قاچىلاپ بېرىۋاتىمىز ...

— قايسى باشلىقنىڭ ؟ ! — ئاسماقچىلاپ سورىدىم .

مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقى دۇدۇقلاپ قالدى :

— ھېلىقى ... ھېلىقى باشلىق ...

مەن دەرھال ماشىنىنىڭ نومۇرىغا كۆز تاشلىدىم . بۇ راست-تىنلا ھېلىقى چىمەن دوپپىلىق ، كۆپمە يۈز باشلىقنىڭ ماشىنىسى ئىدى .

— بولدى ، تىلىڭىزنى چاينىماڭ ! — دېدىم مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقىغا زەردە بىلەن ، — مۇشۇ قاچىلىغان نەرسىلىرىڭىز تېخى ئازراق نەرسىلەرمۇ ؟ ! ئېيتىپ بېقىڭە ، كۆپ بولغاندا قانچىلىك بولىدۇ ؟ !

ئۇ زۇۋان سۈرمىدى ، يەرگە قاراپ پۈشۈلداپ كەتتى ، شۇ ئارىلىقتا ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر ئىشچى راست گەپنى ئېيتتى :

— جىڭلى ، بۇ نەرسىلەرنى بۇرۇن ئوچۇق - ئاشكارا قاچىلا-ۋېرەتتۇق ، ئاز بولغاندا يېرىم ماشىنا كىرىپ كېتەتتى . بۈگۈن سىلىدىن ئېھتىيات قىلىپ ، يوشۇرۇن قىلغان يېرىمىز بۇ ! ...

غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم . بۇ يەرنى كىشىلەرنىڭ «بىر پارچە لوق گۆش» دېگەنلىرى راست ئىكەن . ھارامنى يەپ كۆز-گەنلەرنىڭ نەپسى يوغىناپ ، دوزاخنىڭ ئوتمۇ كار قىلمايدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ . بولمىسا ، مۇشۇ گۆشلەرنىڭ سۆڭەكلى-رى ، بېلىقنىڭ قىلتىرىقلىرى ئۇنىڭ گېلىغا پۈتلاشماسمۇ ؟ ! پىۋا ، ھاراقلار تىلىنى كۆيدۈرمەسمۇ ؟ ! ...

ھەي كادىرلار ، ئىنساپ قىلىڭلار ! بۇ نەرسىلەر جاڭگالدىكى ئىگە - چاقىسىز تاش - تۇپراق ئەمەس ، بۇ خەلقنىڭ قان - تەرى ! ئۇنى بۇنداق تالان - تاراج قىلىشقا بولمايدۇ ! سىلەر بىلمەمسىلەر ، ئاچ كۆز ئادەملەر ھەمىشە ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلى-دۇ ! قايسىبىر دانىشمەن : «مال - مۈلۈك بىلەن باي بولغاندىن كۆرە ، قانائەت بىلەن باي بولغان ياخشىراق ! » دەپتىكەن . بۇ سۆز سىلەرگىمۇ تەئەللۇق بولسۇن ، ئاز - تولا قانائەت قىلىڭلار ، ئىنساپ قىلىڭلار ، نەپسىڭلارنى يىغىڭلار !

مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقى بىلەن ئامبارچىغا قاتتىق كايىدىم :

— سىلەر ئەمدى ھوشۇڭلارنى تېپىۋېلىڭلار ! بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى بار ، ھېساب - كىتابى بار ! كونا يولدا ئەمدى مېڭىشقا بولمايدۇ . ئەگەر مەن مۇشۇ يەردىلا بولىدىكەنمەن ، ھەر قانداق ئادەمگە بىر چىشلەم «لوق گۆش» ئالدۇرمايمەن . بۇنىڭدىن كېيىن ئامباردىن مېنىڭ تەستىقىمسىز بىر تال پەيمۇ چىقىم قىلىنمايدۇ ! ماشىنىدىكى نازۇ نېمەتلەرنى ئۆز جايىغا چۈشۈرۈپ قويۇڭلار ، شوپۇر ھالال قەدەم بىلەن تىنچ - ئامان كىرىپ كەتسۇن !

شۇ كېچە تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدىم . باغرىمدا چىراغ كۆيگەندەك ۋۇجۇدۇم قىزىپ ، تولغاندىم . ئەتىسى ناھايىتىمۇ خامۇش تۇردۇم . شۇنداقتىمۇ يەنە ۋاقتىدا ئىشقا چىقتىم . ئىشخانىغا ئەمدى كىرىپ تۇرۇۋشۇمغا لاۋلياڭ تاپان باستى قىلىپ كىردى . ئۇ ئاۋۋال ئىشىكنى ھىم يېپىپ قويۇپ ، ئاندىن يېنىمغا كەلدى ۋە پەس ئاۋازدا :

— ئاخشام دېگەن ماتېرىيالنى ئىشلەپ كەلدىم ، كۆرۈپ بېقىڭ ، — دېدى .

ئىككى ۋاراق قەغەزگە تېزلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم . ماتېرىيال ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ ، ناھايىتى مېغىزلىق يېزىلغانىدى . ماتېرىيالغا ئاخشام دېيىشكەن ئىشلاردىن باشقا ، يەنە يېڭى بىر پاكىتمۇ قوشۇلغانىدى . ئۇنىڭدا ، يېرىم يىل ئىلگىرى مېھمانخانىغا ئون ئىككى دانە ئىمپورت قىلىنغان توڭلاتقۇ سېتىۋېلىنغانلىقى ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۇنىڭ ئۈچ دانىسىنىڭ باھاسى يەتمىش بەش پىرسەنت چۈشۈرۈلۈپ ئاللىكىملەرگە «سوۋغات» قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلگەنىدى . مەن ھەم ئەجەبلىنىپ ھەم غەزەپلىنىپ سورىدىم :

— لاۋلياڭ ، مۇشۇ ئىشلار راستمۇ ؟ !

لاۋلياڭنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاستا چىقاتتى :

— راست جىڭلى ، راست ئىش . ئۇلارنىڭ ھەممىسى روسىيىنىڭ ئىككى يۈز قىرىق لىتىرلىق توڭلاتقۇلىرى ئىدى . ئۇرۇمچىدىن ئۆزىمىز ئالاقىلىشىپ ئالدۇرغان . مېھمانخانىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئۈچ دانىسىنى جىڭلى ئۆز ئاغزى بىلەن : «يولدا كەلگۈچە بۇزۇلۇپتۇ» دەپ بىراك مال قاتارىغا چىقاردى ، ئارقىدىنلا باھاسىنى يەتمىش بەش پىرسەنت چۈشۈرۈپ بىر كېچىدىلا كۆزدىن غايىب قىلدى . كېيىن ئۇقساق ، بىراك مال قاتارىغا چىقىرىلغان ھېلىقى ئۈچ توڭلاتقۇ ئامباردا قېلىپ ، ساقلىرى مېڭىپ كېتىپتۇ ...

بۇ ئىشلارنى نېمىدەپ سۈپەتلەش كېرەك ! بۇ كۆپكۆندۈزدە قىلىنىۋاتقان بۇلاڭچىلىق ئەمەسمۇ ؟ ! ئىچىمنى بىر ئوت ئۆرتەۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كەتتىم . بەزىلەرنىڭ يۈرىكى نېمىدېگەن يوغىناپ ، قاراملىشىپ كەتكەن ـ ھە ؟ ! ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پارتىيە ئىنتىزامى ، قانۇن ـ تۈزۈم دېگەنلەر يوقمىدۇ ؟ ! ئۇلار نېمىنى خالىسام شۇنداق قىلىمەن ، دەپ ئويلامدىغاندۇ ؟ ! ياق ، ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق ! تەشكىلنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن ، خەلقنىڭ نەزىرى كەڭ ! ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئىستىھكاملىرىمۇ چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ ، بارلىق ھىيلە ـ مىكىر ، قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرى ئېچىلىدۇ . مانا ، لاۋلياڭنىڭ جۈرئىتى بۇنىڭ مىسالى ئەمەسمۇ ؟ ! لاۋلياڭدەك ۋىجدانلىق ، ئىنساپلىق ئادەملەر بىزدە ئازمۇ ؟ ! ...

مەن خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن ، لاۋلياڭ بىردەم تۇرۇپ بېقىپ ، ئاخىر مەندىن سورىدى :

— باشقا ئىش بارمۇ ؟ بولمىسا مەن چىقاي ...

ئۇ چىقىپ كېتىۋاتقاندا بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى :

— لاۋلياڭ ، توختىڭە ، — دېدىم دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، — تېلېفونىست جاڭ شياۋلى زادى قانداق ئايال ، تېگى-تەكتىنى بىلەمسىز ؟

لاۋلياك بىر پەس جىم تۇرۇۋېلىپ ، كېيىن قىسقىلا دېدى :
— تېخىچە ھېس قىلمىدىڭىزمۇ ؟ ئۇ ئۆزى ئادەتتىكى ئايال ،
لېكىن بۇرۇنقى جىڭلىنىڭ كېلىنى ! ...
— شۇنداقمۇ ؟ ! — ئۆندەرىگەندەكلا سورىدىم .
لاۋلياك بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .
كاللام بىردىنلا «ۋاڭگىدە» قىلغاندەك ئېچىلىپ قالدى . تۈنۈگۈن-
دىن بېرى مېنى قىينىغان چىگىش ، سىرلىق سوئاللارغا ئاز -
تولا جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم ...
توۋا ، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆمۈچۈك توردەك مۇنداق سىرلىق
ھەم ئەپچىل توقۇلۇپ كەتكىنىنى ! بىز كىچىككىنە بىر مۇشۇكنى
كۆتۈرۈۋېدۇق ، مۇشۇك ئۆزى بىلەن بىللە يوغان بىر پارچە كى-
گىزنى قاماللاپ قوپقانىكەن - دە !
مەن شۇ كۈنى ئىشىكنى تاقاپ ئولتۇرۇپ ، پارتكوم ئىشخانى-
سى نامىغا بىر دوكلات يازدىم ، ئۇنىڭدا ، بايا لاۋلياك تەمىنلىگەن
پاكىتلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ، مېھمانخانىنىڭ بىرنەچچە يىل-
لىق ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش ، قەيەرگىچە چېتىلسا ، شۇ يەرگىچە
ئېنىقلاش ، ئاندىن ئادەملەرنى تەرتىپكە سېلىش ، سىياسىي تۈ-
زۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى قويۇپ ، بۇ ئىشتا
رەھبەرلىكنىڭ قوللاپ ، يار - يۆلەكتە بولۇشىنى سورىدىم .
دوكلات شۇ كۈنىلا ماڭغۇزۇلدى . ئارىدىن ئىككى كۈن تىم-
تاس ئۆتۈپ كەتتى . ئۈچىنچى كۈنى كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەر-
دى . سائەت ئونلار بىلەن ئىشخانامدا بۆلۈم مەسئۇللىرىنىڭ يىغى-
نىنى ئېچىۋاتاتتىم ، تۇيۇقسىز تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بىر باشلىقى
كىرىپ كەلدى ، ئۇنىڭ قىياپىتىدىنلا مەن بىر شۇملۇقنى سەز-
گەندەك بولدۇم .
— ياخشى ، ھەممىڭلار مۇشۇ يەردە ئىكەنسىلەر ، — دېدى
ئۇ مېنىڭ ئۇدۇلۇمدىكى كرېسلوغا لۆممىدە چۆكۈپ ، —
رەھبەرلىكنىڭ يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇشى بار ، مەن سىلەرگە

يەتكۈزىمەن ، سىلەر ئامىمغا يەتكۈزۈپ قويساڭلار بولىدۇ ، — ئۇ
خۇرۇم سومكىسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ كۆپچىلىككە
نامايىش قىلماقچىدەك ئېگىز كۆتۈردى ، قەغەزنىڭ ئورغاق بولقى-
لىق قىزىل تامغا بېسىلغان يېرى ھەممەيلەنگەن ئوچۇق كۆرۈن-
دى ، ئاندىن ئۇ گېلىنى قىرىپ قويۇپ ، سالاپەت بىلەن سۆزىنى
داۋام قىلدى ، — مەن كۆپچىلىككە بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزى-
مەن ، يولداش ياسىن جىڭلى رەھبەرلىكنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپتۇ ،
ئۇلار مۇنداق بىر ساپ گۆھەرنى تېخىمۇ نۇر چاقناتقۇزۇش ئۇ-
چۈن ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆستۈردى . ياسىن جىڭلى بۈگۈندىن
باشلاپ ، ۋىلايەتلىك يەر نامىلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولىدۇ ،
مانا بۇ پارتكومنىڭ قارارى ! — ئۇ قولىدىكى ھېلىقى قەغەزنىڭ
ئالدى - ئارقىسىنى ئۆرۈپ پۇلاڭلاتتى ، ئاندىن كۆپچىلىككە بىر
قۇر قاراپ قويۇپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى ، — ئەمدى ياسىن
جىڭلىنىڭ ئورنىغا مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقى نامەت كېرىم مۇۋەق-
قەت جىڭلى بولىدۇ . مەن رەھبەرلىك نامىدىن بۇ ئىككى ئىقتى-
دارلىق ، ياش كادىرنى تەبرىكلەيمەن ھەم ئۇلارنىڭ يېڭى خىزمەت
ئورنىدا دادىل ئىسلاھات قىلىپ ، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى
قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن !
يىغىن مەيدانى بىردىنلا سۈرلۈك تۈس ئالدى ، ھەممەيلەن
ھاڭۋاققاندەك ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئولتۇرۇپ قالدى ، مەن
ئېغىر خۇرسىنىپ قويدۇم . بىرئازدىن كېيىن يىغىن ئۆزلۈكى-
دىن تارقاپ كەتتى . ئىشخانىدا يالغۇزلا قالدىم . مەن ئۆز ئاقىۋى-
تىمنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى غىل - پال
ئويلىغانىدىم ، لېكىن بۇنچە تېز ۋە شىددەتلىك بولۇشىنى تەسەۋ-
ۋۇر قىلماپتىكەنمەن ! قەددەمنى ئەمدى باسقانىدىم ، كۈتۈلمىگەن
يەردىن چوماق چىقتى ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن قەددەمنى توختى-
تىشقا بولمايدۇ ، قەيەردە بولماي ئالغا ماڭغىنىم ماڭغان ! دوكلا-
تىم بۇ يەردە ئاقمىسا ، يۇقىرىغا يازالايمەن ، بىرسى ئاڭلىمىسا ،

بىرسى ئاڭلايدۇ ! پارتىيىمىز تېخى گىگانت ئادەمدەك ، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرمامدۇ ؟ ! …

مەن ماتېرىياللىرىمنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا ، ئىشىك ئېچىلدى ، قارىسام بوسۇغىدا لاۋلياڭ تۇرۇپتۇ . ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ كرېسلوغا تەكلىپ قىلدىم ، لېكىن ئۇ ئولتۇرمىدى ، ئۇنىڭ قاپاقلىرى سېلىنغان ، كەيپىياتىمۇ جىددىي ئىدى . ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ سۆزلەپ كەتتى :

— ئۇلارنىڭ ھىيلە - نەيرىڭى سۇن ۋۇكۇڭنىڭكىدىنمۇ كۆپ ئىكەن . بوپتۇ ، ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى شۇ ئىكەنغۇ ! ناھايىتى ۋەزىپىدىن ئېلىۋېتىدىكەن ، بۇ ئۇلارغا تەئەللۇق ، لېكىن ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بولغان كوممۇنىستلارغا خاس يۈرىكىمىزنى ھېچكىم ئېلىۋېتەلمەيدۇ ! — ئۇ چىڭقىلىپ سۆزلىگەچكە ھۆمۈدەپ قالدى ، بىر - ئىككى قېتىم تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ سەل - پەل دېمىنى ئالغاندىن كېيىن ، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى ، — يولداش ياسىن ، سىزگە راستىنى ئېيتسام ، بۇرۇن بەزى ئىشلارغا ئەقلىم يەتمەي ، يۈرەكئالدى بولغان يەرلىرىممۇ بولغان . مەن ئەسلىدە بۇرۇنقى جىڭلىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە قاراپ ، بىر كۈنى ئەمەس ، بىر كۈنى جاجىسىنى يەيدۇ ، دەپ ئويلايتتىم . نەدىكىنى ، كۈتمىگەن يەردىن بىردىنلا مەنسىپى ئۆسۈپ ، تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى . شۇ چاغدا بەزىلەر : «جاڭ جىڭلى مۇشۇ مېڭىشىدا ئەمدى ب د ت غا بېرىپ توختايدۇ !» دېيىشتى . شۇنىڭدىن كېيىن جاھاننىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ چۈشىنەلمەي قالدىم . لېكىن ، بۈنىڭلىق بىلەن بۇرۇقتۇرما بولۇپ ، قېيىداش ئىچىدە ياشاۋېرىشكە بولمايدىكەن ، بۇنداق كېتىۋەرسەم ، ئۆز ۋىجدانىمنى ئۆزۈم ئازابلايدىكەنمەن . ئەڭ يامىنى ، ئۆزۈم مەنسۇپ بولغان پارتىيىگە سەممىمىي ، سادىق بولالمايدىكەنمەن ! شۇڭا ، ئەمدى سىز بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىش نىيىتىگە كەلدىم . يولداش ياسىن ، بىز باشلىغان ئىشنى بىرلىكتە داۋاملاشتۇرايلى ! …

ھاياجاندىن كۆزلىرىمگە غىلىلدە ياش كەلگەندەك بولدى .

— شـﯘنداق لاۋلىـيـاڭ ، — دېـدىم ئـۆزۈمنى تەسلىكتە بېسىپ ، — باشلىغان ئىشنى ھەرگىز توختىتىشقا بولمايدۇ ! بىزدە «ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن گەپ بار . دۇنيا ھالاللىق بىلەن راۋاج تاپىدۇ ، بەزى ئادەملەر دەماللىققا كۆز بوياپ ، ئەرشىئالاغا چىقالىسىمۇ ، لېكىن بىر كۈنى ئەمەس ، بىر كۈنى ھامان موللاق ئاتماي قالمايدۇ ! چۈنكى ، كۆز بوياش سېھىرىنگەرنىڭ ھۈنىرى ، ئۇنىڭ بىردەملىك سېھرىي كۈچى تۈگىگەن ھامان ، كىشىلەرنىڭ كۆزى يەنە روشەنلىشىدۇ ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىۋالىدۇ . لاۋلىياڭ ، دۇنيادا خەلقنىڭ نەزىرىدىن كۈچلۈك نەزەر يوق !

لاۋلـىياڭ «شـۇنداق» دېگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى ، مەن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قىستىم ، ئىسسىق بىر ھارارەت ئىككىمىزنىڭ ۋۇجۇدىغا تەڭلا تارىغاندەك بولدى ...

مەن سومكامنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقتىم . شىمال تەرەپتىن يەڭگىل تاغ سەلكىنى سوقۇپ تۇراتتى . ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە باغلارنىڭ ، گۈللەرنىڭ يېقىملىق ، خۇش پۇراق ھىدلىرىنى ئېلىپ كېلىپ يۈزۈمگە ئۇردى . تۈنجى قېتىم شۇنداق راھەتلىنىپ نەپەس ئالدىم . بۈگۈن مېھمانخانا ئۆزىنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى بىلەن كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ تۇراتتى . بۇ ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل ، ئارامبەخش ، شۇنداقلا خاسىيەتلىك جاي ئىدى . بۇ يەرگە قانچىلىغان ئەزىز ، كاتتا مېھمانلارنىڭ ئاياغ ـ ئىزلىرى چۈشمىگەن ؛ بۇ يەردە قانچىلىغان ئىلمىي مۇھاكىمىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلمىگەن ! ...

شۇنداق ، سەن يۇرتۇمنىڭ نۇرلۇق يۈزى ، كىشىلەر ساڭا قاراپ بۇ يەرنىڭ گۈزەل ، ساخاۋەتلىكىنى ، خەلقلىرىنىڭ مېھماندوست ، دىلكەشلىكىنى كۆرەلەيدۇ ! ... تېخى يېقىندىلا دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئەربابلار ، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالىملار ،

ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن كەلگەن دوستلۇق ئەلچىلىرى سېنىڭ ئەنە شۇ نۇرلۇق يۈزۈڭگە قاراپ بۇ يۇرتنى جەننەتكە مىسال قىلىپ مەدھىيىلىمىدىمۇ ! ...

شۇنداق ، بۇ يەردە نۇرغۇن ئىشلار بولغان ، يەنە نۇرغۇن ئىشلار بولىدۇ ! مەن بۇ يەردە پەقەت توققۇز كۆنلا تۇردۇم ، بۇ توققۇز كۈن مەن ئۈچۈن توققۇز ئايدەك مەكتەپ بولدى . نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم ، ئاڭلىدىم ، بولۇپمۇ ئادەملەرنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا چوڭقۇرراق چۈشەنگەندەك بولدۇم . قايسىبىر ئارخېئولوگ : «ئادەم — مەدەنىيەت توپلىغۇچى ، ساپال بۇيۇملارنى ياسىغۇچى ، زىرائەت تېرىغۇچى ۋە يېزىق ئىجاد قىلغۇچىدۇر » دەپتىكەن . مېنىڭچە ، بۇ تەبىر تازا تولۇق ئەمەستەك قىلىدۇ . ئۇنىڭغا : «ئادەم — نومۇس قىلىشنى بىلىدىغان ياكى نومۇس قىلىشنى بىلمەسلىكى زۆرۈر بولغان بىردىنبىر مەخلۇق » دېگەننى قوشساق ، ئاندىن ئادەم توغرىسىدىكى چۈشەنچە تولۇق بولىدىغاندەك قىلىدۇ . بۇ يەر ماڭا ئاشۇ چۈشەنچىنى بەردى .

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ يەرگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىم چوڭقۇر ، ھۆرمىتىم چەكسىز ئىدى . ئامال قانچە ، بۈگۈن بۇ يەردىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىمەن . ئۇلار مېنى پەقەت توققۇز كۈنلا ۋەزىپىگە قويىدى . توغرا ، ئۇلارنىڭ قولىدىن مېنى ۋەزىپىگە قويۇش كېلىدۇ ، بۈگۈنكىدەك ۋەزىپىدىن ئېلىۋېتىشمۇ كېلىدۇ . لېكىن ، بىرلا — ۋىجدانىمنى سېتىۋېلىش كەلمەيدۇ ! ئادەم بۇ دۇنيادا ئاز - تولا ۋىجدان بىلەن ياشاش كېرەكقۇ ؟ ! بولمىسا ، ئۇنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى ! ؟ ...

مەن مېھمانخانىغا ئاخىرقى قېتىم ئۇزاق قارىدىم . خەير خوش ، ماڭا توققۇز كۈن ماكان بولغان گۈزەل جاي ! ...

1988 - يىل فېۋرال ، قەشقەر

# قىزىق ئىشلار

قىزىق دۇنيادا قىزىق ئىش ،
يازدا تۇرۇپ كۆردۇق قىش .
يۇلۇپ تاشلاندى ساق چىشلار ،
دەرد كۆرمىدى ئاغرىق چىش .
— بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىدىن

شۇنداق ، دۇنيادا قىزىق ئىشلار ناھايىتى كۆپ ، ئالايلى ، يېقىندا غەربىي گېرمانىيە ئالىملىرى چاشقان كۆچمىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنە لايىھىلەپ چىقىپتۇ . كىشىلەر بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرغاندا ، ياپونىيىلىكلەرنىڭمۇ جەنۇبىي قۇتۇپتىكى قەدىمكى مۇزدىن پايدىلىنىپ ئالىي سورتلۇق ھاراق ئىشلىگەنلىك خەۋىرى تارقالدى …

بۇ قىزىق ئەمەسمىكەن ؟

بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان قىزىق ئىشلار ، لېكىن بۇ ئىلىم - پەن ساھەسىدە بولۇۋاتىدۇ . مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم باشقا — كىشىلىك ھاياتتىكى قىزىق ئىشلار !

يېقىندا يۇرتىمىزنىڭ بىر بۇلۇڭىدا غەلىتە بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى . بۇ غەلىتىلىك بارا - بارا كىشىلەرگە قىزىق تۇيۇلۇپ ، چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا ئېيتىلىدىغان لەتىپىگە ئوخشاش بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى …

*  *  *

ئارۇپ ئەپەندى ئىشخانىسىغا ئەتىگەندە كەلدى . تۇنۇگۈن

كۆرۈپ بولالمىغان ماتېرىياللار خېلى بار ئىدى. ئۇ ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى قولىغا ئېلىپ، ئەمدى ۋاراقلاپ تۇرۇشىغا بىرسى ئىشىكتىن ئۇسۇپلا كىردى. ئارۇپ ئەپەندى لەپپىدە قاراپ ئۇنى تونۇدى. ئۆڭكى قارامتۇل، دوغلاق، سېمىزلىكتىن گەدەنلىرى تاختىلىشىپ كەتكەن بۇ ئادەمنى كىشىلەر لەقىمى بىلەن يۇغۇرۇپ «هاشى قوتاز» دەيتتى. ئارۇپ ئەپەندى ئۇنىڭ بىلەن ھەپتە بۇرۇن بىر ئۇچراشقان، ئۇچراشقاندىمۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا پاتماي چىقىۋاتقان يوغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدى. مانا بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ ئىشىكنى پۇتى بىلەن ئېچىپ كىرىشى، يىرتىپ قويغاندەك قىسىق كۆزلىرى بىلەن ئادەمگە بەزدەك تىكىلىشى ئارۇپ ئەپەندىنىڭ سەل غىجىقىنى كەلتۈرگەندەك بولدى …

هاشى قوتاز ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ئارۇپ ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كەلدى، جىيەكلىرى ياغلىشىپ كەتكەن سوكنا كەپكىسىنى بىگىز قولى بىلەن ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ قويۇپ، قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى ئۇن ـ تىنسىزلا ئارۇپ ئەپەندىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئارۇپ ئەپەندىمۇ قەددىنى بۇزماستىن قەغەزگە يىراقتىن كۆز يۈگۈرتتى. قەغەزنىڭ يۇقىرىسىدا هاشى قوتازنىڭ سالپا ـ سۇلـ پاڭ خەتلەر بىلەن پۇل سوراپ يازغان تۆت ئىلىك ئىلتىماسى، تۆۋەندە يۇرت كاتتىسى قاسىم چوڭنىڭ ئارۇپ ئەپەندى نامىغا قارىتىپ سالغان تەستىقى بار ئىدى.

— 50 مىڭ يۈەن؟! — ئارۇپ ئەپەندى خەتتىن كۆزىنى ئۈزۈپ تەئەججۈپ بىلەن سورىدى.

— شۇنداق، 50 مىڭ يۈەن! — هاشى قوتاز خۇددى بەش موچەن ئۇستىدە دېيىشىۋاتقاندەك، گەپلىرىنى چىشىنىڭ ئارىسىـ دىن چىقىرىپ گىدەيدى. ئارۇپ ئەپەندىنىڭ تەرى تۇرۇلدى. ئۇ ئالدىدىكى قەغەزنى زەردە بىلەن نېرى ئىتتىرىپ قويدى. شۇنىڭـ دىن كېيىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇنداق گەپلەر بولۇپ ئۆتتى:

— بىزدە خەققە بەرگۈدەك مۇنچە پۇل يوق!

— ئۇنداق ئەمەستۇ، ئاروۋپ ئەپەندى؟ كارخانىنىڭ ھېساباتىدىن خەۋىرىمىز بار ...

— قىزىق ... قۇلىقىڭىز خېلى ئۇزۇنكەن ـ ھە؟! سىز سىرتتىكى بىر بوخوچى[1]، كارخانىمىز بىلەن نېمە ئالاقىڭىز بار؟!

— باشلىقىڭىزمۇ ئالاقىسى يوقمۇ؟! مېنى تونۇمىسىڭىزمۇ ئۇنىڭ تەستىقىنىغۇ تونارسىز ...

— ئۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ چاتىقىڭىز بولمىسۇن، باشلىق بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن! كارخانا خالىغان ئادەم سىغىپ ئىچىۋېرىدىغان ئىگىسىز سېيىر ئەمەس! مەن سىزگە ئەللىك مىڭ يۈەن تۆگۆل، ئەللىك يۈەنمۇ بېرەلمەيمەن!

— راستمۇ! — ھاشى قوتازنىڭ جاۋغايلىرى تارتىشىپ، قىسىق كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلىپ كەتتى، — چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز، ئاروۋپ ئەپەندى؟!

— يوقسۇ! — ئاروۋپ ئەپەندىنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك سەل يۇمشاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يۇمۇرلۇق بىر ئىپادە ئىگىلىدى، — مەن ئەزەلدىن ناتونۇش ئادەملەرگە چاقچاق قىلغان ئەمەس، شۇ تاپتا، سىز بىلەن چاقچاقلىشىدىغان ۋاقتىممۇ يوق.

ھاشى قوتازنىڭ چىرايى ئۆزگەردى، قارامتۇل يۈزلىرى دەسلەپ كۆكىرىپ، كېيىن ئالىپاساق بولۇپ كەتتى.

— يولداش ئاروۋپ ئەپەندى! — دېدى ئۇ سۆزىنى ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن ئۇرغۇلۇق قىلىپ، — شۇ گەپلەرنى دەۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، كەلگۈسى ئىستىقبالىڭىز، تەقدىرىڭىز ئۈستىدە ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟!

— نېمە؟! — ئاروۋپ ئەپەندى چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، بايا ئاڭلىغان گەپلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، قۇلىقىنى

[1] بوخوچى — ھۆددىگەر، ئىش كۆتۈرە ئالغۇچى دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

هاشى قوتاز تەرەپكە سىڭارىيان قىلىپ زەردە بىلەن سورىدى ، —
نېمە دېدىڭىز ، يەنە بىر دەڭە ؟ !

هاشى قوتاز مەنسىتمىگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ، قو-
لىنى شىمىنىڭ يانچۇقىدىن چىقىرىپ ئارقىغا تۇتتى ، كۆكسى
كېرىلىپ ، قورسىقى دومبايدى ، ئەمدى ئۇ خۇددى بىرسىگە تەن-
بىھ بېرىۋاتقان مەغرۇر ئەمەلداردەك گىدىيىپ سۆزلەشكە باشلى-
دى :

— يولداش ئارۇپ ئەپەندى ، بۇگۈن سىز ماڭىمۇ قىلدىڭىز ،
ئۆزىڭىزگىمۇ قىلدىڭىز ، ئاخىرقى ھېسابتا ، ئۆزىڭىزگە قىلدى-
ڭىز ! ئەسلىدە ، مەن بۇگۈن سىزنى ئەللىك مىڭ يۈەن قەرز
ھېسابىغا چوڭ بىر پالاكەتتىن ساقلاپ قالماقچىدىم ، ئامال بولمى-
دى ، ئەمدى سىز بۇ تەختىراۋاندا ئۇزاق ئولتۇرالمايسىز ، ئۇزاق
بولسا ، ئۈچ كۈنلۈك ھۆكۈمرانلىقىڭىز قالدى ! ...

ئارۇپ ئەپەندىنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى . جەمئىيەتتە ئې-
قىپ يۈرگەن قارا قورساق بىر بىگانىنىڭ ئۆزىدەك بىر مەسئۇل
كادىرغا ھېيىقماي قىلىۋاتقان بىمەنە گەپلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق ھار
كەلدى .

— چىقىڭ ، ئىشخانىدىن چىقىڭ ! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن
ئېغىر ھارسىنىپ ، — مېنىڭ تەقدىرىمنى ھەل قىلىش سىزنىڭ
قولىڭىزغا قالدىمۇ ؟ ! بىلىپ قويۇڭ ، مەن ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ
كادىرى ، مەن پارتىيە تەشكىلى مۇشۇ ئورۇنغا قويغان بىر مەس-
ئۇل كادىر !

— سىزمۇ بىلىپ قويۇڭ ! — دېدى ھاشى قوتاز تېخىمۇ
كۆرەڭلىك بىلەن ، — ئاشۇ پارتىيە تەشكىلىنىڭ ھەممىنى
ئۆرۈپ- چۆرۈيەلەيدىغان باشلىقى بارلىقى ئېسىڭىزدىن چىقمى-
سۇن ! ...

هاشى قوتاز ئالچاڭلاپ چىقىپ كەتتى . ئارۇپ ئەپەندىنىڭ
ئاچچىقى بېسىلمىدى ، كاللىسى تېخىمۇ قوداڭشىپ كەتتى . ئۇ

ئۆزىچە چىچىلاتتى ، كىمگىدۇر كايىيتتى ، ئىچ ـ ئىچىدىن قاپ-ساپ چىقىۋاتقان بىر خورلۇق يۈرىكىنى مۇجۇيتتى .

توۋا ! ··· ئۇنىڭ كارخانىسى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق بىر بىگانە تەلۋە ئەجەب ئۆرلىنىك قىلدى ـ يا ؟ ! ··· تېخى ئۇنىڭ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئارۇپ ئەپەندىنىڭ بۇ يەردىن يوقىلىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغىنى نېمىسى ؟ ! ئۇنى شۇنچە ھۆركىرىتىۋاتقان ، ھەت-تا پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى توغرىسىدا ئاشۇنداق كۆرەڭلىك بىلەن سۆزلىتىۋاتقان كۈچ زادى نېمە ؟ ! ···

ئارۇپ ئەپەندى بۇ سوئاللارغا ھە دېگەندە جاۋاب تاپالمىدى ، كېيىن ئۆزىنى بەزلىدى ، ھاشى قوتازنىڭ بارلىق گەپلىرىنى قارا قورساقلارنىڭ پوچىلىقى ، جۆيلۈشى دەپ قاراپ ، كۆڭلى ـ كۆك-سىدىن پاك ـ پاكىز چىقىرىۋەتتى ، لېكىن ئۇ ساددىلىق قىلدى . ھاشى قوتازنىڭ ئۆزىدىن خېلى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ، شۇ كۈن-لەردە ھەممىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئالغان پۈلنى — پەقەت ئاشۇ سېھىرلىك پۇلنىلا دەسمايە قىلىپ ئۆزىنى بۇ يەردە ھەممە ئىنساندىن چوڭ ، پەقەت خۇدادىنلا كىچىك ھېسابلايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىدى ···

*  *  *

مەن ئارۇپ ئەپەندىنى زادى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدىم . ئۇ ئۆيۈمگە خېلى كەچتە بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنىڭ يېرىمىنى ئىچكەن ، يېرىمىنى كۆتۈرگەن پېتى كىرىپ كەلدى . چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭغا سەپسالدىم ، كۆزلىرىدە گويا تېپتىنچ سۇغا تاش ئاتقاندا پەيدا بولىدىغان مەۋجىدەك بىر خىل سوغۇق دولقۇن ئەكس ئېتەتتى . ئۇ ھاراقنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچكەچ سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئاداش ··· مـەن بـۇگۇن ئـىچتىم ··· مـەن مەست ئەمەس ··· مېنى بۈگۈن ··· ۋەزىپەمدىن ··· ئېلىپ تاشلىدى ···

بىلەمسەن ... بۈنى ماڭا ئۈچ كۈن بۇرۇن ... بىر بوخوچى ئۇقتۇر-غان ... مانا ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېلىپ تاشلىدى ... تېخىمۇ ياخشى يەرگە يۆتكەرمىش ... ھا- ھا - ھا ! ...

ئۇ كۈلدى ، خېلى ئۇزۇنغىچە سىلكىنىپ ، قاقاقلاپ كۈلدى ، كېيىن بىردىنلا ئۆزىنى تۇتتى ، كۆزلىرى سوغۇق پارقىرىدى ، بايىقى ھاسىراشلىرى ، شىر كەيپلىكى ئاللىقاياقلارغا غايىب بول-دى ، قولىدىكى بوتۇلكىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ ئالدىمغا كەلدى ۋە يەلكەمدىن چىڭ قامالالپ تۇرۇپ ، چوڭقۇر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ئاداش ... بىز ئەمدى شۇ كۈنگە قاپتۇق ، ھېلىمۇ شۇ-كۇر ، جىنىمىزنى ئوغرى ئەكەتمەپتۇ ! ئۈستىمىزدە تۇرغان بەزى ئادەملەر نېمىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن - ھە ؟ ! مەن قايسىبىر كىتابتا «ئادەم ھايۋانغا ئايلانسا ، ھايۋاندىن بەتتەر بولۇپ كېتى-دۇ » دەپ ئوقۇغانىدىم . ھازىر بەزىلەر راستتىنلا ھايۋانغا ئايلى-نىپ بوپتۇ ، ئايلانغاندىمۇ ئەڭ ۋەھشىيلىرىگە ، يەپ تويماس بالا خورلىرىغا ئايلىنىپتۇ ! لېكىن ئۇلار تېخى ئۆزلىرىنى «پالانچى-مەن ، پۇستانچىمەن» دەپ گىدىيىشىدىكەن ، تۇفى ! ... كۆكتە قانات قاققانىنىڭ ھەممىسى شۇڭقار بولامدۇ ؟ ! ئۇنداقلارنى ئاخىر زېمىنمۇ كۆتۈرمەيدۇ ، ئۇلارنىڭ تىرىكى نانغا ، ئۆلۈكى كېپەنگە زىيان ! ...

ئارۇپ ئەپەندى خېلى ئۇزاق سۆزلىدى ، سۆزلىگەندىمۇ ، ئەلەم ۋە ئاغرىنىش بىلەن سۆزلىدى . مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى باشتىن - ئاخىر تىمتاس ئولتۇرۇپ ئاڭلىدىم ، كۆڭلۈمدە ئاشۇن-داق بىر سۆزلىسە قورسىقى بوشاپ ، دەردى يەڭگىلەپ قالار ، دەپ ئويلىدىم . ئاخىر ئۇ ئېغىر بىر خورسىنىپ سۆزىدىن توختىدى ۋە پۈشۈلدىغىنىچە بېشىنى ئېگىپ شۈكلەپ قالدى . ئەمدى مەن ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇقۇش ئۈچۈن گەپ كوچىلىدىم :

— ئاداش ، زادى نېمە ئىش بولدى ؟ بايا «تۆلۈمدىن توقماق

چىققان»دەكلا سۆزلەپ كەتتىڭغۇ ! ...

ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ، كۆز چانىقى لىققىدە ياشقا تولغانىدى . كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى ، چوپچوڭ ئادەمنىڭ كۆزىدە ياش كۆرۈش كىشىگە ئېغىر تۇيۇلىدىكەن . مەن دەرھال ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ ، گەپنى باشقا ياققا بۇراي ، دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ يەنە ئۆزى ئېغىز ئېچىپ قالدى :

— راست ئاداش ... ، بايا ساڭا باش - ئايىغى يوقلا دەرد - تۆكۈپ كېتىپتىمەن ، خالىساڭ سۆزلەپ بېرەي ، — شۇ ئارىلىق - تا ، ئايالىم سەي قورۇپ داستىخان تەييارلىدى ، بىز بايىقى هاراقنى ئاز - ئازدىن ئىچىپ ئولتۇرۇپ ، يېڭىۋاشتىن پاراڭغا چۈشتۇق ...

* * *

بۇ كارخانا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ، ئىگىلىكى كەڭ ، ئىقتى - سادىي مول بولغاچقا ، ھەممە ئادەمنىڭ باشقۇرغۇسى كېلەتتى .

بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئۈچ - تۆت كادىر كېلىپ - كېتىپ بولدى ، ئۇلارنىڭ بەزىسى بوشراق چىقتى ، بەزىسى چىڭراق . ئىشقىلىپ «پۇلنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئادەمنىڭ يا قولى كۆيىدۇ ، يا پۇتى» دېگەندەك ، بۇ يەردە ئۇزاقراق بېغىر بېسىپ قالغاندىن بىرەرسى چىقمىدى . رەھبەرلىك يېقىندا يەنە بىر تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ ، بۇ يەرگە مائارىپ سىستېمىسىدىن ئارۇپ ئەپەندىنى يۆت - كەپ كەلدى . ئارۇپ ئەپەندىنىڭ كېلىپلا تۇتقىنى كارخانىنىڭ ھېساباتدەپتىرى بىلەن پۇل بولدى .

ئۇ خىزمەتكە چۈشۈپ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە كارخانىنىڭ باش بوغالتىرىنى چاقىرىپ سۆزلەشتى . سوئال - جاۋاب قىسقىلا بولدى :

— ھېسابات دەپتىرىدە قانچىلىك نەق پۇل بار ؟

— ئۈچ يۈز ئاتمىش بىر مىلڭ يۈەن .
— ھەممىسى بانكىدىمۇ ؟
— ياق ، بانكىدا ئاران يەتمىش ئىككى مىڭ يۈەن بار …
— قالغىنىچۇ ؟ !
— بىر بوخوچىغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىلگەن …
— نېمە ؟ قايسى بوخوچىغا ؟ !
— ھېلىقى ھاشى … ھە ، كىشىلەر ئۇنى «ھاشى قوتاز» دەيدىكەن …
— قانداق گەپ بۇ ؟ !
— شۇ … يۇقىرىدىكى باشلىقنىڭ تەستىقى بار…
— قايسى باشلىقنىڭ ؟
— قاسىم چوڭنىڭ …

ئارۇپ ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى . بۇ گەپلەر گويا ئۇنىڭغا چۆچەك ئاڭلاۋاتقاندەك غەلىتە تۇيۇلغانىدى .

— مۇنداق دەڭ ! … ، — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ، بېشىنى سىلكىپ ئورنىدىن تۇردى ، قولىنى بىردەم شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ ، بىردەم بىقىنىغا تىرەپ ئىشخانىدا ئۇياقتىن- بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى . بوغالتىر ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشكىچە سەپسالدى ، ئۇ توختىماي چىشىنى غۇچۇرلىتاتتى ، ئېزىق چىشىنىڭ كىرىشىشىدىن جاغ سۆڭەكلىرى ھېلىلا مەڭزىنى تېشىپ چىقىدىغاندەك تومپىيىپ كەتكەن ، دۈگىلەك كۆزلىرى كېرىلگەن ، كىرپىكلىرى قىسقىراپ تىككىدە بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ئىشخانىنى يەنە بىر ئايلىنىپ ، بوغالتىرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى :

— قانداق قىلىمىز ؟ ! — دېدى بوغالتىرغا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ ، — كارخانىنىڭ پۇلى مۇشۇنداق خامان سورىغاندەك ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە كېتىۋەرسە بولامدۇ ؟ !

— بىلـمىدىم ··· ، — دېـدى بوغـالتىر ئـۈلۈغ ـ كىچىك تىنىپ ، — بۇ ئىش ماڭىمۇ تەس كېلىۋاتىدۇ ، بۇنداق كېتىۋەرسە كارخانىمىز راستتىنلا لىڭشىپ قالىدۇ . باشلىق دېگەن تەستىقنى سېلىۋېرىدىكەن ، پۇل مېنىڭ قولۇمدىن چىققاچقا ، خەق مەندىن كۆرىدىكەن ، ماڭىمۇ خۇددى «كېپىل بولساڭ ، كېپىنىڭ كۆيەر» دېگەندەك ئىش بولۇۋاتىدۇ ···

ئارۇپ ئەپەندى قاشلىرىنى يىمىردى . كۆزلىرىنى قىسىپ ئويلاندى . ئازدىن كېيىن بىر قارارغا كەلگەندەك ئۈزۈپلا دېدى :

— سىز باش بوغالتىر ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىنى ياخشى بىلىسىز ، بۇنداق قەرز بېرىش پۈتۈنلەي يولسىزلىق ! قەرزنى كىم ئالغان بولۇشتىن قەتئىينەزەر ، ئۈچ كۈن ئىچىدە تېپىپ كېلىڭ !

بوغالتىر تەڭقىسلىقتا دۇدۇقلىدى :

— بۇ··· بۇ قانداق بولار ؟

— تازا ئوبدان بولىدۇ ! — دېدى ئارۇپ ئەپەندى يەنە شۇ قەتئىيلىك بىلەن ، — ئەگەر ئۈچ كۈن ئىچىدە تېپىپ كەلمىسە. ڭىز ، مەن سوتقا ئەرز سۇنىمەن !

بوغالتىر بىلەن بولغان سۆھبەت شۇنچىلىكلا بولدى . ئەلۋەت. تە بۇ سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى بوغالتىر ئۈچۈن يېنىك بولمايدىغان. لىقى ئېنىق ئىدى . ئۇ ئىككى كۈنگىچە تىنىم تاپماي يۈگرى. تۆۋەن قاترىدى ، ھاشى قوتازنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە قېتىم بېرىپ سۆزلەشتى ، ھەتتا يېلىندى ، لېكىن ھاشى قوتازنىڭ بىر تال سېرىق تۈكىمۇ مىدىراپ قويمىدى . ئۇ تېخى قانداقتۇر «كۆتۈرە ئالغان قۇرۇلۇشۇمدىن زىيان چىقتى ـ يەي» ، «باشلىق ماڭا مۇددەت بەلگىلەپ بـەرمىـگەن ، قـاچان تاپسام شۇ چاغدا بېرىمە. نەي ···» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى . بوغالتىر ئىككى كۈن ئىچىدە بىرلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كەتكۈدەك رىيازەت چەكتى ، ئـۈچىنچى كـۈنى ئـارۇپ ئـەپەندىگە ئـەھۋال ئېيتىش ئۈچۈن

ئىشخانىغا كەلدى ، لېكىن ئۇنى تاپالمىدى ، بۇ چاغدا ئارۇپ
ئەپەندى قاسىم چوڭنىڭ ھوزۇرىدا ئىدى .
باشلىق يۇمشاق ئورۇندۇقتا قاڭتىيىپ ئولتۇراتتى ، قارد-
ماققا ، ئۇنىڭ چىراي - شەكلى ئادەتتىكىچە ، بوي - تۇرقى قەدىر
ئەھۋال ، ئورۇق - سېمىزلىكى ئۆزىگە لايىق ئاق سېرىق بىر
ئادەم ئىدى . ئۇ ئارۇپ ئەپەندىگە يىراقتىن نەزەر سالغاچ كۆڭلد-
دىكى گەپلىرىنى پىشىلدۇردى ، كېيىن قاڭتايغان گەۋدىسىنى
ئالدىغا سەل ئېگىپ ، كىبىر بىلەن مۇنداق دېدى :
— خوش ... بۈگۈن سىزنى نېمىگە چاقىرغانلىقىمنى بىلەم-
سىز ؟ !
ئارۇپ ئەپەندىمۇ ئۇدۇلدىكى كرېسلوغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ
قىسقىلا جاۋاب بەردى :
— ياق ! ...
— ئۇنداق بولسا ، بىلىپ قويۇڭ ، ئارۇپ ئەپەندى ! —
باشلىق ئاۋازىنى كۆتۈردى ، سۆزىگە ئامال بار بىر خىل سېھرىي
كۈچ بېرىشكە تىرىشىپ داۋام قىلدى ، — بىز سىزنى بۇ كارخانى-
غا بىرىنچىدىن ، ئۆز ئارا ماسلىشىش ؛ ئىككىنچىدىن ، خىزمەت-
لەرنى يۈرۈشتۈرۈش ؛ ئۈچىنچىدىن ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ
مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە يۆتكىگەن ، ئەھۋالدىن
قارىغاندا ، رەھبەرلىكنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدىڭىزمۇ ، قانداق ؟
— مېنىڭ بۇ كارخانىغا كەلگىنىمگە ئەمدى تۆت كۈن بول-
دى ، — دېدى ئارۇپ ئەپەندى قەددىنى سەل - پەل رۇس-
لاپ ، — تېخى رەھبەرلىكنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەت-
كۈدەك ۋاقىت بولغىنى يوق ...
— كۆرسەتتىڭىز ، ئارۇپ ئەپەندى ، — دېدى باشلىق ئال-
مان- تالمان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، — كۆرسەتكەندىمۇ تامامەن
ئەكسىنى كۆرسەتتىڭىز !
— مەسىلەن ؟ — سورىدى ئارۇپ ئەپەندى خۇددى سىنىپتا

ئوقۇغۇچىلارغا سوئال قويغاندەك بىپەرۋالىق بىلەن .
باشلىق مىيىقىدا كۈلدى ، كۈلكىسى سوغۇق ھەم مەسخىرىلىك ئىدى .
— سىزگە ئۇجۇر - بۇجۇرنى قويماي دېمىگۈچە بولمايدىكەن - دە ! مەسىلەن ، كارخانىغا بارغىنىڭىزغا تۆت كۈن بولماي تۇرۇپ ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن سوتقا ئەرز بەرمەكچى بوپسىز ، قانداق ؟
ئاروپ ئەپەندى بىرئاز جىددىيلەشتى .
— ئۇنداق گەپ يوق ، يولداش قاسىم چوڭ ! — دېدى ئۇ تۇكۇرۇكىنى يۇتقۇنۇپ ، — مەن پەقەت كارخانىنىڭ پۇلى ئۈستىدە توختىلىپ شۇنداق دېگەنىدىم ...
— ئوخشاش گەپ ئەمەسمۇ ؟ !
— قانداق ئوخشاش بولىدۇ ؟ !
ئىككىيلەن بىر - بىرىگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى . باشلىقنىڭ خۇنى قاچقان قوڭۇر كۆزلىرىدە بىر خىل مەنسىتمەسلىك بىلەن مەنمەنلىكنىڭ سوغۇق ئالامىتى ، ئاروپ ئەپەندىنىڭ كۆزلىرىدە بولسا بىر خىل تەئەججۇپ بىلەن ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . باشلىق بىر دەقىقىلىك تىكىلىشتىن كېيىن ، ئاروپ ئەپەندىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ مۇنداق دېدى :
— بولدى ، ئاروپ ئەپەندى ، بۇ ھەقتە تەگەشمەيلى ، سىز ئۇ يەرگە يېڭى باردىڭىز ، مېنىڭ مەسلىھەتىم ، ئىشنى پۇلدىن باشلىماي ، ئادەمدىن باشلاڭ . مېنىڭ تەستىقىم بويىچە سىرتقا قەرز بېرىلگەن پۇللارغا مەن ئىگە ، مۇبادا ، تۇتۇشقا توغرا كەلسە ، مېنى تۇتىسىز بولىدۇ !
— ئۇنداق قىلساق بولماس ، — ئاروپ ئەپەندى ئىككى يېنىغا قىمدىنىپ قويدى ، — كىم قەرز ئالغان بولسا ، شۇ قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ، ھېلىمۇ ئالدىغا ئىككى يىل ، كەينىگە

بەش ئاي بوپتۇ ، كارخانىنىڭ پۇلى مۇنداق چېچىلىپ كەتسە ، ئىشنى قانداق يۈرگۈزۈشتۈرىمەن ؟ ! ...

تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى ، ئاروپ ئەپەندىنىڭ سۆزى ئۈزۈلدى ، باشلىق كىم بىلەندۇر ناھايىتى سىلىقلا بىلەن سۆزلەشتى . كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاروپ ئەپەندىگە يۈزلەندى :

— مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى ، بۈگۈن سىز بىلەن مۇشۇنچىلىك سۆزلىشەيلى ، كارخانىغا سىزدىن بۇرۇن كېلىپ كەتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئۇقۇشۇپ باقارسىز . مېنىڭ پىكرىم ، ھەر يەرنىڭ تۈلكىسىنى ئۆز تايىقى بىلەن ئۇۋۇلىغان ياخشى ، بولمىسا ، ئادەم ئۆزىگە جاپا تېپىۋالىدۇ ! ...

ئۇلار خوشلاشتى . ئاروپ ئەپەندى شۇ كۈنى كەچكىچە خىيال بىلەن ئۆتتى . كاللىسى ئېلىشىپ ، قۇلاقلىرى غوڭۇلدىدى . ئويلىغانسېرى خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتتى ...

لېكىن ، ئۇ نىيىتىدىن يانمىدى ، ئەزەلدىن ئۆزى تۇتقان يول بويىچە ، ۋىجدانىغا تايىنىپ ئىش كۆرۈش قارارىغا كەلدى . شۇ مەقسەتتە ، ھاشى قوتاز بىلەن ئۆزى كۆرۈشمەكچى بولدى . مۇبادا ، ئىش چىرايلىقچە پۈتمىسە ، ئېھتىمالى بولغان بەزى ئاقىۋەتلەرنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى ...

ئەتىسى ئۇ بوغالتىر بىلەن بىللە ھاشى قوتازنى ئىزدىدى ، لېكىن يېرىم كۈن يۈرۈپمۇ ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى . كەچقۇرۇن كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى . ئاروپ ئەپەندى باللىرى بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغاندا ، ھاشى قوتاز ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى . ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن تۇتۇپ ، مېھمانخانىغا كىرىپلا ئاغزىنى قويۇۋەتتى :

— ئاڭلىسام ، كارخانىغا يېڭى كەلگەن باشلىق ئوخشايسىز ، كېلىپلا پېقىرنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىپسىز ، سىزنى ئاۋارە قىلماي دەپ ئۆزۈم كەلدىم ...

— ياخشى بوپتۇ ... ، — ئاروپ ئەپەندى ئۆزىنى تۇتۇپ ،

ئېغىر ـ بېسىق بولۇۋالدى ، ئۇلار نېمىلا بولمىسۇن ئۆيگە كەلگەن مېھمان بولغاچقا ، قىزغىن مۇئامىلە قىلماي بولمايتتى .
دەرھال داستىخان راسلاندى ، سىنچاي قۇيۇلدى ، ئارقىدىن ئاروۋپ ئەپەندى ساھىبخانىغا خاس ئىلتىپات بىلەن سورىدى :
— ئاز ـ پاز ئىچەمدۇق ؟
بۇ قېتىم ھاشى قوتازدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئېگىز بويلۇق ، ئاۋاق بىر ھەمراھى ئېغىز ئاچتى :
— كۆڭۈللىرى پادىشاھ ، ئاروۋپ ئەپەندى ، ھاشىمكام ئوبدان ھاراق بولسا ، ئاز ـ تولا ئېتىپ قويىدۇ .
ئاروۋپ ئەپەندى ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن ئىككى دانە رومكا قويۇلغان كىچىك بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ چىقتى .
— ئۆيدە بارى مۇشۇ ئىكەن ، — دېدى ئۇ پەتنۇسنى داستىخانغا قويۇۋېتىپ .
ھاشى قوتازنىڭ ئوڭ يېنىدىكى ئالغاي كۆزلۈك ھەمراھى كۆزلىرىنى ئۇچبۇرجەك قىسىپ ، يىراقتىن ھاراقنىڭ ماركىسىغا زەن سالدى . «كۇئېنلۇن» ماركىلىق بۇ ھاراق شۇ كۈنلەردە چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا تالىشىپ ئىچىلىدىغان خېلى ئەتىۋارلىق ھاراقلاردىن ئىدى .
— قېنى ، بۇندىقىنىمۇ بىر ئېتىپ باقايلى ، — دېدى ھېلىقى ئالغاي مەنسىتمىگەندەك قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ .
رومكىلار يېنىك جىرىڭلاپ ، ئۈچ قېتىمدىن ئايلاندى ، كۈچلۈك ھاراق ھەممىنىڭ بەدىنىدە بىر خىل يېقىملىق ھارارەت دولقۇنى قوزغىدى . مېھمانلارنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلدى ، ئالغاي بىلەن ئۇزۇن تۇرانىڭمۇ ئۇششاق تىللىرى چىقىپ ، ھە دەپ ھاشى قوتازنى كۆككە كۆتۈرۈشكە باشلىدى ، ئۇنىڭ ئابرۇيى ، پۇلى ، مەردلىكى توغرىسىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى :
— ھاشىمكام دېگەن ئالىقىنى بىلەن ئاسمانىنى ، تاپىنى بىلەن

يەرنى تىرەپ ئاللايدىغان ئادەم ، جۇمۇ ... —
— لازىم بولسا ، ئاينىمۇ يۇلۇپ ئالىدۇ ، تېخى ...
— ئارۇپ ئەپەندى ، ئاڭلىغانمۇسىز ، «تۆردە ئولتۇرغان ھېساب ئەمەس ، زەللە ئالغان ھېساب» دېگەن بىر گەپ بار . بىزنىڭ ھاشىمكام دېگەن ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە تۇرغان بىلەن ، بۇ شەھەردىكى تاجسىز پادىشاھ ! ...
— خېلى - خېلى باشلىقلارمۇ ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ دېسىلە ...
ئارۇپ ئەپەندى سۈكۈت ئىچىدە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭ-لاپ ، مۇلاھىزە قىلغاچ ئولتۇردى . بەزى سۆزلەر ئادەمنىڭ غىدى-قىنى كەلتۈرسىمۇ ، ئارۇپ ئەپەندى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئىككى گۇپپاڭچىنىڭ ئەمدى ئاغزى بېسىلىۋېدى ، ھاشى قوتازنىڭ زۇۋانى ئېچىلدى :
— تېخى بەزىلەر ئۆزلىرىچە ئامبال بولىمەن ، دوتەي بولى-مەن ، دەپ ئاغزىنى تامشىپ يۈرۈشىدىكەن ! قېنى ، بىزنىڭ ئال-دىمىزدىن ئۆتمەي بوپ باقسۇنا ؟ !... ھېلىغۇ ئامبالكەن ، بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئۆتمىسە ، ھامبالمۇ بولالمايدۇ ! ...
ئارۇپ ئەپەندىنى ئەمدى رەسمىي كۈلكە قىستىدى ، لېكىن ئۇ لېۋىنى چىشلەپ جىم ئولتۇرۇۋالدى . ھاشى قوتازنىڭ بۇ گەپلىرى ئۇنىڭغا ھۆل كېسەكتىن ئوت چىقارغاندەك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ يوغان گەپلەردىن كىچىككىنە بىر ھەقىقەتنى چۈشەنگەندەك بولدى ...
ھاراق يەنە بىر نەچچە رومكىدىن ئايلاندى ، ھاشى قوتاز تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى . شۇ تۇرقىدا ئۇ قورسىقىدا نېمە بولسا ، يوشۇرماي دەۋېتىدىغاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ گېپى ئاستا - ئاستا ئەينى مۇددىئا ئۈستىگە يۆتكەلدى :
— ئارۇپ ئەپەندى ، ئاڭلىسام ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن سوتقا ئەرز بەرمەكچى بوپسىز . مېنىڭچە ، بۇ نىيىتىڭىزدىن ياخشىلىقچە

قايتىڭ ! ئەگەر سوتقا چۈشۈشكە توغرا كەلسە ، مەن يالغۇز چۈشـ ـمەيمەن ، يۇرت باشلىقىمۇ بىللە چۈشۈپ قالىدۇ . نېمە ئۈچۈن دەمسىز ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، مەن بۇ كارخانىدىن قەرز ئالغان پۇللارنى شۇ كىشى تەستىقلىغان ، بۇ تەستىق ماڭىمۇ ئاسانغا چۈشمىگەن . سىز بەلكىم باشلىقنىڭ ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق يېڭى ئۆيلىرىنى كۆرگەنسىز ، مېھمانخانا ئۆيدىكى ئانار گۈللۈك گىلەم بىلەن رەڭلىك تېلېۋىزورنىمۇ كۆرگەنسىز ... بۇ نەرسىـ ـلەرگە مەن قەرز ئالغان ئاشۇ پۇللاردىن چىقىم بولمىدى دەمسىز ؟ !

ئالغاي دەرھال لوقما سالدى :

— مانا... مانا... ھاشىمكامنىڭ مەردلىكى شۇ ـ دە !

— ھېلىغۇ ئۆنچىلىك دۇنيا ئىكەن ، يۇرىكىڭنى ئالىمەن دېسىمۇ غىڭ قىلمايدۇ ، ھاشىمكام !...

ئارۇپ ئەپەندى بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلارنىڭ بىمەھەل كېـ ـلىشىدىكى مۇددىئاسىنى ئەمدى تولۇق چۈشەندى . ئۇلارنىڭ سۆزـ ـلىرىدە بېشارەتمۇ ، ئۆزىنى كۆرسىتىشمۇ ، تەھدىت بىلەن پوپوزىـ ـمۇ ، ئىلتىجامۇ بار ئىدى . ئەمدى ئارۇپ ئەپەندى سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى :

— كەچۈرسىلە ، — دېدى ئۇ يەنە شۇ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ، — مەن ئۆنچىلىك مەردلىك قىلالمايمەن ! تەشكىل مېنى كارخانىغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى ، لېكىن پۇل بولمىسا قانداق ئىشلەيمەن ؟ ! «قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب» بولۇپ ياتامدىمەن ؟ ! كارخانىنىڭ پۇلى كارخانىغا تەئەللۇق ، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق ئادەم شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولمايدۇ ! كىم قەرز ئالغان بولسا قايتۇرۇشى كېرەك !

بۇ گەپلەر ھاشى قوتازغا تەسىر قىلمىدى ، ئۇ يەنە شۇ بايىقى كۆرەڭلىكى بىلەن :

— قايتۇرۇشنى ھامان قايتۇرىمىز ، ئارۇپ ئەپەندى ، —

دېدى غودۇڭشىغاندەك قىلىپ، — لېكىن ۋاقتى - سائىتى كەل-سۇن!

— ۋاقتى - سائىتى قاچان كېلىدۇ؟! — ئارۇپ ئەپەندىنىڭ ئاۋازى سەل قوپاللاشتى.

— بۇنى ئەڭ ياخشىسى باشلىقتىن سوراڭ! — ھاشى قوتاز شۇنداق دېدى - دە، بۇ ھەقتىكى گەپنى شۇ يەردە ئۈزمەكچى بولۇپ، ئوڭ تەرىپىدىكى ئالغايغا ئىشارەت قىلدى، — قېنى، ھاراق ئىچەيلى!

ئالغاي دەرھال يېنىدىكى سومكىنى ئاچتى:

— ئارۇپ ئەپەندى، ئەمدى بۇنداق ھاراقنىمۇ تېتىپ باقاي-لى، بۇ ھاشىمكامنىڭ سىزگە بولغان كۆڭلى ...

ئۇ سومكىدىن پىچىتى بۇزۇلمىغان بىر شىشە «ماۋتەي» ھارىقى بىلەن سۇرلەپ پىشۇرۇلغان بىر توخۇ گۆشىنى ئېلىپ داستىخانغا قويدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئىلتىپات ئارۇپ ئەپەندىگە ياقمىدى. بۇ ئىش گويا ئۇنىڭغا ئاپئاشكارا قىلىنغان ھاقارەتتەك، ئۇنىڭ بىلەن قەستەن ئۇزۇڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى، قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، جاۋغايلىرىدىكى قورۇقلار تىككىدە تارتىشىپ كەتتى. ئۇ داس-تىخانغا قارىغانسېرى ئىچ - ئىچىدىن بىر خورلۇق ھېس قىلدى ...

ئالغاي «ماۋتەي»نىڭ ئاغزىنى ئاچماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئارۇپ ئەپەندى خۇددى ئوچۇق ئاسماندا چېقىن چاققاندەك گۈل-دۈرلىگەن ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— ئاچماڭ! ھارىقىڭىزنى نەدىن ئالغان بولسىڭىز، شۇ يەرگە بېرىپ ئىچىڭ! بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، قانچىلىك مېھمان قىلا-لىسام شۇنچىلىك قىلىمەن! ...

ئالغاي تۇرۇپلا قالدى، كۆزىنىڭ پاختىسى تېخىمۇ يوغىناپ چەكچىيىپ كەتتى. لېكىن، ھاشى قوتاز ئارۇپ ئەپەندىنىڭ

ئەلپازىدىنمۇ يامانراق تەلۋىلىك بىلەن گۇركىرىدى :

— نېمانچە ۋارقىرايسىز ، ئەپەندىم ! سىز ئىچمىسىڭىز ئىچىدىغانلار كۆرمىگ ! — ئۇ يېنىدىكىلەرگە قولىنى شىلتىدى ، — تۇرۇڭلار ، بۇ داستىخاندا ئىشىمىز تۈگىدى ، كەتتۇق !

هاشى قوتاز لوڭگىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى ، ئىككى ھەمراھىمۇ ئوپۇل - توپۇل سومكىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى ، ئۇلار خوشمۇ ئېيتماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى .

شۇ كېچە ئاروپ ئەپەندى كىرپىك قاقمىدى . بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۇستى - ئۇستىلەپ بولۇۋاتقان غەلىتە ئىشلار ئۇنى خېلى گاڭگىرىتىپ قويدى . ئۇ ئامال قىلىپ گاڭگىراشتىن قۇتۇلۇشنى ، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغا ، ئەقىدىسىگە لايىق يول تېپىپ مېڭىشنى ئويلايتتى ، لېكىن ئەقىدە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن توقۇنۇش ئۇنىڭغا قەدەمدە بىر توساق پەيدا قىلىپ ، ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاشىلا قىلىۋاتاتتى . بۇنىڭلىق بىلەن ئاروپ ئەپەندى بوشاپ قالمىدى ، هاشى قوتاز بىلەن ئاخىرىغىچە ئېلىشىشنى ، زۆرۈر تېپىلغاندا ، ئەينەن ئەھۋالنى ئاممىغا مەلۇم قىلىپ ، خەلق ساداسى پەيدا قىلىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى ، لېكىن باشلىق يەنە چاققان چىقتى ، خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ تۇرغاندەك ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى .

ھېلىقى ئىشتىن ئىككى كۈن كېيىن بىر كەچقۇرۇنلۇقى قاسىم چوڭنىڭ ئازادە پىكاپى تۇيۇقسىز ئاروپ ئەپەندىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى . ئاروپ ئەپەندىنىڭ كۆڭلى يەنە بىر شۇملۇقنى سەزدى . لېكىن ، بۈگۈن باشلىقنىڭ چىرايى ئوچۇق ، سۆزلىرى يېقىملىق ئىدى . ئۇ ئاروپ ئەپەندىنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىق ئۆزرە بىلەن رەت قىلدى :

— بۈگۈنچە ئۆيىڭىزگە كىرمەي ، ئايرىم بىر كېلىپ مۇڭدىشىش نىيىتىم بار . ھازىر سىزنى باشقا بىر يەرگە ئېلىپ بارماقچىمەن ...

— نەگە؟ — ئارۇپ ئەپەندىمۇ تۇزۇت بىلەن سورىدى.
— بارغاندا بىلىسىز، قېنى، ماشىنىغا چىقىڭ...
— قانداق بولار؟ ...، — ئارۇپ ئەپەندى ئىككىلەندى.
— ھەي... سىزنىڭ شۇ كاجلىقىڭىز... بولدى، ماشىنىغا چىقىڭ، — دېدى قاسىم چوڭ ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ، — ئىشقىلىپ، مېنىڭ ئارقامدىن ماڭسىڭىز زىيان تارتمايسىز،
ئارۇپ ئەپەندى...
ئارۇپ ئەپەندى ئىلاجسىز ماشىنىغا چىقتى، قاسىم چوڭ يول بويى تولىمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن سۆزلەپ ماڭدى. لېكىن، بۇ گەپلەر ئارۇپ ئەپەندىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ، كىملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلىپ بىئارام بولۇۋاتاتتى...
ئويلىغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ئۇلارنى ئايۋان ـ سارايلىق چوڭ قورۇنىڭ ئالدىدا ھاشى قوتاز كۈتۈۋالدى.
— مانا، مانا... بۇ ئىشىڭىز جايىدا بولدى، ئارۇپ ئەپەندى، — دېدى ئۇ يىراقتىنلا قول سوزۇپ كېلىپ، — پەيغەمبەرنىڭ ئۇممەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىر تۇغقان دېيىشىدۇ، بىز ئازارلىشىپ نەگە باراتتۇق؟ ... قېنى، ئۆيگە كىرەيلى...
ئارۇپ ئەپەندى تۇرۇپلا قالدى، كاللىسىمۇ تورمۇزلانغاندەك بىر دەقىقە ئىشلىمەي قويدى. ئۇ ئەمدى ئارقىغا يانالمايتتى. شۇ پەيت ئۇنىڭ كۆڭلىدىن، بۇنىڭ ھەممىسى باشلىقنىڭ ھەم مۇداپىئە، ھەم ھۇجۇم ئۇچۇن قىلىنغان يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇشىكەن، دېگەن ئوي غىللىدە ئۆتۈپ كەتتى...
ئۇلار ھويلىغا كىردى، ئىككى يۈز ۋاتلىق لامپۇچكا يېقىلغان گۈللۈك ھويلا كۈندۈزدەك چاراقلاپ تۇراتتى. ئۇلار پۈتۈنلەي ئويما ـ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ئازادە پېشايۋاندىن ئۆتۈپ، ئاستى تاختايلىق مېھمانخانىغا كىردى، مېھمانخانىنىڭ رەڭلىك ئاسما چىراغلار چاقناپ تۇرغان تورۇسىدىن باشقا ھەممە يېرى

قىپقىزىل زىلچا ـ گىلەملەر بىلەن پۈركەنگەنىدى . گىلەملەرنىڭ ئۈستىگە يەنە تام ياقىلىتىپ ، ئىتالىيە نۇسخىلىق كرېسلودىن ئۇن نەچچىسى قويۇلغانىدى .

ئارۇپ ئەپەندى ھەممىگە سەپسالدى ، سەپسالغانسېرى كۆز ئالدىدا باشقىچە بىر دۇنيا — خۇددى پادىشاھلارنىڭ ئوردىسىدەك سەلتەنەتلىك بىر قەسىر نامايان بولغاندەك بولدى ...

قاسىم چوڭنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھويلىدا ، مەنزەردە ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ پاراڭغا چۈشكەن باشقا مېھمانلارمۇ دەرھال باشلىقنى ئىقتىدا قىلىپ مېھمانخانىغا يىغىلدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇ يۇرتنىڭ بىر قىسىم ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن كەلگەن بىر نەچچە ياش چوكان ۋە يەنە ئۈچ سازەندە بار ئىدى . خېلى ئۇزاق سوزۇلغان سالام ـ سەھەتتىن كېيىن داستىخان سېلىندى ، داستىخان ناھايىتى مول ئىدى . ئۆز رېتى بىلەن كىرىپ ـ چىقىۋاتقان تائاملارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى . ئەڭ چوڭى تونۇردا پىشۇرۇلغان پاقلاندىن تارتىپ ، ئەڭ كىچىكى كەم تېپىلىدىغان پىستىلەرگىچە داستىخاننىڭ يۈزىنى ياپقانىدى ...

ئۇزاققا قالماي ھاراق كەلتۈرۈلدى ، ئەرلەر ئۈچۈن «ماۋ. تەي» ، ئاياللار ئۈچۈن قىزىل لېنتىلىق ئۈزۈم ھاراقلىرى پاكىستانىنىڭ كۆمۈش رەڭلىك پەتنۇسى ئۈستىگە تىزىلدى . ساقىيلىقنى ھېلىقى كۈنى ئارۇپ ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بارغان ئالغاي قىلدى . بىرىنچى قەدەھ مۇشۇ سورۇننىڭ كاتتىسى قاسىم چوڭنىڭ شەرىپىگە ئىچىلدى . ئىككىنچى ، ئۈچىنچى قەدەھلەرمۇ يەنە ئۇنىڭ نامىدىن نېرى كەتمىدى ، رومكىلار بەش قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن ، ھەممەيلەن ۋاژىلداپ پاراڭغا چۈشتى : بەزىسى ، يېنىدىكى ھەمراھىغا گىرە سېلىپ ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلاتتى ؛ بەزىسى قول ئاستىدىكى كادىرلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە كۇسۇرلىشىپ سودىلىشىۋاتاتتى . پەقەت قاسىم چوڭلا كرېسلونىڭ يۆلەنچۈكىگە

قويۇلغان پەر ياستۇقنى جىمغىنە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇدۇلىدىكى بوي - تۇرقى ئىرغايدەك، قاراقۇمچاق، چىرايلىق چوكاننى ئوۋلاۋاتاتتى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ هاراق تەپتىدىن كۆزلىرى غىلايلاپ، يۈرىكى قىزىپ كەتكەنىدى، چوكانمۇ پات - پات بېشىنى كۆتۈرۈپ، خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا لەپ - لەپ قاراپ قوياتتى. جان ئالغۇچى بۇ نازاكەتلىك بېقىشلار باشلىقنىڭ هېسسىياتىنى تېخىمۇ دولقۇنلىتىۋەتتى. ئۇ ئەمدى داۋاملىق جىم ئولتۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، هاشى قوتازغا بۇيرۇق چۈشۈردى:

— داستىخىنىڭنى يىغىشتۇر، هاشى، تانسا ئوينايمىز!

داستىخان يىغىشتۇرۇلدى. سازەندىلەر سازلىرىنى قولىغا ئالدى. باشلىق ئالغاي ساقىينىڭ مېڭىپ يۈرۈپ قويۇۋاتقان هاردىقىدىن بىر رومكىنى ۋاققىدە قېقىۋېتىپ، يېنىدىكى ئارۇپ ئەپەندىگە دېدى:

— قېنى، تەييارلىنىڭ، بىر - ئىككى مەيدان تانسا ئويناپ، قاننى قىزىتايلى.

ئارۇپ ئەپەندى خىجىللىق ئارىلاش ئۆزرە ئېيتتى:

— مەن شۇنى ئۆگەنمەپتىكەنمەن، ئويىنىغاننى كۆرۈپ ئولتۇراي …

— شۇمۇ گەپمۇ؟ — دېدى قاسىم چوڭ رەنجىگەندەك قىلىپ، — بۈگۈنكى زىياپەت سىزنىڭ شەرىپىڭىزگە بولۇۋاتىدۇ جۇمۇ، ئارۇپ ئەپەندى …

ئۇنىڭ سۆزى ئاغزىدا قالدى، هېلىقى قارا قۇمچاق چوكان مەيدىسىنى كېرىپ، قەدەملىرىنى ئۇششاق ئالغىنىچە ئىرغىپ كېلىپ، ئۇنى تانسىغا تارتىپ كەتتى. ئۇلار هەۋەس بىلەن ئويناشقا باشلىدى، قاسىم چوڭ ياش چوكاننىڭ ئىنچىكە بەللىرىنى چىڭ قورۇپ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزۈن، قاپقارا ئىككى ئۆرۈمە چېچى قاسىم چوڭنىڭ تېرىلىرى بوشاپ لەشتەك بولۇپ قالغان

قولى ئۇستىدىن چۈشۈپ، تېقىمىدا سويلاپ تۇراتتى ...

ئۈچ مەيدان تانسىدىن كېيىن، كىملەرنىڭدۇر تەلىپى بىلەن قارا قۇمچاق چوكان ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ زىلۋا قەددى ـ قامىتىنى تولغاپ، نازغىتىپ، شۇنداق چىرايلىق ۋە لەۋەن ئويىندىكى، ھەممىسىنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتتى. بولۇپمۇ قاسىم چوڭ ئۇسسۇلچىنىڭ ھەربىر ئايلىنىپ كېلىپ ئۆزىگە قىلغان خۇپپىيانە خۇلقىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. شۇ پەيت مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاشى قوتاز پەيدا بولدى. ئۇ ئۇسسۇلچى چوكاننىڭ يېنىك ۋە ئەۋرىشىم پىرقىراۋاتقان شوخ ھەرىكىتىگە بىر پەس قاراپ تۇردى، كېيىن يانچۇقىدىن ئەللىك يۈەنلىك يېڭى پۇلدىن ئالتىنى شارتتىدە چىقىرىپ، ئۇسسۇلچى چوكاننىڭ بېشىدىن ئۆرىدى ۋە كۆرەڭ ئاۋازدا:

— بۇ پۇل قاسىم چوڭ ئاكامنىڭ سەدىقىسى! — دەپ ۋارقىراپ، ئۆيگە چېچىۋەتتى ...

باشلىق كۈلۈمسىرىدى، شەھۋانىي ھەۋەستىن قىسىلغان كۆزلىرى ئۇسسۇلچىغا تىكىلدى، چوكان تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ ئويناۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئاجايىپ بىر قىزىق ئىش يۈز بەردى:

باشلىق ھاراقتىن بوشىشىپ كەتكەن كېلەڭسىز گەۋدىسىنى ئۆزىگە ياراشمىغان بىر چاققانلىق بىلەن ئۆرە قىلدى ۋە يەنە شۇ ھامان لوككىدە يەرگە ئولتۇرۇپ تۆت پۇتلۇق بولدى، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا مۆجىزىلىك بىر ھالەت شەكىللەندى: باشلىق — يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، بىرنەچچە نەۋرە كۆرگەن قاسىم چوڭ بەئەينى ئېشەككە ئوخشاش تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئۆمىلىگىنىچە ئۇسسۇلچى چوكاننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ناھايىتى زەئىپ ئاۋازدا ئۇنىڭغا پىچىرلىدى:

— چىدىيالمىدىم ... قارا قۇمچىقىم ... تانسا ئوينايلى!

چوكان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە خېنە ياققان نازۇك

بارماقلىرى بىلەن باشلىقنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ يۆلەپ تۇرغۇزدى، بىرنەچچە مۇرىت ـ مۇخلىسلار «ياشا، ئۇينا! ...» دەپ قى ـ چۇ كۆتۈرۈشۈپ كەتتى.

ساز رىتىمى تانسىغا ئۆزگەردى. ئىككىسى گىرەلەشتى، بەللەر تېخىمۇ چىڭ قورۇلدى، قوللار بىر ـ بىرىگە مەھكەم كىرىشىپ كەتتى ...

شۇ پەيتتە يەنە بىر غەلىتە ئىش يۈز بەردى:

كىمدۇر بىرسى — ئېھتىمال باشلىقنىڭ ئەڭ ئىخلاسمەن، سادىق مۇرىتى بولسا كېرەك — «خىزمەت كۆرسىتىش ۋاقتى يەتتى» دەپ ئويلاپ، ئىشىك يېنىدىكى كۇنۇپكىنى تۈيدۇرماي بېسىۋەتتى، تورۇستا ساڭگىلاپ تۇرغان ھەشەمەتلىك ئاسما چىراغمۇ لاپپىدە ئۆچتى، مېھمانخانا لەھەتتەك قاراڭغۇلۇققا چۆمدى، بايىقى قى ـ چۇلار تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى، ئاشۇ ھەرخىل ئالىتاغىل ئاۋازلار ئىچىدىن يەنە كىمدۇر بىرسىنىڭ بوغۇلغان، ئاچچىقلانغان مەردانە ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى:

— نېمە قىلىق بۇ؟! چىراغنى يېقىڭلار!

چىراغ قانداق تۇيۇقسىز ئۆچكەن بولسا، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز ۋاللىدە ياندى. كىشىلەرنىڭ كۆزى ئىختىيارسىز ھالدا مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى ئىككى تانسىكەشكە چۈشتى. چۈشتى ـ يۇ، دەرھال نەزىرىنى چەتكە بۇراشتى! ...

ئارۇپ ئەپەندى خۇددى قوقاس ئۈستىگە دەسسىۋالغاندەك ئولتۇرالماي قالدى. كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئاجايىپ ـ غارايىبلاردىن ئۇنىڭ قەلبى خىرەلەشتى، كۆڭلى بۇزۇلدى، ئۆزىنى گويا ئىككى يەلكىسىگىچە پاتقاققا پېتىپ قالغاندەك ئېغىر ھېس قىلدى.

مانا، «تۆشۈك سۇدا بىلىنەر» دېگىنى شۇ ئىكەن ـ دە! ئارۇپ ئەپەندى بۇگۈن نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردى. ئاۋۇ باشلىقنىڭ ئۆز ئىشخانىسىدا گىدىيىپ ئولتۇرۇپ كىشىلەرگە گويا

دۇنيانى ئۆرۈپ - چۆرۈيدىغاندەك ئەلپازدا مۇئامىلە قىلغىنى بىلەن، بىر پاسىق ئايالنىڭ ئالدىدا قانداق ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنىمۇ كۆردى. كۆردىلا ئەمەس، بۇ باشلىقنىڭ ئابرۇي بىلەن يۈزنى قانداق تېپىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلدى.

ھەي! ... دۇنيادا قىزىق ئىشلار راستتىنمۇ كۆپ ئىكەن، بولمىسا، بۇ دۇنيا مۇنچىلىك مۇرەككەپ بولماستى! ئارۇپ ئەپەندىنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنى بىر ھېسابتا ياخشى بوپتۇ، كەلمىگەن بولسا، بۇنچىلىك ئەقىل ۋە ھەقىقەتنى نەدىن تاپاتتى!؟ ...

قايتىدىغان چاغدا، باشلىق ئارۇپ ئەپەندىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى، مەستلىككە تاقاپ ئۇياقتىن - بۇياقتىن گەپ قىلىپ، ئاخىرىدا ئاللاھىدە تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق دېدى:

— مانا كۆردىڭىز، ئارۇپ ئەپەندى، ئۇلپەتچىلىك ياخشى ئىش، كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول چىقىدۇ، سىز بىلەن تېخى ئۇزاق يىل بىللە ياشايمىز، ھەمكارلاشمىساق بولمايدۇ، سىز بىزگە تايىنىسىز، بىز سىزنى قوللايمىز، ئىشقىلىپ، بىزنىڭ ئارىمىزدا: «قۇرغۇي قۇشقاچنى ماراپ بولغۇچە، مۇشۇك تۇتۇپ يەپ بوپتۇ» دېگەندەك ئىشلارنىڭ بولۇپ قېلىشىنى مەن خالىمايمەن. ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇنىڭدىكى ئاساسىي ھالقا يەنە سىزدە! ...

ئارۇپ ئەپەندى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى، كۆڭلىدە ئويلاپ تۇرغان گېپىنى پوسۇقىدە ئېيتىۋەتتى:

— يولداش قاسىم چوڭ، بۇ گېپىڭىز بىلەن بۈگۈنكى قىلىقىڭىز بىرىنچىدىن ئەرلىك چىرايىڭىزغا، ئىككىنچىدىن پارتىيەلىك خىسلىتىڭىزگە ماس كەلمەي قالدى!

ئۇ شۇ گەپنى قىلدى - دە، ئارقىغىمۇ قارىماي پىيادە مېڭىپ كەتتى. قاسىم چوڭ تۇرغان ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. شۇ گەپ بىلەن ئۇنىڭ مەستلىكىمۇ يېشىلىپ كەتتى، قاراڭغۇ بولغاچقا، چىرايىنىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى ھېچكىم

كۆرمىدى . پەقەت چىشىنىڭ غۇچۇرلىشىلا ئىنىق ئاڭلىنىپ تۇ-راتتى . ئۇ ھېلىقى قارا قۇمچاق چوكان يېنىغا كېلىپ قولتۇقى-دىن ئالغاندىلا ئېسىگە كەلدى ...

*　　*　　*

ئاغىنەم شۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى ، چوڭقۇر بىر ئىچكى ئازابتىن پات - پات ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئۇھسىناتتى .

ئۇ خېلىدىن بېرى ئىچىلمەي تۇرغان ئاخىرقى رومكىنى بىرلا تىنىقتا ئىچىۋېتىپ قويۇپ قويدى :

— ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئۆزۈڭگە مەلۇم ئاداش ، تەق-دىرىم ھېلىقى ھاشى قوتاز دېگەندەك بولدى ... ئىشنى ئەمدى باشلاي دەپ تۇراتتىم ، ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلدى . ئۇنىڭغا ئې-چىنمايمەن ، مەنسەپ دېگەن نامازدىگەرنىڭ ئاپتىپىغا ئوخشاش نەرسە ، ھەممە ئادەمدىن قالىدۇ ، لېكىن ئېچىنىدىغىنىم ، بەزى ھوقۇقدارلارنىڭ قولىدا ئادەم ئۇچۇن ئەڭ كېرەكلىك بولغان پاكلىق ، راستچىللىق ، سەمىمىيلىككە ئوخشاش پەزىلەتلەرنىڭ خالىغانچە ئاياغ - ئاستى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى ! ...

ئاغىنەم يەنە بىر قېتىم «ئۇھ » تارتتى ، ئاچچىق بىر ھەس-رەت- پىغان ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەپ چىقىۋاتاتتى ، شۇ چاغ قۇلىقىمغا شەيخ سەئدىنىڭ : «ئوت قول شۇنچە كۆپ ئارتۇق-چىلىققا ئىگە تۇرۇقلۇق ، ئەڭ ئەتىۋار ، قىممەت باھالىق ئۈزۈك-نىڭ چەپ قولغا سېلىنغىنىغا ئوخشاش ، پەزىلەت ئىگىلىرى ھە-مىشە مەھكۇملۇقتا ئۆتىدۇ ... » دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى .

شۇنداق ، تۇرمۇشتا ۋىجدان بىلەن ياشاشنى ئويلىغان سەمى-مىي ئادەملەرنىڭ ، كۆڭلىدە قارىلىق يوق ، پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ بەزىدە زىيارەت چېكىپ قېلىشى بولۇپ تۇرىدىغان ئىش . بۇمۇ

خۇددى ناغرىنىڭ گۈمبۈرلىشى تەمبۇرنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاتقۇزمىغاندەك بىر ئىش ، لېكىن بىر نەرسە ئېنىقكى كىشىلەر هامان بىر كۈنى ناغرىنىڭ گۈمبۈرلىشىدىن بىزار بولىدۇ ؛ سامساقنىڭ پۇرىقىدىن كۆڭلى ئاينىيدۇ ، ئۇلار تەمبۇرنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ، ئىپارنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى سېغىنماي قالمايدۇ ! ...

ئاغىنەم خىيال بىلەن ئېغىرلاشقان بېشىنى ئاستا كۆتۈردى . مەن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بايىقىدىن خېلى ئېچىلىپ قالغانلىقىنى ، دۇگىلەك كۆزلىرىنىڭمۇ خېلى نۇرلىنىپ ، پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم . ئۇنىڭ كۆكسى ـ قارنى راستتىنلا بوشاپ قالغاندەك قىلاتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە مەن بىلەن خوشلاشماقچى بولۇپ قولىنى سوزدى :

— خوش ، كەتتىم ئاداش ... جېنىمىز ئېسەن بولسا ، تېخى نى ـ نى ئىشلارنى كۆرىمىز ، ھايات يولى ئۇزاق ، ئادەم ئۆمرىدە بىر قېتىم بولسىمۇ ، كۆڭلى قانغۇدەك ئويۇن كۆرمەي قالمايدۇ !

ئۇ ئىشىككە ماڭدى ، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئاغزىمنى ئۆمەللەپ قالدىم . ئاخىرقى گەپلىرى ئۇنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە قىلغان تەسەللىسى ئىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ ھەسرىتى يوللۇق ! ئۇ نەچچە يىللىق پارتىيە ستاژىغا ئىگە ، ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي بىر كادىرنىڭ ئۆز ۋىجدانى ، ئەقىدىسى ، يولى بويىچە ئىشلەيمەن دەپ ، ئىشلىيەلمەي ، ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قېلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ ؟ !

بۇ خۇددى قايسىبىر دانىشمەننىڭ «لالما توڭگۇزلار كۆرپىدە ئۇخلايدۇ ، ئەقىل ئىگىلىرى توپا ئۇستىدە» دېگىنىدەك بىر ئىش ئەمەسمۇ ؟ ! ...

1989 ـ يىلى يانۋار ، ئۈرۈمچى

# ئالۋاستىغا يولۇققان ئادەم

«… مەنمۇ ‹سىم ـ سىم ، ئىشىكنى ئاچ ! › دەپ باقايمۇ ، ئۇ هالدا قانداق بولار ؟ — ئۇ مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ، — ئىشىك ئېچىلارمۇ ـ ئېچىلماسمۇ ؟ بىر سىناپ باقاي ! — ئۇ غەيرەتلىنىپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى ، ئاندىن كېيىن ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن : ‹سىم ـ سىم ، ئىشىكنى ئاچ ! › دەپ تووۋلىدى ، ئىشىك شۇئان ئېچىلدى …»

— «مىڭ بىر كېچە» دىن

**1**

ئۇ سۆگەتچىنى نەم يەرگە يېقىپ ئۇزاندى ، چاناقلىرى چوڭقۇر چار كۆزىنى يېرىم ـ يارتا يۇمۇپ خىيالغا چۈشتى . يوپۇرماقلىرى پىتلىنىپ ، شاخلىرى يىگلەپ قالغان بۇ كاداڭ سېدىنىڭ ئاستى ئۇنىڭ دائىملىق «خىيالخانىسى» ئىدى . ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن يوپۇرماقلار ئارىسىدا سەگىدەپ ياتقان قۇشقاچلارمۇ پۇرۇلداپ ئۇچۇپ كەتتى . هەر كۈنى بۇ يەرگە بىر قېتىم كېلىش ، سېدە ئاستىدا راهەتلىنىپ يېتىش ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خىيال سۈرۈش ئۇنىڭغا ئۇدۇم بولۇپ قالغانىدى . ئۇ زادى نېمىلەرنى خىيال قىلىدۇ ؟

ئۇ رەسمىي خىيالغا چۈشكەندە ، سىرتتىن قارىغان كىشى ئۇنىڭ قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلۈپ ، ماڭلىيىدا قات ـ قات قورۇقلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا ، كۆزلىرىنى دانالارچە قىسىپ ، لەۋلىرىنى سىرلىق مىدىرلىتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ، بەلكىم ئۇلۇغ ۋە مۈشكۈل ئىشلار توغرىسىدا تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈۋېتىپتۇ ، دەپ

قىلىشى مۇمكىن . لېكىن ، ئەمەلىيەتتە ، ئۇنىڭ خىيالى ئۆچكە-نىڭ جاڭگال ، توخۇنىڭ داڭگال چۇشىگىنىدەكلا بىر ئىش ئىدى . مۇشۇنداق باش - ئۇچى يوق خىيال بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيناپ ، ئاغزىدىن سېرىق سۇ ئاقاتتى ...

بۇگۈن ئۇ نېمىنى خىيال قىلىشنى ئويلاپ يەتكۈچە ئارىلىقتا خىيالى بۇزۇلدى . بىر مەھەللىلىك تەڭتۇشى قاسىم ساقال يىراق-تىنلا گەپ قىلىپ كەلدى :

— ئابلا ، يۆگىمەچ قۇرتتەك يەنە تۈگۈلۈپ ياتتىڭمۇ ئاداش ؟ مۇنداق يېتىۋەرمە ، دېھقانلاردا :

«نېمانچە ياتىسىز يارىم ،
ياز كەتكەن بىلەن قىش بار .
سايىدا ياتقان بىلەن ،
تۈلۈم تۇغىدىغان ئىش بار .»

دېگەن بىر نەقلى بار . يازدا يېتىۋېرىپ ، قىشتا ھەرەج تارتىپ قالمىغىن يەنە !

قاسىم ساقال بېشىغا مەللە رەڭ قىرغىز قالپىقى كىيىۋالغا-نىدى . قالپىقىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن مايلاشقان كۆك شايى دوپپى-سىنىڭ بىر بۇرجىكى چىقىپ تۇراتتى . ئۇ ئابلانىڭ يېنىدا ئول-تۇرماقچى بولدى - يۇ ، لېكىن غەرىبكە قىيسايغان بولسىمۇ ، يەنىلا يېلىنجاپ تۇرغان كۈنگە قاراپ قويۇپ ، ئولتۇرۇشتىن يال-تايدى .

— قانداق ، بىرەرنى چېكەمسەن ؟ — دېدى ئۇ چىلان ياغىچى-دىن ئويۇپ ياسىۋالغان ئازادە تاماكا قۇتىسىنى ئۇزىتىپ .

ئابلا چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ، قاسىم ساقالنىڭ گېپى ، بو-لۇپمۇ ھېلىقى قوشىقى ئۇنىڭ زىتىغا تەگكەنىدى .

— ئۆزۈڭ چەك ! — دېدى ئۇ قولىنى قوپال سىلكىپ ، —

ياتسام مەن ياتتىم ، ساڭا نېمە دەز كەتتى ؟ ! تۇلۇم تۇغىدىغانلار بولسا تۇغىۋەرسۇن ، ساڭا ئوخشاش كىندىك ئانىلىرى ئازمىتى بۇ يەردە !

قاسىم ساقال كۈلۈپ كەتتى . كۆلكىدىن بەدىنى سىلكىنىپ ، ئەمدىلا ئوراشقا باشلىغان تاماكىسىمۇ چېچىلىپ كەتتى . ئابلا ھەيران بولغىنىدىن كۆزىنى مىت قىلماي قاراپ قالدى . ئۇ ئەسلىدە : «تازا بابلىدىم ، قاسىم ئەمدى چىچاڭشىيدۇ » دەپ ئويلىغانىدى .

— تۇغىدىغانلار بولسا ، كىندىك ئانىسى مەن بولىمەن ئابلا ، — دېدى ئۇ كۈلكىدىن توختاپ ، — تۇغۇتنىڭ ئۆزى ئامەت . ئۆز ۋاقتىدا دەرد ـ ئەلەمدىن بوغاز بولساقمۇ تۇغۇلماي يۈردۇق ئەمەسمۇ ؟ ! — ئۇ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر شوردى ، كېيىن ئاۋازىنى سەل جىددىيلەشتۈرۈپ داۋام قىلدى ، — ئابلا ، ئادەم بۇ دۇنيادا تاپقان دەپپى ـ دۇنياسىنى ئۇ دۇنياغا يۆكلەپ كېتەلمەيدۇ . ئادەم دۇنياغا يالىڭاچ كېلىپ ، يەنە يالىڭاچ كېتىدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭ ئېلىپ كېتىدىغىنى بىرلا نام — ياخشى ياكى يامان ! سەن ئويلاپ باق ئاداش ، دەرەخنىڭ سايىسىدا يېتىپ شاھانە خىيال سۈرگەن بىلەن تاج ـ دۆلەت ئالدىڭغا كەلمەيدۇ . بۈگۈنكى كۈندە يېزىمىزنىڭ توپىسى ئالتۇن ، سۈيى كۈمۈش بولغاندا بەل تاشلىۋەتسەك بولماس ! ...

— مۇشۇ يەرلەرنىڭ توپىسى ئالتۇن ، سۈيى كۈمۈشما ؟ ! — ئابلا بېشىنى يېرىم كۆتۈرۈپ ئالدى تەرەپتە يېيىلىپ ياتقان بىر سىرىم تېتىرلىقنى ئىشارە قىلدى ، — بۇ يەرلەر مېنىڭ يىلىكىمىنى شوراپ ، دىۋانە قىلىۋەتتى !

— ئەمىسە ، باي بولغۇڭ بارمۇ ؟ — سورىدى قاسىم ساقال بىر خىل ھېسداشلىق تەلەپپۇزىدا ، — باي بولغۇڭ بولسا ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ چۈشەپ نېمە قىلىسەن ؟ ھازىر جاھاندارچىلىقنىڭ يولى كەڭرى ، ئېپىنى تاپساڭ ھايۋانىڭمۇ ئۈستى ئۇلاغ ،

ئاستى بۇلاق بولىدۇ ، تىجارەتمۇ ئىمام ئەزەمنىڭ يولى ، ھالاللىق بىلەن تۆت - بەش تەڭگە تېپىپ يېيىش يوللۇق ! ...

ئابلا يالغاندىن كۆزىنى يۇمۇپ ، ئۇ تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى . قاسىم ساقالنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا ئانچە ياقمىغانىدى . بۇ گەپلەرنى ئۇ «دوستانە مەسلىھەت» دەپ چۈشىنىشتىن كۆرە ، «قاسىم ئۆزىنى كۆرسىتىپ ، داغۋازلىق قىلىۋاتىدۇ ...» دەپ ئويلايتتى . شۇڭا ، قاسىمغا قارىماستىن تەنە ئارىلاش غۇدۇرىدى :

— تۆت تەڭگە پۇل تېپىپ بۇنچە كۆرەڭلەپ كەتمە ، بۇرادەر ! ھەركىمنىڭ ئېغىرىنى ئۆزىنىڭ ئىككى پۇتى كۆتۈرىدۇ . «سەندە تۇرماس بۇ دۆلەت ، مەندە تۇرماس بۇ مەينەت» دېگەندەك ، بۇ جاھان ئۆتنە - يېرىم جاھان !

«ئورۇق قوينىڭ مايىغى چوڭ» دېگەندەك ، يەنىلا ئابلانىڭ گېپى يوغان ئىدى . قاسىم ساقال ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئېغىر ئالمىدى ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ، ئاچچىق يۇتقان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن تاتلىق گەپلەرنىڭ چىقىشى ناتايىن ئىدى . ئۇ تاماكىسىنى ئاخىرقى قېتىم بىر شورىۋېلىپ ، ئارقىغا بۇرۇلدى ۋە كېتىۋېتىپ يەنە شۇ كۆڭۈلچەكلىكى بىلەن ئەسكەرتىپ قويدى :

— ئوبدانراق ئويلاپ باق ئاداش ، تۇرمۇش بېلى بوشلارنى ياقتۇرمايدۇ ! ... ئىچىڭ پۇشسا قومۇشلۇققا بارغىن ، بېلىق كاۋىپى قىلىپ بېرىمەن .

قاسىم ساقالنىڭ ئاياغ تىۋىشى يىراقلاشقاندىن كېيىن ، ئابلا لىككىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گۆلىيىپ قارىدى :

— ھەي ! ... مەن كىم ، سەن كىم ؟ ! — دېدى ئۆزىلا ئاڭلىغۇدەك غودۇڭشىپ ، — سەن قومۇشلۇقتا بېلىق بېقىپ پۇل تاپتىم دېگەنبىلەن ، يەنە سېنى ئېشەككە تەتۈر مىنگۈزۈپ يەتتە كۈن سازايى قىلسىمۇ ، ھېچكىم سېنىڭ كىملىكىڭنى بىلمەيدۇ ، مېنىچۇ ؟ مېنى گىرىم بىلەن ياساپ چىقسىمۇ كىشىلەر يەتتە

قەدەم يەردىن تونۇۋېلىپ تەزىم قىلىدۇ ! ...

بۇ ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە قىلىۋاتقان تەسەللىسى ئىدى ، ئۇ ئەزەلدىن «تەلۋە تۆرنى بەرمەپتۇ» دېگەندەك ، ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىغان ئادەم ئىدى ...

ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى پۈتۈن پاجىئەمۇ مانا شۇ روھىي زەئىپ-لىكىدىن كېلىۋاتاتتى . بولمىسا ، يەتتە ئەزانىڭ سايپاق قىران ياشلىق بىر ئەرنىڭ «ھەممە يەردىن ياغ تەپچىرەپ ، دېھقانلار ئايروپىلان سېتىۋالدى» دېگەن خەۋەرلەر پۈتۈن ئەلگە پۇر كەتكەن بۇگۈنكى كۈندىمۇ ، «ئىتتىن سۆڭەككە ، چاشقاندىن كېپەككە قەرزدار» بولۇپ يۈرۈشى زادىلا ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئىدى . دەرۋەقە ، ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك ، گىرىم قىلىپ قويسىمۇ ھەم-مە ئادەم يىراقتىنلا تونۇۋالىدىغان ئامەتلىك ۋاقىتلىرى بولغان . ئۇ چاغلاردا ئۇ ، ئاغزىنىڭ يېلى بىلەنلا ھەممىدىن ئۈستۈن دارا-مەت ئالاتتى . ئاش - ناندىن ، كىيىم - كېچەكتىن غېمى يوق ئىدى ، ئۇنىڭ ئىسمى پۈتۈن گۇڭشې بويىچە نامدار «قىزىل تەشۋىقاتچى» ئىدى . ئۇ ئون سەككىز يېشىدىن يىگىرمە بەش يېشىغىچە ئىزچىل «ئۈزۈندە» تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى . ئۈچ يۈز ئاتمىش پارچە ئۈزۈندىنى يەتتە يىلغىچە يادقا خاتاسىز ئوقۇپ ، قاتلامىمۇ قاتلام مۇكاپاتقا ئېرىشتى . ماختاش ، ئۇچۇرۇشلار ئۇنىڭ-غا ئىلھام بولدى ، ئۇ ئەمدى تېخىمۇ ساز ۋە ياڭراق ئوقۇيمەن دەپ ، سېرىق ئېتىنى يىرتىپ قويدى ، شۇنىڭ بىلەن كىچىك ئوپېراتسىيىگىمۇ چۈشۈپ چىقتى . لېكىن ، ئۇنىڭ جاپا - مۇشەق-قەتسىز ، قۇلاي تۇرمۇشى ئۇزۇلۇكسىز داۋام قىلالماي قالدى . بىردىنلا ھايات ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ ، يەرلەر شەخسلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى . ئەل قاتارىدا ئۇنىڭغىمۇ بىر پارچە يەر بۆلۈپ بېرىلدى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇزۇككىنە ئۇلاغ - ئىلمىكىمۇ ، ئىشقا يارايدىغان ئوغۇل - قىزىمۇ يوق ئىدى . يەنىلا دېھقانلار ئەسقاتتى ، بىرىنچى يىلى مەھەللىدىكىلەر ئولاش - چولاش

كېلىپ ، ئەتىيازدا تېرىشىپ ، كۈزدە يىغىشىپ بەردى . ئىككىنچى يىلىمۇ يەنە ئۇنى ئازراق ئەتلىنىۋالسۇن دەپ ، «هە ـ هۇ » دېيىشتى . ئۇ چاغدا ، ئۇ گەرچە بۇرۇنقىدەك قىر بېشىغا چىقىۋېلىپ ، كاناي بىلەن «ئۇزۇندە» ئوقۇمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆز يېرىگە ئەل قاتارىدا بەدىنىدىن بۇژژىدە تەر چىققۇدەك ئىشلەپ باقمىدى . دېهقانلار ئۇنىڭ ئىش خۇشياقماس ، هارامزادىلىكىنى بىلىپ قالدى ، دېهقان خەق ئۈچۈن شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى . «بەچچىغەر ! — دېيىشتى ئۇلار بىزار بولۇپ ، — گەپ قىلىڭ دېسە ، ئۇ تاغنى ئەكېلىپ بۇ تاغقا ئۇرىدۇ ، ئىش قىلىڭ دېسە ، بىر كەتمەننى ئەپلەپ چاپالمايدۇ . تىرىكتاپ ئىكەنغۇ بۇ ! ئەمدى نېمە قىلسا ئۆزى قىلسۇن ! ... »

شۇنىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ يەرلىرىنى ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتتى . بىر ئوبدان مۇنبەت يەر بىرنەچچە يىلغا قالماي بەئەينى ئەيلەنگەن تېرىدەك ، تېتىرلىققا ئايلىنىپ قالدى . لېكىن ، ئابلا يەنە ياشاۋەردى ، «ئاغزى ئوچۇق ئاچ قالماس» دېگەندەك ، خوتۇنىنىڭ ئائىلىسىگە ۋە يېزىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان باياشاتلىققا تايىنىپ جېنىنى قامداپ كەتتى . لېكىن ، دېهقانلار ئەمدى ئۇنى بۇرۇنقىدەك ئەتىۋارلاپ «ئابلاجان» دېيىشنىڭ ئورنىغا ، قىلچە ئايانمايلا «ئابلا كاشال» دەپ ئاتايدىغان بولدى ...

ئابلانىڭ بابا قاسىم ساقال بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقىتتىكى ئەلپازى ئۇزاققا بارمىدى . ئۇ كۆزلىرىنى يېرىم ـ يارتا يۇمۇپ ، رەسمىي خىيالغا كىرىشكەن چېغىدا ، قاسىمنىڭ گېپىنى قايتا ئويلاپ قالدى .

«ساقال نېمە دېدى ! ؟ ... تىجارەت ... ئىمام ئەزەمنىڭ يولى ... ، — ئۇنىڭ داتلىشىپ قالغان كاللىسى سەل ـ پەل قىتلىنىشقا باشلىدى ، — ‹پۇچۇق يارماق يەردە قالماس › دېگەندەك ، خۇدايىم بىزنىڭ رىزقىمىزنى شۇ يولغا سالغانمۇ

قانداق ؟ ··· دۇرۇس ، «بازارغا چىق ، بەختىڭدىن كۆر ، دېگەن گەپمۇ بارغۇ ! ··· »

## 2

ئابلا كاشال ئەمدىلا ئوتتۇز ئالتە ـ ئوتتۇز يەتتە ياشلارغا كىرگەن بولسىمۇ ، كىيىم كېيىشتىكى سالپا ـ سۇلپاڭلىقى بىلەن روھىي جەھەتتىكى زەئىپ ، بوشاڭلىقى ئۇنى خېلىلا قېرى ھەم ئازغىن كۆرسىتەتتى . لېكىن ، ئۇ بۈگۈن بىردىنلا تېتىكلە- شىپ قالدى . چۇپۇرلىشىپ كەتكەن چاچ ـ ساقاللىرىنى قىردۇ- رۇپ ، ئۆتكەن يىلى قېيناتىسى ھېيتلىق تىككۈزۈپ بەرگەن ئال- دى ئوچۇق خەسە كۆڭلىكىنى كىيدى ، بېلىغا بىر غۇلاچ بوغقۇچ- نى باغلاپ ئەتىگەندىلا بازارغا ماڭدى .

بۈگۈن بازار كۈنى ئىدى . بازارچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن يېزا يوللىرى دەريادەك تەۋرىنەتتى . ئابلا كاشالنىڭ ھېچقانداق زۆرۈر سودا ـ سېتىقى بولمىسىمۇ ، بازار كۆرۈش نىيىتىدىلا ئەنە شۇ غولغۇن بىلەن بىللە ئالدىراش كېتىۋاتاتتى .

ئۇ بۈگۈن ماگىزىنلارغا كىرمىدى ، سەپسىز ئەركىن بازار- لارنى ئارىلىدى . دەسلەپ يايمىچى ، گەزمالچى ، مىلىچ مالچىلارنى كۆرەك قىلدى ، ئاندىن مال بازىرىغا باردى . مال بازىرى قىزىپ كەتكەنىدى . بۇ يەردە ئات ـ تۆگىدىن تارتىپ قوي ـ ئۆچكىگىچە ئېلىپ ـ سېتىلىۋاتاتتى . ئابلا كاشال ئاچچىق چاڭ ـ توزان قاپلىغان بازارنى ئېرىنمەي ، ئالا قويماي ئايلاندى . ئۇنىڭ بۈگۈن- كى مەقسىتى بازار كۆرۈش ئارقىلىق تىجارەتنىڭ كۆزىنى تېپىش ئىدى . مال بازىرى ئاخىر ئۇنىڭ مەيلىنى تارتتى . بولۇپمۇ ئېشەك سودىسىغا بېرىلىپ كەتكەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر بېدىك ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى . ئۇ تولىمۇ ھۆسلى سۆلكەتلىك ، شەرەنداز ئادەم كۆرۈنەتتى . ئۇ ئىچكىرىدىن چىققان ئىككى ـ ئۈچ خەنزۇ

ھاجەتمەنلەرگە نەدىكى قېرى، ئاجىز ئېشەكلەرنى چالا - بۇلا گەپلەر بىلەن ماختاپ، سودىدا كېلىشتۇرۇۋاتاتتى. ئابلا كاشال ئۇنىڭ ئەپچىل ھەم قۇۋلۇقىغا ھەيران قالدى. ئۇ يېرىم سائەت ئىچىدە، ئىشتىن چىققان ئېشەكتىن بەش - ئالتىنى خەنزۇلارغا سودا قىلىپ، ئوتتۇرىدىن بىرمۇنچە شېرىنكانىنى ئالغانىدى. بۇ يەردە ئابلا كاشالنى قىزىقتۇرغىنى، ھېلىقى ئۆلەرمەن، قوتۇر ئېشەكلەرنىڭ بىرمۇنچە پۇلغا يارىغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر جىن كىردى، ئۇ ھېلىقى بېدىكنىڭ يېشىدىن تارتىپ، ئۆزىـ گە بىرەر ئېشەك سودا قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەي بېدىك سايراپ كەتتى:

— مانا، مانا ··· ئېشەك ئەمەس، دۇلدۇل دېسىلە، — دېدى ئۇ سۆڭگەكچى لىڭگىرچاقتەك چىقىپ قالغان قېرى بىر چامبۇلنى ئابلا كاشالنىڭ ئالدىغا تارتىپ، — خۇدا بۇيرۇسا، ئون چارەك يۈكنىڭ ئۈستىدە سىلىنى كۆتۈرۈپ، يەمەندىن يەسەرگىچە بارالايـ دۇ ···

— خوش ··· پۇلچۇ؟ — سورىدى ئابلا كاشال ئېشەككە قىزىققاندەك قىياپەتتە.

— خۇدا بۇيرۇسا، بۇنىڭدىمۇ كېلىشىپ قالىمىز ···، — دېدى بېدىك ۋە ئېشەكنىڭ ئىگىسى بىلەن چاقماق تېزلىكىدە كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئابلا كاشالنىڭ قولىنى ئالىقىـ نىغا ئېلىپ، باشمالتىقى بىلەن چىمچىلاق قولىنى ئايرىپ قىسـ تى. ئابلا كاشال بۇنىڭ مەنىسىنى دەرھال چۈشەندى. باھا بىر يۈز ئەللىك يۈەن بولغانىدى.

— تەڭ خەجلىسەك قانداق؟ — دېدى ئابلا كاشال چاققانلىق بىلەن بېدىكنىڭ ئۈچ بارمىقىنى قىسىپ.

— كەم بولا! — بېدىكنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە غايىب بولـ دى، — دېھقان بولغىنىڭ بىلەن مال تونۇيدىكەنسەن، ئاغىنە، خۇدا بۇيرۇسا مۇشۇ بازاردىكى ئېشەكلەرنىڭ كۆزى بۇ دېگىنە!

بىر يېرىم توقماقتىن بىر سىنت كەم بولمايدۇ ...
مانا شۇ غەيرىي رەسمىي سودا ئىككىسىنى تونۇشتۇرۇپ قويدى . ئۇلار سودا ـ سېتىق پەسىيىپ ، ئادەملەر سىيلىكىشكە باشلىغاندا ، مال بازىرىنىڭ بىر چېتىدىكى چايخانىدا ئولتۇرۇپ سىرداشتى . ئۇزاق مۇڭداشقاندىن كېيىن ، ئابلا كاشال كۆڭلىگە پۈككەن بىر خىيالنى ئېيتتى :
— هاشىم ئاكا ، راستىنى ئېيتسام ، بۈگۈن مەن بازار كۆرگىلى كەلگەن ، هېلىقىدەك ئىشەكلەردىن مەندە بەش ـ ئالتىسى بار ، بىرلىكتە سۇ قىلساق دەيمەن .
بۇ گەپ هاشىم بېدىككە ياغدەك ياقتى ، ئۇ قولىدىكى ساللاتچە ئورالغان تاماكىسىنى كۈچەپ بىر شورىۋېتىپ ، مەيدىسىگە ئۇردى :
— چاتاق يوق ئۇكام ، خۇدا بۇيرۇسا كۆڭۈلدىكىدەك سۇ قىلىمىز . بازار دېگەن خاماندەكلا بىر نەرسە ، ئېپىنى تېپىۋالساڭ ، زادىلا رىزقىڭ توگىمەيدۇ . هازىر ئىچكىرىدىن چىققان خېرىدارلار كۆپ ، ئىشەكلىرىڭ نەدە ؟
ئابلا كاشال تومتاقلا جاۋاب بەردى :
— بار ، ئۆيدە ، يىراق ئەمەس ...
لېكىن ، ئۇ هاشىم بېدىكتىن كۆڭلىگە پۈككەن خىيالىنىڭ يېرىمىنى يوشۇردى . ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىشەك توگۇل ، هالالغا توخۇ ، هارامغا مۇشۇكمۇ يوق ئىدى . بايا ئۇ هاشىم بېدىك پۇل قىلىپ بەرگەن ئىشەكلەرگە قاراپ ، يېزىسىدىكى بىر ئەهۋالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى . ئۇنىڭ يېزىسىدا بايىقىدەك ئۆلەرمەن ، قوتۇر ئىشەكلەر ئازاد قىلىنىپ جاڭگالغا قويۇپ بېرىلەتتى . بۇ جانىۋارلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئەنە شۇ كەڭرى ، خىلۋەت جاڭگالدا ئىگە ـ چاقىسىز ، خىرامان ئۆتكۈزەتتى ...
— خۇدا بۇيرۇسا ، كېلەر بازار كۈنى ئىشەكلىرىڭنى ئەپكەل ئۇكام ، — دېدى هاشىم بېدىك ئورنىدىن تۇرۇپ ، — مەن سېنى

مۇشۇ چايخانىدا ساقلايمەن . خۇدا بۇيرۇسا ، سودىمىزغا ئىمام ئەزەم مەدەت بولىدۇ ...

ئۇلار كونا قەدىناسلاردەك دولا قىقىشىپ خوشلاشتى .

## 3

ئابلا كاشال ئىككى كۈن جاڭگال كەزدى . ھەر ھالدا ئەجرى بىكار كەتمىدى ، ئىككىنچى كۈنى كەچتە ئۈچ ئېشەكنى ھەيدەپ كەلدى . ئېشەكلەر بىر - بىرىدىن قىلىشقۇسىز قېرى ، قوتۇر ، رودۇپاي ئىدى . شۇغىنىسى ، جاڭگالدا نوختىسىز ئوتلاپ ، ئېغىناپ يۇرگەچكە ، بەزىلىرى تۈك تاشلاپ پارقىراپ قالغان ، بەزىلىرى يېغىردىن قۇتۇلۇپ شوخلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى .

ئابلا كاشال ئۈچ ئېشەكنى بىر قوتانغا سولاپ بولۇشىغا باقتى ، كۈندە بىر قېتىمدىن يۇيۇپ تارىدى ، سۆڭگەكچىنى قاشلاپ ، باش - كۆزىنى سىلىدى . شۇنداق قىلىپ ، بۇ جانىۋارلارمۇ تېزلا بېقىش تاپتى ، تۆت - بەش كۈن ئىچىدە باشقىچە جانلىنىپ قالدى . دەسلەپ تۇمشۇق يالىشىدىغان ، كېيىن خىرىس قىلىدىغان ھالغا يەتتى ...

ئېشەكلەرنى ئەمدى بازارغا ئېلىپ بارسا بولاتتى ، لېكىن ئابلا كاشال بازار كۈنى ئۈچ ئېشەكنى ئەمەس ، پەقەت قوڭۇر تۇكلۇك ، قۇلىقى كېسىك بىر ئېشەكنىلا ئېلىپ يولغا چىقتى . ئۇنىڭ مەقسىتى ، بۇگۈن مۇشۇ بىر ئېشەك بىلەن تەلىيىنى سىناپ باقماقچى ئىدى .

ئۇ ئېشەكنى ھارغۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن مىنمىدى ، بىر غۇلاچ ئارغامچا بىلەن يېتىلەپ ماڭدى . ئۇ بۈگۈن تارغىنە توپىلىق يولنىڭ چاڭ - توزانلىرىغىمۇ ، بازارچىلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىگىمۇ دىققەت قىلماي ئۆز خىيالى بىلەن كېتىۋاتاتتى . بازارغا يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ خىيالىمۇ كۆپەيدى ، ئۇ

نېمىلەرنىدۇر ئارزۇ قىلاتتى ، نېمىلەرگىدۇر ئىنتىلەتتى ، كۆڭ-لىدە بولسا بۇگۇنكى سودا ئۇستىدە ئۇزلۇكسىز چوت سوقاتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، بۇگۇن مۇشۇ ئىشەك يۇز يۇەنگە ياراپ قالسا ، ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ، تىجارەت يولى ئېچىلغان بولاتتى . ئۇ چاغدا كېيىنكى ئىشلار خۇددى ئېقىـن سـۇدەك يـۇرۇشۇپ كېتـىـۋېرەتتى ...

ئابلا كاشال مانا شۇنداق تاتلىق خىياللار بىلەن مەست بو-لۇپ ، ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ماشىنىغا دىققەت قىلماي قال-دى . ماشىنا دەسلەپ بوشراق سىگنال بەردى ، ئابلا كاشال يەنە خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرمىدى ، ئارىلىق ئىككى - ئۈچ مېتىر قالغاندىلا شوپۇر سىگنالنى قاتتىق ئۇردى . ئابلا كاشال شۇ چاغ-دىلا چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى . لېكىن ، بۇ ۋاقىتتا ، ئۇنىڭ قول-دىكى ئېشەك مۇڭگىكەن پېتى ماشىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغان-دى . شوپۇر ھولۇقۇپ قالدى ، پۇتىنى گازدىن تورمۇزغا يۆتكىگە-چە ئارىلىقتا ماشىنا ئېشەككە ئۇرۇلۇپ كەتتى . ئۇرۇلۇش گەرچە ئاستا ھەم يەڭگىل بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئالتە تونىنا يۈك بېسىلغان بۇ ھەيۋەتلىك نەرسىنىڭ سوققىسى تۆت پۇتى ئاران ئاياغقا دەسسەپ تۇرغان قېرى ئېشەك ئۇچۇن ئەجەللىك زەربە بولغانىدى . ئېشەك سۆڭگىچىدىن ئاجراپ يېرىمجان ھالدا سوناي-لىنىپ ياتاتتى . شوپۇر ماشىنىنى توختىتىپ دەرھال يەرگە چۈش-تى ، ئەتراپقا بازارچىلار ئولاشتى ، ئابلا كاشال ئېشەكنىڭ بېشىدا ھەسرەتلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بايىقى شېرىن خىياللىرى كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا توزغاقتەك توزۇپ كەتكەنىدى . شو-پۇرنى ئەيىبلەي دېسە ، ئۆزىدىمۇ ھاڭۋاقتىلىق بار ، بولدى قىلاي دېسە ، زىيانىنىڭ ئاچچىقى يۇرەكنى غاجىلايدۇ . ھەي ! ... تەلەيسىزلىك ، پېشكەللىك ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۇتۇلگەن ئوخشاي-دۇ ، بولمىسا ، نېمە ئىشقا ئاياغ باسسا ئارقىدىنلا بىر كاشاللىق چىقامدۇ ؟ ! لېكىن ئابلا كاشالنىڭ يـەنە تـەلىيى بار ئىكەن ،

كۈتۈلمىگەن يەردىن شوپۇر ئۇنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى :
— ئاكا ، مەندىن بىخەستەلىك ئۆتتى ، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ، ئېشەكنى تۆلەپ بېرەي ···
ئابلا كاشال شۇ چاغدىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ شوپۇرغا قارىدى ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئەمدىلا يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن ، مېھرى ئىسسىق ، ساددا بىر يىگىت ئوڭايسىز ھالدا مۆلدۈرلەپ تۇراتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن — چەكچىيىپ ، قورقۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن قارامايغا مىلەنگەن ئۈستۈاشلىرىدىن تېخى يېڭىلا دۇكان ئايرىپ چىققان ئۇستا ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . دېمىسىمۇ ، ئابلا كاشال شۇ تاپتا خۇددى «قارىغۇ مۈشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچرىغان»دەك ، پراكتىكا ئۈستىدە كېتىۋاتقان بالا شوپۇرغا ئۇچرىغانىدى . ئەگەر ئۇنىڭ مۈشۈ ئىشى تەشكىلگە يېتىپ قالسا ، سەۋەنلىكىنىڭ كىمدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، رەسمىيلىشىشكە چوڭ دەخلىسى بولاتتى . شۇڭا ، شوپۇر ئالدىراپ - تېنەپ يانچۇقلىرىنى كولىدى ۋە ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىر سىقىمنى ئېلىپ ئابلا كاشالغا ئۇزاتتى :
— ئاكا ، يېنىمدا بارى مۇشۇ ئىككى يۈز ئەللىك يۈەنكەن ، ئېشەكنىڭ خۇنىغا بەردىم ، رازى بولسىلا ···
ئابلا كاشالنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى . كۈتۈلمىگەن پېشكەللىكنىڭ مۇنداق ئامەتكە ئايلىنىشىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى . ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى .
— ئاز كۆرمەي ئالسىلا ئاكا ، يېنىمدا بارى شۇ ئىكەن ··· ، — دېدى شوپۇر يېلىنغاندەك تەلەپپۇزدا ، — كېيىن يەنە سۈرۈشۈپ ئالارمىز ···
ئەتراپىدىكىلەرمۇ ئابلا كاشالنى «پۇلنى ئاز كۆرۈۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى بولغاي ، تەرەپ - تەرەپتىن سالا - سۇلا قىلىشتى :
— جېنىڭنىڭ ساق قالغىنىغا شۈكۈر قىلىپ ، پۇلنى ئاله ، ئاكا ···

— تەلىيىڭ بار ئىكەن ، قېرى ئېشەكنى تەخەيگە ئالماشتۇ-
رۇۋالدىڭ ...

بۇ گەپلەر ئابلا كاشالغا جان كىرگۈزدى ، بايا ئۇ «بۇنچە پۇلنى ئالسام بولارمۇ ، بولماسمۇ» دەپ ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان بولسا ، ئەمدى ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھە - ھۇسى بىلەن بۇ پۇلنىڭ پۇتۇنلەي ئۆزىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىگە ئىشەندى . ئۇ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ تۇرغان قولىنى سوزۇپ ، شوپۇرنىڭ ئالقىنى-
دىكى پۇلنى ئالدى . ئالدى - يۇ ، چىڭ سىقىملىغان پېتى ئارقىغا ئۆرۈلۈۋېتىپ شوپۇرغا ئاستا دېدى :

— مەن رازى ... سەنمۇ رازى بول ، ئۇكام !

ئابلا كاشال بازارغىمۇ كىرمىدى ، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۆيىگە قايتىپ چىقتى ، بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ئايالىغا ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەپ كەتتى :

— خوتۇن ، مەن ئەمدى ئۇقتۇم ، ئىشنىڭ يولىنى بىلسە ، ئېرىقتىكى سۇنىمۇ ئۆگزىگە چىقارغىلى بولىدىكەن ، بىزگە ئىمام ئەزەم مەدەت بولۇۋاتىدۇ ...

شۇ كۈنى ئابلا كاشال كېچىچە كىرپىك قاقمىدى . ئۇنى بىرتەرەپتىن ، ھەش - پەش دېگۈچە ئارىلىقتا ئەجەبسىزلا قولغا كىرگەن بىرمۇنچە پۇلنىڭ مېھرى ھاياجانلاندۇرسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئېغىلدىكى ئىككى ئېشەكنىڭ تەقدىرى قىزىقتۇراتتى . سودىگەرچىلىكنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئۇنىڭغا پۇل تېپىشنىڭ ئا-
سان يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەندەك تۇيۇلۇپ قالدى . ئەگەر ئۇ ئېغىلدىكى ئىككى ئېشەكنىمۇ ئاشۇنداق بىر كۈتۈلمىگەن ھادىسە بىلەن پۇلغا ئايلاندۇرالىسا ، خېلى ئوبدانلا دەسمايىگە ئىگە بولۇپ قالاتتى . لېكىن ، ھادىسە دېگەن كۈندە بولۇۋېرەمدۇ ؟ ! ئىككى ئېشەكنى يېتىلەپ ، يولمۇ يول ، بازارمۇ بازار يۈرۈپ ، ئاخىر ئۇنداق ئىشقا يولۇقمىسا قانداق بولىدۇ ؟ ! قەستەن بىرەر ماشىنى-
نىڭ ئاستىغا ئىتتىرىپ بېرەمدۇ ؟ ! ئۇ چاغدا ئۆز گۇناھى ئۆزىگە

بولىدۇ ــ دە ! ئۇنىڭ ئۇستىگە شوپۇرلارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى بالىدەك چولتا ھەم ساددا بولۇشى ناتايىن !

ھـەي ! ... ئـامەت دېـگەن ھـەمىـشە كېلىۋەرمەيدىكەن ــ دە !...

ياق ، ياق ! كەلتۈرۈش كېرەك ، ئېپىنى تاپالىساڭ كەلمەي ھەددىمۇ ؟ ! قارىغۇ ياپىلاقنى تاشقا ئۇرساڭمۇ ئۆلىدۇ ، تاش بىلەن ئۇرساڭمۇ ئۆلىدۇ . ئىشنىڭ يولى شۇ ! ... ئابلا كاشال بىر كېچە ئۇخلىماي ئاجايىپ پىلانلارنى قۇردى ، تەييار پۇلغا دەندەپ قالغان كۆڭلىدە شەيتان ۋەسۋەسىسى باش كۆتۈردى ، تۇيۇقسىز قولغا كىرگەن ئىككى يۈز يۈەندىن كۆپ پۇلنىڭ سېھرىي كۈچى ئۇنى شۇ كويغا سالغانىدى .

ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ، چالا ــ بۇلا ناشتا قىلىپ ، بىر ئېشەكنى يېتىلىگىنىچە يېزىدىن چىقىپ كەتتى . كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ، ئۆز يېزىسىدىن ئۈچ كېلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر تاشيولنىڭ بويىغا كېلىپ توختىدى . بۇ يول ئىككى ناھىيىنى ۋە شۇ ئارىلىقتىكى بىرنەچچە يېزىنى تۇتاشتۇرىدىغان خېلى ئۇزۇن تاشيول ئىدى . دېھقانلار بۇ يولنى «ئاۋات يول» دەپ ئاتىشاتتى . ئابلا كاشال يولنىڭ سول تەرىپىدىكى تارغىنە ھارۋا يولىغا بۇرۇلۇپ ، ئېشەك بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . ئېشەككە ئېرىق بويىدىكى جىگدە شاخلىرىنى يۇتاپ بەرگەچ يولنى كۆزەتتى . ئۇنىڭ كۆزى يولدا بولۇپ ، قۇلىقى ماشىنىنىڭ ئاۋازىدا ئىدى . بىر كىچىك ماشىنا ئۆتۈپ كەتتى ، ئارقىدىن بىر تراكتورمۇ توپا توزۇتۇپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ كەتتى ، يول بىر پەس تىمتاس بولۇپ قالدى . ماشىنا تۇگۇل ، ئات ــ ئۇلاقلارمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئابلا كاشال بىردەم ــ بىردەم دوقمۇشقا چىقىپ ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىكىلىپ قاراپ باقاتتى . ھېلىقى ئەجىلى توشمىغان ئېشەك بولسا ، جىگدە شاخلىرىنى تەسلىكتە چايناپ ، ئاران ئاياغ دەسسەپ تۇراتتى . ئابلا كاشال

چىدام بىلەن كۈتتى ، بولغۇسى ئامەتنى ئويلاپ ، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ سەزمىدى . پۈتۈن خىيالى مانا شۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاشيول بىلەن غايىبتىن كېلىدىغان پۇلدا ئىدى . ئاخىر ئۇنىڭ كۈتكىنىمۇ كەلدى ، يىراقتىن ماشىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ يولنىڭ دوقمۇشىغا چىقتى ، قولىنى سايىۋەن قىلىپ يۇقىرىغا قارىدى ، بىر يۈك ماشىنىسى چاڭ توزىتىپ كېلىۋاتاتتى ، ئاۋازىنىڭ يېقىنلىشىش دەرىجىسىگە قارىغاندا ، ماشىنىنىڭ سۈرئىتى خېلىلا تېز ئىدى . ئابلا كاشالنىڭ چىرايىغا كۈلكە بىلەن قىزىللىق تەڭلا يامىرىدى . ئۇ تېزلا ئارقىغا يېنىپ ئېرىق بويىغا كەلدى ، ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى بويىنىغا يۆگىدى ، سالپاڭ قۇلىقىغا كونا مازلارنى بولۇشىچە تىقىپ ، بېشىنى تاشيول تەرەپكە قارىتىپ قويدى ، ئاندىن شاپاق دوپپىسىغا قىستۇرۇۋالغان بىر سويام كەلگۈدەك ئىنچىكە ئۆرۈك ياغىچىنى ئېلىپ ، يىڭنىدەك ئۇچلۇق تەرىپىنى ئېشەكنىڭ سۆڭگۈچىگە نىشانلاپ تۇردى . ماشىنىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاشتى ، شوپۇر ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن توسالغۇسىز يولدا تېز سۈرئەت بىلەن بەخىرامان كېلىۋاتاتتى . ئابلا كاشال ناھايىتى تۈيغۇنلۇق بىلەن ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى مۆلچەرلەپ ، ئۆزى تۇرغان يەرگە ئون نەچچە مېتىر قالغاندىلا ، ھېلىقى ياغاچ بىگىزنى ئېشەكنىڭ سۆڭگۈچىگە قاتتىق بىر سانجىدى ، ئۆلەرمەن ئېشەك جان ئاچچىقىدا چىچاڭشىپ ، تاشيولغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى ، ھادىسە يۈز بەردى . شوپۇر يان تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت چىققان ئېشەكنى كۆرۈپ تورمۇز قىلغۇچە ئارىلىقتا ، ئېشەك ئاللىقاچان ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكەنىدى . بۇ قېتىم ئابلا كاشال ئۆزى ئويلىغاندەك ، قارىغۇ ياپىلاقنى تاشقا ئۇرۇپ ، ئامەتنى قولغا كەلتۈردى .

شوپۇر ماشىنىنى توختىتىپ يەرگە چۈشتى . ئابلا كاشال يان يولدىن ئاللا ــ كاللا دەپ يۈگۈرۈپ چىققىنىچە ئېشەكنىڭ يېنىغا كەلدى . بۇ قېتىم ئۇ ئۆتكەنكىدەك ئارىسالدى بولۇپ ، مەڭدەپ

تۆرۈپ قالمىدى ، بەلكى دەرغەزەپكە كېلىپ شوپۇرغا ۋارقىرىدى :

— پوڭكا ھەيدەشنى بىلمىگەندىكىن ، كالا ھارۋىسى ھەيدىسەڭ بولمامدۇ ؟ ! ئەمدى تۆلە ، ئېشىكىمنى تۆلە !

بۇگۇنكى شوپۇر ئۆتكەنكىگە ئوخشاشمايتتى . ئۇ يېشى ئەللىكلەرگە بېرىپ قالغان ، تەجرىبىلىك بىر خەنزۇ ئىدى . ئۇ گەرچە ئابلا كاشالنىڭ نېمىدەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئېنىق چۈشەنمىسىمۇ ، لېكىن گەپنىڭ ئورامى ئېشەكنىڭ خۇنى ئۇستىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى . ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ مەقسىتىنى ئۇقۇشۇپ بولغۇچە ، بىردەمدە ئەتراپقا ئۇيەر ـ بۇيەردىن كىشىلەر ئولاشتى . ئەمدى بۇ يەردە «ئەخمەق كۆپ بولمىسا ، بازار قىزىماي-دۇ» دېگەندەكلا ئىش بولدى . ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ۋەقەنىڭ جەريانىنى بىلمەيتتى ، پەقەت ئۆلۈك ياتقان ئېشەككە قاراپلا ، ئابلا كاشالغا ھېسداشلىق قىلدى ، ئىچ ئاغرىتتى . بۇ ئەھۋال شوپۇرنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى . ئۇنىڭ قانداقلا بولمىسۇن ساۋاتى بولغاچقا ، مىللىي سىياسەت ، مىللىي مۇناسىۋەت دېگەن نەرسىلەردىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار ئىدى . شۇڭا ئۇ گەپ ـ سۆزلەرنىڭ كۆپىيىپ ، مەسىلىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، دەرھال ئابلا كاشالنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، چالا ـ بۇلا ئۇيغۇرچىلاپ :

— لاۋشىاڭ ، مەن پۇل تۆلەيدۇ ، قانچە دېسە بېرىدۇ ، — دېدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابلا كاشالنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتسىمۇ ، لېكىن چىرايىنى ئاچماستىن ، ئېشەكنىڭ خۇنىنى ئۆرلىتىش نىيىتىدە توڭلۇق بىلەن ۋايساشقا باشلىدى :

— بىلەمسەن ، بۇ قانداق ئېشەك ؟ ! خۇدايىم بۇ جانىۋارغا قانات بەرمىگەن ، ئەگەر قانات پۈتكەن بولسا ، كۆك ئاسماندا ئۇچاتتى ، دېگىنە ! ...

ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ لوقما سېلىشتى :

— راست ، قاراڭلار ئۇنىڭ پاچاقلىرىنىڭ ئۇزۇن ھەم تومـ-
لىقىغا ، تازىمۇ كۆچتۆڭگۈر ئىكەن !

— دەرۋەقە ، قۇلاقلىرىمۇ ئىنچىكە تۇرىدۇ ، نەسىللىك ئېـ-
شەك ئوخشايدۇ ! ...

شۇنداق قىلىپ ، ئېشەكنىڭ باھاسى پەللىمۇ پەللە ئۆرلەپ
باردى .

كۆپكۈندۈزدە قارا باسقان تەلەيسىز شوپۇر ئۈچ يۈز ئەللىك
يۈەن پۇل بىلەن ئابلا كاشالنى دەستە رازى قىلىپ ، يولىغا
ئاران كېتىۋالدى ...

ئابلا كاشال ئىككى كۈندىن كېيىن «ئاۋات يول» نىڭ يەنە
بىر دوقمۇشىدا پەيدا بولدى . يېتىلىۋالغان ئېشىكى ئەڭ ئاخىرقى
سوكال قۇيرۇق مىدە ئىدى . ئۇ ئېشەكنى يول ياقىسىدىكى دەـ-
رەخلىككە ئېلىپ كىردى . بۇ قېتىم ئۇ پەدە ئۆزگەرتتى ، ئاخشامـ-
دىن بېرى ئويلاپ تاپقان ھىيلىسى بويىچە ئېشەكنىڭ ئاغزى ـ
بۇرنىغا بولۇشىچە نەشە پۈۋلىدى ، قېرىپ دۈگجەرەپ قالغان مىدە
خام نەشىنىڭ كۈچىدىن خۇددى مېھرىگىياھنىڭ سۈيىنى ئوكۇل
قىلغاندەك جانلىنىپ كەتتى . كۆزلىرىنىڭ قارىقى كېڭەيدى ،
قۇلىقى مىدىرلىدى . سوكال قۇيرۇقىنى پىلتىڭلىتىپ ، بېشىنى
قاڭتايتتى . ئەلپازىدىن قارىغاندا ، ئۇ ھازىر ئاسماندا پەرۋاز قىـ-
لىپ ، دېڭىزلاردىن ئۇزۇپ ئۆتىدىغاندەك سېھرىي كۈچكە تولغانـ-
دى . ئابلا كاشال ئۇنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ ھاي ـ ھايلاپ قويـ-
دى . شۇ چاغدا يىراقتىن ماشىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلـ-
دى . ئابلا كاشال دەرەخلىكتىن بېشىنى چىقىرىپ يولغا قارىدى ،
دېگەندەك ئۇ كۈتكەن ئامەت قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى .
ئابلا كاشال تەييارلىقنى باشلىدى ، ئالدى بىلەن بىر پارچە مازغا
سەرەڭگە ياقتى ، ئاندىن ئېشەكنىڭ بېشىنى يولغا ئۇدۇللاپ ،
«ھەربىي ھالەت»تە تۇردى . ماشىنا گۈلدۈرلەپ يېقىنلاشتى ،
ئابلا كاشال كۆڭلىدە ئارىلىقنى دىتلاپ ، قىرىق ـ ئەللىك چامدام

قالدى دېگەندە ، قولىدىكى تۇتەپ تۇرغان مازنى ئېشەكنىڭ دۇمبىـ
سىدىكى قىپقىزىل يېغىرىغا شاپپىدە باستى . بايىقى نەشتىنىڭ
كۈچى بىلەن تەلۋىلىشىپ تۇرغان ئېشەك ئۇشتۇمتۇت تەگكەن
كۆيۈك زەربىسىدىن شۇنداق تېز ھەرىكەتكە كەلدىكى ، خۇددى
ساداقتىن چىققان ئوقتەك يولغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى ، يولنىڭ
ئوتتۇرىسىغا بېرىپ تازا چىچاڭشىدى ، ھاڭرىدى ، ئاندىن بىر
نەچچىنى پىرقىراپ ، مۆڭگىدى ...
ئون نەچچە مېتىر ئارىلىق قالغاندا يۈز بەرگەن بۇ ئۇشتۇمـ
تۇت ئەھۋالدىن شوپۇر ھولۇقۇپ كەتتى ، شۇنداقتىمۇ پۇت ـ
قولىنىڭ چەبدەسلىك ئادىتى بىلەن ماشىنىنى قاتتىق تورمۇز
قىلدى . لېكىن ، تېز كېلىۋاتقان ماشىنا تۇيۇقسىز تورمۇزدىن
سىلكىنىپ ، سۈرۈلۈپ ، ئىنېرتسىيىلىك كۈچ بىلەن ئېشەكنىڭ
ئۇستىگە باستۇرۇپ كەلدى ، ساراڭ بولغان ئېشەك ماشىنىدىن
قېچىش تۇگۇل ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئېتىپ يەنە چىچاڭشىدى ،
كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ۋەقە يۈز بەردى ...
شوپۇر ماشىنىدىن چۈشتى ، ئېشەكنىڭ ئۆلۈكى يولنىڭ
ئوتتۇرىسىدا قانغا مىلىنىپ ياتاتتى . دەرەخلىكتىن يۈگۈرۈپ ،
خۇددى يىراقتىن كەلگەندەك ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ چىققان ئابلا
كاشال ئېشەكنى كۆرۈپلا ئاللا ـ كاللا سالدى :
— ۋاي خۇدايىم ، نېمە كارامەت بۇ ؟ ! ئېشىكىم بوغاز ئىدـ
دى ، ئۇچ ئايلىق بولغان ، ئىككى جاندىن ئايرىلىپتىمەن ، ئەمدى
قانداق قىلىمەن ؟ ! پوڭكاڭنى كۆزۈڭگە قاراپ ھەيدىسەڭ بولماـ
دۇ ؟ ! ئەمدى تۆلە ! ...
لېكىن بۇ قېتىمقى سودا ئانچە ئوڭايغا چۈشمىدى . بۇ ئادەم
ئۆتكەنكى شوپۇرلارغىمۇ ئوخشاشمايتتى ، بەلكىم ئۇ مۇنداق ئىشـ
لارنى كۆپ كۆرگەن بولسا كېرەك ، ھودۇقماي ، تەمتىرىمەي ئابلا
كاشال بىلەن زوكۇنلاشتى :
— ماشىنىنى كۆزۈمگە قاراپ ھەيدىمەي يولنىڭ سىرتىغا

چىقىپتىمەنما ؟ ! — دېدى ئۇ تەرىنى تۇرۇپ ، — كىم سېنى ئېشەكنى يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ بەرسۇن دېدى ؟ ! ئېشىكىڭ-نىڭ ئەجىلى توشۇپتىكەن ، ئۆز شورالڭ ئۆزۈڭگە !

لېكىن ئابلا كاشالمۇ بوش كەلمىدى ، ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋەردى :

— بۇ يولنى ساڭىلا بەخشەندە قىلغانمۇ ؟ ! هە ··· بىز دېهقان خەق كېچە - كۈندۈز تاش - شېغىل توشۇپ ، مەيدىمىزنى داق يەرگە يېقىپ يول ياساپ ، سېنىڭ بۇ شۇڭپەن پوڭكاڭ ئوچۇن ئىشلەپتىكەنمىز - دە ! بىلىپ قوي ، بىزنىڭ ئېشەكمۇ بۇ يولنىڭ خالىغان يېرىدە ماڭالايدۇ !

— ماڭسىمۇ يولنىڭ چېتىدە ماڭمامدۇ ؟ !

— ئېشەك دېگەن يولنىڭ ئوتتۇرىسى قايسى ، چېتى قايسى نېمە بىلىدۇ ؟ !

— ئېشەك بىلمىسە ، سەنمۇ بىلمەمسەن ؟ !

— مەن ئۇنىڭ يېنىدا بولمىسام ، قولۇمدىن قېچىپ كەتكەن تۇرسا قانداق قىلىمەن ؟ !

ئادەملەر ئولاشتى ، يول توسۇلغاچقا ، يولۇچىلارمۇ كۆپەيدى . دېهقانلار يەنە ئابلا كاشالغا هېسداشلىق قىلدى ، ئۇ تېخىمۇ كۆچەپ شوپۇرغا چالۋاقىدى :

— سېنىڭ ئالتە چاقىڭ پىرقىراپ تۇرسىلا ، ئاش - نېنىڭ پۈتۈن ! مەنچۇ ؟ مەن ئەمدى بىر بوغاز ئېشەكتىن ئايرىلدىم ، جېنىمنى قانداق باقىمەن ؟ ! هەممىڭ بىزدەك كاج تەلەي دېهقان-نىلا بوزەك ئېتىشەمسەن ؟ !

ئەتراپتىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا بولۇشتى :

— راست ، دېهقان دېگەننىڭ ئېشەكتىن باشقا نېمىسى بار ؟

— بىچارىغا ئۇۋال بوپتۇ ، قارا ئۇنىڭ جۇلدۇر كېپەنلىكى-نى !

بۇ گەپلەر ئابلا كاشالغا تېخىمۇ مەدەت بولدى ، ئەمدى ئۇ

بىچارە، مىسكىن قىياپەتكە كىرىپ، بىشەملىككە ئۆتتى:
— سەن نوچىكەنسەن، ئىشكىمنى باستۇرۇپ قانىتىمدىن ئايرىدىڭ! تويدۇم بۇ جاندىن، ئەمدى مىنىمۇ بىسىپ ئۆلتۈرۈۋەت! — ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى يىرتتى، ماشىنىنىڭ ئالدىغا كىلىپ مەيدىسىگە مۇشتلىدى، ئاندىن ئۆزىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا ياتتى، — ھەيدىمەمسەن پوڭكاڭنى! ھەيدە، مىنىمۇ بىسىپ ئۆلتۈرۈۋەت تايىنلىق! ...
شوپۇر سەل بوشاشتى، جىنىدىن تويغان بۇ ئادەمگە تەڭ كىلەلمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلدى. دىھقانلارمۇ، يولۇچىلارمۇ سالا ـ سۈلىغا چۈشتى. شوپۇر ئىلاجسىز يانچۇقىنى كولىدى، «بوغاز ئىشەك»نىڭ خۇنى ئۈچۈن، پۈتۈن ۋەسلىدىكى بار يوق ئىككى يۈز سەكسەن يۈەن پۇلنى تۆلەپ يولىغا كەتتى.
شۇنداق قىلىپ، ئابلا كاشال بىر ھەپتە ئىچىدە جاڭگالدىن تۇتۇپ كەلگەن ئۈچ ئۆلەرمەن ئىشەكنى ھىچبىر ئەجىرسىزلا سەككىز يۈز يۈەندىن ئارتۇق پۇل قىلىپ مەھەللىسىدىكى ئوتتۇراھال بايۋەچچىگە ئايلىنىپ قالدى.

4

پۇل ئۇنى ھاياجانلاندۇردى، سۆزلەتتى، كۈلدۈردى، ئاخىر مەست قىلدى. شۇ مەستلىكى بىلەن ئۇ يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلماقچى بولدى ...
شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى بۇنداق تىز ئۆزگىرىش بەزىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قالدى. ئۇ نەچچە يۈز كىلومىتىر ئۇزۇنلۇقتىكى «ئاۋات يول»دا ئىلىپ بارغان «ئىشەك سودىسى»نى تونۇش ـ بىلىشلەردىن شۇنچە مەخپىي تۇتقان بولسىمۇ، لىكىن «تامنىڭمۇ قۇلىقى بار» دىگەندەك، بەزى ئۇچۇرلار قوشنا ـ قولۇملارنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ قالدى. شۇنداق ئۇچۇرلاردىن

غىل ـ پال خەۋەر تاپقان قاسىم ساقال بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئوچۇقلا مۇنداق دېدى :

— ئاداش ئابلا ، «تەييار گۆشنى يېگەن يولۋاس ئەمەس» دېگەن گەپ بار . ئاڭلىسام سېنىڭ سودىگەرچىلىك يولۇڭ باشقىـ چىرەك ئوخشايدۇ ، سەن بۇنداق هارام ئىشنى توختات ، گۇناهكار بولىسەن ، بىر سىنت بولسىمۇ ، هاللاپ تاپقىن ! ...

بۇ كۈنلەردە ئابلا كاشالنىڭ قۇلىقىغا بۇنداق گەپلەر مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى . ئۇ خۇددى كۆز باغلايدىغان سېرىكچىلەرـ دەك «سۇپ ـ كۈچ» بىلەنلا تېپىۋاتقان مونەك ـ مونەك پۇللارنى ئانا سۈتىدىنمۇ هالال دەپ بىلەتتى . چۈنكى ، هازىر هەرقانداق يول بىلەن پۇل تېپىش يوللۇق ! ئۇ پۇلسىزلىقنىڭ دەردىنى ئاز تارتتىمۇ ؟ ! خۇدا ئۇنىڭغا مۇشۇ يولنى نېسىپ قىپتۇ ، رىزقى «ئاۋات يول»غا چېچىلغان ، ئۇنى يىغماي بولامدۇ ! ...

شۇڭا ، ئۇ قىلچىمۇ تەپ تارتماي قاسىم ساقالغا ئۆكتە قوپـ تى :

— كۆزۈڭ قىزارمىسۇن ئاداش ، سەن پۇل تاپقاندا بىزمۇ ئەلهۆكمىلىللا دەپ قاراپ تۇرغان ، ئەمدى بىز تاپقاندا سەنمۇ چىدىغىن ! مەن تېخى گۇناهقا قالغۇدەك ئەرشكە چىقىپ ، ئاللانىڭ سارىيىغا سىيىپ قويمىدىم ! ...

مانا ، ئابلا كاشالنىڭ گۇناهكارلىق ئۆلچىمى ئاشۇ ئىدى ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ نەزىرىدە يوللۇق ، هالال بولۇۋېرەتتى . شۇڭا ئۇ ، هېچقانداق گەپلەرگە قۇلاق سالمىـ دى ، «تىجارىتى»نى تېخىمۇ تەلۋىلىك بىلەن داۋام قىلىش نىيىـ تىگە كەلدى ، پۇل كۆپەيگەنسېرى نەپسى يوغىنىدى ، خۇددى تىلەپ تويمىغان دېۋانىدەك ، تېخىمۇ ئاچ كۆزلىشىپ كەتتى .

بۈگۈن ئۇ «ئاۋات يول»نىڭ يۇقىرى قىسمىغا باردى . بۇ يەر ئۆز يېزىسىدىن يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خىلۋەت جاي ئىدى . يېتىلىۋالغان ئېشەكى تېخى تۇنۇگۈنلا

ناتونۇش بىر دېھقاندىن يىگىرمە نەچچە يۈەنگە سېتىۋالغان ، بىر
كۆزى سوقۇر ، يەنە بىر كۆزىمۇ خىرەلىشىپ قالغان يوغان سۇر
ئېشەك ئىدى . ئۇنىڭ بۈگۈنكى سودىدىن ئۈمىدى كاتتا ، چۈنكى
ئېشەك سوقۇر ، مەقسەتكە ئاسانلا يېتەلەيتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ،
ئېشەك ياش ، چىشىغا قارىسىمۇ تۆت چىشلىق ، خالىغانچە پۇل
تەلەپ قىلغىلى بولاتتى . ئۇ بولغۇسى سودىنىڭ نەرخ ـ ناۋاسىنى
كۆڭلىدە خام چوت قىلغاچ ، يولنىڭ لېۋىدىكى جىگدىلىككە كىر-
دى ، سايىدا ئۇزۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا سەپسالدى . جىگدىلىك
بىلەن ماشىنا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يەرنىڭ ئارىلىقى ئاتتە مېتىرلا
كېلەتتى ، ئەگەر ئېشەك مۈشۈ يەردىن بىرلا ئوقچۇپ ، ئىككى-
ئۈچ تاقلىسا ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ماشىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ
قالاتتى . ئابلا كاشال بۈگۈن تاپقان جايىنىڭ دالدا ھەم ئەپلىكلى-
كىنى ئويلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

ئۇ جىگدىلىكتىن بېشىنى چىقىرىپ ، يولنىڭ ئىككى تەرىپى-
گە بويۇنداپ قارىدى . پىژغىرىم ئاپتاپتا قاغجىراپ ياتقان يول
جىمجىت ئىدى . ماشىنا تۈگۈل ، ئادەمزاتمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئۇ
ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ قويۇش نىيىتى-
دە ، قويىندىن بىر شېشىنى ئالدى ، ئۇنىڭدا ئۈچ يۈز گرامدەك
ئاق ھاراق بار ئىدى . ھاراقنى ئاۋۋال ئۆزى بىر ئوتلىدى ، ئاندىن
ئېشەكنىڭ ئاغزىنى يېرىپ تۇتۇپ يۈز ئەللىك گرامدەك ھاراقنى
ئىچۈرۈۋەتتى . ئېشەك بىردەمدىلا پۇشقۇرۇپ ، تېپچەكلەپ ھاڭ-
راشقا باشلىدى ، ئابلا كاشال يەنە يولغا قارىدى ، قېرىشقاندەك
ئەتراپ تىمتاس ئىدى ، ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئۇچار قاناتلارمۇ
كۆرۈنمەيتتى . ئېشەك بارغانسېرى شاشلىشىپ كەتتى ، قۇلاقلى-
رىنى شىڭتايتىپ ، توختىماي نەم يەرگە تۇياق ئۇراتتى . ئابلا
كاشال ئېشەكنى يېنىغىراق تارتتى ، بويىنىدىكى نىلون تانىنىڭ
بىر ئۇچىنى بىلىكىگە يۆگىۋالدى ، بۇنداق تەقەززالىقتا كۈتۈۋې-
رىش ئەمدى ئۇنىڭمۇ ئىچىنى پۇشۇرۇپ قويغاندى . ئۇ

ئىختىيارسىز قويىنىدىكى شىشىنى يەنە ئالدى ، بايىقى بىر ئوتلام هاراقنىڭ خۇمارى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن غۇرتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى . ئەمدى ئابلا كاشالنىڭمۇ ئىچى قىزىپ ، كۆزلىرى قىزاردى ، شۇ تاپتا ئۇمۇ ئىشەككە ئوخشاشلا چالا مەست بولغاندى . لېكىن ئىككىسىنىڭ مەستلىكى ئوخشاشمايتتى ، ئىشەك بارغانسېرى شاشلىشىپ ، كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى ، ئابلا كاشال بولسا ، ئېزىلىپ ، سولىشىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئىشەكنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ، هېلىقى نىلون تانىنى بىلىكىگە تېخىمۇ چىڭ يۆگەپ ، پۇت ـ قولىنى ئۇزۇن سوندى ، بېشىنى بىر جىگدە كۆتىكىگە قويۇپ كۆزىنى يۇمدى . لېكىن ، ئۇنىڭغا ئۇيقۇ نېسىپ بولمىدى ، كۆزى ئىلىنىشاي دېگەندە يەر ئاستىدىن ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى ، ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ يولغا قارىۋىدى ، دېگەندەك بىر يۈك ماشىنىسى يېقىنلاپلا قاپتۇ ، ئابلا كاشال ئوپۇل ـ توپۇل ئورنىدىن تۇرۇپ ، خۇددى ئۆندەرىگەندەك ، قولىدىكى ياغاچ بىگىزنى ئىشەكنىڭ تېقىمىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم قاتتىق سانجىۋەتتى ، ئۇنىڭسىزمۇ تەلۋىلىشىپ ، تېپىچەكلەپ تۇرغان ئىشەك چىچاڭشىغان پېتى يولغا ئۆزىنى ئاتتى . كىم بىلسۇن ، شۇ دەقىقىدە ئابلا كاشالنىمۇ نەس باستى ، ئىشەك ئۇنى بىللە سۆرەپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ هەرقانچە قىلىپمۇ بىلىكىگە يۆگەلگەن نىلون تانىنى بوشىتالمىدى ، ئەمدى ئۇ تانىنى تارتىپ ، ئىشەكنى توختىتىشقا ئۇرۇندى ، لېكىن كۈچى يەتمىدى ، ئاستا ـ ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنىمۇ يوقىتىپ قويدى ، غالجىرلاشقان ئىشەك بارلىق كۈچى بىلەن ئۇنى سۆرەپ يولغا چىقتى . ماشىنا تۇمشۇق تىرەپلا كېلىپ قالغانىدى . شوپۇر هودۇقۇپ كەتتى ، ئۇ گويا كۆپكۈندۈزدە كارامەت كۆرگەندەك ، بۇ تۇيۇقسىز مالىماندىن داڭ قېتىپ تەمتىرەپ قالدى ، تورمۇزنى دەسسىدىم دەپ ،ماينى دەسسەپ سالدى ، ماشىنا تېخىمۇ قاتتىق گۈركىرەپ ئالغا تاشلاندى ، ئۇدۇللاپ قالغان ئىشەك دۈگجۈپ

بىرىپ ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى . ئۈچ غۇلاچ تانىنىڭ شاراپىتى بىلەن ئارقىدا سۆرىلىپ قالغان ئابلا كاشال قاتتىق بىر سوقۇلۇپ ، ئاللىقەيەرگە ئۇچۇپ چۈشتى …

*　　*　　*

ئابلا كاشالنىڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ھوشسىز ياتقىنىغا ئۈچ كۈن بولدى . ئۇ ساقىيامدۇ ، ئۆلۈپ كېتەمدۇ ، تېخى ھېچ-كىم بىر نەرسە دېمىدى . ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان بىچارە ئايالى ئۇنىڭ بېشىدا مۆلدۈرلەپ تۇراتتى . ئۇ بارلىق ۋەس-لىنى — مانا شۇ ھوشسىز ياتقان ئېرى «ئاۋات يول»دا سېھىر-گەرلىك قىلىپ تاپقان مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇلنى دوختۇرخا-نىغا تاپشۇردى ، ئەگەر ئېرى شۇ پۇل بىلەنلا ساقىيىپ قالسا ، يەنە ئۇنىڭ بەختى ، ئەگەر ساقىيالماي قالسا ، ئۇ چاغدا ماۋۇ ئون ئىككى ياشلىق كاچ تەلەي قىزى بىلەن تېخى قورساقتا مىدىرلاپ ياتقان شور پېشانە بۇ بوۋاقنى كىم باقىدۇ ؟ !

ئاھ ، پۇل ! … سەن شۇنچە قۇدرەتلىك ، شۇنچە سىرلىق نەرسىمۇ ؟ ! سەن ئۈچۈن بەزىلەر ۋىجدانىنى ، بەزىلەر ھاياتىنى ساتىدىغان ئىشلارمۇ بارمۇ ، نېمە ؟ ! سېنىڭ ئالدىڭدا قاغا - قۇزغۇنلار بۇلبۇلگوياغا ، كاچا - كېكەچلەر سۆزمەن - چېچەنگە ، پېقىرلار شاھقا ، سەتلەر چىرايلىققا ئايلىنىپ كېتىدىغان سېھىر-گەرلىك بولامدۇ ، نېمە ؟ ! …

ئايالىنىڭ كۆزى يەنە ياشقا تولدى ، ئۈچ كۈندىن بېرى ئېقىد-ۋاتقان بۇ ياشلار شۇنچە ئاچچىق ، شۇنچە ھەسرەتلىك ۋە يەنە شۇنچە قايغۇلۇق ئىدى . تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ ناھايى-تىمۇ خۇشال ، خاتىرجەم ياشاۋاتاتتى . ئېرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇرۇن-دىن ئىشچانغا ، ئەخمەقتىن ئەقىللىققا ئايلىنىپ تىجارەت قىلىۋات-قانلىقىغا ، ئائىلىنىڭمۇ بىردىنلا ياخشىلىنىپ روناق

تېپىۋالغانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى سۆيۈنگەن ، تەقدىرىدىن ، ئىستىقبالىدىن قايغۇرىدىغان ئىشلار ئاللىقەيەرلەرگە غايىب بولغان ، كېچە- كۈندۈز خۇداغا تېۋىنىپ ، ئېرىغا ئامانلىق ، ئاسايىشلىق تىلىگەن ، ھەتتا ئۇنىڭغا كۆز تېگىپ كەتمىسۇن دەپ ، شاپاق دوپپىسىنىڭ بىر بۇرجىكىگە بىر تال كۆز مونچاقنىمۇ تىكىپ قويغانىدى ...

ئايال چوڭقۇر ئۇھسىندى ، ئۇنىڭ زەئىپ تىنىقلىرىغا قاتمۇقات نادامەت سىڭىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئېرىغا كۆز تەگدى ، دەپ ئويلايتتى ، لېكىن ئېرىنىڭ ئالۋاستىغا يولۇققانلىقىنى ، ئالۋاستى ئۇنى خالىغان يەرگە باشلاپ يۈرۈپ ، ئاخىر شۇ كۈنگە قويغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى .

قايسىبىر دانىشمەن پۇل توغرىسىدا ناھايىتى توغرا ئېيتقانىكەن : «پۇلنى خۇدا دەپ بىلسەڭ ، پۇل خۇددى ئالۋاستىدەك كېلىپ ئەدىپىڭنى بېرىدۇ .»

ئابلا كاشال شۇنداق بولدى ، پۇلنى تاپقانسېرى تاپقۇسى كەلدى ، تاپقاندىمۇ ، كۈپكۈندۈزدە كىشىلەرنىڭ كۆزىنى باغلاپ ، جادۇگەرلىك قىلدى ، بارغانسېرى كۆزى قىزاردى ، يۈرىكى يوغىنىدى ، ئاخىر بېرىپ جېنىنى سەپ بېرىشكە تاس قالدى ...

ئابلا كاشال سەل - پەل مىدىرلىدى ، ھوشىغا كەلگەندەك تىنىقى كۈچەيدى ، قۇرۇپ ، كۆكىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى ئاران - ئاران مىدىرلاتتى ، ناھايىتى زور كۈچىنىش بىلەن دەسلەپ ھالسىز ، كېيىن يېنىدىكى كىشىلەر ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ :

— ماشىنا ... قېچىڭلار ... ماشىنا كەلدى ... قېچىڭلار !... ، — دېدى - دە ، يەنە لاسسىدە بولۇپ ھوشىدىن كەتتى .

1988 - يىل يانۋار ، قەشقەر

# يەر گۇۋاھ، ئاسمان گۇۋاھ

— چوڭ - كىچىك ساقاللار، ئويلاپ بېقىڭلار، توختى ھاكىمنىڭ جېنى تۆمۈر ئەمەس. مەن ھېسابلاپ كۆردۈم، ئۇنىڭ دەم ئالماي ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يۈز توقسان توققۇز كۈن بوپتۇ، بۇنىڭغا ئادەم ئەمەس، ئات - تۆگىمۇ چىدىمايدۇ! ئۇ بايا يەنە سايئىپرىقتىن تېلېفون بەردى، ئەتە ناھىيە بازىرىدا نەق مەيداندا ئىش بېجىرىمەن دەۋاتىدۇ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىپ قويىدىكەنمىز...

چىرايلىرىنى ئۇمچەيتىپ، سەمىمىي، ئىچ كۆيەرلىك بىلەن سۆزلەۋاتقان بۇ ئادەم ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى سوپۇر قاسىم ئىدى.

— سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئەمەس، — دېدى ئىشخانا مۇدىرىمۇ چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلەن، — ئۇنى كۆرسەملا ئىچىم ئاغرىيدۇ، چىرايلىرى تاتىرىپ، ياداپ كېتىپتۇ. ئۆتكەندە دوختۇرلار: «بىر مەزگىل يېتىپ داۋالىنىڭ» دېسىمۇ ئۇ ئۇنىمىدى، ئاسما ئوكۇلنىمۇ چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا سالدۇرۇپ، ئىشلەپ يۈرىدۇ.

— قانداق قىلىمىز؟ — يەنە بىر مۇئاۋىن ھاكىم ئويلىنىپ سورىدى، — مۇنداق كېتىۋەرسە سالامەتلىكى نابۇت بولىدۇ.

بىرنەچچەيلەن تۈشتىمۇ تۈشتىن مۇنداق دېيىشتى:

— ئىككى - ئۈچ كۈن دەم ئالدۇرايلى!

— توغرا! ...

— شۇنداق قىلايلى!...

— لېكىن توختى ھاكىم ئۇنارمۇ؟

— ئۆنمىغىنىغا قويماي دەم ئالدۇرىمىز، — دېدى سوپۇر قاسىم، — ئەگەر ئۆز رايىغا قويۇپ بەرسەك، ھەرگىز ئۆنمايدۇ، كۆزەتچى قويۇپ مەجبۇرىي دەم ئالدۇرايلى!

شۇنداق قىلىپ، توختى ھاكىمنى مەجبۇرىي دەم ئالدۇرۇش ناھىيىلىك ھۆكۇمەتنىڭ بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى باش قوشۇش يىغىنىنىڭ بىر ماددىسى سۈپىتىدە قارار قىلىندى.

توختى ھاكىم سايئېرىق يېزىسىدىن قاش قارايغان چاغدا قايتىپ كەلدى. ئۇنى ھۆكۇمەت بىناسى ئالدىدا سوپۇر قاسىم بىلەن ئىشخانا مۇدىرى كۈتۈپ تۇراتتى. توختى ھاكىم «جىپ»تىن چۈشۈپلا ئۇلاردىن سورىدى:

— ئەتىكى ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدىمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئورۇنلاشتۇرۇلدى، — دېدى سوپۇر قاسىم، — كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

— ئەمىسە يۈرۈڭلار، ئىشخانىغا كىرىپ، جىندەك باش قوشۇۋالايلى، — دېدى ئۇ ئىككىيلەننىڭ قولتۇقىدىن ئېلىپ، — ئەتە نەق مەيداندا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يەتتە مەسىلە بار. بولۇپمۇ 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن گاز پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىنى بېكىتىش ناھايىتى مۇھىم. قۇرۇلۇش ئىدارىسى بۇ ئىشنى بەكمۇ سوزۇۋەتتى. ئۆتكەندە، گاز پونكىتىغا تازا بىر ئويمانلىقنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ، شۇنداقمۇ بولامدۇ؟ بۇ ئىشنىڭ ئازراق بولسىمۇ قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش كېرەك - تە! گاز پونكىتى ئېگىزرەك يەرگە سېلىنمىسا خەتەر چىقامدۇ…

— توختى ھاكىم، مۇنداق قىلايلى، — دېدى سوپۇر قاسىم ئىككىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ناھىيىلىك ھۆكۇمەت بۈگۈن چۈشتىن كېيىن جىددىي بىر قارار ماقۇللىدى، بۇ قارارنى ئىجرا قىلمىسىڭىز بولمايدۇ!

توختى ھاكىم قويۇق قاشلىرىنى ئۆچۈرۈپ، قىزىقىپ سورىدى:

— قانداق قارار؟ ئەگەر توغرا قارار بولسا، جان - دىلىم

بىلەن ئىجرا قىلىمەن !

— ئەتىدىن باشلاپ سىزنى دەم ئالدۇرۇش قارارى ! — دېدى ئىشخانا مۇدىرى ئالدىراپ .

— مەجبۇرىي دەم ئالدۇرۇش قارارى ! — دېدى سوپۇر قاسىم تەكىتلەپ .

توختى هاكىم كۈلدى ، كۈلگەندىمۇ راھەتلىنىپ ئۇزاققىچە كۈلدى .

— ياخشىغۇ ، دەم ئېلىشنى كىم خالىمايدۇ ! — دېدى ئۇ قولىنى ئىككىيلەننىڭ يەلكىسىگە تاشلاپ ، — بۇنداق دوستانە ھىممىتىڭلارغا ، كۆيۈنۈشۈڭلارغا رەھمەت . بۇ قارارنى ئىجرا قىلىمەن ، لېكىن ئەتە ئەمەس ، باشقا بىر كۈنى .

سوپۇر قاسىم نارازىلىق بىلدۈردى :

— بولمايدۇ ، چوقۇم ئەتە !

ئىشخانا مۇدىرىمۇ لوقما سالدى :

— شۇنداق ، قارارىمىز قارار !

ئۇلار خېلى تالاشتى ، ھەرقايىسىسىنىڭ سەۋەبلىرى ئورۇنلۇق ، سۆزلىرى يوللۇق ئىدى . ئىككىيلەننىڭ «ھۇجۇمى» تازا كۈچەيگەندە توختى هاكىم مۇنداق دەپ تۇرۇۋالدى :

— سوپۇر قاسىم ، ئېسىڭىزدە باردۇ ، ۋەكىللەر بىزنى نەچچە يۈز مىڭ خەلققە ۋاكالىتەن هاكىم قىلىپ سايلىغاندا ، بىز ئۇلارغا قانداق ۋەدىلەرنى بەرگەنىدۇق ؟

ئۇ چاغدىكى ئىشلار ئەلۋەتتە سوپۇر قاسىمنىڭمۇ ، ئىشخانا مۇدىرىنىڭمۇ ئېسىدە بار ئىدى . نامزاتلار ۋەكىللەرنىڭ دەسلەپكى مۇھاكىمىسىگە قويۇلغاندا ، توختى ئاباكىرنىڭ هاكىملىققا سايلىنىش ئېھتىمالى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالدى . شۇ چاغدا ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ مۇنداق دېگەنىدى :

— ۋەكىللەر ، بۇ قېتىم مەن ۋە سوپۇر قاسىم خەلقنىڭ ، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ، سايلام نامزاتى ئىچىگە

كىرگۈزۈلدۇق . راستىنى ئېيتقاندا ، مەن سوپۇر قاسىمغا يەتمەي-مەن ، ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ، مەن بولسام ، ئاران تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن . سوپۇر قاسىم باشقا يەردىن كېلىپ ، بىزنىڭ بۇ قەدىمىي زېمىنىمىزغا يىگىرمە نەچچە يىل قان - تەر تۆكتى . ئۇنىڭ بۇ يەردە ئۇرۇق - تۇغقىنى ، گۇرۇھ - مەزھىپى يوق . مېنىڭ بولسا ئەل - ئەجدادىم ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم مۇشۇ يەردە . بىلىپ - بىلمەي ئۇيۇشۇپ قالغان مەزھەپ - گۇرۇھىم بولۇشى مۇمكىن . شۇڭا مەن ھەربىر ئىگىلارنىڭ سوپۇر قاسىمنى ھاكىم قىلىپ سايلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن !

لېكىن سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندا ، توختى ئابابەكرى يەنىلا ھاكىم بولدى ، سوپۇر قاسىم مۇئاۋىن ھاكىم بولدى . ۋەكىللەر گۇلدۇراس ئالقىشلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئىشەنچ ، ئۈمىد ، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىزھار قىلدى . ئۇلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن سەھنىگە چىقىپ ، خەلقنىڭ ، پارتىيىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايدىغانلىقىنى ، ئۆزلىرى ھوقۇق تۇتقان مۇشۇ قارار ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈپ ، ناھىيىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتە جان تىكىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى . دەرۋەقە ، ئۇلار لەۋزىدە تۇردى ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ ، جان تىكىپ ئىشلىدى ، ھالال تەرنىڭ ، جاپالىق ئەجرىنىڭ نەتىجىسى بۇ يىلقى ئىشلەپچىقىرىشتا ئوبدانلا كۆزگە كۆرۈندى . ئاشلىق ئۆتكەن يىلقىدىن بىر مىليون كىلوگرام ، پاختا ئىككى يۈز ئوتتۇز مىڭ دەن ئېشىپ ، ۋىلايەت بويىچە بايراقدار ناھىيە بولۇپ قالدى .

— بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى ، — دېدى توختى ھاكىم ئىككى سەپدىشىغا مەنىلىك قاراپ ، — بىز تېخىچە تەبىئەتكە تايىنىۋاتىمىز ، بەلكىم بۇ يىل تەبىئەت بىزگە رەھىم قىلغاندۇ . بىز بۇ يىلقى ئاساسنى مۇستەھكەملەپ ، تەبىئەت بىزگە خىرىس قىلغاندىمۇ تەمتىرەپ قالمايدىغان ھالەتنى بەرپا قىلىشىمىز

كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىرنەچچە يىل جان تىكىپ ، جاپالىق ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ .

— شۇنداق ، قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەلۋەتتە جان تىكىپ ئىشلەش كېرەك ! — دېدى سوپۇر قاسىم ئۆز پىكرىنى تەكىتلەپ ، — لېكىن جان تىكىپ ئىشلەش ئۈچۈن يېتەرلىك جان بولۇشى كېرەك ، جاپالىق ئىشلەش ئۈچۈنمۇ ئەلۋەتتە جىسمانىي قۇۋۋەت كېرەك ، هازىر سىزدە شۇ نەرسىلەر كەم ، يولداش توختى قارىغە ، كۆزلىرىڭىز كۆلۈپ تۇرغان بىلەن قىزىرىپ ، ئىششىپ قاپتۇ ، ئۆرە تۇرغان بىلەن پۇت - قوللىرىڭىز تىترەۋاتىدۇ . شۇڭا بىز كۆپچىلىكنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇرمىز !

— بوپتۇ ، دېگىنىڭلاردەك بولسۇن ، لېكىن ئەتە بىر كۈنلا دەم ئالىمەن ، ئۈنىڭدىن ئېشىپ كەتسە ، ئېسىڭلاردا بولسۇن ، هاكىملىق هوقۇقۇمنى ئىشلىتىمەن !

ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن توختى هاكىم ئەسلىدىكى پىلان بويىچە ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمەت مېهمانخانىسىنىڭ چەتتىكى بىر ئېغىز ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى . دېمىسىمۇ بۇ يەر ئۆز ئۆيىگە قارىغاندا تىنچ ۋە خىلۋەت ئىدى . ئەگەر ئۆيىدە دەم ئالسا ئۈنى هەرخىل مۇددىئا بىلەن ئىزدىگۈچىلەر يەنىلا ئارام تاپقۇزمايتتى . ئۈنىڭغا هەمراھ بولۇش ئۈچۈن ، ناهىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئابدۇكېرىم ئىسىملىك بىر شاهماتچى چاقىرىپ كېلىندى . ئۈنىڭ ۋەزىپىسى هاكىم بىلەن شاهمات ئويناش ۋە ئۈنىڭ دەم ئېلىشىنى نازارەت قىلىش ئىدى . ئۇلار ياش جەهەتتە تەڭتۇش ، مىجەز - خۇلق جەهەتتىمۇ ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى . ئۇلار چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن شاهماتقا قىزىقىپ قالدى .

— قېنى مېڭىڭ ئادىشىم ، پىيادىلىرىڭىز هېرىپ ، ئات - پىللىرىڭىز بولدۇرۇپ قالدىمۇ ، نېمە ؟ — دېدى توختى هاكىم ئۆز ئورۇقلىرىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ .

— ئالدىرىماڭ ، چوڭ ساقال ، — دېدى ئابدۇكېرىممۇ چاق-چاق قىلىپ ، — مانا ماۋۇ توپ بىلەن ھازىرلا پىيادىلىرىڭىزنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىمەن !

ئابدۇكېرىم چەتتىكى بىر ئۇرۇقنى يۆتكەش ئۇچۇن قولىنى سوزۇۋىدى ، چاپىنىنىڭ يېڭى سۇركىلىپ كېتىپ ، ئوتتۇرىدا تۇرغان گەردىنى يىقىتىۋەتتى . بۇ ئىش بىر سىرلىق بېشارەتتەك توختى ھاكىمنى ئويلاندۇرۇپ قويدى . تۇرۇپلا ، ئۇنىڭ زېھنى چېچىلدى ، ئويۇندىن رايى قايتتى ، خىيالى شاھماتتىن ، ئۆيدىن ھالقىپ چىقىپ ، ناھىيىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىلانباغ يېزىسىغا كەتتى . ئۇ يەردە نېمە بولغان بولغىيتتى ؟

بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن ، توختى ھاكىم چىلانباغ يېزىسىدا ئۇچ كۈن تۇردى . بۇ جەرياندا ، چىلانباغنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى رەتكە سېلىپ ، ئۆزى بىللە ئېلىپ چىققان نىياز قادىرنى يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ، دەپ ئېلان قىلدى . بۇ ئادەم ئەسلىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ستاتىستىكا ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى ، توختى ھاكىم ئۇنى ئايىغى يەڭگىل ، پرىنسىپال ، خىزمەتتە تۇرگۇن دەپ قاراپ ، چىلانباغ يېزىسىنىڭ شۇجىلىق نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەنىدى ، ناھىيىلىك پارتكوممۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ نىياز قادىرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەنىدى . توختى ھاكىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىلارنى ئارىلاپ ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۇردى ، مەكتەپ ، كارخانىلارنى تەكشۇردى ، شۇ چاغدا ، يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بىرنەچچە سىنىپلىرىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش خەتەرلىك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، جىددىي تەدبىر قوللىنىش لازىملىقىنى كۆڭلىگە پۇكتى ۋە ئەتىسىلا مائارىپ بۆلۇمىنىڭ باشلىقىنى چاقىرتىپ ئورگان يىغىنى ئاچتى . يىغىندا ، چىلانباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ سىنىپلىرىنى يېڭىلاش توغرىسىدا جىددىي كۆرسەتمە بەردى ۋە بۇنىڭغا كېتىدىغان مەبلەغنىڭ بىر

قىسمىنى ھۆكۈمەتتىن ئاجرىتىش ، بىر قىسمىنى ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ توپلاش توغرىسىدا سۆزلەپ ، ئاخىرىدا :

— مەن مۇشۇ ئايلىق مائاشىمنىڭ ئوتتۇز پىرسەنتىنى چىلانباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئىئانە قىلىمەن ، كۆپچىلىكنىڭمۇ ئىختىيارىي ئىئانە قىلىپ ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ياخشى ئوقۇشى ئۈچۈن خاتىرجەم شارائىت يارىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ! — دېدى .

بۇنداق ئەمەلىي چاقىرىق كۆپچىلىكنى ھاياجانلاندۇردى ، ھەممەيلەن بەس ـ بەستە ئىپادە بىلدۈردى ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە خېلى كۆپ ئىئانە يىغىلدى . بۇنىڭدىن يىگىرمە كۈن ئىلگىرى ، ھۆكۈمەتتىن ئاجرىتىلغان بىر قىسىم پۇل بىلەن ئىئانە قىلىنغان پۇل چىلانباغ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەنىدى . توختى ھاكىم يېقىندىن بېرى ئۇ تەرەپكە ئۆتەلمىدى ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىنىڭ قانداق بولغانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىز قالدى . بايا شاھمات تاختىسىدىكى گەردىنىڭ تۇيۇقسىز يىقىلىشى گويا ئۇنىڭغا ھېلىقى ئارقا تەرىپىگە غوجا تام يۆلىگەن ، دېرىزىلىرى قىڭغىر ـ قىيسىق سىنىپلارنىڭ بىرەرسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك ۋەھىمىلىك بىر تەسىراتنى قالدۇرغانىدى .

— نېمە بولدى ، چوڭ ساقال ؟ — دېدى ئابدۇكېرىم ئۆز ئويۇنى بىلەن بەند بولۇپ ، — كۆزىڭىز تورۇسقا قادىلىپ قاپتىغۇ ! مەيەرگە قاراڭ ، پىيادىلىرىڭىز قىرىلىپ بولدى .

توختى ھاكىم تەسلىكتە ئېسىنى يىغىپ ، شاھمات تاختىسىغا قارىدى . لېكىن ئەمدى ئۇنىڭ ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇشقا ھەۋىسى قالمىغانىدى .

— مۇنداق بولسۇن ، ئادىشىم ، — دېدى ئۇ ئابدۇكېرىمگە مۇلايىملىق بىلەن ، — ئويۇقۇم كېلىۋاتىدۇ ، بايىقى ۋەدىمىز بويىچە مەن ھازىر ئۇخلايمەن ، سىزمۇ چىقىپ ئارام ئېلىڭ ، ئويۇننى ئىككى سائەتتىن كېيىن داۋاملاشتۇرىمىز .

توختى ھاكىم ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى، ئابدۇكېرىممۇ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. لېكىن توختى ھاكىمغا ئۇيقۇ نەدە؟! كۆزنى يۇمسىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ھېلىقى مەكتەپنىڭ قىيسايغان بىنالىرى چىقىپ كېلىپ، كۆز ئۆڭىدە سۇرەتتەك قېتىپ تۇراتتى. كۆڭلىگىمۇ بىر خىل بىھۇدە ۋەسۋەسە كىرىۋالغانىدى. ئاخىر ئۇ چىلانباغ يېزىسىغا چىقىش قارارىغا كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنى ھېچنېمە توسالمايتتى، ئۇ بىر ئىشقا تۇتۇش قىلسىلا، ۋۇجۇدقا چىقارماي قويمايتتى. شۇڭا، كىشىلەر بەزىدە ئۇنى «تۆرگۈن بۇقا» دەپمۇ قوياتتى. ئۇ كارىۋاتتىن تۇردى، ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ، يوچۇقتىن سىرتقا قارىدى، ھويلىدا ئابدۇكېرىممۇ، باشقىلارمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئۇ بىنالارنىڭ دالدىسى بىلەن مېڭىپ مېھمانخانىنىڭ ئارقا ئىشىكىگە كەلدى، تەلىيىگە ئارقا ئىشىك ئوچۇق ئىدى، ئۇ غىپپىدە سىرتقا چىقىپ كەتتى، ھېچكىم كۆرمىدى؛ ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىنى ھەتتا چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا «كۆزەت»تە تۇرغان ئابدۇكېرىممۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

توختى ھاكىم ئىككى كىلومېتىردەك پىيادە يول ماڭغاندىن كېيىن بىر ئېشەك ھارۋىسىغا يېتىشىۋالدى. ھارۋىكەش ئەللىك ياشتىن ئاشقان، ماش گۈرۈچ ساقاللىق، مەڭزلىرى قىزىل، تەمبەل ئادەم ئىدى. ئۇ توختى ھاكىمغا يانداپ كېلىپ توۋلىدى:

— نەگە ماڭدىڭ ئۇكام، چىلانباغقا؟ ئەمىسە ھارۋىغا چىقىۋال، يولىمىز بىر كەن.

توختى ھاكىم ھارۋىغا چىقتى، قۇرۇق ھارۋا يەڭگىل يۈرۈپ كەتتى. ھارۋىكەش ئوچۇق كۆڭۈل، دىلكەش ئادەم ئىدى. ئۇ توختى ھاكىمغا سوئال ياغدۇرۇۋەتتى:

— نەدىن كېلىشىڭ ئۇكام؟ ناھىيەدىن دېدىڭمۇ؟ كادىر كەنسەن - دە! چوڭ ساقالمۇ، كىچىك ساقالمۇ سەن؟

— چوڭ ساقالمۇ، كىچىك ساقالمۇ ئەمەس ئاكا، — دېدى

توختى ھاكىم كۈلۈپ قويۇپ، — خەلقنىڭ چاكىرىمەن.

— چاكار؟ ... بۇ گېپىڭ قامالشمىدى، ئۇكام، — دېدى دېھقان ھەيران بولغاندەك، — ھازىر قايسىبىر كادىر ئۆزىنى چاكار دەيدۇ؟ چاكار دېگەن ئۆز ۋاقتىدا باي - زومىگەرلەرگە ئىشلەيدىغان جاپاكەشلەر ئىدى.

— شۇنداق ئاكا، بۇرۇنقى چاكارلار ئاز سانلىق تىرىكتاپلارغا ئىشلەيتتى، — دېدى توختى ھاكىم ئەستايىدىل چۈشەندۇرۇپ، — بىزگە ئوخشاش ھازىرقى چاكارلار بولسا، خەلق ئاممىسىغا ئىشلەيمىز، خەلققە چاكار بولۇش شەرەپلىك!

— ھە، چۈشەندىم، بۇ گېپىڭنىڭ جېنى بار، — دېدى دېھقان ساقىلىنى تاراشلاپ قويۇپ، — سەن بىزنىڭ توختى ھاكىمنى تونۇمسەن؟

توختى ھاكىم دەسلەپ سەل - پەل ھودۇقتى، كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— چالا - پۇچۇق تونۇيمەن، قانداق؟ — دېدى.

دېھقاننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، كۆزلىرىنى ئويناتىپ، ھەۋەس بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— مانا شۇ ئادەممۇ چوڭ يىغىندا ئۆزىنى «خەلقنىڭ چاكىرىمەن» دەپ ئېلان قىلىپتىكەن، كاساپەت لەۋزىدە تۇردى. ئاڭلىسام كىچە - كۈندۈز دېمەي ئىشلەيدىكەن، خۇدايىم ئۇنىڭغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن! مانا مۇشۇ يولنى دېگىنە، ئاشۇ چوڭ ساقال كۈچىمىگەن بولسا، مۇنداق ھارۋىلاردا لەپەڭلەپ مېڭىش نەدە! قار ياكى يامغۇر ياغسىلا، بەئەينى كەربالاغا ئايلىناتتى، ئات - ئۇلاغ تۈگۈل، ئادەمنىڭمۇ مېڭىشى تەس ئىدى. ھازىر مۇشۇ يولدىن ماڭغانلا ئادەم ئۇنىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلىدۇ.

توختى ھاكىم ئەمدى ئېسىگە كەلگەندەك يولغا قارىدى، يىراقتا سوزۇلغان ماي ياتقۇزۇلغان قارامتۇل يول غەربكە قىيسايغان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا پارقىرايتتى، يولنىڭ ئىككى

قاسىنقىغا تىكىلگەن مەجنۇنتاللار بوستان چاچلىق ، ئەۋرىشىم بويلۇق ئۇسسۇلچى قىزلاردەك يەلپۈنۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى ، ئۆز ۋاقتىدا بۇ يولنى ياساشقا ئانچە ئاسانغا چۈشمىگەندى ، بەزىلەر ناھىيىنىڭ مالىيىسىدە ، قىزىل رەقەم كۆرۈلگەنلىكىنى باھانە قىلىپ ، يولنى ياساشقا قارشى تۇردى ، لېكىن توختى ھاكىم ئۆز پىكرىدىن يانمىدى ، ئۇ ئاز پۇل بىلەن كۆپ ئىش قىلىش نىيىتىدە ، خەلقنى سەپەرۋەر قىلدى ، خەلق ھەرىكەتكە كەلدى ، «خەلق پۇۋ دېسە بوران چىقىدۇ» دېگەندەك ، ئىشلار تېز ، ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كەتتى ، يولمۇ مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتتى .

— ئاكا ، بازارغا نېمە ئېلىپ كىرگەنتىڭىز ؟ — دەپ سورىدى توختى ھاكىم بىردىنلا سۆھبەتنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ ، — سودىڭىز قانداقراق بولدى ؟

— سودام ياخشى بولدى ، ئۇكام ، — دېدى دېھقان خۇشاللىنىپ ، — بىر تاغار سېرىق پۇرچاق ئەكىرگەنىدىم ، چارەكنى ئون بىر كوي ئوتتۇز پۇڭدىن ساتتىم .

ئۇلار بىر پەس جىم ماڭدى ، بىر پەستىن كېيىن جىمجىتلىقنى توختى ھاكىم بۇزدى :

— ئاكا ، سىز قايسى كەنتتىن ؟

— ئاق تېرەك كەنتىدىن ، بۇرۇنقى 9 - دادۈي .

— يېزا پارتكومدىكى رەھبىرىڭلار قانداقراق ؟

— ھېلىقى يېڭى چىققان نىياز شۇجىنى دەمسەن ؟

— ھەئە ، نىياز قادىرنى دەيمەن ، قانداقراق ئىشلەۋاتىدۇ ؟

— ئۇما ! ... ، — دېھقان ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋېتىپ ، بىردىنلا شۈكلەپ قالدى ، توختى ھاكىم ھەرقانچە قىلىپمۇ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرالمىدى . ئاخىر ئۇ بىر نەرسىنى سېزىپ ، ھىيلە ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى :

— ئاڭلىسام ، نىياز قادىرنىڭ چىلانباغقا تازا ئۇستىخىنى

چۈشمىگەن ئوخشايدۇ ، سىلەر يەكلەپ قويدۇڭلارمۇ ، قانداق ؟
بۇ گەپ بىلەن تەڭ دېھقاننىڭ بىردىنلا ئاغزى ئېچىلدى :
— كىم شۇنداق دەيدۇ ؟ ئەلمىساقتىن دېھقان خەقنىڭ كۆك-سى - قارنى كەڭ بولۇپ كەلگەن . بىلەمسەن ، چىلانباغنىڭ قوينى ئالتۇن بۆشۈك ! لېكىن ئۇ ئالتۇن بۆشۈككە لايىق نەرسە ئەمەسكەن . بوپتۇ ، ئاغزىمنى تاتىلاپ قويدۇڭ ، دېسەم دەي ، بىرىپ ئېيتىپ قويساڭ قوي ، مەندىن ئېلىۋېتىدىغان تۈغ - شەددىسى يوق ، كالتا كۆسەي قوڭالتاق دېھقانمەن ! مەن ساڭا دېسەم ، ئۇ چىققاندىن بىرى سىلىق سىلىپ خەلقنىڭ ھالىنى قويمىدى ، دېھقان دېگەن ساغسا تۇگمەيدىغان كالىمۇ ؟ ! ... سەن «ئىت سىلىقى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باققانمۇ ؟ مانا بىز ئاڭلىدۇق ، ئۇ پۈتۈن يېزىغا ئۈچ مىڭ ئىت سىلىقى سالدى ، ئاڭلىساق ، قايسىبىر يەردىكى جۇۋا تىكىش زاۋۇتى بىلەن توختام قىپتۇمىش ، ئەگەر بىرەر ئادەم ئىتنى تۇتۇپ بېرەلمىسە ، ئون ئىككى كوي تۆلەم تۆلەيدىغان گەپ ! دېھقانلار زارلاپ كەتتى ، لېكىن يەنە بىز ياۋاش ، قاچانمۇ رەھبەرلىكنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىغان ! كېيىن ئۇقسام ، ئۈچ كۈن ئىچىدە بەش يۈزدەك ئىت تۇتۇلۇپتۇ ، قىزىق ئىش تېخى ئارقىدا ، بۇ ئىتلارنى نەگە سولاپتۇ- دە ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ زالىغا سولاپتۇ ، ھېلىقى توختاملاشقان ئادەملەر كېلىپ ئەكەتكۈچە ئىككى كۈن شۇ يەردە تۇرۇپتۇ ، كېچە - كۈندۈز قاۋاپ كاڭشىپ ، كىشىلەرنى بىسەرەمجان قىپتۇ . زال دېگەننىغۇ مەينەت قىلىپ ، ئەسكىلەككە ئايلاندۇرۇپتۇ . ئەڭ يامىنى ، بۇ ئىتلار ئىككى كۈنگىچە ئامباردىن نەچچە يۈز جىڭ ئاشلىقنى يەپ كېتىپتۇ .
توختى ھاكىم ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ قالدى . بۇ سۆزلەر گويا ئۇنىڭغا مەدداھلار ئېيتىدىغان ئەپسانىلەردەك ئاڭلىنىپ كەتتى ، راستىمدۇر ؟ بۇ ئىشنى ھېلىقى ھەمىشە ھىجىيىپ تۇرىدىغان ، يۈزلىرى ئۇزۇنچاق ، كۆزلىرى چېقىر ، قارىغان كىشىنىڭ

ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك بىچارە قىيـاپەتلـىك نىيـاز قـادىر قىلغانـ
دىمۇ؟ ... توۋا، ئادەم دېگەن شۇنداق تېز ئۆزگىرىدىغان سىرلىق
نەرسە بولسا ـ ھە؟

توختى ھاكىم مەھەللە ـ كەنتلەرنى، ھېلىقى مەكتەپنى ئارىلاپ، كەچقۇرۇن نىياز شۇجى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ بەكمۇ پايپېتەك بولۇپ كەتتى، ئۆيگە باشلاپ كېلىپ، قوي سويماقچى بولدى. لېكىن توختى ھاكىم ئۇنىمىدى، بۇگۈن نېمە ئۈچۈندۇر نىياز شۇجى توختى ھاكىمنىڭ كۆزىگە سىغمىدى، ئۇنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىدىن قانداقتۇر بىر خىل ياسالمىلىق، خۇشامەتـ گۆيلۈق چىقىپ تۇراتتى. توختى ھاكىم ئۇنىڭغا چاي داستىخىنى ئۈستىدە قىسقىلا قىلىپ مۇنداق دېدى:

ھەر ھالدا مەكتەپ قۇرۇلۇشى يېرىم ـ يارتا بولسىمۇ پۈتۈپتۇ، مەن بۈگۈن شۇنى كۆرگىلى چىققان، ھازىر قايتىمەن، سىز ئەتە ناھىيىگە كىرىڭ، سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار!

توختى ھاكىم قوزغالماقچى بولۇۋىدى، نىياز شۇجى ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىدىن ئاستا بېسىپ تۇرۇپ:

— جىندەك تەخىر قىلىپ تۇرسىلا ھاكىم، — دېدى ـ دە، ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. توختى ھاكىم يەنە قانداق ئويۇنـ لارنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئولتۇردى. نىياز شۇجى ھايال بولماي قايتىپ چىقتى ۋە قىزىل تاۋارغا ئورالغان بىر تۈگۈنچەكنى توختى ھاكىمنىڭ ئالدىغا قويۇپ، قىسىنغاندەك تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

— ئاز بولسىمۇ كىچىككىنە كۆڭلۈم، سىلى مېنى يۆلەپ شۇجى قىلدىلا، قانچە قىلسام ئەرزىيدۇ، يەنە ياندۇرارمەن، ھاـ زىرچە بۇنى يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا.

توختى ھاكىم چىرايىنى بۇزماي سورىدى:

— قانچىلىك نېمە بۇ؟

— ئېغىزغـا ئـالغۇچىلىكى يـوق، — دېدى نىياز شۇجى

ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە ئىشقىلاپ تۇرۇپ ، — ئاران ئىككى مىڭ كوي ، ئائىلىسام يېقىندا كەنجى ئوغۇلنىڭ خەتنە تويىنى قىلىدىكەنلا .

— بۇنى ئالسام بولارمۇ نىياز قادىر ؟ كىشىلەر كۆرۈپ قالماسمۇ ؟ — دېدى توختى هاكىم تەڭقىس بولغاندەك قىياپەتتە .

— ئالمىسىلىرى بولمايدۇ ، هاكىم . كۆڭلۈم ئازار يەيدۇ ، هازىر بۇنى كىم كۆرىدۇ ، دەيلا ، سىلى بىلەن مەندىن باشقا هېچكىم يوق .

— شۇنداقمۇ ؟ هېچكىم كۆرمەسمۇ نىياز قادىر ! بۇنىڭغا يەرمۇ ، ئاسمانمۇ گۇۋاھ بولماسمۇ ؟ ! ۋىجدانىمچۇ ؟ !

توختى هاكىمنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى ، كۆزلىرىگە قان تولۇپ ، تومۇرلىرىدىكى قان شۇۋۇلداپ مېڭىسىگە ئۇرۇلدى . شۇ تاپتا ، ئۇ ئۆزىنى خۇددى سەركەردە تاللاشتا خاتالىشىپ ، ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم مەغلۇپ بولغان جۇگېلياڭدەك ئەيىبلەيتتى ، كەچۈرمەيتتى ...

— بۇنى دەرھال كۆزۈمدىن يوقىتىڭ ! — دېدى ئۇ تاۋار توگۇنچەكنى غەزەپ بىلەن نېرى ئىتتىرىپ ، — مەن سىزنى چۈشەنمەيتتىمەن ، سىزمۇ مېنى چۈشەنمەپسىز ! مۇنچە تېز بېيىپ كەتكەنلىكىڭىزنىمۇ بىلمەيتتىمەن ، ئويلاپ بېقىڭە نىياز قادىر ، دېھقانلارنى قاقشىتىش هېسابىغا يىغقان بۇ هارام پۇللار سىزگە راۋا بولارمۇ ؟ !

نىياز شۇجىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدى ، بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ گېلىدىن بوغقان ئەجەللىك قولدەك ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇ هازىر خۇددى «كۆڭۈل ئۆيى ناپاك كىشى ئاخىرقى هېسابتا كۆزى ياش ، دىلى غەش قالىدۇ» دېگەندەك هالغا چۈشۈپ قالغانىدى ! ...

# نېمە دېگۈلۈك

تۆرمۆشتىكى بەزى ئىشلارغا نېمە دېگۈلۈك ؟ تووۋا دېگۈلۈك ! تووۋا دېسەڭ ، كۆڭۈلدىكى ھەيرانلىق ، خۇرسىنىش ، غەزەپلىنىش قاتارلىق مۇرەككەپ ھېسسىياتلىرىڭ ئاز ـ تولا تەسەللى تاپىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن روھىڭ كۆتۈرۈلۈپ ، يەڭگىللەپ قالىسەن ! ...

مەنمۇ تووۋا دېدىم ، نېمىگە تووۋا دېدىم ! ھېلىقى ئادەملەرنىڭ خۇددى بىر كېچىدە ھۆپۆپتىن بۇلبۇلغا ئايلانغاندەك غەلىتە قىلىقلىرىغا ! ...

مەن بىر تۇپراقشۇناس ، بۇ ناھىيىگە كېلىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغىنىمغا يېرىم ئاي بولۇپ قالدى . لېكىن ، بۇ جەرياندا ناھىيە ھاكىمىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدىم . ئاڭلىسام ، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئاسىم ئىكەن ، لېكىن ناھىيىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئۇنى «ئاشەنجاڭ» دەيدىكەن . بۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشۈش مەن ئۇچۇن ھەج تاۋاپ قىلىشتىنمۇ تەس بولدى : بىرىنچى قېتىم ئىزدەپ بارسام ، ئىشخانىدىكىلەر «ئاشەنجاڭ جىددىي يىغىن ئېچىۋاتىدۇ» دەپ ياندۇرۇۋەتتى ، ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكىلى بارسام ، «ۋىلايەتكە جىددىي يىغىنغا كەتتى» دېيىشتى . ئۈچىنچى قېتىم بارغىنىمدا بولسا ، «يېزىدىن ئاخشام قايتىپ كەلدى ، جىددىي دەم ئېلىۋاتىدۇ» دەپ ، ئالدىمغا تاقاق سالدى . شۇنداق قىلىپ ، يېرىم ئاي جەريانىدا ، ھەمىشە «جىددىي» يۈرىدىغان ، ئەتىۋار بۇ ئادەم بىلەن زادىلا كۆرۈشەلمىدىم . كۆرۈشكەن بولسام ، باشقا مۇددىئايىممۇ يوق ئىدى ، پەقەت ناھىيىنىڭ تۇپرىقى ، تېرىلغۇسى ۋە ئېكولوگىيىسى توغرىسىدا سۆزلەشمەكچىدىم ، ھەتتا جىددىي سۆزلىشىشكە تېگىشلىك بەزى

ئەھۋاللارمۇ بار ئىدى . ئەپسۇسكى ، «ئاشەنجاڭ»نىڭ دىدارىنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولمىدى . قائىدە بويىچە ، ئۈچ قېتىم ئىز - دەپ كۆرۈشەلمىگەندىن كېيىن ، تۆتىنچى قېتىم ئىزدەشنى مې - نىڭمۇ تەبىئىتىم كۆتۈرمىدى . چۈنكى ، مەنمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق بىر ئادەم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئاپتونوم رايوندىن كەلدىم ...

شۇنداق قىلىپ ، ھاكىم بىلەن كۆرۈشەلمەي ، ئىلمىي تەك - شۈرۈشلىرىمنىڭ نەتىجىسىنى يازما ماتېرىيال قىلىپ ، مۇناسى - ۋەتلىك ئورۇنلارغا قالدۇرۇپ كېتىش نىيىتىدە «تەكشۈرۈش دوكلاتى» يېزىشقا كىرىشتىم ...

قىزىق ، شۇ كۈنلەردە ئاجايىپ بىر كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى !

ئاڭلىسام ، ئاپتونوم رايوندىن چوڭ بىر باشلىق كەپتۇ . ئۇ كىشى ناھىيىنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، ئاخىرىدا ھاكىمدىن تۇيۇقسىزلا :

— سىلەرنىڭ بۇ يەر بەكمۇ چەت ، قاتناش قۇلايسىز جاي ئىكەن ، ئاپتونوم رايوندىكى مـۇناسىۋەتلىك كـەسپىي ، ئىلمىي ئورۇنلاردىن خادىملار كېلىپ تۇرامدۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئاندا - سـاندا كـېلىپ قـالىدۇ ، لېكىن كۆپ تۇرماي - دۇ ، — دەپتۇ ھاكىم سەل - پەل دۇدۇقلاپ .

— ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن بىرسى ھازىرمۇ مۇشۇ يەردە بار ، — دەپتۇ ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى دەرھال سۆز قىستۇرۇپ ، — تۇپراقشۇناس ئىكەن ...

ھېلىقى باشلىق «ھە» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ ۋە چۈشتىن كېيىنكى «دوكلات قىلىش ، يوليورۇق بېرىش» ئىشلى - رى تۈگىگەندىن كېيىن ، توساتتىن ھاكىمغا :

— مېنى ھېلىقى تۇپراقشۇناسنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىڭ ، كۆرۈشۈپ كېتەي ، — دەپتۇ .

مانا شۇ سەۋەب بىلەن يېرىم ئايدىن بېرى ئىزدەپ يۈرۈپ ،

كۆرۈشەلمىگەن ھاكىم تۇيۇقسىز مېنىڭ ياتىقىمدا پەيدا بولۇپ قالدى .

چوڭ باشلىق مەن بىلەن خۇددى كونا قەدىناسلاردەك قىز- غىن كۆرۈشۈپ ، سەمىمىي سۆھبەتلەشتى ، ھەتتا بىر - ئىككى قەپەس چاقچاقمۇ قىلىۋالدى ، گەپ ئارىسىدا مېنى «دوستۇم ، ئاداش ...» دېگەن يېقىملىق ئىسىملار بىلەن ئاتىدى . مەن بۇ ئادەم بىلەن بۇرۇن ھەمسۆھبەت ، ھەمداستىخان بولۇپ باقمىغان بولساممۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىلىمنى ، ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەيدى- غانلىقىنى ، ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم . بىز بار - يوقى ئون مىنۇتتەكلا ئەھۋاللاشتۇق . ئەتىسى ، مەن بۇ ئون مىنۇتلۇق سۆھبەتنىڭ كارامەت بىر مۆجىزە يارىتىپ ، ماڭا ئامەت ياغدۇرىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۇرمەپتىمەن . تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ بوسۇغامدا بىر ئادەم پەيدا بولدى .

— ئۆزلىرىنى بۈگۈن ئا شەنجاڭ بىر پىيالە چايغا تەكلىپ قىلدى ، — دېدى ئۇ كاتتا بىر يارلىقنى يەتكۈزۈۋاتقان ئادەمدەك كۆرەڭ قىياپەتتە ، — دەل سائەت ئون ئىككىدە ئۆيدە كۈتمەكچى !

مەن ئۆزرە ئېيتىپ ، بارالمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم . ئۇ ئادەم گويا ماڭا «ساراڭمۇ سەن» دېگەندەك ھەيرانلىق بىلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارىدى ۋە بىر پەس ئىككىلىنىپ تۇرغان- دىن كېيىن ، بېشىنى ئەپسۇسلانغاندەك لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .

مەن يەنە بېشىمنى چۆكۈرۈپ ، ماتېرىيال يېزىشقا كىرىش- تىم . لېكىن ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتە - ئۆتمەي ، ئىشىك ئالدىدا ئىشخانا مۇدىرى پەيدا بولدى . ئۇ جىگەر رەڭلىك بىر پىكاپنى ئېلىپ كەلگەنىدى . مەن ئۇنىڭغىمۇ ئۆزرە قويۇپ ، ئاسىم ھاكىمغا رەھمىتىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتتىم .

— يوقسۇ ، ئۇنداق دېسىلىرى بولمايدۇ ، ئاشەنجاڭنىڭ كۆڭ- لى ئازار يەيدۇ ! — دېدى ئۇ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سولكەت

بىلەن ، — ئۇ كىشى سىلىنى دەپ ناھىيىمىزنىڭ بىرنەچچە كاتتىلىرىنى چاقىرىپ قويدى !

راستىنى ئېيتسام ، بۇ قېتىم يۇز كېلەلمىدىم ، كونىلارمۇ «چاقىرغانغا بار ، چاقىقاندىن قاچ !» دەيدۇ . ئامالسىز بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم . ھاكىم راستتىنلا مېنى دەپ بىرنەچچە يېقىنلىرىنى چاقىرىپ قويغانىكەن . ئىشىكتىن كىرىپلا مېھماندارچىلىقنىڭ كاتتا بولىدىغانلىقىنى كۆردۇم ، ھويلىدا يېڭىلا سويۇلغان قوينىڭ تېرىسى بىلەن باش - پاچاقلىرى تۇراتتى ، بىرنەچچە ئادەم كاۋاپ قىلىش ، شورپا پىشۇرۇش ، قوغۇن - تاۋۇز پىچىش قاتارلىق يۇگۇر- يېتىم ئىشلار بىلەن پايپېتەك ئىدى . ئاسىم ھاكىم مېنى كۆرۈپلا خۇددى ئېنى كەڭ تاۋاردەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ كەتتى ، كۆزىدىن كۈلكە ، ئاغزىدىن گەپ قۇيۇلۇپ تۇراتتى :

— ئالدىلىرىغا چىقالمىدىم ، ئالىم ... بىلمەيتىمىز ، يۇرتىمىزغا شۇنچە شۆھرەت كەلتۈرگەن ! ... قېنى ، قېنى ، ئۆيگە كىرسىلە ، يۇقىرى ئۆتسىلە ! ...

ئۇ مېنى يۆلەشتۈرۈپ تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ، باشقا مېھمانلارمۇ ئېگىلىپ ، قول قوۋۇشتۇرۇپ چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتتى . مەن دەسلەپ ئۆزۈمنىڭ تۇيۇقسىزلا بۇنداق ئەزىز مېھمان بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي ھەيران بولدۇم ، لېكىن شورپا ئىچىلىپ كاۋاپ تارتىلىپ ، ئاسىم ھاكىم بىرىنچى رومكا ھاراقنى كۆتۈرۈپ ، قەدەھ سۆزى سۆزلىگەندىلا ، ئاندىن بۇ كاتتا ئىلتىپاتنىڭ تېگىگە ئازراق يەتكەندەك بولدۇم . ئۇ سىپىز ، كېلەڭسىز گەۋدىسىنى ئىرغاڭلىتىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەتراپتىكىلەرگە ئەلەڭلەپ قاراپ :

— مەن بۇ بىرىنچى رومكا ھاراقنى بىزنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمىنىمىز تۇپراقشۇناس ئالىمنىڭ سالامەتلىكى ، خۇشاللىقى ئۈچۈن ئىچىشنى تەكلىپ قىلىمەن ! — دېدى .

شۇنىڭ بىلەن تەڭ ، تەرەپ - تەرەپتىن مېنىڭ نامىمغا ياغدۇرۇلغان ھەرخىل سۆپەت ، ھەرخىل تەلەپپۇزدىكى ماختاش ، ئۇچۇرۇشلار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . ئاسىم ھاكىم تۆتىنچى رومكا ھاراقنى قولىغا ئالغاندا ، خېلى ئوچۇق - ئاشكارىلىق بىلەن مۇنداق دېدى :

— ئۆزلىرى چوڭ ئاقساقال بىلەن ناھايىتى يېقىن بۇرادەر ئىكەنلا ، بۇنى كۆرۈپ بىزمۇ سىلىنى ئۆزىمىزنىڭ يېقىن تۇغقىنىدەك ھېس قىلدۇق . كۆرۈپ تۇرۇپلا ، ناھىيىمىز ناھايىتى چەت ، جاپالىق يەر ، شۇنىڭغا قارىماي ، جان تىكىپ ئىشلەپ ، ناھىيىمىزنى مۇشۇنداق گۈللەندۈرۈپ ئاۋات قىلدۇق . ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇمچىگە قايتقاندىن كېيىن ، چوڭ ئاقساقال بىلەن كۆرۈشكەندە ، بىزنىڭ ئانچە - مۇنچە ياخشى گېپىمىزنى قىلىپ قويۇشلىرىنى سورايمىز ! ...

شۇ گەپ بىلەن تەڭ خۇددى كېلىشىۋالغاندەك ، تەرەپ - تەرەپتىن گۇپپاڭچىلىق قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى :

— شۇنداق ، ئا شەنجاڭ توغرا ئېيتتى ، مۇنداق جاپالىق يەردە ئىشلەپ قەد كۆتۈرۈشنىڭ ئۆزى بىر چوڭ ئىنقىلاب !

— ئەگەر ئا شەنجاڭ بولمىغان بولسا ، ناھىيىمىز بۇنداق قەد كۆتۈرەلمەيتتى !

— توغرا ، ئا شەنجاڭ ناھىيىمىزنىڭ غول تۈۋرۈكى !

— شۇنداق ، سەركەردىسى !...

— ئۇنى قانچە كۆتۈرسە ئەرزىيدۇ !

— بېشىغا شاھلىق تاج كىيگۈزسە ئارتۇق كەتمەيدۇ ! ...

— ...

قاراپ ئولتۇرۇپ بىر - بىرىنى ماختاش نېمىدېگەن تېتىقسىزلىق - ھە ؟ ! يۈزمۇ يۈز ماختىغاندىن كۆرە ، ئوتقا تاشلىغان ياخشى ئەمەسمۇ ؟ ! ... لېكىن قارىسام ، ئاسىم ھاكىم تېخىمۇ كېرىلىپ ، كاۋاپ چـايناۋاتقـان ئـاغزىدىن شۆلگەي ئېقىتىپ ،

قاڭتۇرۇلغان ئاتتەك قېتىپ ئولتۇراتتى . ئايىغى ئۈزۈلمەي چىقىدۇاتقان ماختاش ، ئۇچۇرۇشلارنى ئاڭلاپ چىشلىرىم قېرىشىپ ، ئىچ- ئىچىمدىن غىجىنىپ كەتتىم . ئاخىر ئۆزۈمنى تۇتالماي مۇنداق دېدىم :

— يولداشلار ، ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن ، مەن چوڭ ئاقساقالنىڭ ھېچقانداق يېقىن بۇرادىرى ياكى تونۇشى ئەمەس ، ئۇ ئادەم بىلەن مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ، گېزىتتە ، تېلېۋىزوردا كۆرۈشۈپ تۇرىمەن !

لېكىن ئۇلار ئىشەنمىدى ، بەلكى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ :

— كەمتەرلىك قىلمىسىلا ، چوڭ ئاقساقال ئۆزلىرىنى ئالاھىدە سورۇشتۇرۇپ يوقلاپ كەتتى ...

— چوڭقۇر مۇڭداشتىغۇ ...

— چاقچاق قىلدى تېخى ! ...

— شۇنداق ، بىز بىر كۆرۈپلا بىلدۇق ، ئىلگىرى قەدىناس ئىكەنلا ، — دېدى ئىشخانا مۇدىرى يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، — بۇ قېتىم بىزدىن سەۋەنلىك ئۆتتى ، سىلىنى ياخشى كۈتەلمىدۇق . شۇڭا ، ئاچچىقلىرى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن بىز بۇنى چوقۇم يۈيىمىز ، ئەمدى سىلىمۇ بىز ئۇچۇن تۆت ئېغىز گەپلىرىنى ئايىمىسىلا ، بىزنىڭ ئاشەنجاڭ ئىقتىدارلىق ، جاسارەتلىك ، ياش كادىر . ئۇنى ھەرقانداق بەيگىگە سالسا ئۆزۈپ چىقىدۇ . بۇ ئادەمنىڭ جاسارىتى ، ئەقىل - پاراسىتى كىچىك يەرلەردە زايا بولۇپ كەتمىسۇن ! ...

بۇ ئادەملەر ھازىر ئاسىم ھاكىمغا ، ماڭا ۋە مەن ئارقىلىق ھېلىقى چوڭ باشلىققا خۇشامەت قىلىۋاتاتتى . خۇشامەت ھەرگىزمۇ ئالىيجاناب يۈرەكتىن چىقمايدۇ ، بۇ چاكىنىلارنىڭ نەيرىڭى ، ھەرقانداق خۇشامەتنىڭ كەينىگە پايدا - مەنپەئەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار بۇ يولدا يالغان ماختاشتىن ، يالغان سۆزلەشتىن ، يالغان كۈلۈشتىن ، ھەتتا ھەرخىل پەسكەش قىلىقلارنى

قىلىشتىن يانمايدۇ ! «خۇشامەتچىنىڭ چىشى يوق ، لېكىن سۆ-
ڭەك غاجايدۇ» دېگەن شۇ ئەمەسمۇ ؟ ! ...

مەن بۇ ئادەملەرنىڭ سۆزىگە ، قىياپىتىگە ، نىيەت - ئىقبا-
لىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدىم . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇلارغا ئىچىم
ئاغرىپ قالدى ، بۇ نېمىدېگەن بىچارىلىك - ھە ؟ ! ئۇلار مەندىن
نېمە تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ، نېمە كۈتمەكچى ؟ ! ئورۇن - مەرتىۋە ،
ھوقۇقمۇ ؟ ! ئىسىت ! ... ھەي ، خەق ! سىلەر مېنى خاتا تاللاپ
قاپسىلەر ! ئەتىدىن - كەچكىچە تۇپراق بىلەن ، لاي - توپا بىلەن
ھەپىلىشىپ يۈرىدىغان مەندەك مەجنۇن سۈپەت ئادەمدىن نېمە
چىقماقچى ؟ ! ھېلىغۇ چوڭ ئاقساقال بىلەن تونۇشمايمەن ، تونۇش-
قان تەقدىردىمۇ ، سىلەر دەۋاتقان بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈش
ماڭا نومۇس ئەمەسمۇ ؟ ! مەن ئاشۇ بارغان - تۇرغان يېرىدە
جىگلاپ ھاراق ئىچىپ ، ياغ بىلەن گۆش چايناپ ، جاۋغايلىرىدىن
شۆلگەي ئاققۇزۇپ ، لاي بۇتىدەك بېزىرىپ ئولتۇرغان ئاسىم ھا-
كىمنى ماختاپ ، كۆككە كۆتۈرۈشكە ئەلچى بولامدىمەن ؟ ! ئۇنداق
ئوڭاي ئىش يوق ئاغىنىلەر ! قاراڭلار ، ئۇنىڭدا ئىقتىدار دېگەن
نېمىش قىلسۇن ! بەلكىم ئۆز ۋاقتىدا بار بولغىيتتى ، لېكىن
ھازىر ئۇنىڭدىكى ئىقتىدارنى ۋۇجۇدىدىكى شەخسىيەتچىلىكنىڭ ،
مەنسەپپەرەسلىكنىڭ ، مەنمەنلىكنىڭ چاڭ - توزانلىرى كۆمۈپ
تاشلاپتۇ ! ئۇنى جاسارەتلىك دەپ كىم دەيدۇ ؟ ! جاسارەتلىك ئادەم
شۇنداق ئۇچرىغانلا يەردە ئۆزىنى ماختاپ ، تەمەخورلۇق قىلىدى-
غان ، ئاغزى بېسىلماي لوقما چايناپ ، لاپچىيىپ ئولتۇرىدىغان
لايغەزەل بولامدۇ ؟ ! ...

ئۇنىڭ تەلەتىگە قاراپ تېخىمۇ رايىم قايتتى . ئۇ ئۆزىنى
ماختاشتىن ، يەپ - ئىچىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغاندەكلا قىلات-
تى . مەن ئەمدى ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى
كۆڭلۈمگە پۈككەن گەپلەرنى قىلماقچى بولدۇم . ھازىر شۇ گەپ-
لەرنى قىلىشنىڭ تازا لايىق پەيتى ۋە سورۇنى ئىدى :

— يولداشلار ، مېنىڭ ناھىيەڭلەرگە كېلىپ ، ئىلمىي تەك-
شۈرۈش قىلغىنىمغا بۈگۈن دەل يىگىرمە كۈن بولدى . مەن بۇ
جەرياندا ، بىرنەچچە يەرلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈردۈم . تەكشۈرۈش
نەتىجىسىدىن قارىغاندا ، بۇ يەرنىڭ ئىقلىمى قۇرغاق ، مۇھىت
شارائىتى ناچار ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئاجىز ئىكەن . شۇنداق
بولغاچقا ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى
تەڭشەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ . ئۇنداق
بولمىسا ، ھازىرقى ئىنتايىن ئاجىز بولغان ئېكولوگىيىلىك تەڭ-
پۇڭلۇق بۇزۇلۇپ ، ئاقىۋەتتە يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ھا-
دىسىلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن . بۇرۇنقى يىللاردا بىر مەھەل
روناق تاپقان دەندان ئۆرۈك ، مارجانلىق ، قارا دۆڭ ، كىروران
قاتارلىق يىپەك يولىدىكى يىگىرمە نەچچە شەھەرلەرنىڭ ئىلگىر-
كېيىن بولۇپ قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قالغانلىقى بۇنىڭ ئەمەلىي
مىسالى . ھازىر سىلەرنىڭ ناھىيەڭلاردىكى گەۋدىلىك زىددىيەت
شۇكى ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى تەبىئەتنىڭ جانلىق
قانۇنىيىتى بىلەن ماس ھالدا ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىدىن ئىبارەت .
ناھىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى لەڭگەر يېزىسىنىڭ ئەھۋالى بىر-
قەدەر خەتەرلىك ، بۇ يەردە بوستانلىقلارغا قاراپ سىلجىۋاتقان قۇم
ئېقىنى يىلىغا يەتتە - سەككىز مېتىر بولۇپ ، خۇددى «قوشۇن
شەھەرگە يېقىنلاشقان» دەك بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن .
بۇنىڭدا ئوبيېكتىپ شارائىتتىن باشقا ، بەزى سۇنئىي ئامىللارمۇ
ئاساسلىق رول ئوينىغان . مەسىلەن ، چۇچۇكبۇيا ، سۆكسۆك
قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ كولىنىپ كې-
تىشى بىلەن نۇرغۇن ئوتلاق بۇزۇلۇپ ، شامالنىڭ ئۇپرىتىشىدىن
ھاسىل بولغان ئاقار قۇم رايونىغا ئايلىنىپ قالغان . يەنە كېلىپ ،
بۇ يەردىكى چارۋىچىلار قامچا ئورنىغا پالتا ئىشلىتىدىكەن . بىر
پادا قوينى بېقىش ئۈچۈن ، بىر قېتىمدىلا نەچچە يۈز تۈپ دەرەخنى
چاتايدىكەن . بۇنىڭ بىلەن توغراقلىق ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا

ئۇچراپتۇ . بۇنى ئاز دېگەندەك ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئوتتۇز نەچچە مىڭ ئائىلىنىڭ ھەر يىلى سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ سىرتىدىن كېسىپ كەلگەن يېقىلغۇ ئوتۇنى ئىككى يۈز قىرىق مىڭ ئېشەك ھارۋىغا يەتكەن . بىر ھارۋىنى بىر يۈز ئەللىك كىلوگرام ھېساب-لىساق ، جەمئىي ئۈچ مىليون بەش يۈز نەچچە مىڭ كىلوگرام ئوتۇن كېسىلگەن بولىدۇ . ۋەھالەنكى ، خەلقنىڭ يېقىلغۇسى ئۈ-چۈن ئىشلىتىلىدىغان مارالتاغدىكى كۆمۈر كېنى بولسا ، بىرلا شەخسنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن ، ئۇ كىشى باشقا جايلار بىلەن كېلىشىم قىلىپ ، كۆمۈرنى سىرتقا توشۇپ كەتكەن ! ئەمدى ناھى-يىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى يېزىلاردا بولسا ، قايتا شورلىنىش ھادىسىسى كۆرۈلۈپتۇ . بۇ يەردىكى ئېكىنزارلىقلارنى ئىجرىق ، ئەمەن ، ئاق شىۋاق ، قىرىق بوغۇم قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بېسىپ كېتىپتۇ . بۇ ھال تۇپراق تەركىبىدىكى تۇز ، ئازوت ، ئورگانىك ماددا ۋە فوسفورلارنىڭ ئازلاپ ، تۇپراق سۈپىتىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . يولداشلار ، بايلىق مەنبەلىرى بى-لەن مۇھىت — تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە . ئەگەر بىز بۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىمايدىغان بولساق ، ئۇ چاغدا ، كۇنلەرنىڭ بىرىدە تەبىئەتنىڭ دەھشەتلىك ئۆچ ئېلى-شىغا دۇچ كېلىمىز . ھازىر ناھىيەڭلاردا تۇپراق ئاجىزلىشىش ، قايتا شورلىنىش ، قۇم بېسىش ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش قاتارلىق ھادىسىلەر خېلىلا ئېغىر . بۇنىڭغا قارىتا ھا-زىردىن باشلاپ جىددىي تەدبىر قوللىنىلمىسا ، ئاقىۋىتى خەتەر-لىك بولىدۇ . مانا بۇ ، مېنىڭ يىگىرمە كۇنلۈك ئىلمىي تەكشۈرۈ-شۈمنىڭ نەتىجىسى !

مېنىڭ بۇ كۆتۈلمىگەن سۆزلىرىم ئاسىم ھاكىمنىڭ قۇلىقى-غا ئانچە ياقمىدى . چۈنكى ، بۇ گەپلەر سىرتقا چىقىپ كەتسە ئۇنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ ، ئىناۋىتىگە دەخلى يەت-كۈزۈشى مۇمكىن ئىدى . شۇڭا ، بۇ گەپلەر قىلىنىۋاتقاندا ،

ئۇنىڭ چىرايى خۇددى تەتۈر تولغاق تۇتقاندەك پۈرۈشۈپ، ياغ تولغان كۆزلىرى يېقىمسىز پارقىراپ كەتتى. بولۇپمۇ، كۆمۈر كېنى توغرىسىدىكى گەپلەر چىققاندا، ئۇ ئىككى تەرىپىگە قىمىدىنىپ، ئولتۇرالماي قالدى. چۈنكى، كۆمۈر كېنىنى كۆتۈرە ئېلىپ، نۇرغۇن پايدا تېپىۋاتقان كىشى دەل ئۇنىڭ قېيىنىنىسى ئىدى.

ئەلۋەتتە، مېنىڭ گەپلىرىم، مەن ئوتتۇرىغا قويغان سان - سېپىرلار بەزىلەرنى چۆچۈتمەيمۇ قالمىدى. ئىشخانا مۇدىرى «شۇنداقمۇ!» دېگەندەك ئەندىكىپ، مېنىڭ ئاغزىمغا قاراپ قالدى. يەنە بىر ئوتتۇرا ياشلىق مۇئاۋىن هاكىم ئۇھسىنغان هالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ ئويچان تۇرقىدىن ئاللىقانداق بىر ئىشلارغا باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى، قانداقتۇر چارە - تەدبىرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى…

مېھمانلار ئۇزايدىغان چاغدا، ئاسىم هاكىم كۆز قارىچۇقىنى بىرلا ئايلاندۇرۇپ، يەنە بۇرۇنقى خۇشخۇي هالىتىگە كەلدى. ئۇ مېنىڭ قولتۇقۇمدىن يۆلەپ چىقىۋېتىپ، قۇلىقىمغا بىر مۇنچە شېرىن - سۇخەن گەپلەرنى شىۋىرلىدى ۋە ئاخىرىدا:

— سىلىنىڭ ئېيتقانلىرى بىز ئۈچۈن جىددىي يوليورۇق، خاتىرجەم بولسىلا، تولۇق ئىجرا قىلىمىز! بىزنىڭمۇ لەۋزىمىزنى يەردە قويماسلىقلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز! — دېگەن گەپلەرنى ئالاهىدە ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

ماڭا ئەتىسىمۇ ئارامچىلىق بولمىدى. يىگىرمە كۈندىن بېرى، بەزى چاغلاردا، ئايرىم دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە بەھۇزۇر مېھمان بولغاندىن باشقا، بىرەرمۇ ئەمەلدارنىڭ كۆزىگە چېلىقمىغان مەندەك بىر تۇپراقچىنىڭ بىردىنلا يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى بولۇپ قالغانلىقى ئۆزۈمنىمۇ هەيران قالدۇراتتى. روشەنكى، بۇ هېلىقى چوڭ ئاقساقالنىڭ تۇيۇقسىز بۇ يەرگە كېلىشى ۋە مەن بىلەن تاسادىپىي هالدا ئۇچراشقانلىقىنىڭ

شاراپىتى ئىدى . ئەگەر ئۇ كىشى بىلەن ئۇچراشمىغان بولسام ، ئېھتىمال ، ئاسىم ھاكىمنىڭ غىل ـ پال بولسىمۇ دىدارىنى كۆرەلمەي ئارماندا كەتكەن بولاتتىم ۋە ناھىيىلىك سىياسىي كې-ڭەشنىڭ رەئىسى ئاتاۋۇللا بىلەنمۇ يۈز كۆرۈشەلمىگەن بولاتتىم . بۇ ئادەممۇ ئۇنىمىغىنىمغا قويماي بۈگۈن ئۆيىگە مېھمانغا چاقىر-دى . ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ بىرنەچچە گۈپپاڭچىلىرى بار ئىدى . ئۇ ئادەم ھە دېگەندىلا ئاسىم ھاكىمنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلدى ۋە بىرمۇنچە سىياسىي ، ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى پاش قىلىپ ، ئاخىرىدا :

— ئۇنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى ئەنە شۇنداق لىخشىپ تۇرغان بىر پارچە سېسىق گۆش ! شۇنىڭغا قارىماي ، چوڭلارغا ياخشى كۆرۈنۈپ يۇقىرى ئۆرلەيمىش تېخى ! ئۇنىڭ توغرىسىدا چوڭ ئاقساقالغا ھەرگىز گەپ قىلىپ سالمىسىلا ، مانا بىزمۇ ئۇنىڭ ھارام نىيىتىدىن چەتكە قېقىلىپ يۈرۈۋاتىمىز ! — دەپ دەرد ـ ئەھۋال تۆكتى . ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا ئەتراپىدىكى ھەمسۆھبەتلى-رى تۇشمۇ تۇشتىن دوست تارتىشتى :

— شۇنداق ، ئا جۇشى چەتكە قېقىلىپ ، كۈچلۈك بىر كادىر كۆمۈلۈپ قالدى !

— ئا جۇشى ناھىيىگە ئەمەس ، ۋىلايەتكىمۇ يارىشىدىغان ئادەم ! ...

— ھوقۇقنى بەرسە تېخى چۆلنى بوستان قىلغۇدەك كۈچ-قۇدرىتى بار !

......

تۈنۈگۈندىن بېرى بىـولۇۋاتـقان ئىـشلاردىـن مەن بىر نەر-سىنى — ئۇلارنىڭ خۇددى ئوغلاققا چۈشكەن چەۋەندازلاردەك ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ ، تۇلۇمچىلاپ سويۇلغان قوتۇر ئۆچكىنى تالاشقاندەك قانداقتۇر بىر نەرسىنى يوشۇرۇن تالىشىۋاتقانلىقىنى

پەملەپ قالدىم . ئۇلار بۇ يولدا ئار ـ نومۇسنى ، ۋىجدان ـ ئەقىدىسىنىمۇ ئاياغ ـ ئاستى قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندەك قىلاتتى . ئۇزاققا قالماي ، ئۇلار تالىشىۋاتقان بۇ يوشۇرۇن نەرسىمۇ ئاشكارا بولۇپ قالدى . ئۇ باشقا نەرسە ئەمەس ، ۋىلايەتتىن ئاپتونوم رايونغا يۆتكىلىپ كەتكەن بىر مۇئاۋىن ۋالىينىڭ بوش قالغان ئورنى ئىكەن . ئاسىم هاكىم بىلەن ئاتاۋۇللا رەئىسنىڭ نەزىرىدە ، مەن قايتىپ بېرىپ ، هېلىقى چوڭ باشلىققا بۇ كىشىلەرنى تونۇشتۇ- رۇپ ، ماختاپ ، كۆككە كۆتۈرسەم ، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى ئەمەلگە ئېشىپ ، بېشىغا تېخىمۇ سەلتەنەتلىك تاج كىيىلىدىكەن ! ...

مەن بۇلارنىڭ شۇنچە ئەخمەق ، كالتە پەملىكىنى ئويلاپ ، ئىچ ـ ئىچىمدىن پۇچىلىنىپ كەتتىم ، بەلكىم ، ئۇلار ئەسلىدە ئۇنچىلىك ئەقىلسىز ، ئەخمەق ئادەملەر بولمىسا كېرەك ، پەقەت ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاز ـ تولا شەخسىيەتچىلىك ، شۆھرەتپەرەسلىك ئۇرۇقلىرى مەلۇم مەزگىل ناپاكلىق بىلەن هوقۇق تۇ- تۇش جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا بىخلىنىپ ، شاخاراپ بۈگۈنكى ناشۇكۇرلۇك ، نەپسانىيەتچىلىك ، مەنسەپپەرەسلىككە ئېلىپ بار- غان بولۇشى ۋە ئۇزئارا مۇناسىۋەتتە ، بىر ـ بىرىنى يامانلايدىغان غۇم ـ خۇسۇمەت ، جەڭگى ـ ئاداۋەت قاتارلىق نىجىس ئىللەتلەر- نى يېتىلدۈرگەن بولۇشى مۇمكىن ! ...

ئاتاۋۇللا رەئىسنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ بارغان كېچىسى زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى . بۇ يەرگە كەلگەن يىگىرمە ئىككى كۈندىن بۇيانقى كۆڭۈللۈك ـ كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ هەممىسى بىرمۇ بىر كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى . هېسابلاپ قارىسام ، كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كۈنلىرىم ناهايىتى كۆپ ئىكەن ، بولۇپمۇ ئېتىز ـ ئېرىقلاردا ، قوم بارخانلىرى ئارىسىدا ، توغراقلىقلار ئىچىدە ، دېهقانلارنىڭ باغ ـ هويلىلىرىدا ئۆتكەن كۈنلىرىم بەكمۇ كۆڭۈللۈك ، ئازادە ، دىلكەشلىك بىلەن ئۆتۈپتۇ . نۇرغۇن تەجرىبىلىك دېهقانلار مېنىڭ

ئىلمىي تەكشۈرۈشۈمنى ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى . ماڭا نۇرغۇن ئاچچىق ساۋاقلارنى ، ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى سۆزلەپ بەردى . مەن ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدىن ، قەلب ۋۇجۇدىدىن ناھىيىنىڭ تەرەققىيات مەنزىرىسىنى ، گۈزەل ئىستىقبالىنى كۆرگەندەك بولدۇم . ئۇلارنىڭ ھەممىشە سۆزلەيدىغىنى ، ئويلايدىغىنى قانداق قىلىپ مول ھوسۇل ئېلىش ، باي بولۇش ، روناق تېپىش ئىدى . بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ، ئاسىم ھاكىم بىلەن ئاتاۋۇللا رەئىس ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى ! ئۇلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدىغىنى ھوقۇق ، ھوقۇق ئۈچۈن قورساق سوقۇشى قىلىش ۋە كۆز بوياپ يۇقىرى ئۆرلەش تۇرسا ، ئۇلار قانداقمۇ ناھىيىنىڭ تەرەققىياتى ، كەلگۈسى ئىستىقبالى توغرىسىدا باش قاتۇرۇشقا ۋاقىت چىقىرالىسۇن ؟ ! ... ھوقۇق ۋەسۋەسىسى ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى سۇسلاشتۇرۇپ ، ئەقلىنى كەسكەن ، قۇلىقىنى پاڭ ، كۆزىنى ئەما قىلدۇۋەتكەنىدى ! ...

مېنىڭ يىگىرمە نەچچە كۈنلۈك ئۆمرۈم ئۆتكەن بۇ ناھىيە شۇنداق تىنچ ، ۋە خىلۋەت يەر ئىدى . ئۇنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدىن ئادەمنىڭ قۇلىقىنى غوڭۇلدىتىدىغان ئايروپىلاننىڭ ئاۋازى كەلمەيتتى ، ئۇنىڭ دەل ـ دەرەخسىز دالىيىپ تۇرغان كەڭ دالىلىرىدىن ھەيۋەتلىك پويىزنىڭ تاراق ـ تۇرۇقى ئاڭلانمايتتى ، ئۇنىڭ قۇمساڭغۇ توپىلىق ، ئەگرى ـ بۈگرى يوللىرىدا ئادەمنىڭ نېرۋىسىنى قاقشىتىدىغان ماشىنىلارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىمۇ يوق ئىدى ! ... شۇنىڭغا قاراپ مەن بۇ يەرنى تۇرمۇشنىڭ ھەرخىل ۋەسۋەسىلىرىدىن خالىي ، تىنچ ۋە خاتىرجەم ، خىلۋەت ۋە ئارامخۇدا ماكان دەپ قارىغانىدىم . لېكىن ، كېيىنكى ئىككى كۈندە يۈز بەرگەن ئىشلار مېنىڭ بۇ ساددا قارىشىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى . بۇ يەردىمۇ خۇددى باشقا شەھەرلەردىكىگە ئوخشاش

ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئۆپرىتىدىغان شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر بار ئىكەن . بۇ شاۋقۇن ـ سۈرەن قانداقتۇر ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن كۆتۈرۈلگەن گۈركىرەش ياكى بۇ يەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقساي دەرياسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان شارقىراش ئەمەس ، بەلكى ئاسىم ھاكىم ، ئاتاۋۇللا رەئىستەك كىشىلەرنىڭ ئالا كۆڭلىدىن چىقىۋاتقان مەنىسىز قىيقاس ـ چۇقانلار ئىدى !...

1991 ـ يىل يانۋار ، ئۈرۈمچى

# باھاردىكى جۇدۇن

## يېشىل رەڭلىك پىكاپ

### 1

شۇ ئاپتا بۇ ئادەمنىڭ سىمىز بۇلجۇڭلىرىنى بىرى چىمدىۋالسىمۇ سەزمەيتتى . ئۇ ئالدىغا يېيىلغان قەغەزلەرگە تىكىلگىنىچە خىيال سۈرەتتى ، تۇرۇپ - تۇرۇپ چوڭقۇر «ئۇھ» تارتاتتى . مايسىرىغان لامپىنىڭ سۇس يورۇقى ئۆي ئىچىدىكىلەرگە ئۇنىڭ پەرىشان چىرايىنى ، ئويچان كۆزلىرىنى تېخىمۇ خىرە كۆرسىتەتتى . بۇ ئادەم قارىماققا قاتمال ، كېلەڭسىز ، خۇددى ياغاچچىنىڭ كەكىسىدە يونۇپ ياسىغاندەك قوپال كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تولۇپ تاشقان بىر مەنىۋى كۈچ يوشۇرۇنغاندەك سېزىلەتتى .

ئاخىر ئۇ بېشىنى كۆتۈردى :

— يولداشلار ، ئالتە يۈز يەتمىش مىڭ جىڭ ئاشلىق ئاز گەپمۇ ؟ ! بىز دۆلەتكە قانچىلىك غەللە - پاراق تاپشۇردۇق ؟ يازدا تاپشۇرۇپ ، قىشقا كەلگەندە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ يۇلۇپ ئالساق ، بىزنىڭ دۆلەتكە ، خەلققە قوشقان تۆھپىمىز زادى نىمە بولدى ؟ ! — ئۇ ، ئۆيدىكى يىگىرمىگە يېقىن ئادەمگە سوئال نەزىرىدە قاراپ يەنە جىم بولدى . ئۆي ئىچى بىر ئاز داۋالغۇغاندەك قىلسىمۇ ، لېكىن تىمتاسلىق يەنە داۋام قىلدى . بۇ ئادەملەر تاماكىنى قاتتىق شوراپ ، بىر - بىرى بىلەن ئاندا - مۇندا كۇسۇرلىشىپ ، بەخىرامان ئولتۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن

ئۆلارنىڭ كۆڭۈل- كۆكسى خۇددى ئاستا ئاققان دەريانىڭ چوڭقۇر ئېقىمىدەك تىنىمسىز ئىدى ...

تۇنۇگۇن پۈتۈن گۇڭشې بويىچە 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1979 - يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىقى كەملەيدىغان دېھقانلارنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى ئېلان قىلىندى. كەملەيدىغان ئاشلىقنى دۆلەت دوتىسىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن گۇڭشې بۇ يىل دۆلەتتىن قوشۇمچە ئالىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئالتە يۈز يەتمىش مىڭ جىڭ بولۇپ، ئۆتكەن يىلقىدىن ئىككى يۈز مىڭ جىڭدەك ئېشىپ كەتكەنىدى. بۇ ئىش دېھقانلار-دىن تارتىپ كادىرلارغىچە خېلى ئەنسىزچىلىكنى پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ، گۇڭشې پارتكوم شۇجىسى تۇراپنى تېخىمۇ جىددىيلەش-تۈرۈپ قويدى. شۇڭا ئۇ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن گۇڭشېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى ئۈستىدە ئوبدانراق مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچقانىدى.

جىملىقنى يەنە ئۇنىڭ ئۆزى بۇزدى:

— بىسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي يوللىرىمىزنى ئەسلەپ كۆرگىنىمىزدە، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز يېرىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرەر يول تېپىپ چىقا-قىلى بولماسمۇ؟ — دېدى ئۇ ۋە سەل توختىۋالغاندىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى، — يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان، قانچىكى چوڭ، قانچىكى ئومۇمىي بولسا شۇنچە ئىنقىلاب قىلغانلىق بولىدۇ، دەپ قاراپ، كۆپچىلىكنى بىر يەرگە توپلىشىپ ئەمگەك قىلىشقا زورلىدۇق، نەتىجىدە، ئىشلەپچىقىرىش يۈكسىلەلمىدى، نامراتلىشىپ كەتتۇق. يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك قانداق بولار؟!...

بۇ سۆزلەر بوش ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن يىغىندىكىلەر-گە بولغان تەسىرى ئانچە بوش بولمىدى. ئۆي ئىچى جانلىنىپ كۇسۇر - كۇسۇر باشلاندى. بايىقى تۇرغۇنلۇق ھالەت بىردىنلا

شاۋقۇن ـ سۈرەنگە ئايلاندى . تۇراپ شۇجىنىڭ سۆزى خۇددى توختام سۇغا تاش ئاتقاندەك تۇيۇقسىز داۋالغۇش پەيدا قىلغانىدى . بۇ داۋالغۇش دەل تۇراپ شۇجىنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان بىرىنى قاتتىقراق سىلكىدىمۇ ، ئەتىمالىم ، ئۇنىڭ قاشلىرى كۆتۈ-رۈلۈپ ، كۆزلىرى يوغىناپ كەتتى . بېشىغا چىپار قۇلاقچا ، ئۇ-چىسىغا چىبەرقۇت تاشلىق كالتە جۇۋا كىيىۋالغان قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئادەم مۇشۇ گۇڭشېنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سايىم گۇمبەز ئىدى . ئۇ ئەتراپقا كۆڭۈلسىزگىنە قاراپ قويۇپ تامىغىنى قىردى :

— «ئۆزۈڭ بىلگەن يولنى ئاتاڭغا بەرمە» دېگەن گەپ بار ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى سالاپەتلىك تۇتۇپ ، — بىز مېڭىۋاتقان يول يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى بىزگە بەخت ـ ھالاۋەت كەلتۈرگەن داغدام يول . بۇنىڭدىن باشقىچىرەك يول تاپىمەن دېيىش ، مېنىڭچە ، تۆگىگە مىنىپ تۆگە ئىزدىگەندەكلا بىر ئىش . ئاشلىقىمىزنىڭ كەملىكىگە كەلسەك ، بۇ بىر تەرەپ-تىن ، دېھقانلىرىمىزنىڭ قاششاقلىقى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، شارا-ئىتىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن بولغان . بۇنىڭغا ھەرىيلى ھۆكۈمەت قاراپ تۇرمىدى ، ھېلىھەم پارتىيە بولغاندىن كېيىن قاراپ تۇر-ماس .

ئۇنىڭ سۆزىنى بەشىنچى دادۈينىڭ سىكرىتارى ئىمىن كۇلا بۆلۈۋەتتى :

— بىز يامان ئۆگىنىپ قالدۇق ، ھەدىسىلا سۇسىز قالغان بېلىقتەك ئاغزىمىزنى ئېچىپ «قۇتقۇزۇش» تەلەپ قىلدۇق ، ھو-سۇل چىقمىسا دېھقان بىلەن يەردىن كۆردۇق . بۇ ئۆز ـ ئۆزىمىز-نى ئالداش ئەمەسمۇ ؟ ! — دېدى ئۇ قىزىشىپ ، — بۇگۈن تۇراپ شۇجى بىزگە مۇھىم بىر ئىمتىھان سوئالىنى بەردى ، بىز پارتى-يىنىڭ مۇشۇ يەردىكى جەڭگىۋار قورغىنى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئون ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنىڭ تەقدىرىنى ئوبدان

ئويلىشىپ بۇ سوئالغا مۇۋاپىق جاۋاب تېپىشىمىز كېرەك !
— يارايسەن ئىمىن ! — دېدى ئارىدىن بىرى ، — مەن ساڭا قوشۇلىمەن ، كەكە ساپلىغاندەكلا جايىغا چۈشۈردۈڭ .
يەنە بىر دۈينىڭ پىشقەدەم سىكرىتارى دەرھال لوقما سالدى :
— بىزدە ئەزەلدىن قۇرۇق گەپلەر كۆپ بولۇپ ، ئەمەلىي ئىش ئاز بولغاچقا ، دېھقانلار يۈگەي قۇرتتەك تۈگۈلۈۋالغان ، ئەگەر ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى ئوبدانىراق سىلاپ قويغىنە ، يولۋاسقا ئايلىنىدۇ .
— توغرا ، — دېدى ئارىدىن بىرى ئۇنى قۇۋۋەتلەپ ، — «ئەمەلىيىتى يوق سوپىدىن تۇخۇمى يوق توخۇ ياخشى» دېيىلگەن .
توققۇزىنچى دادۈينىڭ شاپ بۇرۇتلۇق سىكرىتارى دېلىغۇللۇقتا گېپىنى چاينىدى :
— شۇنداقمۇ دەيسىلەر ... لېكىن ـ زە ، بۇ ئاسان گەپ ئەمەس ... دېھقان دېگەننى شۇنداقلا ئەركىلەتتىڭمۇ ، بولدى ، يۈگىنى يوق ئاتتەك بولۇپ كېتىدۇ ، ئۇلارنى مۇشۇنداق چىڭ تۇتۇپ ، بىرىنى ـ بىرىگە چېتىپ قويمىسا بولمايدۇ ! ...
بۇ سۆز سايىمغا بەكمۇ ياقتى . ئۇ خام سېمىز گەۋدىسىنى ئۇياق ـ بۇياققا قىمىرلىتىپ ، تۇراپ شۇجىغا قاراپ دېدى :
— ئەلۋەتتە شۇنداق ، دېھقان دېگەننى سەللا بوش قويساڭ ، تەكلىماكاننىڭ قۇمىدەك چېچىلىپ ، تېرىلىپ كېتىدۇ ...
تۇن ھەسسىدىن ئاشتى ، ئەگەر تۇراپ شۇجى يىغىندىن خۇلاسە قىلمىغان بولسا ، تالاش ـ تارتىش ، بەس ـ مۇنازىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ، بەلكىم خورازلارنىڭ چىللىشىغا ئۇلىشىپ كەتكەنمۇ بولاتتى .
— يولداشلار ، ۋاقىت ھەلەم بولۇپ قالدى ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، — بۈگۈنكى يىغىنىمىزنى مۇشۇ يەردە

توختىتايلى . ھەممىمىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، ئاما بىلەن ئوبدان ئەقىلدىشىپ باقايلى ، پارتىيىنىڭ يولى كەڭرى ، كۆپچىلىكنىڭ كۆزى ئۆتكۈر ، بىز ئۆز ئەھۋالىمىزغا مۇناسىپ يېڭى چارە - تەدبىر تېپىشىمىز لازىم !

يىغىندىكىلەر تارقالدى . ئىسسىق ئۆيدىن بوشىشىپ ، ئەسنەپ چىققانلار دېكابىر كېچىسىنىڭ قۇرغاق سوغۇقى بىلەن غۇژژىدە سەگىدەپ ، ئاي قاراڭغۇسىدا ھەر تەرەپكە تارقىلىشتى .

## 2

ئۇلار ئېتىز ئۇستىدىلا ئۇچراشتى .

— مېنى ، ئىزدەپتىكەنسىز ، ھاشىمكا !

— ھە ، ياخشى كەلدىڭ شۇجى ، بۇ يەرگە كەل .

ئۇلار قىر ئۇستىدە زوڭزايدى . ھاشىمكام يېشى ئاتمىشنىڭ قارىسىنى ئالغان تەمبەل بوۋاي ئىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشىدىكى مەخمەل تاشلىق داۋىغان تۇمىقى ۋىجىككىنە كالتە بويىنى تېخىمۇ كىچىكلەشتۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ، يۇرۇش - تۇرۇشلىرىمۇ ئۆزگىچە — تۇمىقىنى بېشىنىڭ بىر تەرىپىگە قىيسايتىپ ، كارۋانچە ئۆتۈكىنىڭ قونچىنى يېرىمىغىچە تۆۋەنگە قايرىپ يۈرەتتى . بويى خۇددى ئىككى تەرىپى تەكشى كېسىپ تاشلانغان كالتەككە ئوخشايتتى . شۇڭا ، كىشىلەر ئۇنى ھاشىمكا دېيىشتىن كۆرە ، ئاتا كەسپىنى قوشۇپ «كالتەك ناۋاي» دېيىشنى ياخشى كۆرەتتى .

ئۇ ، تۇراپ شۇجىنىڭ يېڭىنى چىمدىپ تۇتۇۋېلىپ سورىدى :

— خوش ، شۇجى ، چارە بېكىتىلدىمۇ قانداق ؟

— تېخى بېكىتىلمىدى ، — دېدى تۇراپ شۇجى ئۇنىڭ ساقال باسقان قارامتۇل يۈزلىرىگە قاراپ ، — پىكىر - تەلەپلەر ناھايىتى كۆپ ، ئۇنى بىرمۇ بىر توپلاپ مۇھاكىمە قىلىۋاتىمىز .

شۇ چاغ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئالا ئۈكۈزلۈك ئاغداما هارۋا هەيدىگەن بىر يىگىت پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ ئۆتتى . هاشىم- كام قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ، ناخشىنى باشتىن - ئاخىر ئاڭلىدى ۋە هارۋا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، تۇراپ شۇجىنى نوقۇدى :

— ئاڭلىدىڭمۇ ؟

— نېمىنى ؟ — تۇراپ شۇجى سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭغا تى- كىلدى .

— دېهقانلار كۆڭلىدىكى ئېيتالماي يۈرگەن گەپلىرىنى قو- شاق قىلىپ توقۇۋاتىدۇ ، — دېدى هاشىمكام ۋە بايىقى هارۋىكەش ئېيتقان ناخشىنىڭ تېكىستىنى ئاهاڭسىزلا ئوقۇپ بەردى :

كوممۇنا — مىدى - مىدى ،
ئىشىم تېخى تۈگىمىدى .
تۈگىمىسە - تۈگىمىسۇن ،
سېنىڭ بىلەن مېنىڭمىدى .

تۇراپ شۇجى «هىم» دېگىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . هاشىمكام ئوڭ پۇتىنى ئاستىغا بېسىپ يەكتىز بولۇپ ئولتۇردى .

— ئويلاپ باق ، بىز دەسلەپكى گۇرۇپپىلاشقان ، كوپېراتسى- يىلەشكەن چاغلاردا قانداق ئىدۇق ؟ — دېدى هاشىمكام مىسكىن ئاۋازدا ، — هەممە ئادەم جان تىكىپ ئىشلەيتتى ، «سېنىڭ بىلەن مېنىڭمىدى» دەيدىغان بىپەرۋالىق يوق ئىدى . شۇ چاغدىمۇ بىز- نىڭ يەر شارائىتىمىز مۇشۇنداق تۇرۇپ مول - هوسۇل ئالغان- تۇق ، ئاتلىرىمىزنىڭ قۇلىقىغا ، قامچىلىرىمىزنىڭ دەستىگە قى- زىل رەختلەرنى تاقاپ دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرەتتۇق ، لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە شۇنچە كۆپ ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇش- لىرىنى قىلىپمۇ يەنە قەددىمىزنى كۆتۈرەلمىدۇق ، يىلدىن - يىلغا بەتەر بولۇپ كەتتۇق ، بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە ؟ سىلەر باشلىقلار

ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭلار ، بايا چارە بېكىتىلمىدى دېدىڭ ، ئۇنداق بولسا ، مېنىڭمۇ تاسقاپ كېپىكىنى ئايرىۋەتكەن بەزى پىكىرلىرىم بار ، چايناپ باقامسىلەر ؟

تۇراپ شۇجى ئۇنىڭغا مەدەت بەردى :

— قېنى ، ئاڭلايلى ھاشىمكا ، سىزنىڭ ئۆتكەن كۆۋرۈكىڭىز بىزنىڭ ماڭغان يولىمىزدىنمۇ كۆپ ، ئەقلىڭىز پىشقان ئادەمسىز .

بوۋاي بىردىنلا روھلاندى :

— كۆتۈرۈشنى بىلسەڭ تاغمۇ يېنىك دەپتىكەن . مېنىڭچە ، بىز دۆلەتتىن ئوزۇقلۇق ئاشلىقى تەلەپ قىلغاندىن كۆرە ، ئۆزىمىز ئوزۇقلۇق ئاشلىقى تېرىغىنىمىز ياخشىراق . بىزنىڭمۇ ئەمگەك قىلىدىغان ئىككى قولىمىز تۇرۇپ ، ھەر يىلى سەدىقە تىلەش نومۇس ئەمەسمۇ ؟ ! ئەگەر سەن جۇرئەت قىلالىساڭ ، جان بېشىغا ئوزۇقلۇق ئاشلىقى تېرىش ئۇچۇن بەش پۇڭدىن يەر بەرگىن . كۆپچىلىكنىڭ ئاش ـ ئوزۇقى ھەل بولسا ، دۆلەتنىڭمۇ ، سېنىڭمۇ بېشىڭ ساقىيىدۇ ، قانداق ؟

تۇراپ شۇجى جىددىي ئويلىنىپ قالدى . ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى ئاممىدىن چۇشكەن پىكىرلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ، لېكىن تېخى بۇنداق ئېنىق ھەم نەقمۇ نەق پىكىر يوق دېيەرلىك ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ، «ئىشنى چوڭ كۆتۈرە بېرىش» ، «مۇكاپات ئاشلىقى تارقىتىش» دېگەنگە ئوخشاش پىكىرلەر ئىدى . مانا بۇگۇن ھاشىمكام يېڭى بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئوزايىدىن ، ئۇنىڭ بۇ پىكىرلىرى «توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ» ئاخىر «كۆز يورۇغان»غا ئوخشايتتى . بۇ ئۇسۇل ـ چارىلەرنىڭ زادى قايسىسى ياخشى ؟

تۇراپ شۇجى چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى ، ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئاللىقانداق بىر يېرى يورۇغاندەك ، ئىللىغاندەك تۇيۇلدى ...

— قانداق؟ — ھاشىمكام ئىككىنچى قېتىم سورىغاندا، تۇراپ شۇجى خىيالدىن سەگىپ كۆزىنى يوغان ئاچتى.

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى، — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتىپ، — مەن بۇ پىكرىڭىزنى مۇزاكىرىگە قويىمەن، كۆپچىلىك جەزمەن ياقتۇرىدۇ.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، خوشلىشىدىغان چاغدا، ھاشىمكام قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىك بىلەن ئەسكەرتىپ قويدى:

— مەن كونا يوسۇندىكى ئادەممەن، سىلەر كادىر خەق ئىلمىي ھېكمەتنىڭ ھەممىسىنى بىلىسىلەر، قائىدە - نىزامىڭلارغا چۈشكىنىنى قىلساڭلار بولىدۇ، — ئۇ كېتىۋېتىپ ئارقىغا قايرىلدى - دە، يەنە، — ئورۇق كالىنى ياخشى باقسا ماي تامغۇدەك سەمرىدۇ جۇمۇ، شۇجى، — دېگەننى ئالاھىدە قوشۇپ قويدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئېچىلغان پارتكوم يىغىنى كەچكىچە داۋام قىلغان بولسىمۇ، بىر قارارغا كېلەلمىدى. سايىم رەسمىي چۇقان كۆتۈردى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئەزالارغا بەش پۇڭدىن ئوزۇقلۇق ئېتىزى تارقىتىپ بېرىش دېھقانلارنى يەككىلىككە باشلاش بولۇپ، كاپىتالىزم تىرىلىشىنىڭ يېڭىئاۋاتتىكى ئىپادىسى ئىدى. تۇراپ شۇجى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سىرداشتى. لېكىن، ئۇنىڭ يەنىلا «بايرىقى روشەن»، «مەيدانى قەتئىي» ئىدى. پارتكوم ھەيئەتلىرى ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ ھالدا ئالدىراپ قارار چىقىرىش، ئەلۋەتتە يەڭگىللىك بولاتتى. قارىغاندا، تۇراپ شۇجىمۇ بۇ مەسىلىنى چوڭقۇرراق ئويلانمىسا بولمايتتى. «ئوزۇقلۇق ئېتىزى بېرىش دېھقانلارنى يەككىلىككە باشلىغانلىقمۇ؟» بۇ سوئال ئولتۇرسا - قوپسا ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. ئاخىر ئۇ، دەتالاشنى ۋاقىتلىق توختىتىپ، ئەقىل تېپىش ئۈچۈن ئاممىغا كىرىپ كەتتى. پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى، ئاممىۋى يىغىن دېگەندەك سۆھبەت يىغىنلىرى ئارقىمۇ ئارقا ئېچىلدى.

پىكىرلەر ئىچىدىن سۈدەك ئۈزۈلمەيتتى، تۇراپ شۇجى گويا مانا شۇ سۈدىكى بىلىقتەك ئۇنى سۈمۈرۈپ، شۇنىڭ بىلەن نەپەسلە-نىپ خېلىلا جانلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، كۆڭلىدىكى تۇگۇچمۇ يېشىلدى. ئامىمىنىڭ رايىدىن قارىغاندا، ئوزۇقلۇق ئىچىرى بېرىش ئۇلارنىڭ ئومۇمىي تەلىپىگە ئايلانغان-دەك قىلاتتى.

«توغرا، يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق يەنىلا كوللېكتىپنىڭ قولىدا، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلىپ، — شۇنداق ئىكەن، بەش پۈتىدىن ئوزۇقلۇق ئىچىرى بېرىش قانداقمۇ دېھقانلارنى يەككىلىككە باشلىغانلىق بولىدۇ؟! بەلكى بۇ، سوتسىيالىزمنىڭ ئىشلىگەن چىشلەيدۇ دېگەن پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنىڭ ياخشى چارىسى ئەمەسمۇ؟!...» ئۇنىڭ ئىشەنچى كۈچەيدى، ئۇ ئەمدى قەتئىي قارارغا كەلگەندى.

## 3

مايسەم ئىشىكتىن كىرىپلا ئانىسىنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى.

— قىزىم، گۆھەر تېپىۋالدىڭمۇ؟ — دېدى زورىخان قىزى-نىڭ ماڭلىيىغا سۆيۈپ تۇرۇپ. مايسەم لەۋلىرىنى چىرايلىق يىمىرىپ، يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى سۇغۇردى:

— خەت كەپتۇ.

زورىخان قەستەن خۇپسەنلىك قىلىپ سورىدى:

— كىمدىن كەپتۇ؟

مايسەمنىڭ دۇپدۇگىلەك يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى يەرگە تىكىلدى. شۇ تاپتا، ئون سەككىزدىن ئەمدىلا ھالقىپ ئۆچۈرمە بولغان بۇ سەھرا قىزىنىڭ يۈرىكى ئالىلىقانداق بىر سېغىنىش ھەم ئىنتىزارلىقنىڭ كۈچى بىلەن قاتتىق سوقۇپ

كەتكەنىدى. ئۇ، ماڭلىيىنى يېپىپ تۇرغان ھالقا- ھالقا سېكەد- لەكلىرىنى بىرلا سىلكىپ بېشىنى كۆتۈردى. بۇ چاغدا ئانىسى زورىخانمۇ ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى سېزىپ، ئۇنى خى- جىللىقتىن قۇتقۇزدى:

— بولدى، سەن دېمىسەڭمۇ بىلدىم، ئاۋۋال تامىقىڭنى يېگىن، مەن داداڭنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ باقاي، تۇنۇگۈن چىقىپ كەتكەنچە يوق، نەلەردە يۈرىدىكىن بۇ ئابدال.

زورىخان ئاق داكا رومىلى ئۈستىدىن كونا سۆسەر تۇمىقىنى باستۇرۇپ كىيىپ سىرتقا ماڭدى. مايسەم تاماقنى ئالدىغا ئەكې- لىپ قويۇپ، خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى، ئۇنىڭدىكى «سۆ- يۈملۈكۈم... سېغىندىم... قانات ياساپ بارغۇم كەلدى...» دېگەندەك سۆيگۈ - ۋاپا سۆزلەر ئۇنىڭ مەسۇم قەلبىنى شۇرۇرىدە ئېرىتىپ، كۆزلىرىگە خەت ئىگىسىنىڭ غايىۋانە ئوبرازىنى كۆر- سەتتى. ئـۇ، خـەتنى ئـاۋايلاپ كـۆكسىگە باسقىنىچە خىيالغا كەتتى...

— قىرىغاندا نىمانچە ئەنسىز بولۇپ كەتتىڭ خوتۇن، قورق- ما، مېنى بۇ ھالىمدا جۇۋانلار ئېلىپ قاچمايدۇ!

— ئايلانسۇن، سىلىنى ئېلىپ قاچىدىغان جۇۋان بولسىچۇ، ئۆز قولۇمچە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىمەن!

تاشقىرىقى ھويلىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ چاقچاقلىشىپ كىرد- شى مايسەمنى خۇددى شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندا تۇرتۇپ ئويغات- قاندەك چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ ئايۋانغا چىقتى.

— دادا، ئاڭلىسام بەشىنچى دادۈي بىلەن يەتتىنچى دادۈيدە يەر تەقسىم قىپسىلەرغۇ، — دېدى ئۇ دادىسىنىڭ قولىغا ئېسىد- لىپ، — كاتتا داغدۇغا بولۇپ كېتىپتۇ، راستمۇ؟

— راست، قىزىم، راست، — ئۇ، مايسەمنى يېنىغا ئول- تۇرغۇزۇپ داۋام قىلدى، — ئىككى دادۈيدە ئورۇقلۇق ئېتىزى مەسئۇلىيەت تـۈزۈمـىنى سىنـاق قـىلماقـچىمىز. دېھقانلار

خۇشاللىقنى باسالماي قېلىشتى . مەنمۇ خۇشاللىقىمدا ئۆيگە قاي-تىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، لېكىن ماۋۇ ئاناڭنىڭ قوقۇناقلىرى تۇتۇپ قاپتۇ .

زورىخان دومسايدى :

— سىلى بەك ئالدىراپ خۇشال بولمىسىلا ، كۆلكە بىلەن يىغا ھەمىشە قوشماق ، ھازىر سايىم مۇدىرنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقان-لىقىنى ئاڭلىدىلىمۇ ؟

مايسەم دەرھال لوقما سالدى :

— مەن ئاڭلىدىم : «تۇراپ شۇجى يېڭى ئاۋاتتا كاپىتالىزم-نى يامرىتىۋەتتى ، يەككىلىك شامىلىنى چىقىرىپ بىزنى ئارقىغا چېكىندۈرمەكچى» دەپ يۈرۈپتۇ . تېخى بايىلا ماڭا دارىتىپ : «دادىڭىزنىڭ يۈرىكى يوغىناپ كېتىپتۇ ، ئاچچىق ساۋاقلارنى ئۇن-تۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دەۋاتىدۇ .

زورىخان ئاچچىق بىلەن دوق قىلدى :

— مانا ئاڭلىدىلىمۇ ، خەق نېمە دەۋاتىدۇ ، سىلى نېمە قى-لىپ يۈرىلا ! ؟ سىلىگۇ تىنمايدىغان ئادەم ، بۇرنىلىرىدىن كىر-گەن سۇ ئاغزىلىرىدىن چىقىپ كېتىۋېرىدۇ .

تۇراپ شۇجى ئۇنچىقمىدى ، مىيىقىدا كۈلۈپ ، ئۆسكىلەڭ بۇرۇتىنى سىلاپ قويدى . قارىماققا ، ئۇ ، بەخىرامان ئولتۇرغان-دەك قىلسىمۇ ، لېكىن كۆڭلىدە بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىللار بۇ-رۇنقى ئىشلار كېزىۋاتاتتى . بۇ چاغدا سايىم گۇڭشېنىڭ مۇدىرى ، تۇراپ بولسا دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ئىدى . داجەيدىن ئۆگىنىش دولقۇنى تازا ئەۋجىگە چىققان بىر پەيتتە ، سايىم داجەيدىن ئۆگىنىش ئۈچۈن بۇيرۇق چىقىرىپ : «داجەيلىك-نىڭ ھالالغا توخۇسى ، ھارامغا مۈشۈكى يوق ئىكەن ، بىزمۇ ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ ، شەخسىي چارۋا بىلەن قالدۇرۇق يەرلىرد-مىزنى كوللېكتىپقا ئۆتكۈزەيلى !» دەپ بىرلا قىيقاس - سۈرەن بىلەن پۈتۈن گۇڭشېنى ئۆرە - تۆپە قىلىۋەتكەنىدى . مانا شۇ

چاغدا تۇراپ بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ يۈز ئېلىشقان ھەم ئۆز دادۇي تەۋەسىدە ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماي، بىر مەزگىل سىكرىتارلىقتىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدى.

«قارىغاندا، بۇ كۆرەش يەنە تەكرارلانسا كېرەك! — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — قېنى كۆرەرمىز، توغرا ئادەم ھېچقاچان سايىسىنىڭ ئەگرىلىكىدىن قورقمايدۇ!»

تۇراپ شۇجى تېخىچە غودۇڭشىپ ئولتۇرغان ئايالىنى خاتىرجەم ھالدا جىملىدى:

— ئېغىز دېگەننىڭ ساقچىسى يوق، دېسە دەۋېرىدۇ، بىزمۇ قىلىدىغاننى قىلىۋېرىمىز. سايىم مۇدىر ئۆز پىكرىدە قالدى، بىزمۇ ئۇنى زورلىمىدۇق. كۆپچىلىك قارار قىلدى، ئامما قارشى ئالدى، ئەمدى يەنە قۇشقاچتىن قورقۇپ تېرىق تېرىمىساق ئاچ قالامدۇق! بولدى، بۇ گەپنى قويۇڭلار، كاپىتالىزم تىرىلەمدۇ ياكى سوتسىيالىزم گۈللەمدۇ، بۇنى ئەمەلىيەت بەلگىلەيدۇ. قېنى، تامىقىڭنى ئەكەل، ئۇچەيلىرىم چاپلىشىپ قالدى.

زورىخان يوغان ئاپقۇرغا ئۇسۇپ ئوچاق بېشىغا ئېلىپ قويغان يوبدانىنى ئېرىنىڭ ئالدىغا قويدى. مايسەم تامىقىنى چالا - بۇلا يەپلا «ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ يىغىنىغا بارىمەن» دەپ چىقىپ كەتتى. ئۆيدە يالغۇز قالغان ئەر - خوتۇن ئۇياق - بۇياقنىڭ پارىڭىنى قىلىپ، ئاخىر قىزى مايسەم ئۈستىگە توختالدى.

— بۈگۈن ئۇ بەكمۇ خۇشال، قارىسام، تۆرەمدىن خەت كەپتۇ، — دېدى زورىخان ئېرىنىڭ ئىشتىھا بىلەن تاماق يېيىشىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، — ھېسابلاپ قارىسام، ھەر ئىككىسىنىڭ ۋاقتى - قارارى بولۇپ قاپتۇ.

— توينى قاچان قىلىمىز دېمەكچىمۇ سەن؟ — دېدى تۇراپ شۇجى ئاغزىدىكى ئاشنى غورتتىدە يۇتۇۋېتىپ.

— ئۇغۇ شۇنداق ...، — دېدى زورىخان ۋە بىر خىل ئارىسالدىلىق بىلەن داۋام قىلدى، — يەنە بىر تۇرۇپ تۆرەم

شەھەرگە كىرىپ كەتتى ، قوْدىمىزمۇ چوڭ كادىر بولدى ، ئەمدى ئۇلاردا باشقىچە ھەۋەس توغۇلۇپ ، قىزىمىز ئازار يەپ قالارمىكىن دەيمۇ ئەنسىرەيمەن .

تۇراپ شۇجى ياغاچ قوشۇق بىلەن ئاپقۇرنىڭ ئاستىنى قىرىدۇۋېتىپ دېدى :

— دىلجەم بول ، خوتۇن ، قۇدا ـ باجىلىرىمىز لەۋزى ھالال ئادەملەر ، شەمەر بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ئەھدە بار ، بالىلارمۇ بىر ـ بىرى بىلەن بەك ئېجىل . لېكىن ، توي مەسىلىسىگە كەلسەك ، پۇت ـ قولىمىزنى ئازراق سوْنۇپ ، قەددىمىزنى كۆتۈرۈۋالايلى . مېنىڭچە ، بۇ يىلقى يازلىق يىغىمنى ئېلىپ بولۇپ ، قۇربان ھېيتقا تاقاپ بىر ئىش قىلارمىز .

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ھاشىمكام بىلەن ئىمىن كۇلانىڭ كىرىدىشى بىلەن ئۈزۈلدى .

## 4

كۆركەم تاڭ شەپىقى سەھەرنىڭ سۇس تۇمانىنى قىزىللىققا پۈركەپ ، كەڭ دېرىزىلەردىن شۇڭغۇپ كىرىپ ، خاس ئىشخانىنىڭ ئاپئاق تاملىرىنى يورۇتۇۋەتكەنىدى . ئاستىغا ئېگىز مويلوق گىلەم سېلىنغان ، ئاپپىلسىن رەڭلىك ئىشكاپنىڭ يېنىغا بىر جۈپ كرېسلو قويۇلغان جىمجىت ، پاكىز بۇ ئىشخانا ھەقىقەتەنمۇ ئازادە ئىدى . بۇلۇڭدىكى كىيىم ئاسقۇچتا ئېسىلغان قارا دراپ پەلتو بىلەن چىپار شارپا ئۆز ئىگىسىنىڭ خېلىلا سالاپەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى .

بىرى ئىشىكنى يەڭگىل چەكتى ۋە جاۋاب كۈتمەيلا قىيا ئېچىلغان يوچۇقتىن بېشىنى تىقىپ :

— شەمەر سىجاڭنىڭ ئىشخانىسى شۇمىكىن ؟ — دەپ سورىدى ھودۇققان ھالدا .

يېشى ئەللىكتىن ھالقىغان ، سەپكۈن يۈزلۈك ، دوغىلاق ئادەم بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ، قاڭشىرىغا چۈشۈپ قالغان كۆزەي-نىكى ئۈستىدىن ئىشىككە قاراپ :

— ھە ، ھە ، شۇ ... ، — دېگىنىچە ئايلانما ئورۇندۇقنى سەل بۇرىدى .

ھېلىقى يىگىت ئىشىكنى يوغان ئېچىپ ، تەكەللۇپسىزلا ئىشخانىغا كىردى ، لېكىن پۈتىدىكى ماكچىيىپ كەتكەن دەپسىنگە قاراپ ئالدىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي ئورنىدا تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىدىن يېڭىلا يېزىدىن كەلگەنلىكى ، قارىداپ قالغان يۈزى بىلەن ئۇياتچان كۆزلىرىدىن ناھايىتىمۇ تارتىنىپ ، قورۇنۇپ تۇرغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— خوش ، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى ؟ — دەپ سورىدى «شەمەر سىجاڭ» دەپ ئاتالغان ھېلىقى ئادەم پەرۋاسىز ھالدا .

يىگىت ھولۇقۇپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— بىر ئىش بىلەن شەھەرگە كىرىۋىدىم ، ئۆزلىرىگە سايىم مۇدىر سالام ئېيىتتى ، بىرئاز ئامانىتىمۇ بار ...

— سايىم مۇدىر ؟ — شەمەر سەل ئويلانغاندەك بارماقلىرى بىلەن ئۈستەلنى چېكىپ تۇرۇپ سورىدى .

يىگىت ئالدىراپ چۈشەندۈردى :

— ھەئە ، بىزنىڭ گۇڭشېدىكى سايىم مۇدىر ...

— ھە ، مۇنداق دەڭە ، سىز يېڭىئاۋاتتىن كەلدىڭىزمۇ ؟ — شەمەر لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ يىگىتنى كىرىشلوغا تەكلىپ قىلدى ، — كېلىڭ ، ئولتۇرۇڭ ، مەن سىزگە چاي قۇياي . تۇراپ شۇجى ياخشىمۇ ؟ زورىخان ، مايسەملەر ئوبدان تۇرغاندۇ ؟ — ئۇ بىردىنلا ئېچىلىپ ، ئارقا - ئارقىدىن سوئاللارنى ياندۇردى ، لېكىن يىگىت «ھەئە» ، «شۇنداق» دېگەندىن باشقا سۆزمۇ قىلا-ماي بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرىۋەردى .

— ئۆرە تۇرىسىزغۇ ، — دېدى شەمەر چايداندىن چاي

قويۇۋېتىپ ، — تارتىنماڭ ، ئولتۇرۇڭ !

— خوش سىجاڭ ، مەن قايتاي ، — دېدى يىگىت ۋە تۆش يانچۇقىدىن ئۇچبۇرجەك قاتلانغان بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ داۋام قىلدى ، — بۇ خەتنى سايىم مۇدىر ئۆز قوللىرىغا تەگكۈزۈشۇمنى تاپىلىۋىدى ، ئامانەت جايىغا تەگدى ، ئەمدى مەن ياناي ، ئازراق بازارلىقىممۇ بار ئىدى .

يىگىت ئارقىسىچە مېڭىپ ، قايتا ـ قايتا خوش ئېيتقىنىچە چىقىپ كەتتى . شەمەر يىگىتنى ئۇزىتىپ كىرىپ ، ئايلانما ئورۇندۇققا چۆكتى ـ دە ، تىترات قەغەزنىڭ ئىككى بېتىگە قىستاپ يېزىلغان ئىمىر ـ چىمىر خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى .

«مۆھتەرەم شەمەر سىجاڭ !» دەپ باشلانغان بۇ خەت باشتىن ـ ئاياغ تۇراپ شۇجى ئۇستىدىكى شىكايەت بولۇپ ، يېڭىئاۋاتنىڭ هازىرقى ۋەزىيىتى قاپقاراڭغۇ جاڭگال قىلىپ سۈرەتلەنگەندى ، شەمەر خەتنى ئوقۇغانسېرى ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى ، ئايلانما ئورۇندۇق بىردە ئوڭغا ، بىردە سولغا ئايلىناتتى . دېرىزىدىن قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرىدا ئۇنىڭ چاچلىرى چۈشۈپ كەتكەن تاقىر بېشىنىڭ هال رەڭ تېرىسى پارقىراپ تۇراتتى .

«هۆرمەتلىك سىجاڭ ، بىر چاغلاردا سىز ياشاپ ، قان ـ تەرىڭىز تۆككۈلگەن بۇ قەدىناس زېمىندا هازىر سوتسىيالىزم بىناسىنىڭ ئۇلى كولىنىپ ، يەككىلىكنىڭ ئېزىتقۇ شامىلى گۈركىرەۋاتىدۇ . تۇراپ شۇجى ئۆتكەن ئايدا ئىككى دادۇيدە ئۆزى باش بولۇپ ، قولىغا سارجاننى ئېلىپ ئۆلچەپ ، ئوزۇقلۇق ئېتىزى دېگەن نام بىلەن كوللېكتىپنىڭ يەرلىرىنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بەرگەنىدى . مانا بۇ ئايدا ئۈچ دادۇينىڭ يېرىنى بۆلۈپ بەردى . بەزى ئائىلىلەرگە ئۈچ موغا يېقىن يەر تەقسىم قىلىندى . ئەگەر رەھبەرلىك تەدبىر قوللىنىپ ، بۇ ئىشنى دەرھال چەكلىمىسە ، ئۆزۈڭغا قالماي پۈتۈن يېڭىئاۋاتنىڭ يەرلىرى تالان ـ تاراج بولىدۇ .»

شەمەر مانا شۇ قۇرلارنى ئوقۇغاندا خۇددى ھەرە چاققاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى . بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . «تۇراپ شۇنداق قىلارمۇ ؟ — دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ ، — بىزنىڭ تۇراپ - ھە ؟ ئۇنىڭ قولىدىن زادى شۇنداق ئىش كېلەرمۇ ؟ !»

شۇ تاپتا ئۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى . ئىشەنمەي دېسە ، مانا بۇ خەت پاكىت سۈپىتىدە ئۇنىڭ قولىدا تۇراتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ خەتنى شۇ گۇڭشېنىڭ كونا بىر مەسئۇلى يازغان ، ئىشەنمەي بولمايتتى ؛ ئىشىنەي دېسە ، تۇراپ شۇجىنىڭ كۆكسىدە سوقۇۋاتقان ئالمىدەك يۈرەكنىڭ قانداق ساپ ۋە سادىقلىقى ئۇنىڭغا كۈندەك ئايان .

«لېكىن ، بۇ ئاددىي ئىش ئەمەس ! — پىچىرلىدى ئۇ ، — كىم بىلىدۇ ، تۇراپ قايسىبىر ئېزىتقۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ تۈيۈق يولغا مېڭىپ سالغان بولسا ...»

ئۇ ، گىلەم ئۈستىدە شىپىرلاپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، يەرلەرنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىش خۇددى تۇگۇلگەن مۇشتەك كوللېكتىپلاشقان دېھقانلارنى بورانمۇ ئۇچۇرۇپ كېتەلەيدىغان ، سۇمۇ بېسىپ كېتەلەيدىغان چۆلدىكى قۇمدەك چېچىۋېتىش ئىدى ...

شەمەرنىڭ قاپاقلىرى بارغانسېرى سىلىنىپ كەتتى ، ئالىقانلىرىنى يۇمۇپ ، بارماقلىرىدىن قاس چىقاردى .

ئۇ ، تۇيۇقسىز بىر جىددىيلىك بىلەن خەتنى قولىغا ئالدى-دە ، كارىدورغا چىقىپ ، ئىككىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلدى ، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئىشخانىسى شۇ يەردە ئىدى .

شەمەر ئىشخانىغا كىرىپ ، قانداقتۇر بىر ماتېرىيالغا تەستىق يېزىۋاتقان بىرىگە ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى :

— جاڭ شۇجى ، مانا قاراڭ ، يېڭىئائاۋاتتا چاتاق چىقىپتۇ ، مەن تۇراپ شۇجىنى مۇنداق ئۆزگىرىپ كېتەر دەپ

ئويلىماپتىكەنمەن ! — ئۇ ، خەتنى جاڭ شۇجىنىڭ ئالدىغا قويۇۋې-تىپ ئېغىر بىر «ئۇھ» تارتىپ قويدى .

— نېمە بوپتۇ ؟ — جاڭ شۇجى ماتېرىيالدىن كۆزىنى ئۈزۈپ ، شەمەرنىڭ جىددىيلىكتىن پۈرۈشۈپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ سورىدى .

— تۇراپ شۇجى بەش دادۈيدە «ئوزۇقلۇق ئېتىمزى» دېگەن نام بىلەن دېھقانلارغا يەر بۆلۈپ بېرىپتۇ ، — دېدى شەمەر خەتتى-كى مەزمۇنلارنى شەرھلەپ ، — بەزى ئائىلىلەرگە ئۈچ مودىن يەر تەقسىم بوپتۇ ...

— ھە ؟ ! — جاڭ شۇجىنىڭ ئانچە - مۇنچە چېچەك ئىزلى-رى بار ياداڭغۇ يۈزى سەل ئۆڭۈپ ، جاۋغايلىرىدىكى چوڭقۇر قورۇقلار ئوقيانىڭ كىرىچىدەك تارتىشىپ كەتتى ، — بۇ تازىمۇ باشباشتاقلىققۇ ؟ !

جاڭ شۇجىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى ، بۇ خەۋەر گويا تۇيۇقسىز پارتلىغان بومبىدەك ئۇنى خېلىلا چۆچۈتۈۋەتكەنىدى .

شەھەرلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ئۆتكەن ئايدا داۋا-لىنىش ئۈچۈن شاڭخەيگە كەتكەندىن بېرى ، كۈندىلىك خىزمەت-لەرگە مانا شۇ جاڭ شۇجى مەسئۇل بولۇپ ، خېلىلا ئالدىراپ - تېنەپ يۈرەتتى . ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ، لېكىن ناھايىتى گۈزەل ۋە ئاۋات بۇ شەھەرنىڭ ھەر كۈنى ، ھەر سائەت ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى ئازدەك ، ئەمدى شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق ئەڭ چەت يېڭىئاۋات گۇڭشېسىدا چىققان بۇ كۆتۈلمىگەن ۋەقە ئۇنى تېخىمۇ تەمتىرىتىپ قويدى .

جاڭ شۇجى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلاپ ئىككى تال تاماكا چېكىد-ۋەتتى ، كىچىككىنە ئىشخانا ئىسقا توشۇپ ، دىماغنى ئېچىشتۇ-رۇشقا باشلىدى .

— يولداش شەمەر ، — دېدى ئۇ بىردىنلا ئورنىدا چىپپىدە

توختاپ ، — سىز بۇ ئىشنى قانداق ئويلاۋاتىسىز ؟
— مېنىڭچە ، بۇ تەلۋىلىك ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئۆلە-نى كولاش !
— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى جاڭ شۇجى ۋە شەمەرنىڭ يېنىدىكى كرېسلوغا ئولتۇرۇپ داۋام قىلدى ، — لېكىن تۇراپ نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ ؟ يا ئۇنىڭغا بىرەر يەردىن دەرىجە ئاتلاپ يوليورۇق كېلىپ قالدىمۇ ؟ !
— نەدىكىنى ! — شەمەر پەرۋاسىزلا بېشىنى سىلكىدى ، — سايىم مۇدىرنىڭ يېزىشىچە ، بۇ ئۇنىڭ ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ ، 3 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىجرا قىلغانلىقىمىش ...
جاڭ شۇجى مەسخىرە ئارىلاش ۋارقىرىۋەتتى :
— پاھ ! ... تۇراپىنىڭ سەزگۈرلۈكى نېمىدېگەن كۈچلۈك-ھە ؟ ! ئەگەر ئىدىيە ئازاد قىلىش مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا ، ئۇزۇنغا قالماي سوتسىيالىزممۇ تۈگەيدۇ ! ...
شەمەر دەرھال لوقما سالدى :
— شۇ ئەمەسمۇ ، 3 - ئومۇمىي يىغىننىڭ ئاساسىي روھى تىنچ ، ئىتتىپاق بولۇش ، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش تۇرسا ، تۇراپىنىڭ قىلغىنى قانداقمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىجرا قىلىش بولىدۇ ؟ بۇ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسى - دە !
— توغرا ، پىكرىمىز بىر يەردىن چىقتى ، — دېدى جاڭ شۇجى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ، — پارتىيە دېھقانلارنى كوللېكتىپ يولغا بەكمۇ تەستە باشلىغان . ھازىر قانداقلا بولمىسۇن ، چېكە-نىشكە ، يەرلەرنى بۆلۈۋېلىپ يەككە ئىشلەشكە بولمايدۇ ، ئۇنداق قىلىنسا يۈنىلىش ، يول خاتالىقى سادىر بولىدۇ ، دۆلەت ، كول-لېكتىپ ۋە شەخسكە مۆلچەرلىگۈسىز زىيان يېتىدۇ !
شەمەر ئېغىر خۇرسىندى :
— ئادەم دېگەن ھەقىقەتەنمۇ مۇرەككەپ ئىكەن ، مەن تۇراپ شۇجىنى مۇنداق تەلۋىلىك قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن ،

ئۇنىڭدىكى پارتىيىۋىلىك مەيدان زادى نەگە كەتكەندۇ؟
ئۇلار جىم بولدى، ھەر ئىككىسى چوڭقۇر ئويغا پاتقاندى.
جاڭ شۇجى ھە دەپ تاماكا چېكەتتى، شەمەر بولسا كىرپىكلىرىنىڭ
گەردىشىنى چېكىپ قاڭتىيىپ ئولتۇراتتى. ئاخىر ئۇ، جاڭ
شۇجىدىن سورىدى:
— بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلساق بولار؟
— مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن. بۇ ۋەقەنى قانداق بىر تەرەپ
قىلىش پارتكومىنىڭ شان - شەرىپى ھەم ئابرۇيىغا مۇناسىۋەت-
لىك، — جاڭ شۇجى بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ شەمەردىن سورى-
دى، — سىز بۇرۇن يېڭىئاۋاتتا تۇرغانمۇ دەيمەن؟
بۇ سوئال بىلەن تەڭ شەمەرنىڭ ۋۇجۇدىغا غۇژژىدە تىترەك
ئولاشتى، ئۇ ئىغىر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ مىسكىن
ئاۋازدا:
— شۇنداق، سەككىز يىللىق ئۆمرۈم شۇ يەردە
ئۆتكەن ...، — دېدى.
جاڭ شۇجى ئاستا ئورنىدىن تۇردى.
— ئۇنداقتا، يېڭىئاۋاتنىڭ ھەممە ئەھۋالى سىزگە بەش
قولدەك ئايان دەڭە، — دېدى ئۇ شەمەرنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغىنىد-
چە، — ناھايىتى ياخشى، مېنىڭچە، بۇ ۋەقەنىڭ تەقدىرىنى سىز
قولىڭىزغا ئالسىڭىز قانداق؟
شەمەر سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بىردىنلا دىدىللەشتى:
— بولىدۇ، ئىشلەپ باقاي، — دېدى ئۇ يۇمشاق تەلەپپۇز-
دا، — تۇراپ شۇجى ئۆز قولۇمدىكى ئادەم، ۋاقتى كەلسە ئىككى
ئېغىز گەپ بىلەنلا زاكىلاپ قويالايمەن!
جاڭ شۇجى ئىش ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى ۋە ئۈستەل
ئۈستىدىكى كالېنداردى ۋاراقلاپ تۇرۇپ دېدى:
— شۇنداق بولسۇن، بۈگۈن بىرىنچى ئايغا ئون بىر ئىكەن،
ئەتە دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئاچايلى. سىز ئون بەشىنچى

چېسلاغىچە بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ماڭىسى-
ڭىز بولار ، بەلكىم ئۇ يەردە ئۇزۇنراق تۇرۇپ قېلىشىڭىز مۇم-
كىن ، ئىشقىلىپ ، ئىدىيىدە پۇختا تەييارلىق بولۇشى لازىم .
شەمەر ئورنىدىن تۇردى ، ئەمدى ئۇ ئۆزىنى بايىقى ساراسى-
مىلىكتىن قۇتۇلۇپ ، بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ئازادە ھېس
قىلدى ...

## 5

بەشىنچى دادۇينىڭ ئەسلىي ئىسمى ئۆردەكلىك ئىدى . بۇ
يەر گوڭشې ئىشخانىسىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ ،
كۈنپېتىش تەرىپى كۆز يەتكۈسىز قۇم بارخانلىرى بىلەن قومۇش-
لۇققا تۇتىشاتتى . تۇراپ شۇجىنىڭ ئۆيى مانا شۇ قۇم بارخانلىرىغا
تۇتىشىپ كېتىدىغان ئۇزۇنمازارلىق شياۋدۇيدە ئىدى .
ئۆتكەن ئايدىكى سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈلگەن «ئوزۇق-
لۇق ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئالدى بىلەن مانا شۇ ئۆردەك-
لىكتە ئېلىپ بېرىلدى . شۇ كۈنى بۇ يەر خۇددى كاتتا بىر توي
مەرىكىسى بولغاندەك قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى . قولىغا سار-
جاننى ئېلىپ ، يەر تەقسىملەشكە باشچىلىق قىلىۋاتقان تۇراپ
شۇجىنىڭ ئارقىسىدىن يۈزلەپ ئادەم گۈركىرەپ ئاقاتتى . گەرچە
ھېيت ، بايرامدىكىدەك مەسچىتنىڭ پەشتىقىدا ناغرا ـ سۇناي
چېلىنمىغان بولسىمۇ ، لېكىن كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدىنلا
ناھايىتى شادىيانە بىر تەنتەنە بارلىققا كەلگەنىدى . مانا شۇ كۈنى
ئۆردەكلىكتىن باشلانغان بۇ يېڭى ئۆزگىرىش گويا كۈچلۈك باھار
شامىلىدەك پۈتۈن گوڭشېغا تاراپ ، ھەش ـ پەش دېگۈچە يېڭىئا-
ۋات خەلقىنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋەتتى . ئۇلارنىڭ قەلبىگە
«ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ نامراتلىقنى يېڭىمىز !» دېگەن ئۇلۇغ
بىر ئىرادە ئورناشقانىدى . مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار
روھلاندى ، جانلاندى . توپ ـ توپ بولۇپ مەھەللە دوقمۇشلىرىدا

قىشنىڭ سىرىق ئاپتىپىغا كۆكسىنى قاقلاپ، تۇرمۇش غېمىدە تۇۋى يوق خىياللارغا غەرق بولۇپ ئولتۇرغانلارمۇ ئەمدى ئۆزىگە تەقسىم بولغان ئوزۇقلۇق ئېتىزىنىڭ قىرىغا چىقىپ يەر بىلەن كېڭەشىدىغان، مولاپ ئەمەس، پۈتلاپ يەردىن قانداق قىلىپ يۈز جىڭلاپ ئاشلىق ئېلىشنىڭ كويىدا باش قاتۇرىدىغان بولۇپ قالغا-نىدى ...

بۈگۈن هاۋانىڭ شۇنچە سوغۇق بولۇشىغا قارىماي بىر نەچچە دېھقان ئۆزۈن چاپانلىرىنى قىرغا تاشلاپ قويۇپ، ئېتىز بېشىغا ئوغۇت يۆتكەۋاتاتتى.

هارۋىدىن ئوغۇت چۈشۈرۈۋاتقان بىرى يېنىدىكى ھەمراھى-دىن سورىدى:

— مانا ئەمدى ئېرىنمەي ئەمگەك قىلسا، يېلىنماي قورساق تويىدىغان چاغلار بولدى. بۇ يەرگە نېمە تېراي دەيسەن، قاسىم-كا؟

«قاسىمكا» دەپ ئاتالغان چاڭگا ساقاللىق ئادەم كەتمەننى يەرگە پاتۇرۇپ قويۇپ ھەمراھىغا قارىدى:

— نېمە تېرىيتتىم ئۇكام، ئەزەلدىن بىزگە نەپ بېرىپ كەلگەن «باقا - بۇق»نى تېرىيمەن - دە! — دېدى ئۇ قولىغا تۈكۈرۈپ.

— باقا - بۇق؟ — ئۇنىڭ ھەمراھى ھەيران بولغاندەك قاراپلا قالدى.

— ھە، باقا - بۇق، سەن تېخى بىلمەيسەن، ئۇكام، بىزنىڭ بۇ يەردە «باقا - بۇق» دەيدىغان بىر خىل يەرلىك ئاق بۇغدىيىمىز بولىدىغان، — دېدى ئۇ ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە، — لېكىن كېيىنكى ۋاقىتتا كادىرلىرىمىز «ئۇنداق يېڭى سورت، بۇنداق يېڭى ئۇرۇق» دەپ ئالدىغا كەلگەننى تېرىشقا مەجبۇرلاۋەردى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ھېلىقى «باقا - بۇق»ىمىز تاشلىنىپ قالغان. مەن ئۇنى پۈتلۈق يېرىمگە ئاز - ئازدىن تېرىپ ساقلاپ

كەلگەنىدىم ، بۇ يىل مۇشۇ يەرنىڭ ھەممىسىگە شۇنى تېرىماقچى-مەن .

— ئۇنىڭ قانداق خاسىيىتى بار ، قاسىمكا ؟

— خاسىيىتى كۆپ ، بىرىنچىدىن ، ئۇ شامالغا بەرداشلىق ، بۇ يەردە شامالنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقىنى بىلىسەن ؛ ئىككىنچى-دىن ، ئۇ قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق ، بۇ يەردە سۇنىڭ قىسلىقىنى-مۇ بىلىسەن .

— ھە ، قاسىمكا ، كىچىك تىللىرىڭ چىقىپ بولبۇلدەك سايرايدىغان بوپسەنغۇ ، — دېدى چەتتە ئىشلەۋاتقان بىر يىگىت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، ئۇ يەنە بىر نەچچەيلەن بىلەن ھاردۇق چىقىرىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدى . يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭغا جاۋابەن قاسىمكامغا چاقچاق قىلدى :

— يېقىنقىنىڭياقى قاسىمكامنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىمۇ باشقى-چە ، بويىمۇ بىر غېرىچ ئۆسكەندەك قىلىدۇ . بەش نوپۇسقا ئىككى يېرىم مو يەر ئالدى ، ئەگەر يەنە بىر قېتىم يەر ئىسلاھاتى بولۇپ قالسا ، ئالدى بىلەن قاسىمكامنى پومېشچىك چىقىرىمىز - دە !

— خۇدايىم بىزگە ئۇ كۈنلەرنى كۆرسەتمەس ! — دېدى قاسىمكام بەلۋېغىنىڭ ئۇچى بىلەن باش - كۆزىدىكى تەرلەرنى ئېرتىپ تۇرۇپ ، — ئاتا - ئانىمىز : «ئەخلىتىڭلار ئالتۇن ، كۈلۈڭلار كۈمۈش بولسۇن» دەپ دۇئا قىپتىكەن ، مانا شۇ دۇئا-نىڭ بەرىكىتى بىلەن خۇداغا شۈكرى ، ئايىغىمىزدىن ئەمدى شامال ئۆتۈشكە باشلىدى .

— ئەمدى بىز دۇئانى تۇراپ شۇجىغا قىلساق بولىدۇ ، — دېدى ياشانغان بىر دېھقان ، — خۇدايىم ئۇنىڭغا كۆز تەگمىسۇن !

يەنە بىرى دەرھال قوشۇمچە قىلدى :

— رەدنامە ئوقۇتۇپ ، بوينىغا تۇمار ئېسىپ قويايلى !

دەل شۇ چاغدا يىراق يولدىن قويۇق چاڭ - توزان كۆتۈرۈل-دى .

— هوي ، قوڭغۇز ماشىنا كېلىۋاتىدىغۇ ، — دېدى بىرى قولىنى سايىۋەن قىلىپ يىراققا قاراپ ، ھەممەيلەن بويۇندىشىپ يولغا تىكىلدى ، ئۇلار راستتىنلا چاڭ - توزان ئارىسىدىن بارا-بارا يوغىناپ كېلىۋاتقان بىر پىكاپنى ئېنىق كۆردى .

— راست ، قوڭغۇز ماشىنا ئىكەن ، ئىس چىقىۋاتىدۇ ! — دېدى قاسىمكام كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ .

يەنە بىرەيلەن خۇرسىنغان ھالدا قوشۇپ قويدى :

— ھەي ... ئۇنىڭ كېلىشى بىكار ئەمەس ، ئىس چىققان يەردىن ئوت چىقىدۇ ... ، — ئۇلارنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقىچە ، يېشىل رەڭلىك بىر پىكاپ ئېتىزلىقتىن يىگىرمە قەدەم نېرىدىكى هارۋا يولىنى ئەگىپ ، ئۇدۇل گۇڭشې تەرەپكە قاراپ غۇرقىراپ كەتتى . كەتمەنلىرىنىڭ سېپىگە تايىنىپ جىمىپ كەتكەن دېھقانلار بىر - بىرىگە تەئەججۇپ بىلەن تىكىلگىنىچە چاڭ - توزان ئارىسىدا غىل - پال كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان يېشىل پىكاپقا قارىغىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى ...

# هاياتلىق يولى

## 1

گۇڭشې ئالدىدىكى تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشى ئەزەلدىن ئاۋات جاي ، قىش كۈنلىرى كىشىلەر ئۇ يەردە ئىلمان سۇدەك ئالا - بۆرەك ئاپتاپقا تۇمشۇقىنى قاقلىسا ، يازنىڭ پىژغىرىملىق كۈنلىرى ئۇ يەردىكى بىر تۇپ كاداڭ ئەرمۇدۇنىنىڭ سايىسىدە سەگىدەيدۇ . بۇ يەرگە كۆپرەك قېرىلار توپلىشىپ ، ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرى ھەققىدە ئۇزۇندىن - ئۇزاق مۇڭدىشىدۇ . قاچانلاردىدۇر كېسىپ تاشلانغان ئىچى كاۋاك يوغان دەرەخ كۆتىكى ئۇلارنىڭ ئورۇندۇقى ، شۇڭا ياشلار بۇ يەرنى «قېرىلار قوندىقى» دەپ

ئاتايدۇ . نۇرغۇن يېڭى خەۋەرلەر مانا شۇ قونداقتا كېلىپ جەملە-
نىدۇ ۋە ھەش - پەش دېگۈچە بۇ يەردىن پۈتۈن گۈڭشېغا تارقاي-
دۇ . يېقىندىن بېرى بۇ يەردىن تارقىغان يېڭى خەۋەرلەر ناھايىتى
كۆپ . كىمنىڭ موزايلىق سىيىرىنى سېتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا
ئېشەك بىلەن هارۋا سېتىۋالغانلىقى ، كىمگە قانچىلىك يەر تەق-
سىم بولۇپ ، ئۇنىڭغا نېمە تېرىشنى پىلانلاۋاتقانلىقى ، قايسىبىر
ياغاچچىنىڭ خېرىدارى كۆپىيىپ ، هارۋا ، ئاغداما ، غالتەك يا-
ساشتا چاپ- چاپ بولۇپ كەتكەنلىكى ، كىملەرنىڭ بۇ يىل ئورمى-
دىن كېيىنلا ئوغۇل ئۆيلەش ، قىز چىقىرىشقا تەييارلىنىۋات-
قانلىقى ، قاچاندۇر يۇرتنى تاشلاپ ، مەدىكارچىلىققا چىقىپ كەت-
كەن پالانى - پۇستانىلارنىڭ يېزىغا قايتىپ كەلگەنلىكى قاتارلىق
خەۋەرلەر مانا شۇ يەردە سۆزلىنىپ ، شۇ يەردىن تارقىغان . قېرى-
لار بۇ خەۋەرلەر ئۈستىدە پاراڭلاشقاندا ، ناھايىتىمۇ ھاياجانلانغان
هالدا زوق - شوخ بىلەن سۆزلەيتتىكى ، كۈلكىدىن خالتىلىشىپ
كەتكەن ئېڭەكلىرى ساڭگىلاپ ، ئاران پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلى-
رىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كېتەتتى ، بۇنداق چاغلاردا
ئۇلار بىر- بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ :
— ياخشى ئىشلار بولۇۋاتىدۇ ، بىزمۇ قوينىڭ دۈمبىسىگە
تورغاي چاڭگا سالىدىغان كۈنلەرنى كۆرىدىغان ئوخشايمىز ، —
دېيىشەتتى .
لېكىن ، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى پارىڭى ئانچە كۆڭۈللۈك بولمى-
دى ، كۆزلىرىدە ئاللىقانداق بىر ئەنسىزلىكنىڭ شەپىسى ئەگىپ
يۈرەتتى ، سۆھبەتلىرىمۇ ئانچە قىزغىن ئەمەس ، تۇمشۇقلىرىنى
سوغۇقتا قالغان كەپتەردەك جۇۋىسىنىڭ ياقىسىغا تىقىپ ، جىم-
جىمغىنە ئولتۇرۇشاتتى . ئاخىر بىرى گەپ تەشتى . بۇ مۇشۇ
يەردە ئولتۇرغان ئالتە - يەتتەيلەندىن يېشى ئەڭ چوڭى بولۇپ ،
كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەت بىلەن «زېرىپ تاغا» دەپ ئاتايتتى .
— شەمەرنىڭ بۇ دورام كېلىشى ياخشىلىقتىن بېشارەت

ئەمەس ، — دېدى ئۇ بېشىنى سىلكىپ ، — شەمەر كەلگەندىن بېرى سايىم گۇمبەزنىڭمۇ مەيدىسى كېرىلىپ ، بىر - بىرىنى تازا كۆتۈرۈۋاتىدۇ .

ئارىدىن بىرى تەنە قىلدى :

— ئادەم دېگەن يۇقىرىغا قاراپ ماڭىدۇ ، سۇ تۆۋەنگە قاراپ ئاقىدۇ ، زېرىپ تاغا . ئەمدى شەمەر ھۆكۈمەت باشلىقى بولغاندىن كېيىن شۇنى خونچىلاپ كۆتۈرمەي كىمنى كۆتۈرەتتى ؟ !

چەتتە ئولتۇرغان مەللە چاپانلىق ، قاڭشار بۇرۇن بىر دېھقان باشقىچىرەك مۇلاھىزە قىلدى :

— مېنىڭچە ، شەمەر سىجاڭنىڭ بۇ نۆۋەت كېلىشى توي ئۈچۈنمىكىن دەيمەن .

— تـوي ئـۈچۈن بـولسا ، ئـارقىسىغا لەشكەر سېلىپ كېلەمدۇ ؟ — دېدى بىرى «قاڭشار»نىڭ سۆزىنى بۆلۈپ .

— قايسى توي ؟ — سورىدى يەنە بىرى چۈشەنمەي ، — كىم بىلەن كىمنىڭ توينى دەيسەن ؟

«قاڭشار» چۈشەندۈردى :

— تۆرەم بىلەن مايسەمنىڭ تويىچۇ ؟ بۇنىڭدىن نەچچە يىللار بۇرۇن شەمەر بىلەن تۇراپ شۇجى ئىككى نارەسىدىگە چاي ئىچكۈ- زۈپ قويغانىكەن ، كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىمۇ پۈتۈشۈپتىكەن .

سورۇنغا ھاشىمكام كەلدى ، ئۇ بېلىگە بىر تال شوينىدىن بوغقۇچ باغلاپ ، ئارقىسىغا ئېشەك ھەيدەيدىغان تايىقىنى قىستۇ- رۇۋالغانىدى .

— كەل ، ھاشىمباي ، — دېدى زېرىپ تاغا ئۇنى يېنىدا ئولتۇرۇشقا شەرەتلەپ ، — سەن تۈيغۇن ئادەمسەن ، ھۆكۈمەتتە نېمە گەپ بار ، تىڭ - تىڭلاپ باقتىڭمۇ ؟

ھاشىمكام ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ دېدى :

— تىڭ - تىڭلاش دېگەن نېمە ئۇ ، زېرىپ تاغا ، ھازىر گەپ دېگەن يامۇلدا ئاتقان پودەك ئاڭلىنىۋاتىدۇ .

— نېمە گەپلەر بوپتۇ ؟ — زېرىپ تاغا چىشى يوق ئاغزىنى ماكىلداتقىنىچە ھاشىمكامغا قارىدى .

— تۇراپ شۇجى خاتالىشىپتۇ ، خاتالىقى تارازا تېشىمۇ كۆ-تۈرەلمىگۈدەك ئېغىر ئىكەن ، — دېدى ھاشىمكام تەنە ئارىلاش ئاچچىق بىلەن ، — ھازىر ئۇ پىلىسىراتنىڭ ئۇستىدىمىش ، شەمەر سىجاڭ ئۇنى جەننەتكە تارتىۋېتىپتۇ ، مۇبادا ، تېزدىن ئۇياققا ماڭ-مىسا ، ۋەيلۇن دوزاخقا چۈشۈپ كېتەرمىش .

«قاڭشار» نىڭ سەل جۇدۇنى ئۆرلىدى :

— بىر چاغلاردا ئۇنى يۇقىرىدىمۇ داڭلاپ ، تۆۋەندىمۇ داڭلاپ «ئوتتۇرا قولدەك يىگىت» قىلىۋىدى ، ئەمدى ھالا بۇگۈنگە كەل-گەندە پىلىسىراتنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قاپتىما ؟ ! زادى بۇ خەقنىڭ بۇگۈن قىلغان گېپى ئەتە پۇچام .

— ھەي ! ... ، — دەپ خۇرسىندى بىرى ، — «تاز گۇل تاپسا قىسىدىغان يەر تاپالماپتۇ» دېگەندەك ، بۇ «ئوزۇقلۇق ئې-تىز»لىرى ئاخىر بىزگىمۇ قۇتاتمايدىغان بوپتۇ -دە !

شۇ ئەسنادا گۈگۈشى قورۇسىدىن چىققان تۆت ئادەم بۇ تەرەپ-كە قاراپ ئاستا سىلجىشقا باشلىدى . ئۇلار تېخى ھېلىلا پارتكوم يىغىنىنى تۈگىتىپ ، ئازراق سەگىدەش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا چىققان شەمەر ، سايىم ۋە شەمەرگە ھەمراھ بولۇپ چىققان ئىككى ياش كادىر ئىدى . شەمەر ئۆزۈن سېرىق جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ ، ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سالغان ھالدا ئېغىناپ كېلىۋاتاتتى . سايىم بولسا ئۇنىڭ بىلەن تەڭمۇ تەڭ قەدەم تاشلاپ ، كاللىسىنى بىر تەرەپكە قىيسايتقىنىچە ئاللىقانداق قول ھەرىكەتلىرى بىلەن بىر نەرسىلەرنى كۆرسۈرلاپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلار «قېرىلار قوندى-قى»غا كېلىپ توختىدى .

شەمەر كونا قەدىناسلارچە ئەدەپ بىلەن سالام بەردى :

— ھەممىلىرىگە سالام ، ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ ؟ زېرىپ تاغا ، مېنى تونۇدىلىمۇ ؟

زېرىپ تاغا ساڭگىلىغان قاپاقلىرىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ، شەمەرگە سىنچىلاپ قارىدى:

— باغرىم تونۇپ تۇرىدۇ، ئوغلۇم، چىرايىڭ كۆزۈمدىن چىقىپ قاپتۇ، قېرىغاندا كۆزۈمنىڭ نۇرى كەتتى.

— هازىر خېلى ياخشى تۇرىدىلىغۇ، — دېدى شەمەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— خۇداغا شۈكرى، بالام، مانا ئەمدى نان نانچە تېتىۋاتىدۇ، ئاشمۇ ئاشچە تېتىۋاتىدۇ. سېنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ خۇشال بولدۇق، بېشىمىزنى سىلا، دېهقانغا خەيرى قىلغان قولۇڭنى خۇدايىم سەككىز جەننەتكە سالغاي.

— شۇنداق، شۇنداق تاغا، — دېدى شەمەر ۋە يېنىغا قاراپ سايىمنى ئىزدىدى، لېكىن سايىم بۇ يەردىكى سۆهبەتنىڭ بىر ئاز سوزۇلىدىغانلىقىنى بايقىدىمۇ ئەتىمالىم، يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى ماگىزىنىدىن ئورۇندۇق ئالغىلى كەتكەنىدى.

— شەمەر سىجاڭ، ئۆزلىرىدىن بىر ئېغىز گەپ سورىماقچىدىم، — دېدى «قاڭشار» سەل هودۇقۇپ.

— خوش، قېنى، — دېدى شەمەر قولى بىلەن ئۇنى سۆزلەشكە ئۈندەپ.

شۇ چاغدا سايىم ماگىزىنىدىن ئېلىپ چىققان ئورۇندۇقنى شەمەرنىڭ ئاستىغا قويۇپ «بەللىرى تېلىپ قالمىسۇن» دەپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. «قاڭشار» ئاغزىنى نەچچە ئۆمەللەپ، ئاران يىردى:

— دېهقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئوزۇقلۇق ئېتىزلىرى يىغىۋېلىنامدۇ، قانداق؟

— سىلىچە قانداق قىلسا بولار؟ — شەمەر ياندۇرۇپ سورىدى.

— مېنىڭچە، بۇنى يىغىۋېلىش توگۇل، باشقا گۇڭشېلارغىمۇ كېڭەيتسە بولىدىكەن، — دېدى «قاڭشار» بىر ئاز

دىدىللىشىپ ، — نېمە ئۈچۈن دېسىلە ، يېڭىئاۋاتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، بۇ دېھقانلارنىڭ ھاياتلىق يولى ئىكەن .

— ھاياتلىق يولى ؟ ! — سايىم خۇددى كۆكۈيۈن چاققان قېچىردەك تۇرالماي قالدى ، — بۇ قانداقمۇ ھاياتلىق يولى بولسۇن ! بىز بۇرۇن يەككىلىكنىڭ دەردىنى ئاز تارتقانمۇ ؟ ! ئەمدى كېلىپ بىر خىش ، بىر كېسەكلەپ قوپۇرغان بۇ بىنانىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدىن تېشىپ ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتسەك بولامدۇ ؟ !

ھاشىمكام دەرھال ئۆكتە قوپتى :

— سايىم مۇدىر ، بىنا ھەيۋەتلىك بولغان بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغانلارنىڭ قورسىقى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتسە مەيلىمۇ ؟ !

چەتتە ئولتۇرغان ئىككى ياش كادىر بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ قويدى . سايىم ھاشىمكامنىڭ سەل ئۆڭگەن چىرايىغا سوغۇق نەزەر بىلەن قارىدى . ئۇنىڭغا بۇ سۆزلەر بىر ئاز زەھەرخەندىدەك تۇيۇلغانىدى ، شۇڭا بۇ گەپلىرىنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ ، ھاشىمكامغا دارىتمىلىدى :

— يېڭى جەمئىيەتنىڭ شاپائىتى كۆپ ، سوتسىيالىزم دەۋرىدە ھېچكىم ئاچ قالمايدۇ !

ئۇنىڭ سۆزىنى زېرىپ تاغىنىڭ غورۇڭلىغان ئاۋازى بۆلۈۋەتتى :

— مەن ساڭا ئېيتسام ، باشلىق ، يېڭى جەمئىيەتنىڭ بىزگە قىلغان شاپائىتى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ . مۇشتۇمى زورلارنى يوقىتىپ ، جاھالەتتىن قۇتۇلدۇق . لېكىن - زە ، قورساققا كەلگەندە كوپىراتىپتىكىدىن پەرقىمىز نېمە ؟ ! «ئۆردەك كۆلگە تارتىپ ، يىلان چۆلگە تارتىپ» دېگەندەك ئىشلىرىمىزنىڭ ھېچ چېكى چىقمىدى . بىز ئۆزىمىزنى ياللانما ، كەمبەغەل دەپ يۈرۈپ قىزىمىزنى چىقىرالمىساق ، ئوغلىمىزنى ئۆيلىيەلمىسەك ، بۇ تۇرمۇشنىڭ نېمە خوۋلۇقى قالدى ؟ ! تۇراپ شۇجى بىزگە ئازراق ھاياتلىق

يولى بېرىۋىدى ، ئەمدى سىلەر بۇ يولدا توغرا ياتقىلى تۇردۇڭلار ! ...

بوۋاينىڭ سۆزى خېلى كەسكىن ئىدى ، ئۇ خۇددى ئۈچ قىرلىق بىگىزدەك شەمەرنىڭ ئاللىبىر يەرلىرىگە سانجىلدى .

— تۇراپ شۇجى «ئوزۇقلۇق ئېتىزى» دەپ سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارنى سېھىرلەپتۇ ! — دېدى ئۇ سەل تاتىرىپ ، — بۇنداق قىلىش ئومۇمنىڭ توپىسى بىلەن شەخسنىڭ تېمىنى قوپارغانلىق ! بۇ سىلەرگە بۇگۇن بىرئاز پايدا يەتكۈزگەندەك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن ئەتىسىلا چوڭ بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ !

شەمەر ئورنىدىن تۇردى . ئوزايىدىن ، هارغىنلىقى ، زەئىپلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . «ئەھۋالدىن قارىغاندا ، تۇراپ چوڭ - كىچىك ھەممىسىنى خېلىلا دەندىتىپ قويۇپتۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — دېھقان دېگەننىڭ ئاغزى بىر مايلاندىمۇ بولدى ، كۆكسى ئىككىلىك كۆتۈرۈلىدۇ ، ئازراق نەپ بەرگەننى خىزىر دەپ بېشىغا ئالىدۇ ، ھەي ... »

شەمەر «قېرىلار قوندىقى» دىن ئايرىلىپ گۇڭشې قورۇسىغا كىرگۈچە ۋە ئۇ يەردىن ئۆزى ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ياتاققا كىرگۈچىمۇ مانا شۇ «ھەي ...» بىلەن قايتا - قايتا بېشىنى چايقاپ قويدى . ئەمدى ئۇ كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە خېلى جىددىي ئويلىنىپ قالغانىدى .

## 2

زورىخان كۈندە يولغا قاراپ بەكمۇ بىتاقەت بولۇپ كەتتى . مېھمانغا سويۇش ئۈچۈن كاتەككە ئايرىم سولاپ قويغان خورازنىڭمۇ كۈن نۇرى كۆرمىگىنىگە ئۈچ كۈن بولدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، شەمەر چىققان كۈنى كېلەلمىسىمۇ ، ئەتىسى ئەتىگەندە چوقۇم بۇ ئۆيگە پەتىگە كېلىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئۈمىدى

يوقۇقا چىقتى ، مانا بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنىمۇ كۈن قايرىلىپ يىراق-تىكى قارلىق تاغقا باش قويدى .

زورىخاننىڭ كۆڭلىدىن ھەرخىل خىياللار كەچتى ، ئۇ نېمە-دىندۇر گۇمانسىراشقا ، ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىشقا باشلى-دى . كۆڭلىدىكىنى ئېرىگە ئېيتىشقىمۇ پېتىنالمايتتى . چۈنكى ، شۇ كۈنلەردە تۇراپ شۇجىنىڭمۇ كۆڭلى جايىدا ئەمەس ، جىمى-غۇر ، خىيالچان بولۇۋالغانىدى .

بۈگۈن زورىخاننىڭ سەۋر قاچىسى تولدى ، قورساق كۆپۈكى ئۇنى «پاتتىدە» يېرىۋېتەي دەپلا قالغانىدى . شۇڭا ئۇ ، ئەمدى ئۆيگە كىرىپ ، ئالدىغا كەلگەن غىزاغا ئېغىز تېگەي دەپ تۇرغان تۇراپ شۇجىغا ئۆپكىدەپ سۆزلەپ كەتتى :

— ھەممىسى سىلىنىڭ كاساپەتلىرى ، ئۆزلىرىنىڭ بىلگىنى بىلگەن ، شەمەر سىجاڭنى رەنجىتىپ قويمىغان بولسىلا بۇ چاققى-چە نەچچە قېتىم كېلىپ كەتمەمتى ! ؟

— كەلمىسە قانداق قىلاي ، يولىغا پاياندار سېلىپ ، تىراك-توردا سۆرىتىپ كېلەمدىمەن ! ؟ — دېدى تۇراپ شۇجى زەردە بىلەن ، — بىلىپ قوي ، ئۇ ، بۇ قېتىم گۇڭشېنى تۇزەش ئۈچۈن كەلگەن ، قاچان تۇزەپ بولسا شۇ چاغدا كېلەر .

تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ ھالقىسى يەڭگىل قېقىلدى ، ئەر - خوتۇننىڭ پارىڭى ئۈزۈلدى ، زورىخان دوڭغاقلىغىنىچە چىقىپ كەتتى ، ھايال ئۆتمەي ھويلىدا بىر ئەركىشى بىلەن زورىخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ئوبدان تۇرۇۋېلا زورىخان ، مارى ، تۆرەم سالام ئېيتتى .

— سالامەت بولسۇن ، ئۆزلىرىمۇ ھارمىغايلا ، شەمەر سى-جاڭ .

— سەت بولدى ··· كېلىپلا بىر يوقلاپ كېلەرمەن دېسەم زادىلا قول بوشتالمىدىم .

— ھېچقىسى يوق ، يوقلاشنىڭ تۆرى قېرىپ قالمايدۇ ،

قىنى ، ئۆيگە كىرسىلە .

زورىخان ھودۇقۇپ ، پايپېتەك بولۇپ كەتتى . شەمەر كى-چىككىنە قول سومكىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ھويلىنى ئايلىنىپ زىيارەت قىلىشقا باشلىدى .

سوقما تام بىلەن قاشالانغان ، ئوتتۇرىدىن دەز كەتكەن غول تېمىغا ئىككى يەردىن غوجا تام سوقۇلغان بۇ ئاددىي ھويلىدىكى ئىككى نەرسە ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى . بىرى ، قوتاننىڭ ئالدىدىكى ئۈژمە ئاچىمىقىغا ئىلىپ قويۇلغان كەتمەن . بۇ شەمەر ئۈچۈن ناھايىتى تونۇشلۇق . بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن يېڭى سوقۇلغان ۋاقتىدا شەمەرمۇ ئۇنى قولىغا ئېلىپ دەڭسەپ كۆرۈپ ھەيران قالغان ، تۇراپىنىڭمۇ دادىي سىكرىتارى ۋاقتىدا «كەتمەن شۇجى» دەپ نامىنى چىقارغانمۇ مانا شۇ . ئۆز ۋاقتىدىكى دىئامې-تىرى قىرىق سانتىمېتىر ، ئېغىرلىقى ئالتە جىڭ كېلىدىغان بۇ كەتمەن ھازىر ئۇپراپ ئالىقانچىلىكلا قالغان بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا دات باسماي پارقىراپ تۇراتتى ؛ يەنە بىرى ، چوڭ تونۇرغا چاپلاپ سېلىنغان توخۇ كاتىكى ، بۇمۇ شەمەر ئۈچۈن ناھايىتى تونۇشلۇق ، ھەتتا ئۇنى ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ سېلىشنى پىلان-لىغانمۇ ئۆزى . بىر چاغلاردا شەمەر يىراقتىكى سۇ قۇرۇلۇشىدىن سوغۇق تېگىپ قايتىپ كەلگەندە ، تۇراپ مانا شۇ كاتەكتىن تىزلى-نىپ ئولتۇرۇپ تۇخۇم ئېلىپ ، ئۆگزىدىكى ئاپتاپتا شەمەرنى نەچچە قېتىم شاقىدىغان ...

ياندىكى ھۇجرىنىڭ «غىچ» قىلىپ ئېچىلىشى شەمەرنىڭ دىققىتىنى بۆلدى ، ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى ، يېشىل تىۋىت ياغلىقنى بېشىغا بۆرەكچىلەپ چىگكەن ، ئېقى ئاق ، قىزىلى قىزىل دوپدۇگىلەك يۈزى پارقىراپ تۇرغان مايسەمنىڭ كۆلۈم-سىرىگىنىچە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى .

— شەمەر دادا .

— مايسە قىزىم .

ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى ، مايسەم ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈر-سىمۇ ، لېكىن ناھايىتى ھايالىق ئىدى . شۇ ئەسنادا ئىچكىرى ئۆيدىن تۇراپ شۇجىمۇ ھويلىغا چىقتى ، زورىخان بولسا ئۆي ئىچىنى يېسىقتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى .

— بۇگۇن چولاڭ تېگىپتۇ - دە ! — دېدى تۇراپ شۇجى تەنە ئارىلاش كۇلۇمسىرەپ ، — مەن تېخى سېنى بوسۇغىدىن ئاتلىمايلا كېتىدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپتىمەن .

شەمەر چاقچاققا يۆلىدى :

— بوسۇغاڭ ئېگىز لەپ قاپتۇ ، ئاتلىيالماسلىقتىن قورقتۇم .

تۇراپ شۇجىمۇ بوش كەلمىدى :

— ئاتلاشتىن قورققان ئادەم يول يۈرمىسىمۇ بولىدۇ ، ھەمە-مىلا يەردە كۆۋرۈك ئۇچرايدۇ دەمسەن ، بەزىدە ئۆزى يول تېپىپ ئاتلاپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ .

ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرى تەبىئىي ھالدا ئۆز مۇددىئالىرىغا يې-قىنلاشتى .

— ئۆزۈم يول ئاپتىم دەپ ، كېمىنى تەۋەككۈل دەرياسىغا سېلىشقا بولماس ، — دېدى شەمەر ئۆيگە كىرىۋېتىپ ، — تەۋەككۈلنىڭ تېگى تاش ، ۋاقتى كەلگەندە باشنى ئۇرسا يېرىلى-دۇ .

تۇراپ شۇجى سۇپىغا چىقىپ ، شەمەرنىڭ ئۇدۇلىدا باداشقان قۇردى ۋە سۆزنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا جاۋاب بەردى :

— مېنىڭچە ، ھەرقاچان تەۋەككۈلنىڭ بىر ناخشىسى ئار-تۇق . تەۋەككۇل قىلماي تۇرۇپ تۇرمۇشتا بىرەر جىددىي ئىشنى قىلغىلى بولامدۇ ؟ بىزنىڭ بۇ تەۋەككۇلىمىز ئويلانماستىن قىلىن-غان قارىغۇلارچە تەۋەككۇل ئەمەس .

داستىخان سېلىنىپ مەززە كەلتۈرۈلدى . زورىخان يېڭىلا مايسەم سېغىپ كىرگەن ئۆچكە سۇتىدە قويۇق چاي دەملىدى ، چاينى سورۇۋېتىپ شەمەرنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى :

— مەززەگە ئىلتىپات قىلسىلا، كېلىشلىرىدىن بىخەۋەر، قاتتىق - قۇرۇقلا بولۇپ قالدى.

شەمەر چايدىن بىر ئوتلاپ يەنە سۆزگە كىرىشتى:

— شۇنداقتىمۇ بىرەر ئاساس بولۇشى لازىم. مەسىلەن، سەن غايىبتىن مەركەزنىڭ بىرەر قىزىل باشلىق[1] ھۆججىتىنى كۆرۈپ قالدىڭمۇ - يا؟

— مەن 3 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەڭ چوڭ قىزىل باشلىق ھۆججەت دەپ قارايمەن، — دېدى تۇراپ شۇجى قىسقىلا قىلىپ.

شەمەر ئالمان - تالمان سورىدى:

— ئۇنىڭدا يېڭىئاۋاتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يەرلەرنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بەرسۇن، دېگەن بەلگىلىمە بارمىكەن؟

— ياق.

— ئەمىسە ...

— لېكىن، ئۇنىڭدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ جانلىق ئىش كۆرۈش دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلىمە، پرىنسىپلار بار.

— بۇ ئومۇمىي نەرسىلەر - دە! ئەڭ مۇھىمى، تىنچ - ئىتتىپاق بولۇپ، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، دېھقانلارنى گۇڭشې قويىنىدا قاتتىق ئىشلەشكە تەشكىللەشنى بىلىش كېرەك!

تۇراپ شۇجى قولىدىكى پىيالىنى داستىخانغا قويۇپ، بېشىدىكى مايلىشىپ قالغان ئاق تۇمىقىنى قولىغا ئالدى - دە، ئىككى پۇكلەپ يۈز - كۆزىدىكى تەرلەرنى ئېرتىۋېتىپ ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— سېنىڭ دېگىنىڭمۇ ئومۇمىي نەرسىلەر. بىز بۇ ئىشلارنى قاچاندىن بېرى قىلىۋاتىمىز، يولداش شەمەر، مېنىڭچە كىشىنىڭ ئىزىنى بىلەن ماڭغان ئادەم مەڭگۈ يېڭى يول تاپالمايدۇ.

---

① مەركەزنىڭ رەسمىي ھۆججىتىنى دېمەكچى.

دېھقانلارنىڭ ئىشلىشىگە كەلسەك، ھېلىمۇ ئۇلار ئېڭەك تىرەپ كەلدى. ئويلاپ باقىنە، سامان بىلەن پاخال يېگەن ئىنەكتىن چېلەكلەپ سۈت كۈتۈش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، قورسىقى تويمىغان دېھقانلارنى بىر يەرگە توپلاپ قاتتىق ئىشلە دېسەڭ قانداق ئىشلەيدۇ؟ خەلقنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولمىسا، قانداقمۇ تىنچ-ئىتتىپاق بولۇپ قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشايسەن!؟ بىرنەچچە يىلدىن بېرى دېھقانلارنىڭ قانتى سۇنغان، سىجاڭ، قانتى سۇنغان كەپتەرنى ئۇچۇرسا ئۇچالمايدۇ!

شەمەر جىم بولۇپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ غەلىتە پۇرۇشكەن چىرايىدىن، ئۆسۈپ قالغان ساقىلىنى تىرنىقى بىلەن چىمدىپ ئولتۇرۇشىدىن بىر خىل ئېرەنسىزلىك، كەيپسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ئىچكىرى ئۆيدىن قازان-قومۇچنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆي ئىچى توخۇ گۆشى قورۇمىسىنىڭ مەززىلىك ھىدى بىلەن تولدى.

— يولداش تۇراپ، ئىنقىلابىي ئەجدادلار قان-تەرى بىلەن ياراتقان ئىگىلىكنى سەن بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا تالان-تاراج قىلىۋەتسەڭ بولامدۇ؟ — دېدى شەمەر بىردىنلا جىددىي تۈس ئېلىپ، — سەن ئۇلار ماڭغان ئىنقىلابىي يولدىن بىراقلا ۋاز كەچمەكچىمۇ؟!

— مېنىڭچە، ئىنقىلاب دېگەن سۆز باشقىلار مېڭىپ باقمىغان يول بىلەن مېڭىش دېگەنلىك! — دېدى تۇراپ شۇجى يەنە شۇ ئېغىر-بېسىقلىقى بىلەن، — ئىنقىلاب ئىلگىرىكىلەر ياراتالمىغان مۆجىزىلەرنى يارىتىش دېگەنلىك!

شەمەرنىڭ سەل خورلۇقى كەلدى، قىرلىق بۇرنى قىزىرىپ، چېكىسى تەرلىدى. ئۇ ئەزەلدىن گەپ-سۆزدە قانتىغا قان تەگكۈزمەي، ئۆزىنى چېچەن چاغلاپ كەلگەچكە تۇراپنىڭ بۇگۈنكى دادىللىقى، ھازىر جاۋابلىقى ئۇنى خېلىلا تەمتىرىتىپ، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئارىلىقتا

ئۆنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە يىگىرمە توققۇز يىلدىن بېرىقى جاپالىق كۆرەشلەرنىڭ جانلىق خاتىرىلىرى غىل - پال ئۆتتى. خاتىرىلەر بارغانسېرى يوغىناپ، كۆچىيىپ، مۇقەددەس بىر نەرسىگە ئايلان- دى. ھېلىمۇ ئۆنىڭ ئېسىدە، ئۇ ئوتتۇز نەچچە ياش ۋاقتىدىلا گۆڭشىلىشىش ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىسى ۋە قوغدىغۇ- چىسى بولغان. ئۇ چۈشكەن رايوندا ھەقىقەتەنمۇ ئەجدادلارنىڭ قان- تەرى تۆكۈلگەن، بىرنەچچە بۆز ۋۇقلار گۆڭشىلىشىش ھەرد- كىتىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئۇ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن بىر پېشقەدەم كادىرنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۆپكىسىنى باسالماي ھۆڭرەك ئېتىپ يىغلىغان، كېيىن يۈزلىگەن خەلقىنىڭ ئالدىدا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى، گۆڭشىلىشىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى سۆز- لەپ كىشىلەرنى قايىل قىلغان ... مانا بۇ قانلىق ساۋاقلارنى ئۇ قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالسۇن؟! ھازىر تۇراپنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى مانا شۇ شانلىق يولدىن يۈز ئۆرۈگەنلىك ئەمەسمۇ؟!... بۇنىڭغا ئۇ قانداقمۇ چىداپ تۇرالايدۇ!...

شەمەرنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلەپ، قېنى قىزىدى:

— ئەگەر بىز سوتسىيالىزىمغا سەن باشلىغان بۇ يول بىلەن ماڭىدىغان بولساق، ھەممىمىز تۇۋۇى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىد- مىز، چۈنكى سېنىڭ قەدەم قويغىنىڭ يالغۇز لىملىق لىڭ - لىڭ كۆۋرۈك! — دېدى تەئەددى بىلەن.

تۇراپ شۇجى ئانچە چېچىلمىدى، پەقەت مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— ساڭا شۇنداق كۆرۈنۈۋاتىدۇ، چۈنكى سەن قەدەم قويۇش تۈگۈل، ئېغىزغا ئېلىشتىنمۇ قورقۇۋاتىسەن. لېكىن، دېھقانلار بىلەن ماڭا بۇ، 3 - ئومۇمىي يىغىن كۆرسىتىپ بەرگەن كەڭ داغدام يول! ھاڭغا چۈشۈش - چۈشمەسلىكىمىزنى ماڭغاندىن كېيىن كۆرەرمىز!

داستىخانغا توخۇ گۆشى قورۇمىسى كەلتۈرۈلدى، زورىخان

شەمەرنى تائامغا تەكلىپ قىلغاچ ئۆزرە ئېيتتى :

— ئۆزلىرىنىڭ لايىقىدا ئىش بولمىدى ، ئاران بىر كەلگەنلىرىدە تۆگە سويساقمۇ ئەرزىيتتى ، قېنى ئىلتىپات قىلسىلا .

ئۇلار تاماققا تۇتۇش قىلدى ، لېكىن تاماق ئارىلىقىدا يەنە بىر - بىرىگە بازلىشىپ ، گەپ - سۆزنى توختاتمىدى . ئەگەر داستىخان ئۈستىگە هاشىمكام كېلىپ قالمىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسى ئەۋجىگە چىقىپ ، شەمەرنى تېخىمۇ تېرىكتۈرۈپ قويغان بولاتتى .

## 3

شەمەرنىڭ يېڭىئاۋاتقا كەلگىنىگە هەش - پەش دېگۈچە ئىككى هەپتە بولۇپ قالدى . ئۇ كېچە - كۈندۈزلەپ جاپالىق ئىشلىگەندەك قىلسىمۇ ، لېكىن ئىشى زادىلا يالجىمىدى .

ئىككى قېتىملىق پارتكوم يىغىنىدا كادىرلارنىڭ كۆپچىلىكى تۇراپنى قوللاپ ، «ئۇزۇقلۇق ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇۋالدى ، تېخى بىر قىسىم دېهقانلارمۇ يىغىنغا ۋەكىل ئەۋەتىپ بۇ «بىزگە پارتىيە بەرگەن هاياتلىق يولى» دەپ مەدھىيىلەشتى . بۇ هال شەمەرگە ئۆزىنى بارغانسېرى يەككە - يېگانە ، يېتىم هېس قىلدۇرۇشقا باشلىدى . ئۇ هەممە ئىشنىڭ «كۆتەن بېشى» تۇراپ دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن ، بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سىردىشىپ ، بىسىنى ياندۇرماقچى بولۇۋىدى ، لېكىن بۇمۇ كارغا كەلمىدى ، شەمەرنىڭ تەنبىھ - نەسىهەتلىرى تۇراپنىڭ ئۆتكۈر بىسىنى قىلچە ئۇپرىتالمىدى . شۇ كۈنلەردە شەمەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ قەدىناس هەم يېقىملىق بولغان تۇراپ بىردىنلا باشقىچە يات هەم سوغۇق بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى ...

ئىككى هەپتىلىك خىزمەت هېچنېمىگە دال بولالمىدى ،

ئەمدى باشقىچە يول تۇتۇش كېرەك ئىدى ، قانداق يول ؟
ئەسلىدە ، شەمەر بۇ ئىشنى هايت ـ هۇيت دەپلا بىر نەچچە كۈن ئىچىدە هەل قىلىۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ يېڭىئاۋاتتىكى قالتىس نوپۇزىنى بىر نامايان قىلماقچىدى ، شۇڭا ئۇ جاڭ شۇجىنىڭ ئالدىدا «تـۇراپنى ئـىككى ئـېغىز گەپ بىلەنلا زاكىلاپ قويالاي-مەن !» دەپ مەيدىسىگە ئۇرغان . بۇنىڭدىمۇ شەمەرنىڭ ئويلىغان-لىرى بار ئىدى : بىرىنچىدىن ، ئۇ تۇراپ بىلەن بوران ـ چاپقۇن-لۇق كۈنلەرنى بىرگە ئۆتكۈزگەن تەقدىرداش دوستلار ، ئەلۋەتتە بىر- بىرىنىڭ رايىغا بېقىشى ، كۆڭلىنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى ؛ ئىككىنچىدىن ، تۇراپ ئۇنىڭ بولغۇسى قۇدىسى ، هېچ بولمىغاندا مانا شۇ قۇدا ـ باجىلىقنى پەش قىلىپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا گېپىنى يېگۈزمەكچى ئىدى ، مانا بۇلار شەمەرنىڭ قولىدىكى ئىك-كى چوڭ كوزىر ئىدى .
ئىككى هەپتىلىك ئەمەلىيەت بىرىنچى كوزىرنىڭ بەربات بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى ، بۇ كوزىر ئۇنىڭغا نەپ بەرمىدى . تۇ-راپ غەلىتە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى ، ئۇ شەمەرنىڭ رايىغا باقمىدى ، ئۇلار ئەزەلدىن بىر ـ بىرىنى چۈشەن-مەيدىغاندەك ، هەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى چىگىلدى ، قارىغاندا ، شەمەر تۇراپنى ئەمەس ، تۇراپ شەمەرنى «بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا زاكىلاپ قويىدىغان»دەك قىلاتتى .
شەمەر ئەمدى ئىككىنچى كوزىرنى ئىشقا سالماقچى بولدى . مۇبادا ، بۇمۇ ئەسقاتمىسىچۇ ؟ ! ··· مۇمكىن ئەمەس ! تۇراپ يالغۇز قىزى مايسەمنىڭ تەقدىرىنى ئويلىمامدۇ ؟ ئۇنىڭغا ئابرۇي كېرەك ئەمەسمۇ ؟ شەيتان چېغىدا توپا يەمسەن دېسە ، يېغى بارمۇ دەيدۇ ، بىر شەهەرنىڭ باشلىقى بىلەن قۇدا بولۇش ئاسان گەپمۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مايسەمۇ رەسىدە بولۇپ قاپتۇ ، ئۇنىڭغا تۆرەمدەك كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ خېرىدار بولۇشى مىسلىسىز بەخت ـ تەلەي ! تۇراپ ياغاچتىن ياسىغان ئادەم ئەمەس ـ دە ، بۇلارنى

ئويلىمايدۇ دەمسىز ؟ بۇ ئۇنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتـ
لىك ئىش تۇرسا...

شەمەر شۇلارنى ئويلىغاندا، تۇراپ شۇجى گويا بىردىنلا يوشىشىپ، مۇلايىملىشىپ، قامەتلىك گەۋدىسى كىچىكلەپ كەتـكەندەك ۋە ھەممە ئىشنى شەمەرنىڭ قوماندا تايىقى بويىچە تولۇق بەجا كەلتۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇ مانا شۇ ئىكـكىنچى كوزىرنى تىلىنىڭ ئاستىغا بېسىپ، تۇراپنى بوي سۇندۇرۇشنىڭ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتىرى قىلماقچى بولدى. ئەلۋەتتە بۇ كوزىرنى ئىشلىتىشنىڭمۇ مۇۋاپىق پەيتىنى تېپىش كېرەك.

شەمەر ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ چىققان ئىككى كادىرنى «ئوزۇقلۇق ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغان شىياۋـدۈيلەرگە بېرىپ، «پاكىت» تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇغانىدى. ئۇلار بۈگۈن كەچكە يېقىن ھېرىپ ـ ئېچىپ قايتىپ كەلدى ۋە كۆڭۈلدىكى مەسئۇللىرىنىڭ ھەممىسى بار يەردە دەپتەرلىرىنى ۋاراقلاپ، تەكـشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ئەھۋالىدىن دوكلات قىلدى:

— ئۆتكەنكى ھۇرۇنلار، كېسەللەرمۇ ئېتىزلىققا چىـقىپتۇ، — دېدى بىرى بىرنەچچە ئائىلىنى مىسالغا ئېلىپ، — مەسىلەن، كەپتەرۋاز مۇسا شالغۇت، چار بازارچى تۇردى ساياق، بۇلار ئىلگىرى گۆشىنىڭ ئىشى دېسە بېشى ئاغرىيدىغانلار ئىدـكەن، ھازىر بولسا كېچە ـ كۈندۈز ئېتىزدىن كىرمەي ئىشلەۋېـتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئوزۇقلۇق ئېتىزى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ مۇشۇنداق ئادەملەرگە ياقىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ!

يەنە بىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۆزى تەكشۈرگەن دۈينىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى:

— ئۈچىنچى دادۈيدە پۈتۈن ئائىلىدىكى قېرى ـ ياش ھەممىـسى ئىشقا چىقىپ، ئۆزىنى بېيىتىش ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلەيـدىكەن، مەسىلەن: ئەمەت دوك، زېرىپ بوۋايدەك قېرىلارمۇ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئېتىز بېشىغا چىقىپ، باي بولۇشنىڭ

پىلاننى تۈزۈۋېتىپتۇ ، بۇنىڭ يەككە ئىشلەش بىلەن قەيىرى ئوخ-
شاشمايدۇ ؟ !

ئىشخانىدىكىلەر دوكلاتنى ئاڭلاۋېتىپ ئۆزئارا كۇسۇرلاشتى ،
بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى . شەمەر دوكلاتنى ئاڭلاپ
بولغاندىن كېيىن ، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان تۇراپ شۇجىغا سوغۇق
نەزەر بىلەن قارىدى :

— سىز گوڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى تۇرۇقلۇق ، قەد
كۆتۈرگەن دېھقانلارنى زادى قەيەرگە باشلىماقچى ؟ ! — ئۇ مانا
بۇگۇن تۇنجى قېتىم تۇراپ شۇجىنى «سىز»لىدى ، بۇنىڭ بىلەن
ئۇ ئۆز مەيدانىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق شەرھلىگەنىدى ، لېكىن
تۇراپ شۇجى ئۇنى «سىز»لىمىدى ، بەلكى بۇرۇنقى تەلەپپۇزىنىمۇ
قىلچە ئۆزگەرتمەي يەنىلا «سەنلەپ» سۆزلىدى :

— مەن ئەزەلدىن دېھقانلارنى سوتسىيالىزمغا باشلاپ ماڭ-
غان ، ھېلىھەممۇ سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىغا باشلاپ كېتىۋا-
تىمەن ، — دېدى ئۇ ئۇستەلنى يېنىك چېكىپ تۇرۇپ ، —
بۇرۇنقى ھۆرۈنلار ، كېسەللەر ، قېرىلار ئۆز ئەھۋالىنى ئوڭشاش
يولىدا جان تىكىپ ئىشلىسە يامانمۇ ؟ بۇ ئىشلار بىز قوللانغان
چارىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىمامدۇ ! ؟

بايا تۇراپ شۇجىنى ئەيىبلەش ئۈچۈن ، «پاكىت» تەرىقىسىدە
سۆزلەنگەن نەرسىلەر دەل تۇراپ شۇجىنىڭ كۆڭلىگە ياققان يېڭى
ئۆزگىرىشلەر ئىدى . مۇسا شالغۇتنىڭ داڭدار كەپتەرۋازلىقى
راست . بۇرۇن ئۇنى دادىي باشلىقلىرىمۇ ئىشقا چىقىرالماي تولا
جېدەللىشىپ تويغان . ئەتىدىن - كەچكىچە قىلىدىغان ئىشى كەپ-
تەر ئۇچۇرۇش ، كەپتەر ئوغرىلاش ، كەپتەر سېتىش بىلەنلا ئۆت-
كەن ، يېزىدىكى بىرنەچچە ياش بالىلارنىمۇ ئارقىسىغا ئەگەشتۇ-
رۇپ يولدىن چىقارغان . مانا بۇ قېتىم ئۇنىڭغا بىر مو بەش پۇڭ
ئوزۇقلۇق ئېتىزى تەقسىم قىلىپ بېرىلىۋىدى ، ئۇ ئوتتۇز بەش
جۇپ كەپتىرىنى سېتىۋېتىپ ، پۇلىغا غالتەك ، كەتمەن ، تاغار

قاتارلىق سايمانلارنى ئېلىپ، نەچچە يىلدىن بېرى يىغىلغان كەپتەر مايىغى بىلەن يەرنى ئوغۇتلاپ، ئىشلەمچى دېھقان بولۇپ قالدى.

تۇردى ساياقمۇ شۇنداق. ئۇنى ھەپتىنىڭ قايسى كۈنى ئىزدىسىڭىز ئۆيىدە يوق، بىر كۈنى دۈشەنبە بازار، بىر كۈنى پەيشەنبە بازار دەپ يېزىمۇ يېزا چار بازارچىلىق قىلىپ يۈرەتتى، ئۆزىمۇ تازا جېدەلخور، كۆكەرمە. مانا بۇ قېتىمقى ئوزۇقلۇق ئېتىزى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئۇنىمۇ بىر ئوبدان ئادەم قىلىپ، ئېتىزغا باغلىۋالدى. بۇلارنىڭ نېمىسى يامان؟!

تۇراپ شۇجىنىڭ تېخىچە پېتىدىن چۈشمەي، خاتىرجەم ھالدا ئولتۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى شەمەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

— بۇنداق قىلىش كومپارتىيىنىڭ تامىقىنى يەپ، كومپارتىيىنىڭ تاۋقىنى چاققانلىق! — دېدى ئۇ تەئەددى بىلەن، — يولداش تۇراپ شۇجى، چۈشىنىشىڭىز لازىمكى، بۇ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا سىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشى. يار لېۋىدىگە كېلىپ قالغان ئېتىڭىزنىڭ تىزگىنىنى تارتقىنىڭىز ياخشى، بولمىسا ئابرۇيىڭىز دەخلىگە ئۇچرايدۇ.

— ئابرۇي؟ ... ، — تۇراپ شۇجى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە بىردىنلا شەمەرگە بۇرۇلۇپ، — مېنىڭچە، ئەڭ چوڭ ئابرۇي خەلقنىڭ ئىشەنچى! — دېدى قىسقىلا قىلىپ.

ئىشخانا تىمتاس بولۇپ قالدى. خېلىدىن بېرى ئىككى باشلىقنىڭ سۆز بىلەن بولۇۋاتقان جىددىي ئېلىشىشىغا قاراپ ئولتۇرغان كادىرلار بىر شەمەرگە، بىر تۇراپقا قارىغىنىچە ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. شەمەرنىڭ سەپكۈنلۈك يۈزى ئېسىلىپ، لەۋلىرى تىترىدى، ئەگەر ئۇ مۇشۇ مەيداندا تۇراپنى بېسىپ چۈشكۈدەك بىر - ئىككى ئېغىز گەپنى ئەپلەپ قىلالمىسا، ئۆزىنىڭ ئابرۇيى دەخلىگە ئۇچراپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلاردا

باشقىلارنى كونترول قىلىشىمۇ تەس بولاتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، تۇراپ هازىرغىچە گەپ ـ سۆزدە ئۇنىڭغا يۈز ـ خاتىر قىلمىدى ، شۇنداق ئىكەن ، ئىككىنچى كوزىرنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن يەنە قاچانغىچە پەيت كۈتۈش كېرەك ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە شەمەرنىڭ مەيدانىنىڭ قەتئىيلىكىنى بۆيەردىكىلەرنىڭ بىلىپ قويغىنىمۇ ياخشى ، پەيت دېگەن مانا شۇ . شەمەر ئورنىدىن تۇردى .

— يولداش تۇراپ شۇجى ! — دېدى ئۇ قولىنى ئارقىغا تۈتقىنىچە ئالدىغا ئىككى قەدەم سىلجىپ ، ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلىپ ، ئەتراپىدا ئادەم بارلىقىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى ، — ئون نەچچە كۈندىن بېرى پەقەت بىرلا نەرسىنى ئويلاپ سىزنى ئاياپ كەلدىم ، بولمىسا ئاللىبۇرۇن سىز بىلەن رەسمىي سۆزلىشىپ ، ئىشنى ھەقىقادىغا يەتكۈزگەن بولاتتىم . مەن يەنە بىر قېتىم ئېسىڭىزگە سېلىپ قويمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ ، ئىككىمىزنىڭ بولغۇسى قۇدا ئىكەنلىكىمىزنى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ ، ئەگەر سىز خاتالىقىڭىزدا مۇنداق چىڭ تۇرىۋېرىدىغان بولسىڭىز ، ئۇ چاغدا …

تۇراپنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى ، كۆز ئالدى بىردەملىككە خىرەلىشىپ ، كۆڭلىمۇ قانداقتۇر بىر خىل قاڭسىق نەرسىدىن ئايىنغاندەك بولدى ، لېكىن ئۇ يەنە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ :

— ئۇ چاغدا ئارىنى ئوچۇق قىلىمىز دېمەكچىمۇسەن ؟ ! — دېدى لەپپىدە ئارقىغا بۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ كۆزىدىن «يالت» قىلىپ سوغۇق بىر ئۇچقۇن چاقناپ ئۆتتى ، — شۇنداق ، سەن بىلەن مەن بولغۇسى قۇدا ـ باجا ، بالىلىرىمىزمۇ بىر ـ بىرىنى لايىق تاپقان ، لېكىن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي ، مەن دېهقان قېرىنداشلىرىمنىڭ مەنپەئىتىنى ھەرگىزمۇ قۇدا ـ باجىلىققا ساتمايمەن !

تۇراپ شۇجى ئىشكنى يوغان ئېچىۋېتىپ ئىشخانىدىن

چىقىپ كەتتى . شەمەرنىڭ چىرايى خۇددى قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويغان ئادەمدەك ، دەسلەپ ئالا ـ بۇلا قىزىرىپ ، كېيىن بىردىنلا ئاپئاق تاتىرىپ كەتتى …

## 4

سىرتتا قىشنىڭ قۇرغاق شامىلى چىقىۋاتاتتى ، قوتاندىكى ئۆچكىنىڭ ئاندا ـ ساندا ئەنسىز مەرىشى ، ئۆگزىدىكى قوناق شاخلىرىنىڭ تىنىمسىز شالدىرلىشى كېچىنىڭ جىملىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى . ئاسماندا يېگانە ئۇزۇپ يۈرگەن ئاي يەنە شۇ گۈزەللىكى بىلەن پۈتۈن يېزىنى ئاپئاق نۇرغا پۈركىگەن ، ئۇنىڭ كۈمۈش زەررىلىرى كىچىككىنە تۈڭلۈكتىن شۇڭغۇپ ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇۋەتكەنىدى . تۇراپ شۇجى ئۇخلىسىغا ئۆرۈلۈپ يېتىپ ، چوڭقۇر «ئۇھ» تارتىپ قويدى ، تۈڭلۈكتىن ئايغا قاراپ يەنە خىيالغا پاتتى .

تۇراپ شۇجى ئۆز قەلبىنى ئەنە شۇ ئايدەك يورۇق ھېسابلىدىمۇ ، لېكىن خەلققە تېخى ئاشۇ ئايدەك بەھرە بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا مەيۈسلىنەتتى . خەلق ئۇنى ئۆز قۇچىقىدا ئەللەيلەپ ئۆستۈردى ، پارتىيە ئۇنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى . 1977 ـ يىلى پارتىيە تەشكىلى ئۇنى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا يېرىم يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتتى . ئۇ ، پايتەختتە سىياسىي ـ ئىقتىساد ئۆگىنىپ ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى . قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، شەھەرلىك پارتكوم ئۇنى يېڭىئاۋات گۇڭشېسىنىڭ شۇجىسى قىلىپ تەيىنلىدى . ئۇ ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، يەنىلا بۇ يەرنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا خىجىللىق ھېس قىلاتتى . ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئۇنىڭ يۈرەك تارىسىنى چېكىلداتتى ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى ئۇنىڭ ئىشەنچىنى

قەتئىيلەشتۈردى . شۇڭا ئۇ ، خېيىمخەتەرگە قارىماي «ئوز ۋقلۇق ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ، شۇنداقلا ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت رەھبىرى بىلەن مۇنازىرىلىششكە جۈرئەت قىلغانىدى ...

— تۈن ھەسسە بولۇپ قالدى ، تېخىچە ئۇخلىيالمايلىغۇ ؟ — زورىخاننىڭ ئاۋازى تۇراپ شۇجىنىڭ خىيالىنى چېچىۋەتتى .

— سەن ئۇخلاۋەر ، — دېدى ئۇ يەنە تۈگۈلۈكتىن كۆزىنى ئۈزمەي .

زورىخان ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ، تەكىيىگە جەينەكلىدى :

— ئىككى كۈن بولدى ، جىن چېپىلغاندەكلا بولۇپ قالىلا ... ، — دېدى ئۇ ھەسرەتلىك تىنىپ ، — زادى نېمە ئىش بولدى ؟ مەندىنمۇ يوشۇرىدىغان سىرلىرى بارمۇ ـ يا ؟ !

تۇراپ شۇجى يانغا ئۆرۈلۈپ ، ھېچ كۈتۈلمىگەن يەردىن زورىخانغا سوئال قويدى :

— سەن ئېيتىپ باقە ، سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى نېمە ؟

زورىخان ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى :

— مەن نەدىن بىلەي ، — دېدى ئۇ سەل ئۆزىنى ئوڭشاپ ، — ئۆزلىرى بىر چاغلاردا «سوتسىيالىزم بەخت يولى ، دۆلەتنىمۇ ، خەلقنىمۇ باي قىلىدۇ» دەۋاتاتتىلىغۇ ، ئۇنىڭ مەقسىتى شۇدۇر .

تۇراپ شۇجى يەنە ئاسماقچىلاپ سورىدى :

— سېنىڭچە ، دېھقانلارغا «ئوز ۋقلۇق ئېتىزى» بەرگەنلىكىمىز ياخشى بولدىمۇ ، يامانمۇ ؟

زورىخان ئالمان ـ تالمان جاۋاب بەردى :

— تازا ياخشى بولدى ، ھەممە خەقنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ ، مانا ئەمدى ھېچكىمنىڭ قورساقتىن غېمى يوق ، ھۆكۈمەتكىمۇ قولىنى سوزمايدۇ ، ھازىر دۆينىڭ ئىشىمۇ ، شەخسىينىڭ ئىشىمۇ سۇدەك راۋان ئېقىۋاتىدۇ .

تۇراپ شۇجى بېشىنى كۆتۈرۈپ ، يوتقاندىن بىلىگىچە سۇغۇ-رۇلۇپ چىققى ۋە چاپىنىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ زەدىۋالغا يۆلەن-دى ، ئەمدى ئۇ ئەتىگەندىن بېرى ئۆزىنى ئازابلاۋاتقان يەنە بىر گەپنى خوتۇنىغا ئېيتىش قارارىغا كەلگەنىدى :

— زورىخان ، — دېدى ئۇ مىسكىن ئاۋازدا ، — ئەمدى مارىخان بىلەن قۇدا بولۇش نىيىتىڭدىن يانغىن …

زورىخان ئەندىكىپ كەتتى :

— نېمە ؟ ! مارىخان قۇدا بولۇشتىن يالتىيىپتىمۇ ؟ تېخى ئۇ ئۆتكەندىلا شەمەر سىجاڭدىن مايسەمگە خالتا چىقارغانىغۇ ، پىياز كۆكى يۇڭ ياغلىق ، ھېقىق كۆزلۈك ئۈزۈك …

تۇراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— بۇ نەرسىلەر مارىخاننىڭ كۆڭلى ، ئۇنى چۈشەنسەڭ بولى-دۇ ، لېكىن شەمەر يېزىنى ئۇنتۇپتۇ ، دېھقاننى ئۇنتۇپتۇ ، ئۇ ھازىر سىياسىي ئىشلارنى تاۋكا قىلىپ ، قۇدا - باجىلىقنى دو تىكىۋاتىدۇ ، مەن بۇنىڭغا يول قويالمايمەن !

زورىخان بىردىنلا دادلاندى :

— سىلى - زە ، ئەمدى قىزلىرىنىڭمۇ بەختىگە ئولتۇرماق-چىمۇ ؟ ! ھەممىنى سىلىنىڭ كاجلىقلىرى ، باغرى تاشلىقلىرى ، ۋاي خۇدايىمەي ! … بۇ گەپنى مايسەم ئاڭلاپ قالسا ئۆزىنى دەرياغا تاشلايدۇ ، ئەمدى مەن قانداق قىلاي ! … بالا دەردىدە بۇ دۇنيادىن قاڭغىر - قاقشاپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدۇم …

زورىخاننىڭ بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرلەپ ، ئاچچىق - ئاچچىق يىغلاشقا باشلىدى . دەرۋەقە ، بالا دەردىدە ئۇنىڭ يۈرىكى لەختە-لەختە قان ئىدى . تۇنجى ئوغلى ئون بىر ياشقا كىرگەندە ئۆپكى-سىگە سوغۇق تېگىپ ، تازا چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەۋاتقان قاتىلاڭچىلىق ۋاقىتلار بولغاچقا ، بېقىش تاپالماي ۋاقىتسىز قازا قىلغان . بىرنەچچە يىل شۇنىڭ دەردىدە ئەلەڭ - سەلەڭ يۈرۈپ ، ئاخىر 60 - يىلى مايسەم تۇغۇلغاندىلا ئۇنىڭ ئىچ ئاغرىقىنى

ئۆنتۆشقا باشلىغانىدى. مايسەم كىچىكىدىنلا ئوماق، ئەقىللىق بولۇپ ئۆستى، زورىخانمۇ ئۇنى ئاززۇلاپ، سۇنىڭ سۆزۆكىنى، ئاشنىڭ قويۇقىنى بېرىپ، قولدىن چۈشۈرمەي چوڭ قىلدى. شۇنىڭغا يارىشا مايسەممۇ هايالىق، مېهرى ئىسسىق قىز بولۇپ يېتىشتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى كېلىن قىلىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن تۆرەم بىلەن چاي ئىچكۈزۈپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈشەتتى. مانا ئەمدى شۇنچە يىل كۈتۈپ ۋاقىت - سائىتى كەلگەندە بۇ ئىش بۇزۇلسا، زورىخانغا نى ئات، نى نومۇس، مايسەمگە نى ئازاب، نى خورلۇق؟

— مەن خۇدادىن تىلەي ···، — دېدى زورىخان ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا بىر تال قىزلىرىنىڭ بەختىنى غازاڭ قىلمىسىلا، شەمەر سىجاڭغا ناماقۇل بولايلى، سىلىدىن ئۆتكەن سەۋەنلىك بولسا كۆڭلىگە ئالمىسۇن، سىلى سۆزلەشمىسىلە، مەن سۆزلىشەي ······

— ئـەخمەق بـولما! — دېـدى تۇراپ شۇجى قوپاللىق بىلەن، — ئۇنىڭ ئالدىدا مېنىڭ ناماقۇل بولغۇدەك سەۋەنلىكىم يوق!

زورىخان يۈزىنى تەكىيىگە يېقىپ تېخىمۇ قاتتىق ئۆكسۈشكە باشلىدى. تۇراپنىڭمۇ بىرئاز كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ، ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن يۈرىكى قىزىنى ئويلاپ ئازابلىناتتى. ئۇمۇ مايسەمنى جېنىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى. ئەل - يۇرت ئارىسىدا قىزىنىڭ قەيسەرلىكى، ئىشچانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. شۇنداقلا، قىزى بىلەن تۆرەمنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئەگەر بۇ ئىشقا سەللا ئېھتىياتسىزلىق بىلەن قوپاللىق قىلىنسا، ئىككى ياشنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس داغ قالىدۇ. بۇ، ئاتا - ئانا ئۈچۈنمۇ قاتتىق ئازاب. لېكىن، شەمەر نېمە ئۈچۈن ئىككى ياشنىڭ تەقدىرىنى ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىشنىڭ دەسمايىسى قىلىدۇ؟ ئۇ ئىش بىلەن بۇ ئىشنىڭ نېمە

مۇناسىۋىتى بار ؟ ! ... بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۇراپقا ناھايىتى ئېنىق :
قىزىڭىزنىڭ بەختىنى دەمسەن ياكى دېھقانلىرىڭىزنىمۇ ؟ ! ھەي شە-
مەر ! سەن تېخى تۇراپنى چۈشەنمەيدىكەنسەن ! ئەگەر ئازراق چۈ-
شەنگەن بولساڭ ، بۇنداق ھاماقەت گەپلەرنى قىلمايتتىڭ ، بىر
قىزنىڭ بەختى ئۈچۈن مىڭلىغان دېھقانلارنىڭ بەختىنى قۇربان
قىلىدىغان تۇراپ تېخى تۆرەلگىنى يوق ھەم تۆرەلمەيدۇ !

تۇراپ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، كۆڭلى يەنە ئۆز جايىغا
چۈشتى ، بايىقى ئازابلىق خىياللار قاياققىدۇر غايىب بولۇپ ،
ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشەنچ ۋە چىدام تۇيغۇسى پەيدا بولدى . ئۇ تېخىچە
ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ياتقان زورىخانغا ئەمدى ئاستا تەسەللى
بېرىشكە باشلىدى :

— كۆڭلۈڭنى بۇزما ، خوتۇن ، مايسەم سەن ئويلىغاندەك
ئۇنچە ئىرادىسىز قىزلاردىن ئەمەس ، ئەگەر ئۇ ئەھۋالنى ئېنىق
ئۇقسا ، ھەرگىز ساڭا ئوخشاش كۆز يېشى قىلمايدۇ . مۇبادا ،
شەمەر مۇشۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ قەلبىگە جاراھەت سالسا ، مەيلى ،
دۇنيادا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ساقايمايدىغان جاراھەت يوق !

زورىخان زۇۋان سۈرمىدى ، ئۆي ئىچى يەنە جىمجىت بولۇپ
قالدى . پەقەت تۇراپ شۈجىنىڭ يېنىك پۈشۈلدىشى بىلەن زورى-
خاننىڭ سوزۇپ - سوزۇپ «ئۇھ» تارتىشلىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلى-
نىپ تۇراتتى . تۈگۈلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرىمۇ ئاستا -
ئاستا غايىب بولۇشقا باشلىدى . سىرتتا يەنىلا شامال سوقۇۋاتات-
تى ، گۇر- گۇر - گۇر ...

## 5

بۈگۈن شەمەرنىڭ كەيپى چاغ ئىدى . كېچىچە قېنىپ ئۇخلى-
دى ، چۈشىدىمۇ ناھايىتى خاسىيەتلىك بىر ئىشنى كۆردى : يېڭى-
غاۋاتلىقلار ئۆزلىرىنى «بالايىئاپەتتىن» قۇتقۇزۇپ قالغان بۇ

غەمگۇزارىغا تەلپۈنۈپ مەدھىيە ئوقۇۋاتارمىش ، تۇراپ شۇجى بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ، كەچۈرگۈسىز گۇناھى ئۈچۈن توۋا قىلىۋاتارمىش ، بىر چەتتە يىغلامسىراپ تۇرغان زورىخان بىلەن مايسەمۇ ئۇنىڭدىن بەخت ـ سائادەت تىلەپ ، ناماقۇل بولۇۋاتارمىش ... چوڭ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى خىزىردەك پەيدا بولۇپ قالغان جاڭ شۇجىمۇ باشمالتىقىنى چىقىرىپ «يارايسەن شـەمەر !» دېـگىنىچە ئـۇنىڭغا قـاراپ كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتارمىش ...

ئەگەر ئەتىگەنكى قوياشنىڭ دېرىزىدىن چۈشكەن قىزغۇچ شولىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چېقىپ ئويغىتىۋەتمىگەن بولسا ، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ خاسىيەتلىك چۈشلەرنى كۆرگەن بولاتتى ، ئەپسۇس ...

شەمەر يۈز ـ كۆزلىرىنى چالا ـ بۇلا يۇيۇپلا ئەتىگەنلىك تاماقنىمۇ ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن يېدى . ئۇنىڭ چۈشىدە جاڭ شۇجىنى كۆرگەنلىكى بىكار ئەمەس ئىدى ، چۈنكى ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە جاڭ شۇجى بىلەن تېلېفوندا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆزلەشتى ، ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىپ ، كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن يوليورۇق سورىدى . جاڭ شۇجى ئۇنىڭ مەيدانىنىڭ قەتئىيلىكىنى ماختاپ كېلىپ ئاخىرىدا «تېخىمۇ قاتتىق بولۇڭ ، بۇ ، سوتسىيالىزم يولىدا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش بىلەن ئارقىغا چېكىنىش ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي كۈرەش ، تەشكىل سىزنىڭ بۇ كۈرەشتە پرىنسىپال بولالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىدۇ !» دەپ ئالاھىدە جېكىدى . بۇ ، شەمەر ئۈچۈن چوڭ مەدەت ھەم كاتتا ئىلتىپات ئىدى . بۇنى ئاز دېگەندەك ، بۈگۈن ئەتىگەن كەلگەن پوچتىكەش ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى ، قايسىبىر گېزىتنىڭ 1979-يىلى ئون بەشىنچى مارت سانى ئۇنىڭ ئۈچۈن خەۋەر ئەمەس ، گۆھەر يەتكۈزدى .

شەمەر گېزىتنى پولاڭلىتىپ ، ئالدىغا ئۈچرىغان كادىرلارغا

ئوقۇپ بەردى ، كىچىككىنە خەۋەر بىردەمدىلا چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلدى . «ھىم ! ... ، — دەپ لەۋلىرىنى پۈرۈپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى شەمەر ، — مانا ئەمدى «شاھ» دەپلا سېنى قىمىر قىلدۇرماي مات قىلىمەن ! ... » ئۇ ، گېزىتنى چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى . بۇ ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى كۈرەش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان ئاخىرقى خاسىيەتلىك كوزىرى ئىدى ...

چۈشتىن كېيىن پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى . شەمەر ئۆزى كەلگەندىن بۇيانقى خىزمەتلەر ئۈستىدە بىرمۇ بىر توختىلىپ ، ئاخىرىدا قىسقىچە خۇلاسە ياسىدى ، ئۇنىڭ ئاۋازى بۇرۇنقىدىن ياڭراق ھەم جانلىق ئىدى .

— يېڭىئاۋاتتا يولغا قويۇلغان «ئوزۇقلۇق ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئېغىر سىياسىي ۋەقە ! — دېدى ئۇ ھەيۋەت بىلەن ، — بۇ ، سوتسىيالىزم يولىدا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش بىلەن ئارقىغا چېكىنىش ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي كۈرەش ! ئەسلىدە مەن بۇ كۈرەشنى كېڭىشىش يولى بىلەن شاۋقۇن - سۈرەنسىز ھەل قىلىۋېتىش نىيىتىدە ئىدىم ، ئەپسۇسكى ، يولداش تۇراپ شۇجىنىڭ جاھىللىق بىلەن خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ ۋەقەنى كەسكىنرەك تەدبىر قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم ...

شەمەرنىڭ ئۇدۇلىدا ساقىلى ئۆسۈپ قالغان ئۇچلۇق ئېڭىكىنى گىرەلەشكەن بارماقلىرى ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرغان تۇراپ شۇجى ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ، شەمەرگە تىكىلدى .

— مەن تېخى ئۆزۈمنى خاتالىق ئۆتكۈزدۈم دەپ قارىمايمەن ! — دېدى ئۇ بېسىق ئاۋازدا ۋە كۆپچىلىككە قاراپ داۋام قىلدى ، — يولداشلار ، ئويلاپ بېقىڭلار ، بىز قاچانغىچە ئاغزىمىزدىكى گەپ بىلەنلا ئۆتۈۋېرىمىز ؟ ! دېھقانلارنى ھەقىقىي پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشنىڭ بىرەر ئۈنۈملۈك چارىسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىمىزمۇ ، يوق ؟ ئون يىلنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»تىن

كۆردۇق . ۋاقىت يەنە مۇشۇنداق ئۆتۈۋەرسە ، ئەمدى ئۇنى كىمدىن كۆرىمىز ؟ !

ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلار غاراسلىدى ، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە بويۇندىشىپ ، ئاللىنېمىلەرنى شىۋىرلايتتى . تۇراپ شۇجىنىڭ سۆزى يىغىن كەيپىياتىنى دەرھال ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى .

— ھىم ! ... ، — شەمەر سوغۇققىنە كۇلۇپ دىمىغىنى قاقتى ، — سىز تېخىچە ئۆزىڭىزنى توغرا دەپ ئويلامسىز ؟ ! ئۇنداق بولسا مانا بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ ، خەنزۇچە خەت تونۇيسىز-غۇ ، — ئۇ ، يانچۇقىدىن ھېلىقى گېزىتنى چىقىرىپ تۇراپقا پۇلاڭلاتتى .

تۇراپ گېزىتنى قولىغا ئېلىپ ئالدىغا يايدى . ئۇنىڭ بىرىن-چى بېتىگە گەنسۇ ئۆلكىسىدىن بىر مۇشتىرىنىڭ «دۆي ئاساس قىلىنغان ئۈچ دەرىجىلىك مۇلۇكچىلىك مۇقىملاشتۇرۇلۇشى كې-رەك» دېگەن بىر پارچە خېتى بېسىلغان بولۇپ ، يېنىغا يەنە تەھرىرات سۆزىمۇ يېزىلغانىدى ، تەھرىرات سۆزىدە : «يەرنى گۇ-رۇپپىلارغا بۆلۈۋېتىش» ، «مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىلارغا كۆتۈرە بېرىش»تەك خاتا قىلىقلارنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك ، دېيىلگە-نىدى .

تۇراپ شۇجى گېزىتنى ئوقۇپ بولۇپ قىلچە ھودۇقمىدى ، ئەكسىچە ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا :

— ھېچ گەپ يوقكەنغۇ ! — دېدى گېزىتنى شەمەرنىڭ ئالدى-غا ئىتتىرىپ ، — ناھايىتى بىر مۇشتىرىنىڭ شەخسىي كۆز قارىشى ئىكەن .

— نېمە ؟ ! — شەمەر ھەيرانلىقتىنمۇ ياكى غەزەپتىنمۇ ئاغزىنى مىدىرلاتقىنىچە كىرپىك قاقماي تۇرۇپلا قالدى . كېيىن بىر ئاز ئېسىنى يىغىپ ، — يولداش تۇراپ ، سىز ئەقىلدىن ئازمى-غانسىز ؟ ! بۇ قانداق گېزىت بىلەمسىز ؟ ! — دېدى .

— بىلىمەن ، — دېدى ئۇ خاتىرجەم ھالدا ، — ئادەم

باشقۇرىدىغان گېزىت . بىزدە ئەزەلدىن ئادەملەرنىڭ كۆز قارىشىغا ئەركىنلىك . گەنسۇلۇق بىر مۇشتىرى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى سۆزلىسە نېمە بوپتۇ؟ مەنمۇ بىزنىڭ يېڭىئاۋاتقا ئۇيغۇن كەلگەن «ئوزۇقلۇق ئېتىزى» مەسىلىسەت تۇزۇمىنى سۆزلىسەم بولىدۇ-رىدىغۇ، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى گېزىت ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت!

يىغىن كەيپىياتى يەنە چىچىلدى، كىملەردۇر پىخىلداپ كۈلەتتى، كىملەردۇر ئەسنەيتتى. ئارىدىن ئىمىن كۆلانىڭ غودۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەگەر گېزىتتىكى گەپ بىلەنلا ئىش پۈتىدىغان بولسا بىزمۇ كۆز قارىشىمىزنى يازالايمىز!

سايىم گۇمبەز ئۇنىڭغا ئۆكتە قوپتى:

— گېزىتتىكى گەپلەر بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ، ئۇ پارتىيىنىڭ تىلى!

تۇراپ شۇجى ئۇنىڭغا تەنە قىلدى:

— ئالدى بىلەن شۇ تىلىنىڭ توغرا - خاتالىقىغا قاراش كېرەك، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىمۇ گېزىتنىڭ گېپى دەپ نەچچە يىل قايمۇقۇپ يۈرمىدۇقمۇ؟!

شەمەرنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ، بىردىنلا چىچاڭشىدى:

— يولداش تۇراپ، سىز بەك تەلۋىلىشىپ كېتىپسىز! ئۆتكەندە شەھەرلىك پارتكوم سىزنى ئىپادىسى يامان ئەمەس، غەيرەتى بار، قولىدىن ئىش كېلىدۇ، دەپ قارىغان، لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۆزگىرىپ مۇشۇ دەرىجىگە كېلىپ قالىدىغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمىز! ··· راستىنى ئېيتاي، ئەمدى سىز خاتالىقىڭىزنىڭ خاراكتېرىنى تونۇشىڭىز، تەشكىلىي مەسىلىڭىزنى ئويلىنىپ كۆرۈشىڭىز لازىم! — شەمەر كىچىككىنە خورۇم سومكىسىدىن بىر پارچە قەغەزنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كۆپچىلىككە قاراپ داۋام قىلدى، — شەھەرلىك پارتكومنىڭ

قاراری بويىچە ، يېڭىئاۋات گوڭشېسى باشباشتاقلىق بىلەن يولغا قويغان «ئوزۇقلۇق ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بۇگۈندىن ئېتىبارەن بىكار قىلىنىدۇ ، تەقسىم قىلىۋېتىلگەن يەرلەرنى تەل-تۆكۈس قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىگە يولداش سايىم مۇدىر مەسئۇل بولىدۇ . تۇراپ شۇجىغا كۆرۈلىدىغان چارە ئۇنىڭ خاتالىقىنى تونۇش پوزىتسىيىسى ۋە خاتالىقىنى تۈزىتىش ئىپادىسىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ !

— پىكرىم بار ! — تۇراپ شۇجى ئورنىدىن ئوقچۇپ تۇرۇپ توۋلىدى ، ئۇنىڭ كۆزىدىن لۆممىدە چىققان ئىككى تامچە ياش شىرەگە ئېقىپ چۈشتى ، ئۇ ئاۋازى بوغۇلغان هالدا ، — بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن ! — دېدى .

شەمەر مەيدىسىنى كېرىپ ، مىيىقىدا كۈلدى :

— بىزنىڭ مۇشۇنداق كەسكىن قارار چىقىرىشىمىزغا ئۆزىڭىز سەۋەبچى بولدىڭىز ، ئەمدى قوبۇل قىلسىڭىزمۇ ، قىلمىسىڭىزمۇ قەتئىي ئىجرا قىلىنىدۇ !

يىغىن تارقىغاندا باش ئەتىيازنىڭ سېرىق ئاپتاپلىق كۈنى تۈگەپ ، قۇرغاق شاماللىق ئۇزۇن كېچىسى باشلانغانىدى .

x x

شەمەر شەهەرنى بەكمۇ سېغىنىدى ، هەشەمەتلىك قورۇ ، ئازادە ئىشخانا ، جىرىڭلاپ تۇرغان تېلېفون ، ئايىغى ئۈزۈلمەس مېهماندارچىلىقلار ئۇنىڭغا تازىمۇ خۇمار قىلغانىدى . ئۇ مانا بۈگۈن پۈتۈنلەي قايتىش قارارىغا كەلدى ، چۈنكى يېڭىئاۋاتنىڭ ئىشلىرى هەر هالدا كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ ، ئۇنى خېلى خاتىرجەم قىلىپ قويغانىدى .

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن سايىم گۇمبەز ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن يوغان بىر سېۋەتتە ئانار بىلەن كۆك ئامۇت

كۆتۈرۈپ كەلدى .

— بۇ نېمە ئىش ، سايىم مۇدىر ؟ — دېدى شەمەر ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ، — ئانچە كايىمىسىڭىزمۇ بولاتتى .

سايىم قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئىشقىلاپ ھىجايدى :

— ئەرزىمەيدۇ ، سىجاڭ ، ئاددىي بولسىمۇ يېزىنىڭ يارىشىـ قى ، بالىلارمۇ يېڭىئائاۋاتنىڭ نېمەتلىرىنى سېغىنىپ قالغاندۇ .

شەمەر دەرھاللا گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى :

— خوش ، ئىشلار قانداقراق ؟

— چاتاق يوق ، تۆنۈگۈنكىچە ئۈچ داۋىنىڭ تەقسىم قىلىنـ ـغان يەرلىرى تەلتۆكۈس قايتۇرۇۋېلىندى ، بىراق ··· ، — سايىم تىلىنى چايناپ دۇدۇقلاپ قالدى .

— نېمە بىراق ؟

— بىراق شۇ ··· بەشىنچى داۋىي تېخىچە مىدىرلىماي تۇرۇ ـ ۋاتىدۇ ، ئىمىن سىكرىتار بىلەن سۆزلەشسەم «ھە ، مانا ··· » دەيدۇ ، لېكىن ئەمەلىيىتى يوق .

شەمەر قاشلىرىنى يىمىرىپ سەل ئويلاندى ـ دە :

— بەشىنچى داۋىنىڭ ئىشىنى تۇراپنىڭ ئۆزىگە تاشلاپ قويۇڭ ، — دېدى جىددىي قىلىپ ، — ئۆزى بۇزغان ئىشنى ئۆزى ئوڭشاپ ، توغرا يولغا قايتىشىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرسەتسۇن !

سايىم بېشىنى ئەگدى :

— بولىدۇ .

— ھە ، سىزگە يەنە بىر گەپ ، — دېدى شەمەر نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، — بۇ قېتىمقى كۈرەشتە مەيدا ـ نىڭىز قەتئىي ، پرىنسىپال بولدى ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق دادىل ئىشلەۋېرىڭ ، يۇقىرى رەھبەرلىك سىزنى چۈشىنىدۇ .

— ئوبدان .

قايساپ كەلگەن كۆلكىدىن سايىمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى ، بۇ سۆزلەردىن ئۇ ئاللىقانداق بىر

ھەممەتنىڭ بېشارىتىنى سەزگەندى .

چۈشتىن كېيىن شەمەر ئولتۇرغان يېشىل پىكاپ گۈڭشى قورۇسىنى ئەگىپ چىقىپ ، شەھەر يولىدا قويۇندەك يۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدا قالغان ھال رەڭ لېنتىدەك يېزا يولى قاڭسىق بوس بىلەن ئاچچىق چاڭ ـ تۇزانغا كۆمۈلۈپ قالدى ···

## قەدىناسلار

### 1

شەمەرنىڭ ھويلىسى شەھەرنىڭ قەدىمىي كوچىسىغا جايلاشقان ، ئۇستى مەنزىرىلىك ، كىرگەن كىشىنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە ئېچىلغۇدەك ياسىداق ئۆيلەر ئىدى . بىر چاغلاردا تاملىرى شورىداپ ، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى شالاقشىپ كەتكەن غېرىبىنىڭ كەپىسىدەك بۇ ھويلا پەقەت شەمەر شەھەر باشلىقى بولغاندىن كېيىنلا خۇددى چۆچەكلەردىكى سېھىردىن پەيدا بولغان قەسىرلەردەك تۇيۇقسىزلا ھەشەمەتلىك بولۇپ قالدى .

شەمەر بۇگۇن ئەتىگەن مۇنچىغا بېرىپ «سەھرا توپىسى»دىن پاكىزلىنىپ كەلگەندىن كېيىن ، مېھمانخانىسىغا كىردى . تاملىرى گەجخا قىلىنغان لاي لەمپىلىك بۇ ئۆينىڭ ئۇدۇل تېمىغا رەڭلىك جۇلالىنىپ تۇرغان چاچما گۇللۈك چوڭ گىلەم تارتىلغان بولۇپ ، ئاستىغا قوش كىشىلىك كرېسلو ۋە پۇتلىرىغا ئويما گۇللەر ئىشلەنگەن يۇمىلاق شىرە قويۇلغانىدى . پىستە رەڭلىك نېپىز پەردە تارتىلغان دېرىزە ئالدىدىكى يامدا ئۆستۇرۇلگەن باراقسان سۆگەتگۈل ئۆيگە تېخىمۇ زىننەت بېغىشلاپ تۇراتتى .

شەمەر ئاۋۋال گۇلگە قاراپ بىر پەس ھۇزۇرلاندى ، كېيىن ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ تارتمىسىدىن نېمىنىدۇر ئىزدەشكە باشلىدى . شۇ ئەسنادا ئىشىك يېنىككىنە ئېچىلىپ ئۆيگە مارىخان

كىردى . ئاددىيغىنە ئۆي كىيىمى كىيىۋالغان بۇ جۇۋان ئەمدى قىرىق سەككىز ياشلارغا كىرگەن بولسىمۇ ، لېكىن چېكە چاچلىرىنىڭ ئاقىرىپ ، چىرايىنىڭ سولغۇنلۇقىدىن ئەللىك بەش ياشلىق ئايالLاردەك كۆرۈنەتتى . ئۇ خۇددى مېھمان كىشىدەك كىرىپلونىڭ بىر چېتىگە ئولتۇرۇپ ، ئېرىنىڭ قولى بوششىنى كۈتكەندەك بولغاي ، ئۇنىڭغا قارىغىنىچە ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇردى .

شەمەر ئۇنىڭغا يېنىچە قاراپ سورىدى :

— تۆرەم ئىشقا كەتتىمۇ ؟

— كەتتى ، — دېدى مارىخان .

شەمەر تارتمىنى تاراققىدە ئېتىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى .

— تۆرەمگە ئېيتىپ قوي ، ئەتىدىن باشلاپ ئۇنداق ئىگە ـ چاقىسىز ئىشقا بارمىسۇن ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى خىيالچان يۇمۇپ ، — ئەمدى ئۇنىڭ خىزمەت ، تۇرمۇش مەسىلىسىنى باشقىدىن ئويلاشمىساق بولمايدۇ ، بىزنىڭ ئۇۋاللىقىمىز بىلەن ئۇمۇ بىرنەچچە يىل يېرىدا لايغا مىلەندى ، ئەمدى شەھەرگە كىرىپ مايغا مىلەنسە بولماس .

مارىخان تاقەتسىزلىك بىلەن ئېرىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— ئۆزىمىز لەۋزى قىلغان ئىشنى ئەمدى مۇشۇنداقلا بولدى قىلساق ، ئۇلارغا ئازار بولمامدۇ ؟ !

شەمەر بىر ئاز چېچىلدى :

— مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ ، لەۋزى قىلغانلىق ، نىكاھ ئوقۇتۇپ ، توي خېتى ئالغانلىق ئەمەس ! تۇرمۇش دېگەندە توي ئۇچۇن قازان ئاسقان كۈندىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئىشلار بولىدۇ . بۇ ئىشتا بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىز يوق ، تۇراپ خاتالاشتى ، خاتالىق ئۈستىگە جاھىللىق قىلدى ، قۇدىلىقنى شىپى كەلتۈرۈپ شۇنچە قىلسامۇ ، يەنە يۇزۇمگە ئاياغ باستى . ئەمدى ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۇمىد يوق ، شۇڭا سەنمۇ بۇ ئىشتىن قولۇڭنى ئۈز !

مارىخان كۆز چاناقلىرىدا غىلدىرلاپ تۇرغان يېشىنى زورغا سىڭىرىپ ئېرىگە يېلىندى :

— ئۆزلىرىمۇ بىلىلا ، تۆرەم بىلەن مايسەم بىر – بىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈشىدۇ ، ئۇ ئىش بىلەن بۇ ئىشنى چاتساق بالىلارغا ئۇۋال بولمىسۇن .

— نېمانچە گىجىڭلىق قىلىسەن ! — دېدى شەمەر زەردە بىلەن ، — ياخشى كۆرۈش دېگەن ياش بالىلار ئۇچۇن ئويۇنچۇق - تەكلا ئىش ، بۇگۈن بىرى كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنسە ، ئەتە شۇنى ئالغۇسى كېلىدۇ ، سەن بىلەن مەنمۇ ئاۋۋال بىر – بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ ئاندىن توي قىلىشقانلاردىن ئەمەس ، تۆرەمگە شە- ھەرنىڭ قىزلىرى ئاز ئەمەس ، مايسەمگىمۇ يېزىنىڭ يىگىتلىرى يېتىپ ئاشىدۇ .

مارىخان سەسكىنىپ كەتتى ، كۆز چاناقلىرىدىكى ياشمۇ يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك مەڭزىنى بويلاپ يەرگە سىرغىدى . ئۇنىڭ تۇنۇگۈندىن بېرى قەلبىنى ئازابلاپ يۈرگەن دەردلىرى مانا بۈگۈن سىرتىغا تەپكەندى .

— مەن سىلىنى بۇنچىلىك باغرى تاش دەپ ئويلىماپتىكەن- مەن ! — دېدى ئۇ زارلانغاندەك ئاۋازدا ، — تۇراپ ئاكام ، زورد- خان ، مايسەملەر بىز ئۇچۇن قانداق ئادەملەر ئىدى ، شۇلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىمۇ ؟ ! قېنى ، بىزدىكى ئەقىدە ، قېنى بىزدىكى ئىخ- لاس ! ؟

شەمەر بىرئاز ئوڭايسىزلاندى ، بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن تەمشەلدى - يۇ ، لېكىن قولىنى سىلكىپ قويۇپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى .

مارىخان جىمجىت ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ، خېلىغىچە كۆز يېشىنى بىاسالمىدى ، قـانداقـتۇر بىر خىجىللىق ، ۋاپاسىزلىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ئازابلايتتى ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراپ شۇجى ، زوردىخان ، مـايسەملەرنىـڭ يـېقىملىق ، مېھرىـبان

چىرايلىرى سۇرەتتەكلا قېتىپ قالغانىدى ...

دەرۋەقە، ئۇلار سەككىز يىللىق قەدىناسلار ئىدى. ھاياتتا قۇياشلىق كۈنلەرنىڭ دوستى كۆپ تېپىلىدۇ، لېكىن بۇلۇتلۇق كۈنلەرنىڭ دوستى تېپىلمىقى تەس. ئۇلار مانا شۇنداق بۇلۇتلۇق كۈنلەردە ئۇچرىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن ھەمسىرلاش بولۇپ كەتكەن ئائىلىلەر ئىدى:

1968 ـ يىلى شەمەرنى قارا باستى. بۇ چاغدا ئۇ يېڭىلا قۇرۇلغان شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ئىدى. پېشكەلچىلىك شۇ يىل كۈزدىكى ھېلىقى كاساپەت ئېچىنىشنى ئېتىشتىن باشلاندى. بىر كۈنى ئاخشىمى شەمەر بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدىن شىركەيىپ قايتىپ، ئىدارىنىڭ ئارقىسىدىكى ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كەلگەندە، قاچانلاردىدۇر چەيلىنىپ، ۋەيران بولۇپ كەتكەن چوڭ گۈللۈككە سۇ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. سۇ خېلى ئۇلۇغ ئىدى، ئەگەر ئۇنى توسۇۋەتمىگەندە كېچىچە ئائىلە قوراللىرىنىمۇ سۇ بېسىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. شەمەر غۇۋا ئايدىڭدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، سۇ كىرىۋاتقان ئېچىقنى تاپتى، مۇشۇ يەرنى ئېتىۋەتسىلا سۇ ئۆز يولى بويىچە كېتىۋېرەتتى، لېكىن شەمەرنىڭ قولىدا ھېچ نەرسە يوق، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئەتراپتىن لاي ـ توپىلارنى تاتىلاشتۇرۇپ تاشلاپ باقتى، بولمىدى. بىرەر كەتمەن ياكى گۇرجەكسىز ئېچىقنى ئېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىكارلا ئىش تېپىپ، بۇ سۇنىڭ شاھىتى بولۇپ قالدى ـ دە!

شەمەر ئۆيىدىن ئىشخانىنى يېقىنراق كۆردى ـ دە، ئۇ يەردە بىر ئەسكى گۇرجەكنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇچ قەۋەتلىك بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئىشخانىسىغا قاراپ يۈگۈردى. دېگەندەك، ئىشخانىنىڭ بۇلۇڭىدا دات باسقان بىر چولاق گۇرجەك تۇراتتى. شەمەر گۇرجەكنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، دېرىزە تەكچىسىدە قالايمىقان تۇرغان بىر دۆۋە گېزىتنى كۆردى. توغرا،

بۇ كونا گېزىتلەرنىمۇ ئېلىۋېلىش كېرەك ، بۇنى ئېچىقتا بېسىپلا ئۇستىدىن ئاززاق توپا تاشلىسا بولمىدىمۇ؟ ...

ئېچىق ئېتىلىپ ، سۇ توسۇلدى . مۇبادا ئەتىسى شەمەر بۇ ئىشنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ماختىنىپ سۆزلەپ يۈرمىگەن بولسا ، بەلكى بۇ ساۋابلىق ئىش شۇ پېتى شەمەرنىڭ نامىغا يېزىلىپ ، ئۇنىڭ ياخشى ئىش - ئىزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانمۇ بولاتتى . لېكىن ، بەختكە قارشى ھەممە بالا - قازا مانا شۇنىڭدىن تاشتى . ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ، دەل شەمەر بىلەن بىر ئىدىشخانىدا ئىشلەيدىغان «كىرپە» لەقەملىك بىرى ئېچىقنى ئېچىپ ، لاي - لاتقىلار ئاستىدىن بىر دۆۋە ھەرخىل گېزىتلەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ كۆرگەزمە قىلدى . ھەقىقەتەنمۇ ، كۆرگەن كىشى چۆچۈيتتى ، نى - نى ئۇلۇغ رەسىم ، نى - نى باش ماقالا ، نى- نى يېڭى خەۋەرلەرنى كىشىلەر كۆرۈشكىمۇ ، تىلغا ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى ...

شەمەر شۇ كۈنلا تارتىپ چىقىرىلىپ ، ئۈچ كۈنگىچە كۈرەش قىلىندى . ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلۈپ ، پارتىيىدىن قوغلاندى ، كېيىن شەھەردە تۇرۇش سالاھىيىتىمۇ يوق ، دەپ قارىلىپ ، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بىللە يېڭىئاۋاتقا پالاندى ...

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ پەيلىرى قىرقىلىپ ، ئۈۋىسى بۇزۇلغان ناتىۋان قۇش يېڭىئاۋاتتىكى ۋەيرانە بىر مەسچىتنى يېڭىدىن ماكان قىلدى . كىشىلەر ئۇنىڭدىن قاچاتتى ، ئۇمۇ يېتىمسىراپ ، غېرىبسىنىپ تەقدىر قىسمەتلىرىدىنىڭ رەھىمسىزلىكىگە نالە ئوقۇيتتى .

كەچ كۈزنىڭ قۇرغاق شاماللىق سوغۇق كۈنلىرىمۇ كېلىپ قالدى . ئۈچ جان ئادەم مەسچىتنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلىپ ، ئاچزېرىن ، يىلىڭ - يوپۇڭ ئۆتۈشكە باشلىدى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، كەچ كۈزنىڭ ئۈششۈك يامغۇرى شارقىراپ قۇيۇۋەتتى ،

كەچكە يېقىن مەسچىتنىڭ لايلانمىغان ئۆگزىسى بىرنەچچە يەردىن تېشىلىپ ، يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى . شەمەر داس ـ چېلەكلەر بىلەن سۇ توشۇيتتى ، مارىخان سۇدا قالغان يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتاتتى ، ئون ئىككى ياشلىق تۆرەم بولسا بىر چەتتە قىزىپ ياتاتتى .

شۇ تاپتا ئۇلارغا پۈتۈن ئۆمرىدە كۆرگەن راھەت ـ پاراغىتى مانا شۇ دەقىقىلىق جاپا ـ مۇشەققەتكە تەڭ كەلمەيدىغاندەك بىلىندى ۋە ئۇلار ئەل ـ ئۆمرىدە خۇشاللىق ، خاتىرجەملىك كۆرمىگەندەك خارلىق ، مەيۈسلىك ۋە ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلدى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ، ئەگەر دوزاختا چۇشۇش راست بولسا ، مانا بۇ تىرىك دوزاختا چۇشۇش ئىدى ...

دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ مىسكىن كۆڭلى خۇددى تۈيۈقسىز چاقىان چاقماقتەك ۋاللىدە يورۇپ كەتتى ، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم ئۇلارغا ئىللىق سالام بېرىۋاتقان بىر ئىنسان تۇراتتى .

— ئىسمىم تۇراپ ، مۇشۇ دادۇينىڭ سىكرىتارىمەن ، — دېدى ئۇ شەمەرنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ ، — سىلەرگە بەكمۇ ئۆۋال بوپتۇ .

مارىخان پاڭگىدە يىغلىۋەتتى ، ئۇنىڭ زەخىم يېگەن يۈرىكى غېرىبلىق ، مۇساپىرلىق كۈنىنى باشلىغان مۇشۇ ئىككى ھەپتىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم مانا شۇنداق دىلكەش سۆزلەرنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندى .

— يۇرۇڭلار ، قالدى گەپنى ئۆيگە بارغاندا پاراڭلىشايلى ، — دېدى تۇراپ تۆرەمنى چاپىنىغا يۆگەپ .

— قانداق بولار ؟ — شەمەر يورەكسىنغان ھالدا تۇرۇپ قالدى ، — مېنىڭ قالپىقىم بار ، سىزگە ئاۋارىچىلىك ...

— بۇ گەپنى قويۇڭ ، ھەممىنى بىلىمەن ، — دېدى تۇراپ ئۇنىڭ سۆزىنى چۇرتلا كېسىپ ، — ھازىر سىلەرگە

سەرەمجانلىشىش مۇھىم ، ئىشىك ئالدىدا ھارۋا بار ، نەرسە ــ كېرەكلەرنى باسايلى !

ئىككى ئائىلىنىڭ قەدىناس قەدىمى ئەنە شۇنداق باشلانغانىدى...

مېھمانخانا ئىشكىنىڭ «غىچ» قىلىپ ئېچىلىشى مارىخاننىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى ، ئۆيگە تۆرەم كىرگەنىدى . يۈزىنىڭ كېپتى ئانىسىغا تارتقان قوشۇما قاشلىق ، قاڭشار بۇرۇن ، تەن قويۇپ ئۆسۈۋاتقان سۇمباتلىق بۇ يىگىت كىرگەن پېتى ئانىسىغا ئەركىلىدى :

— ئانا ، بۈگۈن ئۇستام رولنى بەردى ، ماشىنىنى قالتىس ھەيدىۋەتتىم ، ئەمدى يېڭىئاۋاتقا چىقساممۇ تراكتور بولامدۇ ، كومباين بولامدۇ تاتاتلىتىپ كېتىۋېرىمەن .

مارىخان دەسلەپ ئوغلىنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى ، كېيىن بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرلەپ ، تۆرەمگە ئۆزىنى ئاتقىنىچە يىغلاپ كەتتى ...

## 2

شۇ كۈنلەردە تۇراپ شۇجى خۇددى باغرىدا شام كۆيگەندەك ئازابلىنىپ يۈرەتتى . ئۇ شەمەردىن قاتتىق ئاغرىنىدى ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ، شەمەر ئايىنىپ كەتكەنىدى . يېڭىئاۋاتنىڭ نامراتلىقى ئۇنىڭغا ئايان ، ئۇمۇ بۇ يەردىكى دىلخەستە دېھقانلار بىلەن بىللە بىرنەچچە يىللىق غۇربەتچىلىكنى بېشىدىن كەچۈرگەن . مۇبادا ، ئاشۇ يامغۇرلۇق كۈز كېچىسى ئۇنىڭ ئائىلىسى مەسچىتتىن يۆتكىلىپ تۇراپنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشمىغان بولسا ، پەلەكنىڭ گەردىشى ئۇنى يەنە قانداق كويلارغا سالاتتىكىن ! ...

بۇ قىلمىشى ئۈچۈن تۇراپ شۇجىمۇ سازايى قىلىنىپ ، قوتانلاردا يېتىپ ، تاياق ـ توقماق زەربىدىن بەدەنلىرى زېدە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن شەمەرنىڭ ئالدىدا ئەزەلدىن قىلچە

مىننەت قىلغىنى يوق ، بەلكى بۇنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى
ھېسابلاپ ، ئەللىك يىللىق تىنىمسىز ھاياتىدىكى بىر تالاي ساۋاب-
لىق ئىشلارنىڭ پەقەت كىچىككىنە بىرى دەپ قاراپ كەلگەن .
ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى ئازابلاۋاتقىنى شەمەرنىڭ ئۆز ئەقىدى-
سىنى ئۇنتۇپ ، دېھقانلارنىڭ مۈلك - زارىغا يەتمەيۋاتقانلىقى
ئىدى .

تۇراپىنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە ، 1973 - يىلىنىڭ قەھرىتان
قىش كۈنلىرى ئىدى ، ئوزۇقلۇق ئاشلىقى يېتىشمىگەن دېھ-
قانلار ئۈچۈن دۆلەتتىن ئۈچ مىڭ جىڭ يىرىك قوناق قۇتقۇزۇش
بېرىلدى . شۇ كۈنلەردە بىر ئوچۇم ئاشلىققا زار بولغان شەمەرمۇ
ئۆزىنىڭ تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئېلىش ئۈچۈن دادۋي ئامبىرى-
نىڭ ئالدىدا كۈن بويى ئۆچىرەتتە تۇردى ، سوغۇق ئۇنىڭ جېنى-
دىن ئۆتەتتى ، ئۆكچىسى ئۇپراپ ، تۇمشۇقى يىرتىلغان ئايى-
غىدىن شامال ئۆرۈپ ، پۇتلىرى ئۈششۈدى ، شۇنداق بولسىمۇ ،
ھاياتلىق ئۈچۈن ئۇ ھەممىگە چىدىدى ، ئاخىر نۆۋەت ئۇنىڭغا
كەلگەندە ، ئەتىگەندىن بېرى تارتقان دەردىنىمۇ ئېغىر دەشنەمگە
ئۇچرىدى :

— سەن ئۇنسۇرنىڭ بۇ ئاشلىقتا ھەققىڭ يوق ! — دېدى
ئامبارچى خالتىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئېتىپ ، — ئاۋۋال قەرزىڭنى
تۆلە !

شەمەرنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ، بېشى قايىدى ، بۇ ئالەم
ئەمدى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي تار كەلگەندى . تېخى ئۆتكەن ئەتىيازدىلا
ئوغلى تۆرەم قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن ئەمدى تۇمشۇقى بوزار-
غان ئۈجمىنى يەيمەن دەپ شاختىن يىقىلىپ پۇتىنى سۇندۇردى ،
ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن بار يوق بىساتى بولغان بىر نىمكەش
زىلچىنىمۇ سېتىۋەتتى . مانا بۈگۈن بىرنەچچە جىڭ يىرىك قوناق
ئۈچۈن ئاڭلىغان گېپى ھېلىقى ...

ئۆستى - ئۆستىلەپ كەلگەن بۇ دىشۋارچىلىقلار شەمەرنى

جاندىن تويغۇزدى . ئۇ ئۆيگە قايتىپ ، قۇرۇق خالتىنى بىر بۇ-
لۇڭغا تاشلىدى ـ دە ، ئوچاق بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇرغان مارد-
خانغا قاراپ ناھايىتىمۇ سۇنۇق ئاۋازدا :

— چامغۇر قايىنتىپ يەپ تۇرۇڭلار ... ، — دەپ ھويلىغا
چىقتى ۋە ئۇجمىگە ئارتىپ قويغان قىل ئارغامچىنى قويىنغا
تىقىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى . ماربخاننىڭ نېمە ئۇچۇندۇر يۈرىكى
ئېغىپ خاتىرجەم بولالىدى . شەمەرنىڭ غەلىتە ئۆزگىرىپ كەت-
كەن چىرايى بىلەن مىسكىن روھىي ھالىتى ئۇنى ۋەسۋەسىگە
سېلىپ قويغانىدى . شۇڭا ئۇ دەرھال تۇراپنىڭ يېنىغا كىرىپ
ئەھۋالنى ئېيتىۋىدى ، تۇراپمۇ بىر نەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك شە-
مەرنىڭ ئارقىسىدىن ئىزدەپ چىقىپ كەتتى ، شەمەر راستتىنلا
ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلگەنىدى . تۇرمۇشنىڭ دەھشەتلىك دولقۇن-
لىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ ، ھاياتقا بولغان ئۇمىدىنى
پۈتۈنلەي ئۆزگەنىدى ...

تۇراپ ئۇنى ئۇياق - بۇياق ئىزدەپ ئاخىر قېلىن بىر جىگدى-
لىكنىڭ ئارىسىدىن تاپتى . بۇ چاغدا شەمەر يوغان بىر جىگدىنىڭ
ئاچىمىقىغا ئارغامچىنى سىرتماق قىلىپ سېلىپ بولغانىدى .

تۇراپ ئۇنى كۆرۈپلا ئاچچىق بىلەن كايىدى :

— ئۇيالساڭچۇ ، شەمەر ! سەن پارتىيىگە كىرگەن ۋاقىتىڭدا
قەيسىنچىلىققا ئۇچرىسام ئۆلۈۋالىمەن دەپ قەسەم بەرگەن-
مىدىڭ ؟ !

— تۇراپ ، قورساقنى باقالمىغان بۇنداق جاننىڭ نېمە قىمـ-
مىتى ؟ ! — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ ، — تويدۇم ، تويدۇم بۇ
جاندىن ! مەندە ھازىر ھېچنېمە قالمىدى ، پارتىيىدىنمۇ قوغلاپ
چىقاردى !

تۇراپ ئاچچىق ئارىلاش دىمىغىدا كۈلدى :

— چاچلىرىڭ ئاقارغان بىلەن تېخى بالا ئىكەنسەن ،
شەمەر ! — دېدى ۋە سىرتماقنى يېشىپ نەپرەت بىلەن يەرگە

تاشلىدى ، — ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ، بىزنىڭ پارتىيىمىز تېخى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ، شەرەپلىكلىكىنى يوقاتقىنى يوق . لېكىن ، مەن سەندىن ئەنسىرەپ قالدىم . قېنى سەندىكى ئەقىدە ، قېنى سەندىكى جاسارەت ! ؟ سەن بىلەن بىز پارتىيىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەربىيىسىنى ئالغان كوممۇنىست . بىر پارتىيە ئەزاسىدا ئۆز پارتىيىسىگە نىسبەتەن كۈچلۈك ئەقىدە بولمىسا ، ئۆز ئىشىغا نىسبەتەن ئىنقىلابىي جاسارەت بولمىسا ، ئۇنى قانداقمۇ كوممۇنىزم ئۈچۈن ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىدىغان كوممۇنىست دېگىلى بولىدۇ ؟ !

ئۇلار يولبويى پاراڭلاشتى . تۇراپنىڭ سۆزلىرى كەسكىن بولسىمۇ ، لېكىن ناھايىتى يوللۇق ھەم تەسىرلىك ئىدى . شەمەر تۇراپنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالىنىڭ ئۆزىدىن بەتتەر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى ، لېكىن تۇراپ شۇنچىلىك قىسىلغان ، چەتكە قېقىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ھامان ئەزىم دەريادەك جۇشقۇن ھەم ئۈمىدۋار ئىدى . بۇ ھال شەمەرگە تەسىر قىلماي قالمىدى .

ئۇلار ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇزاق مۇڭداشتى . تۆرەم تۇراپنىڭ ، مايسەم بولسا شەمەرنىڭ تىزىغا باش قويۇپ ئۇخلاپ قېلىشقانىدى . تۇراپ دەرەخ قوۋزىقىدەك يىرىك ئالىقانلىرى بىلەن تۆرەمنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى :

— مۇشۇ ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن جاپا چەكمىسەك بولامدۇ ؟ بىز بۇلارغا نامراتچىلىق ، غورىبەتچىلىكنى ئەمەس ، بەلكى سوتسىيالىزمنىڭ بەخت - ھالاۋىتىنى مىراس قالدۇرۇشىمىز لازىم ، شۇ چاغدىلا بىز ئۆز قەرزىمىزنى ئادا قىلغان بولىمىز .

— شۇنداق كۈنلەرنى كۆرۈشكە يەنە نېسىپ بولارمۇ ؟ — دېدى شەمەر ئېغىرلاشقان بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ، — يىگىرمە نەچچە يىل كۈرەش قىلىپ كەلگەن يېرىمىز مانا شۇ ، ئەمدى ھېچبىر يول قالمىغاندەك قىلىدۇ ، كۆزۈم يەتمىدى ، چىدىمىدىم ، تۇراپ .

— يولنى ئادەملەر مېڭىپ ئاچقان ، — دېدى تۇراپ ئىشەنچ-كە تولغان كۆزلىرىنى شەمەرگە تىكىپ ، — چىداپ تۇر ، بۇ مالىمانچىلىقلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ . خەلق ئۆز يولىنى يەنە ئۆزى تېپىپ ماڭىدۇ ، بىر چاغلار كەلگەندە سەنمۇ بوگۇنكى قىلمىشىڭ-دىن ئويۇلۇپ قالارسەن .

شۇ چاغدا زورىخان بىر تەڭنىدە يىگىرمە جىڭ كەلگۈدەك ئۈننى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى . مارىخان كۆز يېشى قىلدى ، شەمەر بولسا ھاياجاندىن دۇدۇقلاپ :

— بۇ ••• بۇنى بىزگە بېرىپ ، سىلەر قانداق قىلىس-لەر ؟ — دېدى .

تۇراپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى :

— بىزدىن ئەنسىرىمە . ئەل قوينى ئالتۇن بۆشۈك ، دېگەن گەپ بار . سەنمۇ بۇ يەرنىڭ ئوي - دۆڭلىرىنى يات كۆرمە ، ئاستا - ئاستا كۆنىسەن . قارىغىنە ، بۇ يەرنىڭ ئۈستى ئالتۇن تاغ ، ئاستى كۈمۈش باغ ، يۇرتداش دېسەڭ ئەتراپىڭدا پەۋەس ، ئەل - ئاغىنە دېسەڭمۇ بىر پاتمان تېپىلىدۇ . زامانەڭ تولكە بولسا ، سەن ئۇنىڭ تايغىنى بول دەپتىكەن .

ئۇلار تۇن ھەسسىسىگىچە ئەنە شۇنداق كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىپ ، بىر - بىرىنى روھلاندۇرۇپ ، مۇڭدىشىپ چىقتى . مانا شۇ كۈن — شەمەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ ، ئۇنىڭ تۇرمۇشقا ، كېلەچەككە بولغان ئىشەنچ-ئۈمىدىنى ئۇرغۇتۇپ ، قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەس ئورۇن ئالغان خاسىيەتلىك كۈن بولغانىدى .

ئارىدىن ئالتە يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى . كېيىنكى يىللاردا شەمەرنىڭ ھايانغا قالغان جېنى ناھايىتى تېز كۆكلەپ ياشاردى . لېكىن شەمەر بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تەقدىرداش بولغان يېڭىئاۋاتلىق-لارنىڭ تۇرمۇشىدا تېخى چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغانىدى . تۇراپ مۇنداق نامراتچىلىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىلىنى باغلاپ «يول»

ئېيتىۋىدى ، شەمەر بۇ «يول»دا توغرىسىغا يېتىۋالدى . تۇراپ شۇجى مانا شۇنىڭ ئۇچۇن قىينىلاتتى ، ئازابلىناتتى ...

## 3

شەمەرنىڭ بۇيرۇقى ، سايىمنىڭ ھەيۋىسى راستتىنلا ئىمىن كولاغا كار قىلمىدى . ئۇ بەشىنچى داۋىنىڭ يەر قايتۇرۇۋېلىش ئىشىنى بىر ئامالالاپ ئارقىغا تارتتى . قارىماققا ، ئۇ كوندۈزى بەزى ئىشلارنى قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن كېچىسى ھەرخىل يىغىنلارنى ئېچىپ كۆڭلىگە باشقىچە پىلانلارنى پۈكتى . سايىمۇ شەمەرنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بۇ داۋىنىڭ ئىشىنى تۇراپقا ئىتتىرىپ بېرىپ ، ئۆزى باشقا داۋىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ كەتتى .

بۈگۈن ئەل ياتار ۋاقتىدا ئىمىن كولا بىلەن ھاشىمكام تۇيۇقسىز تۇراپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن مۇھىم بىر مەخپىي ئىش باردەك كۆرۈنەتتى .

ئىمىن كولا ئىچكىرى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ھىم يېپىپ قويۇپ ، تۇراپ شۇجىغا ئاستا پىچىرلىدى :

— پارتىيە ئەزالىرى يىغىننى ئېچىپ بىر قارارغا كەلدۇق ، «ئوزۇقلۇق ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىمىز ، كېيىنكى ئاقىۋەتكە مەن جاۋابكار .

تۇراپ شۇجى بىرئاز ھەيران بولغاندەك سورىدى :

— قانداق چىڭ تۇرىسىلەر ؟

بۇ سوئالغا ھاشىمكام ئەگىتىپ جاۋاب بەردى :

— قىمارۋازمۇ تۆت ئوشۇقنى دەتتىكام ، دەپ ئاتىدۇ ، يا چىككە ، يا پوككا چۈشىدۇ ، بىزنىڭ بۇ تاۋكايىمىز ئوشۇقنى ئېتىش بىلەنلا يىغىشتۇرۇلۇپ كەتتى . چۇ چۈشتىمۇ ، سىيا چۈشتىمۇ ، ھېچكىم كۆرگىنى يوق . بىز بەشىنچى داۋىدىكى

سىناقنى مەخپىي ئېلىپ بارساق دەۋاتىمىز .
— هازىر بەزى ئەزالار تەقسىم قىلىنغان يەرلىرىگە يازغى بۇغداي تېرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ ، — دېدى ئىمىن كۆلا ئالدىراپ ، — ئۇن ئېغىز قۇرۇق گەپتىن موما تۇۋىگە چۈشكەن بىر تال دان ئەلا ، ھەرقانداق ئىش بولسا ئورمىدا كۆرسەك ، يا بىز مات بولارمىز ، يا شەمەر سىجاڭنى مات قىلارمىز .
تۇراپ شۈجى جىددىي ئويلىنىپ قالدى .
راستىنى ئېيتقاندا ، بۇ پىكىر ئۇنىڭغا خوپ كەلگەنىدى . دېمىسىمۇ ، ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدىغان ئەمەلىيەت كېرەك ، بۇنداق ئەمەلىيەتكە مەلۇم ۋاقىت بولمىسا بولامدۇ ؟
— بولىدۇ ، مەن قوشۇلىمەن ! — دېدى ئۇ بىردىنلا جانلىنىپ ، — لېكىن مەخپىي ئىش قىلماي ، ئوچۇق - ئاشكارا قىلىمىز ، ھەرقانداق جاۋابكارلىققا مەن مەسئۇل !
ئىمىن كۆلا ئارىسالدى بولۇپ قالدى :
— ئۇنداقتا ... شەمەر يەنە چىقىپ چەكلەش بۇيرۇقى چۈشۈرسىچۇ ؟ !
— ئىشىمىز توغرا ئىكەن ، نېمە ئۈچۈن ئاشكارا قىلالمايمىز ؟ — دېدى تۇراپ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ ، — شەمەر بۇ يەرگە چىقسا ، بىزمۇ يۇقىرىغا بارالايمىز ، شەمەر چەكلەش بۇيرۇقى چۈشۈردى ، مەنمۇ يەرلىك پارتكومغا ئۆز پىكرىمنى يازماقچىمەن .
ئىمىن كۆلا ھاشىمكامغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى ، تۇراپ شۈجىنىڭ غەيرەت - ئىشەنچى ئۇلارنىمۇ روھلاندۇرۇۋەتكەنىدى .
— يېڭىدا ناز تۆگەڭ تۇرسا يوك كۆتۈرۈشتىن نېمە غەم ! — دېدى ھاشىمكام مەنىلىك قىلىپ .
ئۇلار كۆڭۈللىرىگە تاغدەك ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى پۈكۈپ خوشلاشتى .

# قەلب ئوغرىسى

## 1

تۆرەم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى . ئۈنى قارا باسقانىدى . بىر هازاغىچە يۈرىكى دۈپۈلدەپ ، دېمى سىقىلدى . شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ نېرۋىسى ئاجىزلاپ ، روھى چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ ، ماغدۇرسىزلانغان قوللىرىنى يوتقاندىن تەسلىكتە چىقىرىپ چىراغنى ياقتى ، چىراغ ۋاللىدە يېنىش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ كۆزى شىرە ئۈستىدىكى رەڭلىك رەسىمگە چۈشتى .

تۆرەم ئۈچۈن خاس ياسىتىلغان سەرەڭگە قېپىدەك چاققانغىنە بۇ مەنزىرىنىڭ پۈتۈن بىساتى ئىچىدە ئۇنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلايدىغان ئەزىز نەرسىسىمۇ شۇ رەسىم ئىدى . ئۇنىڭ ھەرقانداق خاپىلىقى مانا شۇ رەسىمنى بىرلا كۆرۈش بىلەن خۇشاللىققا ئايلىناتتى . لېكىن ھازىر ئۇنداق بولمىدى . رەسىمگە قارىغانسېرى ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇمانلىشىپ ، قەلبى ئۆرتەندى ، رەسىمگىمۇ گويا بىردىنلا جان كىرىپ ، سۆيگۈ ۋاپاسىغا تولغان خۇمار كۆزلەردىن ئاللىقانداق سوغۇق ۋە نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقناۋاتقاندەك ، گىلاس پوستىدەك سۇزۇك لەۋلەردىن ئاللىقانداق ئاچچىق مەسخىرە كۈلكىسى يېغىپ تۇرغاندەك كۆرۈندى .

تۆرەم دەرھال چىراغنى ئۆچۈرۈپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى ، لېكىن بۇ مەنزىرە ئاللىقاچان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەنىدى . كۆزلەر ھامان ئۇنىڭغا تىكىلەتتى ، لەۋلەر ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى . ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە مايسەمنىڭ تونۇش ئاۋازى جاراڭلىغاندەك بولدى : «تۆرەم ئاكا ، شەھەرگە كىرىپ ئۇنتۇپ قالماڭ ـ ھە ! مەن سىزنى كۈتىمەن… »

بۇ سۆزنىڭ ئېيتىلغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ ، لېكىن تۆرەم ئۈچۈن شۇنچە يېڭى ۋە شۇنچە يېقىملىق تۇيۇلاتتى ،

شۇ سۆز ئېيتىلغان ئاشۇ ئايرىلىش مىنۇتلىرىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەقىش بولۇپ ئويۇلغانىدى .

شۇ كۈنى ئۇلار دەريا بويىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ يېنىغا بېرىپ ، تۇنجى قېتىم يۈرەك سۆزلىرىنى پىچىرلاشتى . پەستە دەريا شاۋقۇنلايتتى ، ئۈستىدە قۇشلار چىرايلىق تىللىرى بىلەن ۋىچىرلايتتى ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى بولسا غۇر- غۇر شامال بىلەن «ۋىلىقلاپ» كۈلۈشەتتى ···

تەبىئەتنىڭ مۇنداق تىنىمسىز ، شوخ گۈزەللىكى تۆرەمنى روھلاندۇردى . ئۇ ، ئەزەلدىن ئۆزىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان غايىۋانە بىر كۈچ بىلەن مايسەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ دېدى :

— ئالىقىنىڭنى ئاچقىنە ، مەن سېنىڭ بەختىڭنى كۆرۈپ باقاي .

يۈزلىرى ۋىللىدە قىزارغان مايسەم يەر ئاستىدىن تۆرەمگە قارىدى :

— سىز پالچىمۇ ؟

— باشقىسىغا پال ئاچالمىساممۇ ، ساڭا ئاچالايمەن ، — دېدى تۆرەم مايسەمنىڭ ئوڭ قولىنى ئېچىپ .

قىزنىڭ مېغىز رەڭلىك بۇدرۇق قوللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى . تۆرەم ئۇنىڭ ئالىقىنىدىكى ئىمىر - چىمىر سىزىقلارغا بىر هازا قارىغاندىن كېيىن ، گويا ئۇستا پالچىدەك ، ئالدىرىماي هۆكۈم چىقىرىشقا باشلىدى :

— يېشىڭ ئون سەككىزگە كىرىپ قىرىق كۈن ئېشىپتۇ ··· مۇشۇ ئەتراپتا بىر يىگىت سېنى ئۇزۇندىن بېرى ياخشى كۆرىدىكەن ، لېكىن سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئۇنىڭغا مايىل ئەمەس ئىدىكەن ··· سەن يەنە ئون ئاي يىگىرمە كۈندىن كېيىن مۇشۇ يەردىن يەتتە چاقىرىم يىراقلىقتىكى توققۇزىنچى دادۇيلۇك بىرىگە ياتلىق بولىدىكەنسەن .

مايسەم قولىنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ ، تۆرەمگە دومسايدى ،

ئۇنىڭ تۇمشۇقلىرى ئۇچلىنىپ كىرپىكلىرى تىككىدە بولۇپ كەت-كەندى .

— سىز پالچى ئەمەس يالىچى ئىكەنسىز ! — دېدى ئۇ ئاچچىقلانغاندەك قاشلىرىنى سۈزۈپ ، — ماڭا ئۇنداق يالا چاپلى-ماڭ !

— ئەمىسە ... ، — دېدى تۆرەم قىزنىڭ ئاچچىق ئارىلاش چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ، — ئالىقىنىڭىزغا يەنە بىر قاراپ باقاي ، بىر يېرىنى خاتا كۆرگەن ئوخشايمەن .

ئۇ ، مايسەمنىڭ قولىنى ئۇنىمىغانغا قارىماي تەسلىكتە ئاچ-تى- دە ، قاتتىق يۇمۇلغانلىقتىن ئالا - پاسىل بولۇپ قالغان ئىسسىق ئالقانغا «چوككىدە» بىرنى سۆيۈپ :

— ئەمدى توغرا كۆردۇممۇ ؟ — دەپ ھىجايدى .

— ئەسكى ... ، — دېدى مايسەم ئۇيالغان كۆزلىرىنى تۆرەم-دىن قاچۇرۇپ .

— مەن ئەسكىمۇ ؟

— ئەسكى - ئەسكى - ئەسكى ، — دېدى مايسەم نازلىق كۈلكىلىرى بىلەن قەھ - قەھ ئۇرغىنىچە تۆرەمدىن يىراقلاپ قېچىپ .

تۆرەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىغىنىچە يۈگۈردى :

— مايسەم ، توختا ... گېپىم تېخى تۈگىمىدى .

لېكىن مايسەم شۇ يۈگۈرگىنىچە مەھەللىگە كېلىپ قالغان-دى . تۆرەم ئارقىدىن يېتىپ كەلگەندىلا ، ئۇ دۈپۈلدەپ تۇرغان كۆكسىنى ئالىقىنى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ يەرگە قارىغىنىچە ئاستا پىچىرلىدى :

— تۆرەم ئاكا ، شەھەرگە كىرىپ ئۇنتۇپ قالماڭ - ھە ! مەن سىزنى كۈتىمەن .

شۇ كۈنى ھەرئىككىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىغانىدى . ئۇلارنىڭ سەككىز يىلغىچە ئاكا - سىڭىلدەك بىرگە ئۆتكەن

ئىرماش- چىرماش ھاياتىدا بىر - بىرىگە بولغان سۆيگۈ - مۇھەب-بىتىمۇ خۇددى يەرگە چۈشكەن ئۇرۇقتەك ئاستا - ئاستا يىلتىز تارتىپ ، بىخ چىقىرىپ ، شاخلاپ ۋايىغا يەتكەندى . لېكىن ئۇلار بۇ تۇيغۇلىرىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇپ ، گويا ئۇنى ئاشكارىلىسا ئۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئەۋرىشىم يىپتەك يۇرەكلىرى-نىڭ بېغىشىغا مەھكەم ئورىۋالغانىدى . بۇ يىپ مانا شۇ ئايرىلىش مىنۇتلىرىدا بىر - بىرىگە مەھكەم ئۇلاندى ...

تۆرەم يوتقاندىن بېشىنى چىقاردى ، ئۆي ئىچىگە ئاللىقاچان يورۇق چۈشۈپ ، تاڭ شەپىقى دېرىزە ئەينەكلىرىدە جىلۋە قىلات-تى . ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ، سىم كارىۋاتنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشىنى تىرەپ ئولتۇردى . ھويلىدا دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ نېمىلەرنىدۇر پاراڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى . كېيىن ئىشىك ئې-چىلىپ ، تالادىن كىچىك ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى كەل-دى ، دادىسى ئىشقا كەتكەنىدى . مارىخاننىڭ ھويلىدا تۇرۇپلا ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى :

— تۆرەمجان ، تۇردۇڭمۇ بالام .

تۆرەم جاۋاب بېرىش ئورنىغا بىر - ئىككىنى يۆتىلىپ قوي-دى .

— ئەتىگەندە قورسىقىڭغا بىرنەرسە يېگىن ، بالام ، چۈشتىن كېيىن ھېلىقى يەرگە بارىسەن ئەمەسمۇ !

شۇ چاغدىلا تۆرەم بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مېھماندارچىلىققا بارىدىغانلىقىنى ئەسكە ئالدى ، شۇ كۈنلەردە گەرچە ئۇنىڭ بۇنداق ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە كۆڭلى تارتمىسىمۇ ، لېكىن ئاغىنىلىرى زورلاپ تۇرۇۋاتىدۇ ، بارمىسا ساھىبخانا رەنجىشى مۇمكىن ، ما-رىخانمۇ ئوغلىنىڭ ئەل -ئاغىنىلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ، كۆڭلىنى كۆتۈرۈشنى خالايتتى . ئۇنىڭ قولىدىن بۇنىڭدىن باشقا ئوغلىغا تەسەللى بېرىشمۇ ، ئېرىنىڭ رايىنى ياندۇرۇشمۇ كەل-مەيتتى . ئوغلىغا تەسەللى بېرەي دېسە ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىمۇ

ئوغلىنىڭكىدىن بەتتەر ئاغرىپ يۈرەتتى ، ئېرىنىڭ رايىنى ياندۇراي دېسە ، ئۇنىڭ خۇلقى - مىجەزىنى ياخشى بىلىدۇ ، ئۇنى ئۆز رايىدىن ياندۇرماق خۇددى پېتىر ئاندىن قىل سۇغۇرغاندىنمۇ تەس .

تۆرەم يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، دېرىزە ئالدىغا كەلدى ۋە قاتتىق بىر كېرىلىۋېلىپ ئەينەككە قارىدى . مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۇنىڭغا بىرنەچچە ياش قوشۇلغاندەك قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ چىرايىمۇ تاتىرىپ قالغانىدى .

ئۇ ، ئاپىسىنىڭ ئۇچىنچى قېتىم چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلانغاندا ، چاپىنىنى ئۆشنىسىگە تاشلاپ تۆۋەنگە چۈشتى .

## 2

مېھماندارچىلىق كەچكە يېقىن بارغانسېرى قىزىپ كەتتى .

ئۇچىنچى قەۋەتتىكى كەڭ لەمپىلىك ئۆينىڭ مېھمانخانىسى ئون جۈپ يىگىت - قىز بىلەن توشقانىدى . مېھمانلارنىڭ كۆپچىلىكى تۆرەم ئۇچۇن تونۇش بولىسىمۇ ، لېكىن بىر قىسمى بىلەن تۇنجى قېتىم بىر داستىخاندا ئولتۇرغانلىقى ئۇچۇن ، دەسلەپ بىر ئاز قورۇنۇپ ، ئانچە بەھۇزۇر بولالمىدى ، لېكىن ياشلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى ، شوخ ناخشا - مۇزىكىلىرى ئاستا - ئاستا ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ كۆڭلىدىكى ياتسىراش ، غېرىبسىنىشلار ئاللىقاياقلارغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . تاماقتىن كېيىن ساھىبخانا قەدەھنى قولىغا ئالدى ، بۇ ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى بىر كادىرنىڭ ئوغلى بولۇپ ، تۆرەمنىڭ شەھەرگە كىرىپلا تونۇشقان ئاغىنىسى زەپەر ئىدى .

— دوستلار ، — دېدى ئۇ قەدەھنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، — مەن بۇ تۇنجى قەدەھنى ئاغىنىمىز تۆرەمنىڭ يېڭى ھايات يولىدا يېڭى بەختكە ئېرىشىشى ئۈچۈن ھەم دوستلۇقىمىزنىڭ تېخىمۇ

كامال تېپىشى ئۇچۇن كۆتۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!
رومكىلار جىرىڭلاپ بىر - بىرىگە ئۇرۇلدى، ھەممەيلەن تۆرەمگە باش لىڭشىتىپ قىزغىن ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئۇمۇ ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن رومكىلارنى ياندۇرماي ئىچكۈەتتى. قىپقىزىل ۋىنو تۆرەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ھارارەت دولقۇنى قوزغىدى، ئۇنىڭ يۈزلىرى ئالۇچىدەك قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشتى. ئۇ كرېسلوغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن گىتار تىڭشىماقتا ئىدى. گىتارچى يىگىت شوخ ئاھاڭغا جور قىلىپ ناخشا توۋلىدى:

سازىڭنى دىلبەر،
قولۇڭغا ئال - ئال،
مۇڭلۇق - يېقىملىق،
پەدەڭگە چال - چال،
كەتمىگىن جانىم،
بۇ يەردە قال - قال.
كېتىشىڭنى ئاڭلاپ،
تىترىدىم غال - غال...

ئۇ، گىتارنى ھەۋەس بىلەن چالماقتا، شوخ ئاھاڭدىكى ياشلىق ناخشىلىرى تۆرەمگە بەك ياقتى. ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن داڭ قېتىپ، ئاغزىنى ئاچقىنىچە خۇمار قىلىپ ئاڭلىدى...
كېيىن تانسا بولدى. ئۇستەل - ئورۇندۇقلار سۈرۈپ تاشلانغان چاققانغىنە مەيداندا تۆت - بەش جۈپ تانسىكەش بىمالال ئوينىيالايتتى، شاڭگاڭ مۇزىكىلىرى بىلەن غەلىتە پىگورىلار تۆرەمگە دەسلەپ بىر قىسما تۇيۇلدى، كېيىن قاراۋېرىپ كۆزى ئادەتلەندىمۇ ئەتىمالىم، يېڭى مۇزىكىلار چىققاندا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا پۇتىنى مىدىرلىتىپ، گەۋدىسىنى قوزغاپ قوياتتى.

— رومبا ! — دېدى بىر يىگىت مەيدانغا چۈشۈپ ، ئۇنىڭ ئارقىدىن يەنە ئۈچ جۈپ قىز - يىگىت پىرقىراشقا باشلىدى .

قاراپ ئولتۇرىۋېرىپ تۆرەمنىڭ كۆزى تالدى ، ئەمدى ئۇنى شېرىن ئۇيقۇ باسقانىدى ، شۇ ئەسنادا ، پۈزۈر كىيىنگەن نازاكەتلىك بىر قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھودۇقتۇرۇۋەتتى :

— ئەگەر خالىسىڭىز ئىككىمىز رومبىغا ئوينايلى ، — دېدى قىز بېشىنى مۇلايىم ئېگىپ .

— مەن ... مەن ، — تۆرەم دۇدۇقلاپ قالدى ، — كەچۈرۈڭ ، زادىلا بىلمەيمەن .

قىزنىڭ تەكلىپى خېلى چىڭ ئىدى :

— بىلمىسىڭىز ئۆگىتىپ قوياي .

تۆرەم شۇنداق چىرايلىق بىر قىزنىڭ ئالدىدا ئەزمىلىك قىلىشنى ئەپ كۆرمىدىمۇ ، ھەر ھالدا يىگىتلىك غۇرۇرىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى ، لېكىن مەيدانغا چۈشۈش بىلەن سۇر بېسىپ پۇتلىرى كالۋالاشتى ، قىزنىڭ يالتىراپ تۇرغان توپلىيىگە بىر-نەچچە قېتىم دەسسىۋېلىپ تېخىمۇ ھودۇقتى . كىچىككىنە مەيدان-نى بىر ئايلانغۇچە ئۇنىڭ پۇتۇن ئەزايىدىن تەر چىقىپ كەتتى .

— چارچاپ تەرلەپ كەتتىڭىز - ھە ؟ — دېدى قىز چاندۇر-ماي ، — يۈرۈڭ ، لەمپىگە چىقىپ بىرئاز سەگىدەيلى .

بۇ تەكلىپ تۆرەمگە بەكمۇ خۇش ياقتى ، شۇ تاپتا ئۇ باشقىلارنىڭ مەسخىرىلىك كۆزلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرقاندا-داق يەرگە بېرىشقا تەييار ئىدى .

ئۇلار لەمپىگە چىقتى . باھارنىڭ سالقىن شامىلى تۆرەمنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇلدى ، قىزنىڭ چاقماق گۈللۈك ناۋات رەڭ كۆڭلە-كى ئاللىقانداق خۇش پۇراقلارنى چېچىپ لىغىرلاپ تۇراتتى .

— مەن سىز تۇغرۇلۇق زەپەردىن بۇرۇنلا ئاڭلى-غان ، — دېدى قىز ئارىدىكى ئوڭايسىزلىق بىلەن جىمىلىقنى بۇزۇپ ، — سىز شەمەر سىجاڭنىڭ ئوغلىغۇ دەيمەن ؟

— سىز ... ، — تۆرەم قىزغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە بۇ قىزنىڭ ئەتىگەندىن بېرى ئۆزىگە پات ـ پات قاراپ ، يېنىدىكىلەرگە ئاللىنېمىلەرنى پىچىرلاپ ئولتۇرغان خۇشخۇيلۇقىنى ئەسكە ئالدى .

— ئىسمىم جەننەت ... ، — دېدى قىزمۇ تۆرەمگە يېرىم گەۋدىسىنى بۇراپ ، — پېداگوكىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن ، زەپەرنىڭ سۆيگىنى مېنىڭ دوستۇم ، سىز نەدە ئىشلەيسىز ؟

— هە ... مۇنداق دەڭ ... ، — تۆرەم بېشىنى ئاستاغىنا لىڭشىتىپ قويدى ، — مېنىڭ مۇقىم خىزمەت ئورنۇم يوق ، يېزىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئىدارىنىڭ ماشىنا دۇيىدە رېمونتچىلىق بىلەن شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىۋاتىمەن .

— بىر شەھەرنى سوراۋاتقان سىجاڭنىڭ ئوغلى ئۇچۇن خىزمەت دېگەن ئازمۇ ! — دېدى جەننەت ۋىلىققىدە بىرنى كۇلۇپ قويۇپ ، — قولىڭىزنى نەگە سوزسىڭىز يېتىدۇ ـ دە !

— ماڭا ئۇنىڭ هاجىتى يوق ! ... ، — تۆرەم ئىتتىكلا شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ جىم بولدى .

ئەمدى هەر ئىككىسى لەمپىنىڭ بالدىقىغا تايىنىپ ، شەهەرنىڭ كەچكى مەنزىرىسىگە قارىدى ، شەهەر هەقىقەتەنمۇ گۈزەل ئىدى ، سانسىزلىغان ئېلېكتر چىراغلىرى ئاسمانىدىكى يۇلتۇزلار بىلەن كۆز قىسىشقاندەك چاقناپ تۇراتتى ، كەچكى بازارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى ، ئۇزۇلمەي ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى شەهەرنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتكەندى .

— نېمىدېگەن گۈزەل ـ هە ؟ — جەننەت ئىختىيارسىز هاياجانلاندى ، — مۇشۇنداق گۈزەل شەهەردە ياشىغانلىقىم ئۈچۈن بەختلىكمەن !

— بىلەمسىز ، جەننەت ، ئۇ يەر بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل ، بەلكىم دۇنيادىمۇ ئۇنداق گۈزەل يەرلەر يوقتۇر ... ، — تۆرەم تىلىنى

تامشىپ قويدى.

جەننەت ھەيران بولۇپ سورىدى:

— سىز دېگەن ئۇ گۈزەل ماكان قەيەر؟

— يېڭىئاۋاتچۇ؟

— ھە؟! ...، — جەننەت ئەندىكىپ كەتتى ...، — ۋاييەي ... ھېلىقى سەھرانى دەمسىز؟

— سىز ئۇ يەرنى بوش چاغلىماڭ، — دېدى تۆرەم ۋە ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — ئەتىگەندە پادىلارنى ئۆستەڭگە ئېلىپ ماڭغاندا ئۈستىڭىزدە ھەرخىل قۇشلار سايرىشىپ سىز بىلەن بەزمە قۇرىدۇ. ھە، سىز تېخى بىلمەيسىز، مېنىڭ بىر جۈپ تۇمۇچۇقۇم بار ئىدى، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئۆلۈپ قالدى، ئۇنى ماڭا تۇراپ دادام تۇتۇپ بەرگەن. ئۇ يەردىكى تۇمۇچۇق بىلەن بوز تورغايلارنىڭ سايرىشىنى ئاڭلىسىڭىز يۈرەكلىرىڭىز يايراپ كېتىدۇ، ياز كۈنلىرى دەريا بويىغا بارسىڭىز شۇنداق ھۇزۇر، ھەممە يەر ياپيېشىلچىلىق، ئېغىناپ ياتقىڭىز كېلىدۇ، باغقا كىرسىڭىز گۈللەر ئېچىلىپ، مېۋىلەر پىشقان، گۈل دېگەننى ئۆز بەرگىدە پۇراپ، مېۋىلەرنى شاختىن ئېلىپ يېگەنگە يېتەمدۇ ... سىز توشقاننى كۆرگەنمۇ، ئۇ يەردىكى قومۇشلۇقلاردا ئاجايىپ چىرايلىق ئاق، بوز توشقانلار بار، يېڭى قار ياغقاندا تۇتۇپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلسىڭىز ۋاي ... ۋاي شۇنداق مەززىلىك ...، — تۆرەم يەنە تىلىنى تامشىپ قويدى.

جەننەت قاتتىق كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى تۆرەمنىڭ سۆزىگە نىسبەتەن بىر خىل مەسخىرىدەك بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى يېقىملىق ھەم ساز ئىدى.

— پاھ، سىزنىڭ سەھراپەرۋەرلىكىڭىز نېمىدېگەن كۈچلۈك- ھە؟! — دېدى ئۇ كۈلكىدىن ئاران توختاپ، — ئاتىنىڭ تۇيىقىدەك كىچىككىنە بىر سەھرانى شۇنداق گۈزەل دېسىڭىز، پارىژ، لوندون، توكيوغا ئوخشاش كاتتا شەھەرلەرنى نېمە دەيسىز؟

— ئۇ يەرلەر ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدا مايسەم يوق ـ دە .

— مايسەم؟ ھە ، بىر قىزنىڭ ئىسمى دەڭە ، ئۇ بەكمۇ چىرايلىق بولسا كېرەك؟ ! — جەننەتنىڭ چىرايى سەل ئۆڭۈپ ، ئاۋازىمۇ بىر قىسما ئۆزگىرىپ كەتتى . تۆرەم جاۋاب بېرىش ئورنىغا بېشىنى يېنىك سىلكىپ قويدى . ئۇلار بىر پەس جىم بولۇپ قالدى ، شۇ سۆزلەر بىلەن تۆرەمنىڭ خىيالىنى مايسەم چۇلغىۋالغانىدى . جەننەتنىڭمۇ بايىقى خۇشخۇيلۇقى يوقىلىپ بىر - دىنلا ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ قالدى . مېھماندارچىلىق خېلى كەچ ئاخىرلاشتى . ئۇلار ئۇزاپ چىققاندا كىنوخانىلار تاقىلىپ ، يوللار - دىمۇ ئادەملەر سېرەكلىشىپ قالغانىدى . جەننەتنىڭ تەكلىپى بى - لەن تۆرەم ئۇنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولدى . يولبويى ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى بەزىدە قىزىپ كېتەتتى ، بەزىدە سۇسلىشىپ قالاتتى . نېمىلا بولمىسۇن ، جەننەتنىڭ خۇشخۇيلۇقى ، سۆزمەنلىكى تۆرەم - گە يېقىپ قالغانىدى .

ئۇلار شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى چەت بىر كوچىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە جەننەت توختىدى :

— رەھمەت ، سىزنى ئاۋارە قىلدىم ، — دېدى ئۇ ئۆزرە ئېيتىپ ، — ئۆيۈم مۇشۇ كوچىدا ، ھامامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن ، بۈگۈن تونۇشۇپ قالدۇق ، ئىزدىشىپ تۇرايلى .

— ئەلۋەتتە ئىزدىشىمىز ، — دېدى تۆرەممۇ ئۆز لايىقىدا جاۋاب بېرىپ .

— لېكىن ··· ، — جەننەت بىردەم تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى ، — لېكىن يېڭى تونۇشلارنىڭ بەزىدە قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىدىغان ۋە بەزىدە تاشتەك چۆكۈپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرى بولى - دۇ ، بىرى ئۇچسا ، يەنە بىرى چۆكۈپمۇ كېتىدۇ .

تۆرەم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— بىز ئۇچۇپ كېتىدىغان قۇش ، چۆكۈپ كېتىدىغان تاش

ئەمەس جەننەت ، بەلكى هايات يولىدا يېڭى ئۇچراشقان دوستلار- مىز ، خەيرخۇش ··· ، — ئۇ شۇ سۆزلەرنى ئېيتتى ـ دە ، خوشلاشتى .

بۇگۈنكى مېهماندارچىلىق بىر باشلانما ئىدى . ئارىدىن ئىك- كى كۈن ئۆتۈپ ، مۇشۇ خىلدىكى مېهماندارچىلىق ئارقا ـ ئارقى- دىن بەش يەردە بولدى ، ھەممىسىدە جەننەت بار ئىدى . تۆرەم هاراققا خېلى ئۆگەندى ، ئىچىۋالغاندىن كېيىن كۆڭلى كۆتۈرۈ- لۈپ ئۆزىچە خۇشخۇي ، سۆزمەن بولۇپ قالاتتى . جەننەت ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىر بىرنەچچە خىل تانسىنىمۇ ئۆگىتىپ قويدى . مانا شۇنىڭدىن باشلاپ تۆرەم ئۆزىنى گويا رەڭگا رەڭ چىراغلار ئاستىدىكى يېڭى بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك تىنچسىز ھېس قىلىشقا باشلىدى . تۇرمۇش ئۇنىڭغا هاياتنىڭ يېڭى بىر ئىشىكىنى ئاچقانىدى . لېكىن ئۇ بۇ ئىشىكتىن كىرىپ نەگە بېرىشىنى تېخى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى···

## 3

قىزىق ، بەشىنچى دادۇيگە خىزىر يولۇقتىمىكىنە ؟ ···

ئۆز ۋاقتىدىكى «تاشپاقا»نىڭ بۇ يىل بىردىنلا يۇقىرى ئۆر- لەپ ، قىزىل بايراققا ئېرىشىشى ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن گۇڭشېنى ھەيران قالدۇردى . بۇ خۇددى تۇراپ شۇجى ئېيتقاندەك «توخۇ كاتىكىدىن ئالتۇن سۇمۇرغ»نىڭ ئۇچۇپ چىققانلىقى ئىدى .

گۇڭشې بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئەتىيازلىق سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا كۆچمە قىزىل بايراقنى بەشىنچى دادۈي تارتىۋالدى . بۈگۈن ئەتىگەن ئاممىۋى چوڭ يىغىن ئېچىپ ئۇلارغا لەۋھە تەقدىم قىلدى .

بۇنداق تەنتەنە بەشىنچى دادۇيدە ئون نەچچە يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم بولۇۋاتاتتى . دەرۋەقە ، ئۆردەكلىكلەر بۇ شان ـ

شەرەپكە ئاسان ئېرىشكىنى يوق . ئەرلەرنىڭ ئالىقىنى بىلەن
ئاياللارنىڭ دولىسىنى سىلاپ باقسىلا بۇنىڭ ئاسان قولغا كەلمە-
گەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى . ئامما «پۇۋ» دېسە بوران چىقىدۇ ،
دېگەن راست ئىكەن ، ئۇلار بىرلا قوزغىلىپ ھەرىكەتكە كېلىۋى-
دى ، دادۇينىڭ قىياپىتى تېزلا ئۆزگەردى .
خۇددى «تاغدەك ئىشنىڭ تېرىقتەك تۈگۈنى» بولغاندەك ، بۇ
تۈيۈقسىز ئۆزگىرىشنىڭمۇ تۈگۈنى بار ئىدى . «ئوزۇقلۇق ئېتىد-
زى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئۇلارنى جانلاندۇرۇۋەتتى ، ئەمدى
ئۇلار ئۆز تەقدىرىدىن غەم يېمەيتتى ، كۈندىلىك ئەمگەك ھازىر
ئۇلارنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىغا ئايلانغانىدى .
بۇرۇنقىدەك ھېچكىم ئۇلارنى ئۈيمۇ ئۆي يۈرۈپ ئىشقا قوغ-
لىمايتتى ، تولا ۋارقىراپ ئاغزىنىڭ تېرىسى ئۆپراپ كەتكەن
شياۋدۇيجاڭلارمۇ ئەمدى خېلىلا ئارام تاپقانىدى . ئۆز ۋاقتىدا
كۈنىگە نەچچە قېتىم جاراڭلاپ ، كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا مۇشت
ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان داڭلارمۇ ئەمدى ئۆز جايىدا دات بېسىپ
ياتاتتى ...
لېكىن ، بەشىنچى دادۇيدىكى مۇنداق ئۆزگىرىش بەزىلەرگە
ئانچە ياقمىدى ، ھەتتا بەزىلەر جان - جەھلى بىلەن قارشى چىق-
تى . بۇ ، تۈنۈگۈن ئۆردەكلىكتە ئېچىلغان سىلىشتۇرۇپ باھالاش-
نىڭ ئاخىرقى بېكىتىش يىغىنىدا ئوچۇق ئىپادىلەندى .
بەشىنچى دادۇينىڭ كىچىككىنە ئىشخانىسى ئون نەچچە ھەي-
ئەت بىلەن توشقانىدى ، ئۇزۇلمەي چېكىلىۋاتقان كۆك تاماكىنىڭ
ئاچچىق ئىسى ئۆي ئىچىدە لەيلەپ يۈرەتتى . ئەتىگەن باشلانغان
يىغىن تېخىچە بىرەر خۇلاسىگە كېلەلمىدى ، كۆچمە قىزىل باي-
راقنى كىمگە بېرىش ئۈستىدە خېلى جىددىي تالاش بولۇۋاتاتتى .
تالاشنىڭ نۇقتىسى سەككىزىنچى دادۇي بىلەن بەشىنچى دادۇينىڭ
ئۈستىگە مەركەزلەشكەندە ، تۈيۇقسىز سەككىزىنچى دادۇينىڭ
سېكرىتارى سۆز ئېلىپ ، كۈتۈلمىگەن يەردىن يىغىن كەيپىياتىدا

بۇرۇلۇش ياسىۋەتتى.

— كونىلار ئېيتقاندەك: «تۆردە ئولتۇرغان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب»، — دېدى ئۇ سەممىيلىك بىلەن، — بەزىلەر، كۆچمە قىزىل بايراق سەككىزىنچى دادۇيگە مەنسۇپ، دېدى. دەرۋەقە، بىز ئۈچ يىلدىن بېرى بۇ قىزىل بايراقنى قولدىن بەرمىگەن، ئۆزىمىزمۇ ئۇنىڭغا بەك ھېرىس بولۇپ قالغان، شۇڭا ئۇنى يەنىلا بىز تۇتۇپ قالساق بولاتتى. لېكىن مەن بەشىنچى دادۇينىڭ ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بۇ بايراقنى داۋاملىق تۇتۇپ قېلىشقا خىجىل بولدۇم. بەشىنچى دادۇي نەچچە يىللىق قالاقلىقتىن بىرلا سىلكىنىپ بۇ يىل ئىلغارلىققا ئۆتۈپتۇ، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھەممىسى ئايدىڭلاشتى. شۇڭا بۇ قېتىمقى قىزىل بايراق بەشىنچى دادۇيگە بېرىلىشى كېرەك، بۇ شەرەپ ئۇلارغا مەنسۇپ!

يەنە بىر ھەيئەت دەرھاللا ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى:

— بۇرۇن ھەممىمىز ئۆردەكلىكتە «پاقا كوركىرايدۇ» دەپ قارايتتۇق، بۇ يىل قارىسام، پاقا ئەمەس، راستتىنلا تۇلپار كىشنەپتۇ. مەن بۇلارنىڭ بىرلا ئىشىغا قايىل بولدۇم: ئىككى مىڭ يەتتە يۈز مو كۆزگىنىڭ ھەر موسىغا تولۇق يۈز تاغاردىن قىغ قويۇپتۇ. قېنى، قايسىمىز شۇ ئۆلچەمگە يەتكۈزەلىدۇق؟ ئۇلار يەنە «پاكىز ئېتىز»[①]لارغىلا قاراپ تۇرماي، يەرلىك ئوغۇت ئىشلىتىشتىمۇ تازا كۈچ چىقىرىپتۇ. ئوغۇت توپلاش تەدبىرلىرىمۇ ناھايىتى جانلىق ئىكەن. مەسىلەن، ئەمگەككە قاراپ ھەق بېرىش بىلەن سۈپىتىگە قاراپ باھا قويۇشنى بىرلەشتۈرۈش؛ مەخسۇس توپلاش بىلەن ئاممىۋى توپلاشنى بىرلەشتۈرۈش؛ دۇيدە توپلاش بىلەن سىرتتا توپلاشنى بىرلەشتۈرۈش.

— بەشىنچى دادۇيدە مۇنداق چىرايلىق «بىرلەشتۈرۈش»لەر

① پاكىز ئېتىز — خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىدىغان ئېتىزلارنى دېمەكچى.

يەنە بار ، — دېدى سايىم گۇمبەز بىتاقەت بولۇپ ، — مەسىلەن ، كوللېكتىپ بىلەن شەخسنى بىرلەشتۈرۈش ؛ چوڭ كۆتۈرە بىلەن كىچىك كۆتۈرەنى بىرلەشتۈرۈش ، شۇنداقمۇ ، ئىمىن سىكرېتار ؟

ئىمىن كۇلا دادىل جاۋاب بەردى :

— شۇنداق ، سايىم مۇدىر .

— شۇنداق بولسا ، بۇ يول خاتالىقى بولىدۇ . شۇڭا مەن قىزىل بايراقنى بەشىنچى دادۇيگە بېرىشكە قوشۇلمايمەن ! — دېدى سايىم چالۋاقىغان تەلەپپۇزدا ، — ئۇلارغا قىزىل بايراق ئەمەس ، قارا بايراق قاداش كېرەك !

بىرنەچچە كۆزلەر ئۇنىڭغا «نېمە ئۈچۈن ؟» دېگەن سوئال مەنىسىدە تەڭلا قادالدى . بۇ كۆزلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان تۇراپ شۇجىنىڭ كۆزى شۇنچە سوغۇق ھەم ۋەھىمە-لىك تۇيۇلدى . ئۇ ، ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋېلىپ ، سۆزىنى داۋام قىلدى :

— بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپچىلىككە ئېنىق : بەشىنچى دادۇي بىرىنچىدىن ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ بۇيرۇقىغا پىسەنت قىلما-ماي ، خاتالىقىدا چىڭ تۇردى ؛ ئىككىنچىدىن ، كوللېكتىپ ئىگە-لىكنى پارچىلاپ ، سوتسىيالىزم يولىدىن چەتنىدى .

تۇراپ شۇجى ئۇنىڭ سۆزىنى قاپ بەلدىن بۆلۈۋەتتى :

— ئۇنداقتا بەشىنچى دادۇيدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىرەر خىزىر - ئەۋلىيا ئاسماندىن «توككىدە» تاشلاپ بېرىپتۇ - دە !

سايىم گۇمبەز بىر ئاز مەڭدەپ قېلىۋىدى ، ئارىدىن بىرى چىقىپ ئۇنىڭغا دال بولدى :

— ئالدى بىلەن بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قايسى يول بىلەن كەلگەنلىكىگە قاراش كېرەك !

— توغرا ، قايسى يول بىلەن كەلگەنلىكىگە قاراش كېرەك ! — دېدى تۇراپ شۇجى ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ ، — مېنىڭچە ، بەشىنچى دادۇيدە قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر دەل

سوتسىيالىزم يولىنىڭ كەڭ ۋە ئەۋزەللىكىدىن قولغا كەلدى ، بۇ ناھايىتى ئېنىق ئەمەسمۇ ؟ بەشىنچى دادۇي چىڭ تۇرغان «ئۈزۈك-لۈك ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەنە شۇ كەڭ سوتسىيالىزم يولىنىڭ بىر تارمىقى ، ئەنە شۇ ئەۋزەللىكىنىڭ بىر ئىپادىسى . دېھقانلارنى قورساقتىن خاتىرجەم قىلىش ، ئۇلارنىڭ بېيىشىغا مەدەت بېرىش سوتسىيالىزمنىڭ ، كوللېكتىپنىڭ ئىشى ئەمەسمى-كەن ؟ ! — تۇراپ شۇجى ئاچچىق تاماكا ئىسىدىن قېقىلىپ يۆتەل-دى ۋە بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، يەنە داۋام قىلدى ، — يولداشلار ، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت ! بىز بۇ قېتىمقى سېلىشتۇرۇپ- باھالاش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ھەقى-قەتنى تاپتۇق . بۇ ھەقىقەت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ ، جاز-لىق ۋە ئەمەلىي تەدبىرلەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەل-دۈرۈش . بەشىنچى دادۇي مانا شۇنداق ئىشلەپ نەتىجە ياراتتى . شۇڭا مەن قىزىل بايراقنى شۇلارغا بېرىشكە قوشۇلىمەن ، شۇ چاغدىلا ھەق ئۆز جايىنى تاپقان بولىدۇ !

تۇراپ شۇجىنىڭ پىكرى قىزغىن قوللاشقا ئېرىشتى . لېكىن سايىم جاھىللىق بىلەن ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى :

— مەن قوشۇلمايمەن ، قەتئىي قوشۇلمايمەن ! — دېدى ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ ، — بۇ پۇتۇنلەي پرىنسىپسىزلىق ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغانلىق ! مەن يۇقىرىغا ئەرز يازى-مەن !

تۇراپ شۇجى خاتىرجەم ھالدا دېدى :

— بۇ پۇتۇنلەي ئۆز ئەركىنلىكىڭىز !

يىغىن ئاخىر تۆت ئاۋازغا قارشى ئون بىر ئاۋاز بىلەن كۆچمە قىزىل بايراقنى بەشىنچى دادۇيغا بېرىش قارارىغا كەلگەنىدى .

# 4

جەننەت هويلىغا كىرىپلا شەمەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئىككىسى سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، شەمەر:

— شاگىرتىڭىزنىڭ ئىجتىهاتى قانداق؟ — دەپ سورىدى.

جەننەت نارازى كەيپىياتتا سوغۇققىنە كۈلۈمسىرىدى:

— ئىلمان سۆدەكلا.

— قايىنتىڭ، — دېدى شەمەر جەننەتنى روھلاندۇرۇپ، — ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ياردەم قىلىڭ، ئوبدان قىز، ئىمتىهانغا قاتنىششىنى قولغا كەلتۈرسىلا، قالغان يولنى ئۆزۈم ماڭىمەن...

— ماقۇل، ئىمتىهانغا قاتناشتۇرۇشقا مەن كېپىل، — دېدى جەننەت ۋە تارس - تارس دەسسىگىنىچە مەنزەرگە چىقىپ كەتتى.

شەمەر سىرتقا مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، ئىچكىرى ئۆيدىن چىققان مارىخان سوراپ قالدى:

— كىم ئۇ؟

— جەننەت، — دېدى شەمەر ۋە بىردىنلا ئاۋازىنى پەسەيتىپ پىچىرلىدى، — بولغۇسى كېلىنىڭ.

— هە؟! — مارىخان ئەندىكىپ كەتتى، — هېلىقى جەننەتمۇ؟!

— قانداق يارامدۇ؟ — دېدى شەمەر ماختىنىپ، — كېلىندىن تەلىيىڭ بار ئىكەن، ئەمدى كۆڭلۈڭ تىنغاندۇ؟

مارىخاننىڭ چىرايى ئۆڭدى:

— مېنىڭ كۆڭلۈم گۆرنىڭ توپىسىدا تىنىدىغان ئوخشايدۇ، بۇنداق كېلىندىن خۇدايىم ساقلا، — ئۇ بېشىنى قېقىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

شەمەر بىر نەرسە دېمەكچىدى، لېكىن سائىتىگە قاراپ بې-

قىپ ، بېشىنى بىر سىلكىدى ـ دە ، سىرتقا چىقىپ كەتتى .

جەننەت پوتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مەنزەرنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندا ، تۆرەم بېشىنى ئىككى ئالىقىنىغا ئېلىپ كارىۋاتتا ئوڭدا ياتاتتى .

— سالام تۆرەمجان ! — دېدى ئۇ نازلىق كۇلۇپ ، — كۆرۈشمىگىنىمىزگە قانچە كۇن بولدى ؟ ئىككى كۈن بوپتۇ ـ هە ؟ بەزى ۋاقىتتا قېرىلارنىڭ ئۇلپەتچىلىكىگە زوقۇم كېلىدۇ : قىلغان ئىشى بىر ـ بىرىگە مېهمانغا بېرىش ، چاي ئىچىش ، سىردىشىش ... ئەنە شۇنى هايات دەيدۇ .

تۆرەم لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ، جەننەتنى كىرىسلوغا تەكلىپ قىلدى .

شۇ كۇنلەردە جەننەت ئۇنىڭ ۋاقتىنى كۆپ ئالاتتى ، خىيال ۋە تەشۋىشلەر ئۇنى ئازابلايتتى . بۇ خىياللار ئۇنى ئۆيدىمۇ ، تالادىمۇ زادىلا تىنچ قالدۇرمايتتى . هازىر تۆرەم ئۇچۇن مۇهەببەت هايات ، هايات بولسا ، ئازاب ئىدى .

— خوش تەييارلىقىڭىز قانداق ، خىيالچان يىگىت ؟ — دېدى جەننەت كىرىسلوغا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ، — مەن بەرگەن ماتېرىياللارنى كۆرۈپ بولدىڭىزمۇ ؟

تۆرەم دېرىزە ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ بېشىنى تاتىلىدى :

— مېڭەمگە هېچ ئالالمايۋاتىمەن ، جەننەت ، — دېدى ئۇ تەڭقىسلىق بىلەن ، — قويۇڭە شۇ ئىشنى ، مەندەك يەتتىنچى سىنىپنى چالا تۇگەتكەن كىشىگە ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىهان بېرىشنى كىم قويۇپتۇ ؟

— ئېسىڭىزدە بولسۇن ، تۆرەم ، — دېدى جەننەت چوڭقۇر هېسسىياتلىق قىلىپ ، — شان ـ شۆهرەت مىسالى بىر نان ، ئۇنى هەممە ئادەم بىر پارچىدىن كېسىۋېلىپ قورسىقىنى تويغۇزۇشقا ئالدىرايدۇ ، لېكىن ئۇنى شۇ پېتى قولدىن بەرمەسلىككە

تىرىشىش كېرەك . سىز بۇنىڭغا پەقەت ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ئارقىلىقلا يېتىسىز . سىزدە كۈچلۈك بىر يوشۇرۇن تالانت بار ، تۆرەم ، سىز ھەم مەرتىۋىلىك ، ھەم يارامىلىق ئادەم بولۇشقا لايىق كۆرۈنىسىز ، لېكىن ھازىر سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا بىر ئاز بوشلۇق بار ، بۇمۇ يەتتە ـ سەككىز يىللىق سەھرادا ئۆتكەن ھاياتىڭىزنىڭ ئاچچىق ئاقىۋىتى . ئەمدى سىز مانا شۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشىڭىز كېرەك !

جەننەت بۇنداق چاغلاردا ھەربىر سۆزنى شۇنداق پەرداز بىلەن مەرغۇللىتىپ سۆزلەشكە ماھىر ئىدىكى ، تۆرەم ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە شۇ سۆزلەردىن كېيىن ، ئۇنىڭ قەلبىگە يېڭى بىر ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن شان ـ شۆھرەت ئارزۇسى چاڭگا تىزىشقا باشلىدى .

— قانداق ، باشلامدۇق ؟ — دېدى جەننەت ئورنىدىن تۇ-رۇپ ، — ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت سوئاللارنى سىز سو-راڭ ، مەن سۆزلەي .

تۆرەم بىر ئاز ئېرىندى :

— بايا ئازراق ئوقۇغانىدىم ، كاللام قوچۇلۇپ كەتتى .

— بۇنىڭ دورىسى ئوڭاي ، — دېدى جەننەت ئۆيىنىڭ ئوتتۇ-رىسىدا بىر پىرقىرىۋېتىپ ، — نەزەرىيە ئوقۇپ كاللىڭىز قوچۇل-سا ، لىرىكا ئوقۇپ تۇزەيمىز ، ئەمىسە تىڭشاڭ :

سۆيىمەن ئەزەلدىن ، سۆيىمەن سېنى ،
سۆيمەستىن بولامدۇ ، ئېيتقىنە قېنى .
سايرىماس نە ئۈچۈن گۈلشەندە بۇلبۇل ،
تارتقاندا خۇش پۇراق گۈللەر زوقىنى .

جەننەتنىڭ تۆرەمگە تىكىلگەن كۆزلىرى خۇمارلىشىپ ، سۇس ئەڭلىك سۇرتكەن جىنەستىدەك لەۋلىرى يالتىراپ كەتكەنى-دى .

— قانداق، شىپا بولاي دەمدۇ؟ — سورىدى ئۇ قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ.

تۆرەم لام - جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى جەننەتنىڭ ئوقيادەك قادالغان كۆزلىرىدىكى ئاللىقانداق نۇر زەرەتلىرىنىڭ ھارارىتىدىن جىمىرلاشقا باشلىغانىدى.

— تۆرەم، سىزدە شۇنداق بىر سىرلىق مۇھەببەت، سالابەت، تەسىر بار، — دېدى ئۇ قوللىرىنى كېرىپ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ يۇمران كۆكسى لىغىرلاپ كەتتى، — مەندىچۇ، مەندە پەقەت ئىنتىلىش ۋە قانداقتۇر مىسكىنلىك بار.

شۇ چاغدا مارىخاننىڭ ھويلىدا تۇرۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازى جەننەتنىڭ سۆزىنى خۇددى ياخشى سازلانغان راۋابنىڭ تارىسى تۇيۇقسىز ئۈزۈلگەندەك ئۈزۈۋەتتى:

— تۆرەم، مايسەمدىن خالتا كەپتۇ.

تۆرەمنىڭ يۈرىكى شۇررىدە قىلىپ قالدى، شۇ تۇرقىدا ئۇ ئۆزىنى مۇئەللەقتە تۇرۇپ قالغاندەك بىردىنلا يەڭگىل ھېس قىلدى.

مارىخاننىڭ شىپىرلاپ ئۆگزىگە چىقىۋاتقان تىۋىشى ئاڭلاندى.

تۆرەم ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

— يېڭىئاۋاتتىن كەلگەن بىرى ھازىرلا ئېلىپ كەلدى، — دېدى مارىخان قولىدىكى كىچىككىنە خالتىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، — ئۆز قولىغا تەگسۇن، دەپتىكەن، ئۆزۈڭ كۆرۈپ باق.

مارىخان چۈشۈپ كەتتى. تۆرەم خالتىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرگەندە، جەننەتنىڭ بايىقى خۇشخۇيلۇقى بىلەن سۆزمەنلىكى ئاللىقاياقلارغا غايىب بولغانىدى. ئۇ، تۆرەمگە ئارقىنى قىلغىنىچە تامدىكى ئەينەككە قاراپ، چاچلىرىنى تۈزەۋاتاتتى. تۆرەم ئۇنىڭغىمۇ ئېرەن قىلماي، ئالدىراپ خالتىنى ئاچتى. پاھ! ... بۇ

نېمىدېگەن كارامەت ! ...

خالتىدىن بار – يوقى ئۈچ پوم جىگدە يېلىمى ، ئىككى چاڭگال قوماچ ، ئالىقاندەك رەختكە ئورالغان بىر تال كۆمۈر ، بىر تال سامان ۋە بىر دانە قۇش پېيى چىقتى .

تۆرەم بۇ نەرسىلەرنى قوللىرى تىترىگەن هالدا ئېلىۋاتقاندا بىر چەتتە كۆزىنىڭ قىرى بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان جەننەت تۇيۇقسىز قاتتىق كۈلۈپ كەتتى :

— مانا – مانا ... ھەممىسىدىن سەھراچە پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ ، — دېدى ئۇ يوتىسىغا شاپىلاقلاپ ، — ئۇقتىڭىزمۇ ، يېلىمنى چېچىغا چاپسۇن دەپتۇ ، ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى قوماچتەك قورۇۋەتتىم دەپتۇ ، يۈرىكىڭ كۆمۈردەك قارا دەپتۇ ، قەدىرقىممىتىڭ سامان بىلەن پاخالدەك دەپتۇ ، ئەگەر يېنىڭدا بولسام ، پەيلىرىڭنى مانا شۇنداق يۇڭدايتتىم ، دەپتۇ ، قانداق ؟ ! ها – ها – ها...

جەننەت ئۆز سۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ ، تۆرەمنىڭ ئالدىدا غالىبلارچە گىدەيدى . ئەزەلدىن بۇنداق شەرتلىك بەلگىلەر ھەققىدە قىلچە ساۋاتى بولمىغان تۆرەممۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندى .

جەننەت يەنە ئاللىنېمىلەرنى سۆزلىمەكتە ، ئۇنىڭ ھەم ئىشق- مۇھەببەت ، ھەم تەنە – مەسخىرىگە تولغان كۆزلىرى بارغانسېرى تۆرەمنىڭ قۇلىقىغا خۇش ياقمىدى . شۇ تاپتا ئۇ يالغۇزلۇقنى ، تىنچلىقنى خالايتتى . شۇڭا ئۇ ، دەس ئورنىدىن تۇردى – دە ، ئوقتەك ئېتىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى .

## 5

سايىمنىڭ دوكلاتى بىلەن دادخورلۇقى شەمەرگە قاتتىق شاپىلاق بولۇپ تەگدى . ئۇ ، ئۆز ۋاقتىدىلا يېڭىئاۋاتتىكى مەسىلىنى

ئوڭۇشلۇق ھەم ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل قىلغانلىقى بىلەن ماختىنىپ ، رەھبەرلىكنىڭمۇ «تەدبىرلىك ، قاۋۇل كادىر » دېگەن باھاسىغا ئېرىشكەنىدى . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مەسىلىنىڭ يەنە قۇيرۇق سۆرەپ چىقىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەلەم قىلدى . ئۇنىڭ پۇتۇن ئاچچىقى تۇراپ شۇجىدا ئىدى . تۇراپ شۇجى ئەمدى ئۇنىڭ نەزىرىدە پۇتۇنلەي كاردىن چىققان ، يارىماس ئادەمگە ئايلاندى . شۇڭا ئۇ ، سايىمنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغان كۇنى مارىخانىغا داردىتىپ :

— مانا كۆردىڭمۇ ، تۇراپ مېنى مايمۇن ئويۇنىغا سېلىپ ، تەشكىل ئالدىدا يۇز ـ ئابرۇيۇمنى غازاڭدەك سېرىۋەتتى ! — دەپ داتلاندى .

شەمەر ئەمدى يېڭىئاۋاتقا يەنە بىر چىقىپ تۇراپ شۇجى بىلەن يۇزتۇرا بىر ئېلىشىش قارارىغا كەلگەنىدى . دېمىسىمۇ ، «بەللەشكەنىڭ بېلىنى ، تىزلەشكەنىڭ تىزىنى پۇكۇش» كېرەك ـدە !

لېكىن كۇتمىگەن يەردىن جاڭ شۇجى ئۇنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقىغا ئازراق سوغۇق سۇ سېپىپ قويدى .

— ھازىر چىقماي تۇرۇڭ ! — دېدى جاڭ شۇجى بىر خىل سىرلىق ئاۋازدا .

— نېمە ئۇچۇن ؟ ! — شەمەر تەئەججۇپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، — تۇراپنى يەنە ئۆز رايىغا قويۇپ بېرىمىزمۇ ؟ يولداش جاڭ شۇجى ، ئۇنىڭ تەلۋىلىكى چېكىگە يەتتى ، بۇنداقلارنى جىددىي بىر تەرەپ قىلمىساق ، بىزمۇ ئاڭلىق ھالدا خاتالىققا يول قويغان بولمامدۇق ! ؟

جاڭ شۇجى ئۇزمەي تاماكا چېكىپ ، ئىشخانىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى . قارىغاندا ، ئۇنىڭمۇ بىر نەرسىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي جىلە بولۇۋاتقانلىقى ، تەڭقىسلىقتا قىينىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— يولداش شەمەر ، — دېدى ئۇ ئاخىر مېڭىشتىن توختاپ ، — ھازىر مانا شۇ «نېمە ئۇچۇن »گە جاۋاب تېپىش تەس

بولۇۋاتىدۇ . ئاڭلىسام ، تۇراپ شۈجى ۋىلايەتلىك پارتكومغا بىز-نىڭ ئۈستىمىزدىن خەت يېزىپتۇ . ھازىرغىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم-نىڭ ئېنىق پوزىتسىيىسىنى بىلگىلى بولمايۋاتىدۇ ، بەلكىم ، ئۇلارمۇ بىر نەرسىنى كۈتۈۋاتسا كېرەك . بۇ ھالدا ، بىز يەنە بۇ ئىشقا ئالدىراپ قول تىقساق ، بىرەر مىخقا ئۇسۇۋالامدۇق ، قان-داق ؟

— ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ جىم تۇرۇۋاتقانلىقى تۇراپنى قول-لىغانلىقمۇ ؟ — ئالدىراپ سورىدى شەمەر .

— ياق ، ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ ! — دېدى جاڭ شۈجى ئۆزىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ، — مېنىڭچە ، ئۇلارمۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزىتىۋاتسا كېرەك .

شەمەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، گۈل تىزىلغان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن ، يەنە جاڭ شۈجىدىن سورىدى :

— ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ تۇراپنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىغا يول قويۇپ تۇرىۋېرىمىزمۇ ؟

جاڭ شۈجى شەمەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئاستا ئۇنىڭ يەلكە-سىگە قولىنى قويدى .

— يولداش شەمەر ، مېنىڭچە ، مۇنداق بولسۇن ، سىز ھا-زىرچە ئۇ يەرگە چىقماي تۇرۇڭ ، ھەرقانداق جاراھەت ئۆز ئىچى-دىن ئېغىز ئالغىنى ياخشى . بۇ ئىشتا تۇراپ چوقۇم ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا ئۇرىدۇ ، شۇ چاغدىلا بۇنى ھەل قىلىشمۇ ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىشمۇ ئوڭاي بولىدۇ !

شەمەر قاشلىرىنى يىمىرىپ بىر پەس جىددىي ئويلاندى ، جاڭ شۈجىنىڭ ئەقلى ئاستا - ئاستا ئۇنى قايىل قىلىشقا باشلى-دى .

— مۇنداق دەڭ ... ، — دېدى ئۇ ئاخىر جاڭ شۈجىغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ ، — سەۋر قىل ، سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن

دېمەكچىكەنسىز ـ دە !

## 6

ھايات نېمىدېگەن لەززەتلىك ، شۇنىڭ بىلەن بىللە نېمىدې-گەن ئاچچىق ـ ھە ؟ ! ئۇ خۇددى كۆچلۈك بىر قايىنامدەك سېنى پىرقىرىتىپ يۈرىدۇ ، ئەگەر سەن بەكمۇ يېنىك بولساڭ ، كۈچ-لۈك دولقۇن سېنى يوپيۇرماقتەك ئېقىتىپ كېتىدۇ !

تۆرەم شۇ تاپتا يولنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ قالغانىدى . ھازىر ئۇنىڭغا كىم بۇرۇن يول كۆرسەتسە ، شۇنىڭ بىلەن مېڭىۋېرەتتى . جەننەتنىڭ تويغۇن يۈرىكى بۇنى ئالىلقاچان تۇيۇپ بولغانىدى ...

تۆرەم باغچىغا كىردى . ئۇ ، قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتقىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ ، تەبىئەتنىڭ خۇددى رەسسام قولىدا ياسالغاندەك ئالامەت مەنزىرىسىگە پەرۋاسىز قاراپ ماڭماقتا ، ئىل-لىق نەم شامال ئۇنىڭ چاچلىرىنى يەلپۈپ ، يۈزلىرىنى سىلاپ ، كىرپىكلىرىدىن سۆيمەكتە .

تۆرەمنىڭ ئويلىغانلىرى كۆپ ئىدى ، لېكىن ئۇ ھازىر قە-دەمنى قانداق ئېلىشنى بىلمەيتتى ، ئۇ ئۆز ۋۇنغىچە ئۆزىنىڭ باش-ئايىغى يوق گادىرماش خىياللىرى ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈر-دى .

تۆرەم بۇككىدە ئارچىزارنى ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندا ، جەننەت ئۇنى قوغلاپ يېتىشىۋالدى ، ئۇ ، بۇگۈن بېشىغا پىستە رەڭلىك گاز ياغلىق چىگىپ ، پۈتىغا چەچ رەڭ ناسكا كىيىۋالغانىدى .

— سىزنى قاراڭ ، — دېدى ئۇ رەنجىگەندەك لەۋلىرىنى ئۈمچەيتىپ ، — بىرگە ئايلىنايلى دېمەي ، باغچىنىمۇ مەندىن قىزغىنىپسىز ـ ھە ؟ !

تۆرەم بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپلا قويدى ، جەننەت ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى :

— يورۇك ، ئاۋۇ ئېرىق بويىغا بارايلى .

ئۇلار شىلدىرلاپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىغا كېلىپ روبىرو ئولتۇردى . ئارىغا بىر پەس جىملىق چۈشتى . شۇ چاغ ئېرىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ئۇزۇپ كەلگەن بىر چارپاقا جەننەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنى قىرغاققا ئالدى ، تۆرەم قاقتەك بىر چالمىنى پاقىغا چەنلەپ ئېتىۋىدى ، چاچرىغان سۇ تامچىلىرى جەننەتنىڭ مەڭزىنى «چوككىدە» سۆيۈۋالدى .

— ۋىيەي ! ··· ، — دېدى جەننەت ئەندىكىپ ۋە پۈتىنىڭ يېنىدا هۆل قۇمغا چاپلىشىپ ياتقان پاقىنى سەسكىنىپ تېپىۋەت- تى .

— ئەنجان پاختىكى ! — دېدى تۆرەم زوۋۇانغا كېلىپ .

— هىم ··· سەهرا بۈركۈتى ! — دېدى جەننەتمۇ تەنە ئارىلاش نازلىق كۈلۈپ .

شۇنىڭ بىلەن ئېغىر جىملىق كۆتۈرۈلدى ، قەيەردىندۇر كاككۇكنىڭ بوغۇلداپ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— تۆرەم ، كاككۇكقا قارىگە ، — دېدى جەننەت شائىرانە تۇيغۇ بىلەن ، — ئۆزى بىر قۇش ، لېكىن نۇرغۇن قەلەم ئىگىلى- رىنىڭ ئىشقىي دەپتىرىگە يېزىلدى ۋە پۈتۈن قۇشلارنىڭ ئەزىزى هەم سەردارى بولدى ، نېمە ئۈچۈن ؟ چۈنكى ، ئۇ ، ئاشىقلار ئەھ- لىنىڭ سىمۋولى . ئەگەر ئادەممۇ ئىشقتىن خەۋەرسىز بولسا ، مۇهەببەت ئىگىلىرى ئۇنى ئادەم دېمەيدۇ .

تۆرەم خۇددى مۇرابىيا يېگەن ئادەمدەك ئاغزىنى تامشىپ ، ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى . جەننەتنىڭ سۆزىنىڭ تارتىم- لىق تەسىرىدىن ئۇنىڭ تىنچسىز كۆڭلى تېخىمۇ داۋالغۇشقا باش- لىغانىدى .

جەننەتنىڭ كۆزلىرىدىكى هاياجان ئۇچقۇنلىرى ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ ، ئۇنىڭ ئورنىدا قانداقتۇر بىر خىل مەيۇسلۇك ، مىسكىن- لىكنىڭ شولىسى ئەگىشكە باشلىدى .

— مېنىڭ ئارقامدا ھەرخىل چۈرۈمە چۆچەك گەپلەر تولا ، — دېدى ئۇ زارلىنىپ ، — مەن خۇددى بىلىققا ئوخشاش كۆشەندىسى كۆپ قىزمەن . لېكىن خەقلەر نېمە دېسە دېسۇن ، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، تۆرەم ... بىلەمسىز ، شۇ كۇنلەردە مېنىڭ يۈرىكىم خۇددى مانا شۇ بوينۇمغا ئاسقان مارجاندەك پارە-پارە ...

تۆرەمنىڭ يۈزلىرى چوغدەك قىزىرىپ ، بەدەنلىرى ئاجايىپ بىر شىددەت بىلەن بۆسۈپ كىرگەن كۈچلۈك ھاراردتتىن جىمىر-لاشقا باشلىدى . ئۇ ، سېھىرلەنگەن كۆزلىرى بىلەن جەننەتنىڭ سۆيگۈ تەلەپ قىلىۋاتقان غەمكىن چىرايىغا تىكىلدى : ئاپئاق بويـ-نىغا ياقۇت كۆزلۈك زۇننار ئاسقان بۇدۇر چاچلىق بۇ قىزنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز باغرىغا يوشۇرغان كېلىشىملىك بەستى - بويى شۇ تاپتا تۆرەم ئۈچۈن ناھايىتىمۇ گۈزەل ھەم يېقىملىق كۆرۈنگەنىدى . ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا قوللىرىنى سو-زۇپ ، جەننەتنىڭ ئاپئاق بارماقلىرىنى مېھرى بىلەن قىستى .

## ئورۇمنىڭ ئالدى - كەينىدە

### 1

سايىمنىڭ شەھەر يولىغا قاراپ ئېچىكى چۈشۈپ قالغىلى تاسلا قالدى . ئۇ ، شەمەر سىجاڭنىڭ تېزرەك چىقىپ ، تۇراپىنىڭ راسا بىر ئەدىپىنى بېرىشنى كۈتەتتى . لېكىن قىرىشقاندەك ، شەمەردىن ئۈچۈر يوق ، كۇنلەر ھەپتىنى ، ھەپتىلەر ئاينى قوغلاپ ئۆتتۈۋەردى . تۇراپ قىلچە پىتىمدىن چۈشمەي ، بەشىنچى دادۇينىڭ ئىشىنى تېخىمۇ يۈرۈشتۈرۈۋەتتى . بەشىنچى دادۈي ھازىر پۈتۈن گۇڭشېنىڭ كۆزى بولۇپ قالغانىدى . دېھقانلار خېلى يىراق يەر-لەردىن كېلىپ ، بۇ يەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان ، ئوخشىغان

زىرائەتلەرگە قاراپ، ئۆردەكلىكلەرنىڭ بەخت ـ تەلىيىدىن زوقلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار ئاچچىقىغا پايلىماي: «شەمەر بىلەن سايىم بىزنىڭ بەختىمىزگە ئولتۇردى، دېهقاننىڭ هالىغا يەتمىگەن باشلىقنىڭ خۇدايىم جاجىسىنى بېرەر» دەپ زارلىشاتتى.

دېمىسىمۇ، بەشىنچى دادۇيدە بۇ يىل مەيلى كوللېكتىپنىڭ بولسۇن، مەيلى شەخسلەرنىڭ بولسۇن، مول ـ هوسۇل ئېلىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالغانىدى. سايىم هەر قېتىم بۇ يەردىن ئۆتكەندە، بۇلۇتتەك يېيىلىپ ياتقان كېۋەز ـ قوناقلارغا، تولۇق دان تۇتقان هەرخىل باشاقلارغا قاراپ ئاچچىقىدىن تولغىنىپ قوياتتى، بەزىدە كۆڭلى دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، تېخى يوق خىياللارغىمۇ غەرق بولاتتى. «مۇبادا، تۇراپىنىڭ يولى توغرا بولۇپ چىقسا، ئۇ مۇشۇ دەسمايىسى بىلەن مېنىڭ بېشىمدا ياڭاق چاقمامدۇ؟! — دەپ ئەنسىرەيتتى ئۇ ۋە يەنە بىر تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى، — ياق، مۇمكىن ئەمەس! خاتا يولدا مېڭىپ ئالتۇن تاپساڭمۇ بىكار. بولمىسا ئۆتكەندە شەمەر سىجاڭ بىلەن جاڭ شۇجى شۇنچە قاتتىق تۇرامتى؟ بەلكىم، ئۇلار هازىر ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ، تۇراپىنى ئۇزۇل ـ كېسىل غۇلىتىشنىڭ چارىسىنى تۈزۈۋاتقاندۇ، مەنمۇ ئۇلارغا ماسلىشىشىم كېرەك. توقمىقىڭ كۈچلۈك بولسا، كىگىز قوزۇقمۇ يەرگە ئولتۇرىدۇ ...»

بۇغدايلار سېرىقتال بولۇپ، دان قېتىشقا باشلىغاندا، سايىم شەمەر سىجاڭغا «ماسلىشىش» ئۈچۈن يېڭى بىر ئويۇننى ئويناپ چىقتى. ئۇ، گۇڭشېنىڭ سۇغا مەسئۇل مۇدىرى بەختى مىراپنىڭ قۇلىقىنى بۇراپ، يىراقتىكى يەتتىنچى دادۈي بىلەن توققۇزىنچى دادۇيدىكى قەهەتچىلىكنى يېڭىش دېگەن نام بىلەن بەشىنچى دادۇيغا تېگىشلىك سۇنىڭ يېرىمىنى قىسقارتىۋەتتى. ئېرىقلاردا لەبىلەپ ئېقىۋاتقان سۇ بىردىنلا زەمزەمگە ئايلاندى. بەشىنچى دادۇيدە

تۆيۇقسىز پەيدا بولغان سۇنئىي قەھەتچىلىك كۆتۈلمىگەن چوڭ ماجىراغا سەۋەب بولدى .

دېھقانلار بۇغدايىنىڭ دان سۇيىنى قان سۇيى ، دېيىشىدۇ . ئۇلار قولغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان بىلىق كۆزىدەك دانلارنىڭ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يىگلەپ نابۇت بولۇشىدىن ئەنسىرەپ ، جان- جەھلى بىلەن سۇغا يېپىشتى . بىر كۈن ئىچىدىلا كوللېك- تىپ بىلەن شەخسىي ئوتتۇرىسىدا سۇ تالىشىش جېڭى باشلىنىپ كەتتى . ھېچكىم - ھېچكىمنىڭ گېپىنى يېمەيتتى ، ھەممىنىڭ خىيالى بىر يۇتۇم بولسىمۇ ، ئۆز يېرىگە كۆپرەك سۇ ئېلىش ، بىر مىنۇت بولسىمۇ بۇرۇنراق سۇ تۇتۇشتا ئىدى . دېھقانلار بىلەن كادىرلار تەڭلا جىددىيلىشىپ قالدى . ئىمىن كۆلا ئىدىتلىق باش- قۇرۇلۇۋاتقان سۇنىڭ تۇيۇقسىز ئازىيىپ كېتىش سەۋەبىنى بىل- لىش ئۈچۈن گۆڭشېغا كەلدى . ئىشخانىدا بەختى مىراپ بىلەن سايىم ئولتۇراتتى . ئىمىن كۆلا ئىشىكتىن كىرىپلا ئالدىراپ سورىدى .

— بەختىكا ، بۇ نېمە ئىش ؟ سۇ نورمىمىزنى تۇيۇقسىز كېمەيتىپ ، دادۇيدە غوۋغا چىقىرىۋەتتىڭىزغۇ ؟

بەختى مىراپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە ، سايىم تەنە ئارى- لاش دوق قىلدى .

— غوۋغانى سۇ ئەمەس ، دادۇيىڭىزدىكى ئېرىقلارنىڭ كۆپلۈ- كى چىقارغاندۇ ، ئىمىن سىكرىتار !

— يولداش سايىم مۇدىر ، سىز ئېرىقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەنسىرىمەڭ ! — دېدى ئىمىن كۆلا ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ ، — نورمىمىزدىكى سۇ بېرىلسىلا ھەرقانچە ئېرىق بولسىمۇ باشقۇرالايمىز .

— نېمىشقا ئەنسىرىمەيدىكەنمەن ؟ ! — سايىم بىردىنلا ئور- نىدىن تۇرۇپ ئۆكۈدى ، — بۇ گۆڭشېنىڭ تەقدىرىگە مەن ئىگە ئەمەسمۇ ؟ ! ئۆتكەندىمۇ يېڭى يول ئاچتۇق ، دەپ مەيدەڭلەرگە

ئۆردۈڭلار ، ئەمدى ئاقىۋىتى نېمە بولدى : مانا مۇشۇنداق ماجىرا بولدى ، يولداش ئىمىن سېكرېتار ، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئەزەلدىن چىقىشالىغان ئەمەس ، لېكىن سىز چىقىشتۇرماقچى بولۇۋېدىڭىز ، ئوتتۇرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى ، ئەمدى بۇ ئوتنى پۈتۈن گۇڭشېنىڭ سۈيىنى بەرسەكمۇ ئۆچۈرەلمەيسىز !

ئىمىن كۆلانىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى ، سايىمنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇ قانداقتۇر بىر سىرلىق نەرسىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى :

— ھە... سىزنىڭ كۆتكىنىڭىزدەك ئىش بوپتۇ - دە ! — دېدى ئۇ ۋە بىردىنلا جىددىي تەلەپپۇزدا ئاگاھلاندۇردى ، — ھەر ھالدا ، ئالدىراپ خۇشال بولماڭ ، خۇشال بولىدىغان چوڭ ئىشلار تېخى ئالدىمىزدا ! ھازىرقى مۇھىم ئىش سۇ مەسىلىسى .

— ھازىرقى مۇھىم ئىش سۇ مەسىلىسى ئەمەس ، يەنىلا يول مەسىلىسى ! — دېدى سايىم بويىنىنى تولغاپ ، — بىز سۇنى كاپىتالىزمنىڭ كاندۈكلىرىغا ئەمەس ، سوتسىيالىزمنىڭ چوڭ ئېتىزلىرىغا ئاقتۇرىمىز !

ئىمىن كۆلا ئالدىراپ تۇراتتى ، سايىمنىڭ گەپنى ئەگىتىپ ئەزمىلىك قىلىشى ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويدى . ئۇ ، ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ بەختى مىراپقا دېدى :

— بەختىكا ، ئۆزىمىزنىڭ سۇ نورمىسىنى بېرىڭلار !

بۇ قېتىممۇ جاۋابنى سايىم ئېلىپ قاچتى :

— بولمايدۇ . ھېچكىمگە بېكىتىپ قويغان ئۆلۈك نورما يوق ! ھازىر قەھەتچىلىكنى يېڭىش مۇھىم ، يىراق دۆلەر گۇڭشېنىڭ ئۆگەي بالىسى ئەمەس - دە !

ئىمىن كۆلا نائۇمىد قايتىپ كەتتى . ئۇ ، سايىمنىڭ سۆزلىرىدىن تازا جىددىي پەيتتە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى سەزدى ، شۇنداقلا ، بۇنىڭ ئارقىسىدا قانداقتۇر بىر شۇم غەرەزنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك قىلدى - يۇ ،

لېكىن تازا جەزم قىلالمىدى . ئىشقىلىپ ، ئىمىن كۆلانىڭ نەزەرىدە ، سايىم بەشىنچى دادۈيدە يۈز بەرگەن ماجىرانىڭ ئۆلگىيىشىنى ، چوڭىيىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى . شۇڭا ئۇ ، قايتىپ بېرىپلا سۈنى قايتىدىن مۇۋاپىق تەقسىملەپ ، ماجىرانى تېزدىن جىمىقتۇرۇش خىيالىغا كەلدى . لېكىن ئىش باشقا ، خىيال باشقا بولۇپ چىقتى ، سۇ گويا پۈتۈن دادۈي مىقياسىدا سەرەڭگە چاقسا ئوت ئالىدىغان مايغا ئايلىنىپ قالغانىدى . قوشنا بىلەن قوشنا ، دۈي بىلەن دۈي ، شەخسىي بىلەن كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ ، بىرنەچچە كادىر توسۇپ قالالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتتى . ئىمىن كۆلانىڭ تەشۋىق ـ تەربىيىسى كارغا كەلمىدى . كىشىلەرنىڭ كاللىسى قىزىپ ، كۆزىگە قىزىللىق تىقىلغانىدى . ئىش شۇ يوسۇندا ئىككى كۈن داۋام قىلدى . بۇ جەرياندا يەتتە ئادەمنىڭ باش ـ كۆزى يېرىلىپ ، تۆت ئادەمنىڭ پۇت ـ قولى مېيىپ بولدى . ئەگەر تۇراپ شۇجى چارۋا دۈيىدىن ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ ، پۈتۈن گوڭشېنىڭ سۇ تەقسىماتىنى مۇۋاپىق تەڭشىمىگەن بولسا ، يەنە قانداق ماجىرالارنىڭ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى . ئۈچىنچى كۈنى ئىش ئۆز ئىزىغا چۈشكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى پۈتۈن گوڭشېدا سادا پەيدا قىلدى . سايىم مانا شۇ «سادا»نى يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە تراكتورغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى .

## 2

«يىراق يەرنىڭ ئەندىشىسى يامان» دېگەندەك سايىمنىڭ بەشىنچى دادۈي ھەققىدە كۆپتۈرۈپ ، شاخلىتىپ يەتكۈزگەن جىددىي خەۋىرى شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى كادىرلار ئارىسىدا خېلى كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلدى . شەمەر بىلەن جاڭ شۇجى ھەم خاپا ، ھەم خۇشال بولدى . ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى «جاراھەتنىڭ

ئۆز ئىچىدىن ئېغىز ئېلىپ» ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل بولۇش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى ئىدى . رەھبەرلىك يەنىلا شەمەرنىڭ يېڭىئاۋاتقا چىقىشىنى بېكىتتى . ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىپ ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى نىيازنىمۇ قوشتى .

بۇ كۈنلەردە شەمەر تۆرەمنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزۈۋېتىش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى . ئۇرۇمچىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلگەن كادىرلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ ، كىچىك ماشىنا بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى باغلاردا سەيلە قىلدۇردى ، مائارىپ ئىدارىسىدىكى تونۇش ـ بىلىشلىرىنىمۇ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ، خېلى مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرغانىدى . لېكىن ، قېرىشقاندەك ئىشنىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتىدە يېڭىئاۋاتتىكى نەس «ماجىرا» ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنى ئەمتىرىتىپ قويدى . ئۇ چىقمىسا بولمايتتى ، ئاخىر تۆرەمنىڭ ئىشىنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى . شۇنداقتىمۇ ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇپ :

— جەننەت ساڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى . ئىمتىھانغا قورقماي قاتنىشىۋەر ، — دېدى ئىشەنچلىك ھالدا ، — قالغان ئىشلارنى مەن جاي ـ جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن . بېيجىڭشاڭخەيگە بارالمىساڭمۇ ، ئۇرۇمچى ـ شىئەنلەرگە چوقۇم بارىسەن .

جەننەتمۇ ئۇنى ئۈمىدلەندۈردى :

— قورقماڭ ، تۆرەم ، ئىمتىھان دېسە ، ناپالىئوننىڭمۇ پېيى سىرقىرىغان ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنچە قورقۇنچلۇق ئىش يوق ، يەنىلا تەلەيگە باغلىق ، سىزنىڭ ئەزەلدىن تەلىيىڭىز ئوڭ يىگىت .

شۇنداق قىلىپ ، تۆرەم سۈر باسقان ھالدا ئىمتىھان مەيدانىغا قەدەم قويغان كۈنى شەمەرمۇ يېشىل رەڭلىك پىكاپقا ئولتۇرۇپ ، يېڭىئاۋاتقا قاراپ يولغا چىقتى .

## 3

ئىيۇل ئايلىرى بەكمۇ كۆڭۈللۈك كەلدى ، بەشىنچى دادۈيگە بەرىكەت ياغقانىدى . بۇغدايلار ئورۇلۇپ ، ئەنجىلەر خامانلارغا دۆۋىلەندى . شۇ كۈنلەردە ئۆردەكلىكنىڭ ھەممە يېرى خۇددى تەكشى ئېچىلغان كاۋا چېچەكىدەك چوڭ ـ كىچىك خامانلار بىلەن توشقانىدى . دېھقانلار ھەۋەس بىلەن ئىشلەيتتى . بۇ يىل تۇنجى قېتىم بۇ يەرنىڭ قەدىمي خامان ناخشىسى ئېيتىلدى ، «لاي ـ لاي »لار بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ ، پۈتۈن يېزىغا ئومۇمىي خوردەك ياڭراپ كەتتى :

هالايلاڭەي ـ كالايلاڭ ،
قۇلاقلىرىڭ گۈرجەك بولسۇن ،
مۈڭگۈزلىرىڭ ئارا بولسۇن ،
تۇياقلىرىڭ پايخان بولسۇن ،
قۇيرۇقلىرىڭ سۈپۈرگە بولسۇن ،
دەسسەڭلارەي ـ يانجىڭلار ...

دېھقانلارنىڭ كۆزى تويۇپ ، كۆڭلى شادلانغان شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەمەر سىجاڭ ئۆردەكلىكتە پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ ، مەھەللىلەردىن تارتىپ ئېتىزلارغىچە سوزۇلغان دۆۋە ـ دۆۋە خامانلارنى كۆرۈپ كۆزلىرى ئالا ـ چەكمەن بولۇپ كەتتى . سول قولىنىڭ بېغىشىغا ئۆتكۈزۈۋالغان كىچىككىنە خۇرۇم سومكىسىنى پۇلاڭلىتىپ ، ئىمىن كۇلانى ئىزدىدى . ئۇ ، بۈگۈن نەق مەيداندىلا ئىمىن كۇلانىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ قويماقچىدى .

ئۇلار ھاشىمكامنىڭ خامانلىقىدا ئۇچراشتى ، تۇراپ شۇجىمۇ شۇ يەردە ئىدى .

— تىنچ كەپلا شەمەر سىجاڭ ،— دېدى ئىمىن كۇلا ئۇنىڭغا

سالام بېرىپ ، — گۈگۈشىغا چىققانلىقلىرىنى تېخى بايىلا ئاڭلىۋىدۇق .

شەمەر سالامنى ئىلىك ئالمىدى . ئۇنىڭ قاپاقلىرى سېلىنىپ كەتكەنىدى .

— يولداش ئىمىن سىكرىتار ، سىزدىكى پارتىيىۋىلىك مەيدان شۇمۇ ؟ ! — دېدى ئۇ ئىمىن كۇلاغا ھۈرپىيىپ ، — يۇقىرىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلماي ، پۈتۈن بىر دادۇينى يەككىلىك يولىغا باشلاپسىز ، دېھقانلارنى ئارقىغا سۆرەپ ، ئەللىكىنچى يىللارغا ئاپىرىپ نېمە قىلماقچىسىز ؟ !

ئىمىن كۇلا قولىدىكى ئارىغا تايانغىنىچە لام - جىم دېمەي ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇردى ، تۇراپ شۇجى گەپكە قۇلاق سالغاچ خامانغا ئاياغ تاشلىدى ، ھاشىمكام بولسا بىر چەتتە ئەنجە يۆتكەش بىلەن ئاۋارە ئىدى .

— قورساق تويغۇزالمىغان يەتمىشىنچى يىللاردىن قورساق تويغان ئەللىكىنچى يىللارغا بارساق يامان بوپتۇمۇ ؟ ! — دېدى ئىمىن كۇلا ئاخىر ئۆزىنى باسالماي .

شەمەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى :

— نېمە - نېمە ؟ ! بۇ سۆزىڭىز سوتسىيالىزمغا قىلىنغان ھاقارەت ئەمەسمۇ ؟ !

ئىمىن كۇلا گەۋدىسىنى رۇسلاپ ، مىيىقىدا كۇلدى :

— سوتسىيالىزمنى ھاقارەتلەشكە ئەزەلدىن تىلىم بارغان ئەمەس ، شەمەر سىجاڭ ، چۈنكى ، سوتسىيالىزم مېنىڭ كۆزۈمنى ئېچىپ ، تىلىمنى ئۇزارتقان .

— ئەمىسە ، نېمە ئۈچۈن يۇقىرى رەھبەرلىك قارارىنى ئىجرا قىلمىدىڭىز ؟ ! — دېدى شەمەر تەئەددى بىلەن ، — باشلىق بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى شامال بىلەن چۆپنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ ، شامال چىققاندا چۆپ ئېگىلىشى كېرەك !

تۇراپ شۇجى چىپپىدە ئىشتىن توختاپ «نېمىشقا ؟» دېدى

ئۆزىچە ھەيران بولۇپ، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن شامال چىققاندا تىك تۇرۇپ، شامالغا دۈمبىسىنى ئەمەس، مەيدىسىنى تۇتۇپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

ئۇ خاماننى ئەگىپ، شەمەرنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— شامال چىقسا ئېگىلىدىغان قامقاقتەك چۆپلەرمۇ بولىدۇ، قارىغايدەك قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ! — دېدى ئۇ قولىدىكى ئارىنى ئەنجىگە سانجىپ قويۇپ، — شەمەر، بەشىنچى دادۇيىنىڭ ئىشىدا ئىمىن شۇجىنىڭ مەسئۇلىيىتى يوق، مەسئۇلىيەت مەندە.

شەمەرنىڭ كۆزلىرى مىتىلداپ كەتتى:

— سىز ... ھە، سىزدە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، لېكىن سىز بىلەن قىلىشىدىغان گەپ ئايرىم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق.

— لېكىن، مەن ئەپسۇسلانمايمەن، شەمەر! — دېدى تۇراپ شۇجى كەسكىن ھالدا، — بەلكىم، شۇ كۈنلەردە جاھىللىقىم ئۈچۈن بەكمۇ خۇشال بولۇۋاتىمەن، قارىغىنە، بۇ بۇغدايلار نېمىدېگەن ئوخشىغان، يېڭىئاۋاتنىڭ تارىخىدا يازغى بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى تۆت يۈز ئوتتۇز جىڭغا چىققان ئەمەس، مانا بۇ يىل چىقتى، بۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟!

— بۇنىڭغا پەقەت كوللېكتىپنىڭ ئۆلىنى كولايدىغان ئايرىم شەخسلەرلا خۇشال بولۇشى مۇمكىن! — دېدى شەمەر تەلۋىلەرچە بېشىنى چايقاپ، — يەككە ئىشلەپ دان ئالغاندىن، كوللېكتىپ ئىشلەپ سامان ئالغان ئەۋزەل.

ھاشىمكام چىداپ تۇرالماي ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

— شەمەر سىجاڭ، ئۇنداقتا مىسالى، سىزنى ئاۋۇ ئالا ئۆكۈزنىڭ ئورنىدا ئوقۇرغا باغلاپ قويساق، ساماننىڭ تەمىنى تېتىپ باقامسىز؟!

تۇراپ شۇجى بىلەن ئىمىن كۈلە قاتتىق كۈلۈپ كەتتى،

ئۇلارنىڭ كۆلكىسىدىن خامانىنىڭ چەت ـ چۆرىسىدە دانلاپ يۈر-
گەن قۇشقاچلارمۇ پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى . شەمەرنىڭ چىرايى
تۇتۇلۇپ ، تەلەتى سۆرۈنلەشتى . هاشىمكامنىڭ سۆزى ئۇنىڭ ئىز-
زەت ـ ئابرۇيىغا تەگكەندى . لېكىن ئۇ هاشىمكامغا رەددىيە
بەرمىدى ، بەلكى ئۇنى ئۆز سالاهىيىتىگە نىسبەتەن «ئەرزىمەيدۇ»
دەپ قارىدىمۇ ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، تۇراپ شۇجىنى باشلاپ
كەتتى .

ئۇلار ئۆردەكلىكنى ئايلىنىپ ، ئائىلىلەر بويىچە چەشلەنگەن
بۇغدايلارنى كۆردى . شەمەرنىڭ چىقىشى بىلەن دېهقانلارنىڭ مول
هوسۇل خۇشاللىقى بىردىنلا دەككە ـ دۈككىگە ئالماشتى . ئۇلار
شەمەرگە يەر ئاستىدىن سىرلىق قاراپ ،بىر ـ بىرىگە ئاللىنېمە-
لەرنى شىۋىرلىشاتتى .

شەمەر ئەتىسى گوڭشې پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى
ئېچىپ ، بىر هازا قاتتىق قايىندى ، هەربىر سۆزىدە تۇراپ شۇجى-
نى خۇددى ئۇچ قىرلىق بىگىزدەك سانجىپ ئۆتتى ۋە ئاخىرىدا :

— يولداشلار ، بەشىنچى دادۈي يۇقىرى رەهبەرلىك بىلەن
باشتىن ـ ئاخىر قارشىلىشىپ ، ئېغىر هالدا يول خاتالىقى ئۆت-
كۈزدى ! بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان «سۇ ماجىراسى»نىڭ
تەسىرىمۇ ئىنتايىن يامان بولدى . مەن سىلەرگە تۆۋەندە شەهەر-
لىك پارتكومغا ۋاكالىتەن ، بەشىنچى دادۈي مەسىلىسىنى هەل
قىلىش توغرىسىدىكى قارارنى ئېلان قىلىمەن : بىرىنچى ، «ئو-
زۇقلۇق ئېتىزى»دىن چىققان ئاشلىقلارنىڭ هەممىسى ئۆلچىنىپ
كوللېكتىپقا ئۆتكۈزۈلىدۇ ؛ ئىككىنچى ، گوڭشې شۇجىسى تۇراپ
بىلەن بەشىنچى دادۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ئىمىن
خىزمەتتىن توختىتىلىپ ، ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ ۋە تارقىلىپ كەت-
كەن يامان تەسىرنى تازىلايدۇ ! — دېدى .

تۇراپ شۇجى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، شەمەرگە مىختەك
قادالدى :

— مەن قوشۇلمايمەن !
— سىز يۇقىرىنىڭ پىكرىگە قاچان قوشۇلغان ! ھېلىمۇ قوشۇلماسلىق سىزنىڭ ھوقۇقىڭىز ، — دېدى شەمەر ئالدىدىكى قەغەزلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، — لېكىن ، ئىسىڭىزدە بولسۇنكى ، ئىجرا قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز !

## 4

چۈشتە يېغىشقا باشلىغان سىم - سىم يامغۇر كەچكە يېقىن ئاق يېغىنغا ئايلاندى . نىياز دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ، تۇمانلىق ئاسمانغا قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى . ئۇنىڭ كۆڭلى تۇنۇگۈندىن بېرى ئەنە شۇ ئەسكى كىگىزدەك ئىسىلىپ تۇرغان قارا بۇلۇتقا ئوخشاش غەش ئىدى .

بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆردەكلىكنى جىمجىتلىق قاپلاپ ، دېھقانلار بۇرۇقتۇرمىلىققا چۈمدى . كىشىلەر : دېھقانلارغا «ئوز ۋقلۇق ئېتىزى» بېرىش توغرىمۇ ، قانداق ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىناتتى . بۇ سوئال نىيازنىمۇ چوڭقۇر خىيالغا سالدى ، ئوز ۋقلۇق ئېتىزلىرىدىن چىققان بۇغداي مەھسۇلاتى ئۇنى ناھايىتى قىزىقتۇرغانىدى . ئۇ ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ ، ئۈچ دۆيدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى . ئۆتكەندە تېرىلغۇ يەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا ئاشلىق تېرىلغان بولسىمۇ ، ئاشلىق يەنىلا يېتىشمەيتتى . ئەمما بۇ قېتىم «ئوز ۋقلۇق ئېتىزى» چارىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ، كىشى بېشىغا بەش پۇڭدىن — تېرىلغۇ يەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىلا تەقسىم قىلىنىپ ، ئوز ۋقلۇق ئاشلىق مەسىلىسى يېتەرلىك ھەل قىلىنغانىدى . قالغان ئىككى قىسىم يەرلەرگە يەنە ئاشلىق ھەم كېۋەز ، زىغىر قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلىپ ، دۆلەتكە ، كوللېكتىپقا ۋە شەخسلەرگە ئوخشاش پايدا يەتكۈزۈلگەنىدى .

مانا شۇنداق ياخشى چارە، ئۇنۇملۇك تەدبىرگە نىسبەتەن ئارقا- ئارقىدىن چەكلەش بۇيرۇقى چۇشۇرۇلگەنلىكى نىيازدىمۇ چوڭقۇر گۇمان پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ، تۈنۈگۈنكى سۆھبەت يىغىنىدا بىرنەچچە دېھقاننىڭ ئوتتۇرىغا قويغان يوللۇق پىكىرلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ قاتتىق سىلكىندۈردى.

— يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا يورۇقلۇققا چىققاندۇق، — دېگەندى ياشانغان بىر دېھقان ئېغىر خۇرسىنىپ، — ئەمدى ئىسسىقلىققا چىقتۇق، دەپ تۇرساق، سىلەر بۇ ئىسسىقلىقنىمۇ بىزدىن تارتىۋالدىڭلار!

نىياز ئىختىيارسىز ھالدا:

— ئوزۇقلۇق ئېتىزى بېرىش چارىسى ياخشىمىكەن؟ — دەپ سورىغانىدى، بىرنەچچەيلەن تەڭلا ئېغىز ئېچىپ، يىغىن مەيدانىنى جانلاندۇرۇۋەتتى.

— نېمىسىنى دەيلا باشلىق، — دېدى ئاخىرىدا ياشانغان بىر دېھقان كۆلۈپ تۇرۇپ، — مۇنداق يېڭى سىياسەتنى تۈزۈپ، مۇشۇنداق ئوبدان چارىنى تاپقان شۇجىيىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي ... بۇ سىياسەت يەنە تۆت - بەش يىل يولغا قويۇلىدىغان بولسا، بىز قېرىلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش كىچىك كوڭكىدا ئولتۇرىدىغان بولاتتۇق، كىچىك كوڭكا ئالالمىغان تەقدىردىمۇ، «سۆپەك»تىن بىرنى ئېلىپ، يەر ھەيدەش، ئوغۇت توشۇش، بازارغا بېرىش، مېھماندارچىلىق قىلىش ئىشلىرىغا ئىشلىتەتتۇق ...

تۈنۈگۈن نىياز تۈن ھەسسىسىگىچە ئۇخلىيالمىدى، كۆز ئالدىدىكى رېئال پاكىت، قۇلاق تۇۋىدىكى ئارزۇ - تەلەپ ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابلىدى.

ئەللىك بەش يىللىق ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك يېزا ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان بۇ پېشقەدەم كادىر كاج تەلەي دېھقانلارنىڭ جاپا - مۇشەققىتىنى، ئارزۇ - ئارمىنىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ، بىرنەچچە قېتىم دېھقانلار بىلەن يېمەك - ئىچمەك،

يېتىپ ـ قوپۇشتا بىللە بولۇش جەريانىدا ، ئۇلارنىڭ يەلكىسى ئىسسىپ ، قورسىقى تويسىلا ، ھېچقانداق خەقنىڭ قىلماي ھالال-لىق بىلەن كالىدەك ئىشلەپ ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن شەرەپ قازى-نىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەندى . لېكىن ئۇن يىللىق بالايىئاپەت ئۇلارنىڭ يىلىكىنى ئۈزۈۋەتتى ، چوڭ قازاننىڭ ئىشى قورساق تويغۇزۇشقا يېتىشمىدى …

بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ، يېڭىئاۋاتلىقلارنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىلھامى بىلەن يول تېپىپ ، ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەر-تىشكە ئۇرۇنغانلىقى ياخشى ئىش ئەمەسمۇ ؟

ئىشىكنىڭ جالاقىدە ئېچىلىشى نىيازنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى . ئۆيگە ئۇستۇېشى چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن شەمەر كىرگەندى . نىياز دېرىزىدىن كۆز ئۈزۈپ ئۇنىڭغا قارى-دى .

— نەلەرگە بېرىپ كەلدىڭىز ؟ — سورىدى ئۇ لامپىنى ياندۇرۇۋېتىپ ، — قارىڭە ، ئۇستۇېشىڭىز سۇزمە خالتىسى بو-لۇپ كېتىپتۇ .

— نەگە باراتتىم ، يەنە شۇ تۇراپىنىڭ ئىشى ! — شەمەر چاپان يەڭگۇشلەۋېتىپ غودۇڭشىدى ، — بىلمەيتىكەنمەن ، ئۇ ئۆزى قەيەرنى تۇتسا شۇ يەرگە سانجىلىدىغان قارا تىكەنكەن ، ئەمدى ئۇنىڭغا چارە كۆرۈشتىن باشقا ئامال قالمىدى .

— قايسى ئىشقا چارە كۆرمىز ؟ — سورىدى نىياز خۇپسەن-لىك بىلەن .

— قايسى ئىشقا دەيسىزغۇ ! ؟ — شەمەرنىڭ كۆزى ھەيران-لىقتا پارقىراپ كەتتى ، — يېرىم يىلدىن بېرى ئۇنىڭ يېڭىئاۋاتتا قىلغان ئىشى ئازمۇ ؟ !

— ھەقىقەتەن ئاز ئەمەسكەن … ، — نىياز ئىختىيارسىز ھالدا كۆڭلىدىكى سۆزنى ئېيتىۋەتتى ، — ئىشقا يارىشا نەتىجىسى-مۇ بار ئىكەن .

— سىز ! ...

— ھە ، مەن بىر ئاز ئويلاپ قالدىم ...

ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىغىنىچە بىرەر مىنۇتتەك ئىمتاس تۇرۇپ قالدى ، ئاخىر شەمەر تەئەددى قىلغاندەك سوغۇققىنە دې-دى :

— ئويلايدىغان نېمىسى بار ؟ ئويلاشقا توغرا كەلسە ، ئالدى بىلەن ھەممىمىز پارتىيىۋىلىك مەيدانىمىزنى ئويلاپ باقساق بولى-دۇ .

— توغرا ، پارتىيىۋىلىك مەيدانىمىزنى ئويلىشىمىز كې-رەك ، — دېدى نىياز ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ، — مېنىڭچە ، بىز ئالدى بىلەن پارتىيىۋىلىك مەيدانىمىزنىڭ ئاممىنىڭ مەنپەئى-تىگە ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقىنى ئويلىشىمىز كېرەك !

— يولداش نىياز ، سىزگىمۇ تۇراپىنىڭ جىنى چېپىلغانمۇ نېمە ؟ ! — دېدى شەمەر چالۋاقىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئۇنتۇپ قالماڭ ، جاڭ شۇجىنىڭ سۆزى ئېسىڭىزدە بولسۇن !

— ئېسىمدە ! — دېدى نىيازمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، — لېكىن ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىمۇ ئېسىمدە !

ئىككىسى شۇ تەرىقىدە خېلىغىچە دەتالاشتى . ئەگىتمە سۆز-لەر ، تەنە - تەئەددىلەر چوڭقۇرلاشقانسېرى ، شەمەرنىڭ ئوغىسى قايىندى ، ئۇ ئاخىر نىيازغا بويۇن تولغاپ :

— قولىڭىزدىن كەلسە ، تۇراپنى ئاقلاپ يۇقىرىغا ئەرز يې-زىڭ ! — دېدى - دە ، چالۋاقىغان پېتى ياندىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتى .

نىياز ئۆيدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يەنە خىيالغا پاتتى ، شەمەرنىڭ سۆزلىرى ئۇنى سەگىتىپ ، يېڭىئاۋاتنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا تېخىمۇ دادىلراق ئويلاشقا رىغبەتلەندۈردى . بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە شەمەرنىڭ ھېلىلا چالۋاقاپ ئېيتقان «يۇقى-رىغا ئەرز يېزىڭ» دېگەن سۆزى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى -

ده ، كۆڭلىگە بىر خىيال كەلدى .

توغرا ، كوممۇنىستلار ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى يوشۇرغان ئەمەس ، نېمە ئۈچۈن ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئويلىرىنى يۇقىرى رەھبەرلىككە ئېيتالمايدۇ ؟ !

تۇراپ شۇجى ھېچنېمىدىن قورقماي ، شۇنداق دادىل ئىشلىگەن يەردە ، ئۇ تۆت ئېغىز لىللا گېپىنى پارتىيە تەشكىلىگە ئېيتىشتىن قورقسا بولامدۇ ! ... ئەلۋەتتە ، ئۇ «ئەرز» قىلمايدۇ ، بەلكى بىرنەچچە كۈندىن بېرى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلغان ئەھۋالالارنى ئەينەن دوكلات قىلىدۇ .

نىيازنىڭ بىردىنلا كۆڭلى يورۇپ ، ئۆزى يەڭگىللەپ قالدى ، ئۇ لامپا يورۇقىغا كېلىپ قەلەمنى قولىغا ئېلىۋىدى ، بىرنەچچە كۈندىن بېرىقى كۆرگەن ـ بىلگەن ئەھۋاللىرى كۆز ئالدىدا جانلىنىپ ، قەغەز بېتىگە مارجاندەك تىزىلىشقا باشلىدى ...

## 5

سېمونت يول بويىدىكى ئېلېكتر چىراغلىرىنىڭ بىنەپشە رەڭ شولىسى تۈنۈگۈن ياغقان يامغۇرنىڭ توختام سۈيىدە جىمىرلاپ تۇراتتى .

يول شۇنچە ئازادە ، ئادەم شالاڭ ، چەت ـ چۆرىلەردە غۇژـ غۇژمەك ئولتۇرغان كەچكى ئوقەتچىلەرنىڭ ئاگان ـ ئاگاندا خېرىدار چاقىرىپ ، توۋلىغان خۇش نەپەس ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

تۆرەم بىلەن جەننەت ئاخىرقى كىنودىن قايتىپ ، يول ياقىسىدىكى ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنىڭ قويۇق سايىسىدە پاراڭلىشىپ كەلمەكتە .

— ھەممە پېشكەلچىلىك شەمەر سىجاڭنىڭ يوقلۇقىدىن بولدى ، — دېدى جەننەت تۆرەمنىڭ قولتۇقىغا تېخىمۇ يېقىن

يېپىشىپ ، — دادىڭىز بولسا ئىمتىھاندىن ئەمەس ، پىلسىراتنىڭ كۆۋرۈكى بولسىمۇ ئۆتۈپ كېتەتتىڭىز .

تۆرەم ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى . ئۇ ، بۇ قېتىمقى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ بىرەر پەنىدىنمۇ ئۆتەلمىگەنىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئانچە ھەسرەتلىنىپ كەتمەيتتى . ھەسرەتلىنىدىغىنى ئۆزىنى چاغلىماي ، خۇددى ئېشەك مىنىپ ئات بەيگىسىگە چۈشكەندەك ، ئەخمەقلىق قىلغىنىدا ئىدى .

— بۇ گەپلەرنى ئەمدى قويۇڭ ! — دېدى ئۇ ئەلەملىك تىنىپ ، — ھەممە پېشكەلچىلىك ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىقىدە ! ئادەم ئۆزىنى بىلىشى كېرەك ئىكەن ، ھېچقاچان ئۆكۈزنىڭ ئورنىغا ئۆچكىنى قوشقا قاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەپتىمەن .

ھەر ئىككىسى بىر پەس جىم بولدى . جەننەتنىڭ چېچەن ، يۇمشاق تىللىرىمۇ بىردىنلا گەپكە كەلمەي قالدى . تۆرەم كېيىنكى كۈنلەردە نېمە ئۈچۈندۇر يېڭىئاۋاتنى يەنە يات ـ يات ئەسكە ئالىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بىر چاغلاردا يېزا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانچە جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولسىمۇ ، لېكىن تاتلىق ، ھەرقانچە ھېرىپ ـ چارچاشلىق بولسىمۇ ، لېكىن خۇشاللىق بىلىنەتتى . لېكىن ھازىرقى ئۆلۈك سۈدەك شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز ، تىرىك تاپتەك ئىجاد ـ مېھنەتسىز ئۆتۈۋاتقان ھەشەمەتلىك ھاياتى ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا تولىمۇ مەنىسىز ھەم قەدىرسىز بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ، كەڭ ئېتىزلاردىكى قىيقاس ـ چۇقانغا تولغان خۇشال ئەمگەكلەرنى ، بۈك ـ باراقسان باغلاردىكى ھەر ـ خىل قۇشلارنىڭ چىرايلىق سايراشلىرىنى ، بېلىقلاردەك ئەركىلەپ شۇڭغۇغان ھۆزۈرلۈق دەريا سۇلىرىنى ، يېزىنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس ساپ ھەم يېقىملىق ھاۋالىرىنى خۇمار قىلغانىدى .

جەننەتنىڭ تۇيغۇن يۈرىكى تۆرەمدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئاللىقاچان سەزگەن ، شۇڭا ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۇنىڭ يېنىدىن ئاجرىماي ، بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلۈك ناز ـ خۇلقى بىلەن ئۇنى

ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئىنتىلىشلارنى ئۇجۇقتۇرماقچى بولغانىدى. لېكىن قېرىشقاندەك، تۆرەم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەننەتمۇ بەزى چاغلاردا ئۇنىڭغا خۇش ياقمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەس گەپلىرى، مەنىسىز كۈلكىلىرى بەزىدە تۆرەمنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرۇپ قوياتتى.

ئۇلار دەرەخ سايىسىدىن ئەگىپ، چوڭ يولغا چىققاندىلا ئارىدىكى ئېغىر جىمجىتلىقنى جەننەت بۇزدى:

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدى ئۇ ئەركىلەپ، — تاغدەك دادىڭىز بار، چوڭ ئىدارىلەردىن بىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسا، شۇ يەردىمۇ شان - شۆھرەتلىك بولالايسىز، تۇرمۇشىمىزمۇ يەنە گۈلدەك ئۆتۈۋېرىدۇ.

— جەننەت، بۇنداق گەپلەرنى قويۇڭ! — تۆرەمنىڭ چىرايى تېخىمۇ تۇتۇلۇپ كەتتى، — مەن نېمە ئويدا، سىز نېمە كويدا!

جەننەت بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن تامشىندى - يۇ، لېكىن ئۇدۇل تەرەپتىن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر گەۋدىنى غىل - پال تونۇپ، يۈرىكى «قارت!» قىلغىنىچە توختاپ قالدى.

— جەننەت خېنىم، بار ئىكەنسىز - ھە؟! — ھېلىقى گەۋدە ئۇنىڭ ئالدىدا چىپپىدە توختىدى، — مەن تېخى سىزنى...

شۇ تاپتا جەننەتنىڭ چىرايى شۇنداق غەلىتە ئۆزگەردىكى، پەقەت تۇيۇقسىز قولغا چۈشۈپ قالغان گۇناھكاردىلا شۇنداق ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، تۆرەم ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرمىدى، جەننەتمۇ تېزلا ئۆزىنى ئوڭشاپ، تۆرەمنىڭ قولىغا چىڭ ئېسىلغىنىچە ھېلىقى گەۋدىگە كايىدى:

— ھۇ... بېشىڭنى يەيدىغان مەست، مېنى نېمە چاغلاۋاتىسەن؟! سېنى كىم تونۇيدۇ؟

ھېلىقى گەۋدە راستىنىلا شىر كەيىپ ئىدى ، ئاغزىدىن ھاراق-
نىڭ قاڭسىق ھىدى بۇقسۇپ تۇراتتى .

— مېنى تونۇمايسىز ... راست ، ھە؟ ...— دېدى ئۇ ئاچچىق
كۈلۈپ ، — كۆزىڭىز پارقىراپ تۇرۇپتۇغۇ ، جەننەتخان ...
ئاغزىڭىزمۇ «نىجات ، نىجات» دەپ پىچىرلاۋاتقاندۇ ، تېخى .

— سېنى كىم تونۇيدۇ ! — دەپ تەكرارلىدى جەننەت بىر-
دىنلا ئەسەبىي ۋارقىراپ ، — كۆزۈڭگە جىن چېپىلىپتۇ ... تۆرەم
قاراپ تۇرىسىزغۇ !

تۆرەم شۇ چاغدىلا ئېسىگە كەلدى ، كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان
بۇ ئىشلار خۇددى تۇيۇقسىز چاقىغان چاقماقتەك ئۇنى پۈتۈنلەي
گاڭگىرىتىپ قويغانىدى .

— سالام ، يولداش تۆرەم ! — دېدى ھېلىقى گەۋدە مۇلايىم-
لىق بىلەن تۆرەمگە بۇرۇلۇپ ، — تونۇشۇپ قويايلى ، ئىسمىم
نىجات ، پولات زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسىمەن ، يېرىم يىل تېخىنىكا
ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە بېرىپ يېقىندا قايتىپ كەلدىم ،
بۇياق بىلەن ، — دېدى ئۇ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن
جەننەتنى ئىما قىلىپ ، — ئىككى يىللىق ...

— تۆرەم ، نېمىگە قاراپ تۇرىسىز !؟ — جەننەت بىردىنلا
يىغلامسىراپ تۆرەمنىڭ قولىنى سىلكىشلىدى ، — ئۆزىڭىز سۆي-
گەن قىزنى يولدا ئۇچرىغان مەست لۈكچەك ھاقارەتلىسە چىداپ
تۇرامسىز !؟

جەننەتنىڭ سۆزى تۆرەمنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىنى ئويغاتتى .

— ھە ئاداش ! مەست ئىكەنسەن ، ئاستا يولۇڭغا ماڭ ! —
دېدى ئۇ غۇژژىدە كەلگەن ئاچچىقى بىلەن نىجاتقا ھۈرپىيىپ ، —
ھېلى بىكار ساقچىنىڭ كالتىكىنى يەپ قالمىغىن .

نىجات مەسخىرە بىلەن كۈلدى :

— يولداش ئاغىنە ، سىزمۇ ئالدىنىپ قالماڭ ، ساقچى كال-
تىكى بەدەنگە تېگىدۇ ، لېكىن ئالدامچىنىڭ كالتىكى يۈرەككە .

شۇ ئەسنادا ، بۆلارنىڭ يېنىدىن ۋېلسىپىتنى غۇيۇلدىتىپ زەپەر ئۆتۈپ قالدى . جەننەتنىڭ پۈت - قولىغا باشقىچە جان كىرىپ زەپەرگە يېلىندى :

— زەپەر ، هوي زەپەر ، توختىغە ، ماۋۇ مەست لوكچەك ئالدىمنى توسۇپ بوهتان چاپلاۋاتىدۇ .

زەپەر بىر كەچكى ئولتۇرۇشتىن خېلى كەيىپ قايتقاندى ، ئۇ ، جەننەتنىڭ مىسكىن ئاۋازىنى ئاڭلاپ شارتتىدە ئارقىغا بۇ-رۇلدى ، جېدەل دېسە ، بېلىنى ئەچچە يەردىن باغلاپ چىقىدىغان بۇ بەڭۋاش يىگىت ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى سورىمايلا نىجاتقا دېۋەيلەپ كەلدى .

— هاراقنى ئاغزىڭغا ئىچتىڭمۇ ، بۇرنىڭغىمۇ !؟ — دېدى ئۇ شەپكىسىنىڭ چىكىلىگىنى ئارقىسىغا بۇراپ ، — بىزنىڭ ئاغى-نىلەرنى يالغۇز دەپسەن - دە ! شەھەرنىڭ ئىگىسى بار جۇمۇ ... قوزىدەك ياۋاش بىر قىزغا بوهتان چاپلىغان ئاغزىڭ قايسى !؟

نىجات تۇيۇقسىز تەگكەن كاللا زەربىدىن ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى . ئۇنىڭ بېشى سېمونتقا قاتتىق تېگىپ ، ئاغزى ، بۇرنىدىن قان كەتكەندى .

زەپەر غالىبلارچە مەيدىسىنى كېرىپ ، تۆرەم بىلەن جەننەتكە ھىجايدى .

— خەيرخوش ... قارا كاپىر ئۇجۇقتى ، تاھىر - زۆھرەنىڭ كېچىسى كۆڭۈللۈك بولسۇن ! ھۇشت ... مەن كەتتىم ... ، — دېدى ئۇ بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ .

زەپەر قانداق تېز كەلگەن بولسا ، شۇنداق تېز كۆزدىن غايىب بولدى . تۆرەم يەردە ئىڭراپ ياتقان نىجاتقا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى ، لېكىن نىجات كاپىلا قىلىپ ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى .

— سەنلەر ... بىكاردىن ئادەم ئۇرۇپ ...

جەننەت تۆرەمنىڭ قولىنى تارتتى :

— يۇرۇڭ ... تېزرەك كېتەيلى !

— پۈتۈمنى قويۇۋەت ! — دېدى تۆرەم ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن تېزرەك چىقىشقا ئۇرۇنۇپ .

— شەھەرنىڭ ئىگىسى يوقمۇ ... ، — نىجات ئۇنىڭ پۇتىغا تېخىمۇ چىڭ ئېسىلىپ ۋارقىراشقا باشلىدى .

تۆرەم ئەمدى بىرئاز جىددىيلىشىپ قالدى ، ئۇ ، پۇتىنى بوشىتىش ئۈچۈن قاتتىق سىلكىۋىدى ، شىبلىتىنىڭ ناھاللىق ئۆكچىسى نىجاتنىڭ كۆكسىگە تەگدى . نىجات تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىراشقا باشلىدى .

دەل شۇ چاغ ئۇلارنىڭ يېنىدا كەچلىك كۆزەتكە چىققان ئىككى ساقچى پەيدا بولدى . نىجات قاتتىق زەخمە يېگەنىدى ، ساقچىلار ئۇنى تۆرەمگە كۆتۈرگۈزۈپ ئېلىپ ماڭدى ، جەننەت بولسا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى .

## 6

ئىشىكنىڭ بىمەھەل چېكىلىشى شەمەرنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى .

— كىم ؟ — دېدى ئۇ كۆزىنى تەستە ئېچىپ .

— مەن ... مەن سىجاڭ ، — گۈڭشي خەۋەرچىسىنىڭ ھولۇققان ئاۋازى ئاڭلاندى ، — ئۆردەكلىكتە چاتاق چىقتى ، خەقلەر سايىم مۇدىرنى ئارىغا ئېلىۋاپتۇ .

شەمەر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ، بايىلا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلغان شېرىن ئۇيقۇ بىردىنلا قاياققىدۇر غايىب بولغانىدى .

— نېمە گەپ بولدى ؟ ئالدىرىماي ئېيتقىنە ، — شەمەر سۆزلىگەچ ئىشىكنى ئاچتى ، لېكىن ئىشىك ئالدىدا خەۋەرچىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى .

«تووۋا ! ... قارا بىسىپ ، ئۆندەرىدىممۇ نېمە ؟ ! — شەمەر ئىشىككە يۆلەنگىنىچە ۋەھىمە ئارىلاش خىيالغا پاتتى ، — بىرى چاتاق چىقتى دېگەندەك قىلىنىۋىدىغۇ ؟ قانداق چاتاق چىققاندۇ ؟ ... ئۆردەكلىدىك ، تىۋراپ ... ھىەي ئىەخمەق ! يەنە نېمە چاتاق چىقاتتى ! ؟ ئەمدى چاتاق چىقارغاننىڭ ... »

شەمەرنىڭ خىيالى تۇيۇقسىز ئاڭلانغان شاۋقۇن - سۈرەندىن چېگىلىپ كەتتى . ئۇ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى ، گۆڭشې دەرۋازىسىدىن دەۋرەپ كىرىۋاتقان بىر توپ دېھقانلار بىلەن چىرا- يى تاتىرىپ كەتكەن سايىمغا كۆزى چۈشتى . شەمەر خىيالدىن دەرھال ئۆزىنى يىغىپ ، سۈرلۈك قىياپەتتە بوسۇغىدىن ئاتلىدى . ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىۋاتقان چوڭ - كىچىك توپنىڭ ئالدىدا ئىمىن كۆلا ، ھاشىمكام قاتارلىق بىرقانچە كادىر ۋە پېشقەدەم دېھقانلار تۇراتتى . شەمەرنىڭ قىسىلغان كۆزلىرى شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان تۇراپنىڭ قوپال گەۋدىسىنى كۆرۈپ ئۇلگۈردى .

شەمەر قولىنى ئارقىغا تۇتقىنىچە ئالدىغا ئىككى قەدەم سىل- جىپ ۋارقىرىدى :

— خوش ، نېمە گەپ ؟ !

سايىم دەرھال ئۆزىنى شەمەر تەرەپكە ئېتىپ دادخورلۇق ئېيتتى :

— سىجاڭ ، بۇلار ... بۇلار پارتكومنىڭ قارارىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى !

ھاشىمكام زەردە بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى :

— سايىم ، يالغان سۆزلىمە ! دېھقان خەق ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلىغان ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ئەمەس ! بۇنداق ئىش ساڭا ئوخشاش ئىسيان بىلەن باش كۆتۈر- گەنلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ !

— ھاشىمباي ، يېقىندىن بۇيان ئۇششاق تىللىرىڭىز چىقىپ

قاپتۇغۇ؟ ! — دېدى شەمەر زەھەرخەندىلىك بىلەن مىيىقىدا كۈ-
لۈپ ، — سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرغان بالىڭىز ياكى نەۋرىڭىز
ئەمەس ، بىرى گۈڭشېنىڭ ، بىرى شەھەرنىڭ باشلىقى ! گېپىڭىز
بولسا يولىدا قىلىڭ !

ھاشىمكام تازا بىر تۇرۇلۇپ ، كېيىن يەنە ئۆزىنى بىر ئاز
باستى - دە :

— يولداش سىجاڭ ، يولىدا قىلغان گەپ ئاقمىسا ، ئەمدى
زادى قانداق قىلىمىز ؟ ! — دېدى قاقشاپ ، — ياغاچ ئاياقنى
ئۆزۈڭلار كۆتۈرۈپ ، تۇگمەن تېشىنى بىزگە كۆتۈرگۈزۈپ قوي-
ساڭلار بولامدۇ ؟ ! بۇ دۇنيادا دېھقانلارلا بىتەلەي كېلەمدۇ ؟ ئىش-
لىمىسەك تېخى بولمىسا ، ئىشلىسەك تاپقانغا تېخى ئىگە بولالمى-
ساق ، سۆزلىمەي قانداق قىلىمىز ؟ ! كالىنىڭ بېشىغا كۈن چۈش-
سىمۇ بوقىراپ كېتىدۇ ، سىجاڭ !

ھاشىمكام توختىشى بىلەن تەڭ كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن
ئاۋازلىداقتەك پاراسلاپ كەتتى :

— ئىشلىگەن چىشلەيدۇ ، دېگەن پرىنسىپلار قېنى ؟ !

— بىز بۇ ئۇزۇقلۇق ئېتىزلىرىنى كۆز يېشىمىزنى سۇ
قىلىپ ، تەرلىرىمىزنى ئوغۇت قىلىپ كۆكەرتكەن ، ئەمدى ئاغزى-
مىز ئاشقا تەگسە ، سىلەر كېلىپ بۇرنىمىزنى تاشقا
ئۇرماقچىمۇ ؟ !

— ئاشلىقنى بەرمەيمىز ، بىز ئۇنى ئوغرىلىمىدۇق ، ئىشلەپ
تاپتۇق !

كۆپچىلىكنىڭ سۆزى كەسكىن ئىدى ، ئۇلار خۇددى «قېرى
كالا پىچاقتىن قورقمايدۇ» دېگەندەك ئەلپازدا شەمەرگە دېۋەيلەپ
تۇراتتى . شەمەر كۆڭلىدىكى ئالاقزادىلىكنى چاندۇرماي ، يەنە شۇ
سالاپىتى بىلەن گىدەيگەن ھالدا تۇراپ شۇجىغا قاراپ ۋارقىرىدى :

— تۇراپ ، بۇ نېمە گەپ ؟ !

— نېمە گەپلىكىنى ئۆزۈڭ ئاڭلاۋاتىسەنغۇ ! — دېدى تۇراپ

خاتىرجەم ھالدا ، — سىنىڭ ئىككى ماددىلىق قارارىڭغا ئاممىنىڭ پىكرى بار ئىكەن !

شەمەر چالۋاقىغاندەك ئاچچىق بىلەن يەنە ۋارقىرىدى :

— بۇ ، ئاممىنى قۇترىتىپ ، يۇقىرى رەھبەرلىككە قارشى قوزغاش ! يولداش تۇراپ ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قايسى مەيداندا تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى ئويلاپ قويۇڭ !

— مەن بۇنى ئۇزۇندىن بېرى ئويلىغان ، — دېدى تۇراپ يەنە شۇ ئېغىر - بېسىقلىقى بىلەن ، — مۇشۇ مەيداندا تۇرۇۋاتىمەن ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۇرىۋېرىمەن !

شەمەرنىڭ چىرايى پۇرۇشۇپ ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى :

— سىز ! ...

ئۇنىڭ سۆزىنى بىر دېھقان ئېلىپ قاچتى :

— سىز ھە دېسىلا تۇراپ شۇجىغا ئېسىلىۋالماڭ ، سىجاڭ ، بىز باز - بازغا سالسا يۇگۇرۇپ كېلىدىغان چۈجە - خوراز ئەمەس ، ئالدىمىز چەۋرە كۆرگەن ئادەملەرمىز . بىزنى بۇ يەرگە ئۆز ئەمگىكىمىزنىڭ ئاچچىق ھەسرىتى باشلاپ كەلدى ، سىزنى ئۆز رەھبىرىمىز ، پىكرىمىزنى ئاڭلايدۇ ، دەپ كەلدۇق .

بۇ سۆزلەر شەمەرنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى ، ئۇ ، گويا مۇرەككەپ بىر چىگىشنىڭ يىپ ئۇچىنى تېپىۋالغاندەك ، شۇنى چىڭ تۇتسىلا چىگىش ئۆزلۈكىدىن يېشىلىپ كېتىدىغاندەك يەنىلا تۇراپقا ئېسىلىۋالغانىدى :

— يولداش تۇراپ ، ئەگەر سىز يەنىلا شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسىڭىز ، ئاخىرقى قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي : گۇڭشې شۇجىلىقىڭىزدىنمۇ ئۇمىد قالمايدۇ !

تۇراپ بۇ قېتىم توپنىڭ ئارىسىدىن سوغۇرۇلۇپ ، شەمەرگە يېقىنراق كەلدى ، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مەسخىرە ئارىلاش كۈلكە يېغىپ تۇراتتى .

— يولداش شەمەر ، شۇجىلىق ماڭا ئەزەلدىن بەخشەندە بولغان ئەمەس ، — دېدى ئۇ ھەممىگە ئاڭلانغۇدەك دانە - دانە قىلىپ ، — لېكىن يېڭىئاۋاتلىقلار بىلەن تەقدىرداش بولۇش ماڭا ئەزەلدىن بەخشەندە بولغان . پارتىيە ئەزاسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قېلىش ، چوڭ گەپ ئەمەس ، لېكىن ، پارتىيە كۆرسەتكەن يولدىن ئايرىلىش ، ئۆزۈڭگە تەقدىرداش بولغان خەلقتىن ئايرىلىش — مانا بۇ چوڭ گەپ ! بۇنى سەنمۇ ، مەنمۇ پارتىيىلىك ۋىجدانىمىز بىلەن ئوبدانىراق ئويلاپ باقساق بولىدۇ !

تۇراپنىڭ سۆزى خۇددى بىر كۆزگە كۆرۈنمەس ئىسسىق ئېقىمدەك ، دېھقانلارنىڭ توڭلىغان ۋۇجۇدىدا ئىللىق ھارارەت بېغىشلىدى . ئۇلار بۇ پېشقەدەم شۇجىسىغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن باشقىدىن قايرىلىپ تىكىلدى ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ، ئۇ ، گويا بۇرۇنقىدىنمۇ يوغىناپ كەتكەندەك يۇكسەك ، بۇرۇنقىدىنمۇ مۇلايىملىشىپ كەتكەندەك سۆيۈملۈك تۇيۇلدى . كىشىلەر قارىماققا قوپال ، كېلەڭسىز كۆرۈنگەن بۇ گەۋدىنىڭ قەلبى خۇددى مانا شۇ يەرنىڭ ئاق تېرەكلىرىدەك تۇپتۈز ، بۇلاق سۇلىرىدەك سۇپسۈزۈك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلىشتى .

لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى شەمەرنىڭ ۋۇجۇدىدا شىددەتلىك ئەكس سادا قوزغىدى ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ، تۇراپ ئالجىغاندەك ، تەلۋىلىكى چېكىگە يېتىپ ، بېشىغا قونغان بەخت قۇشىنىمۇ قوپاللىق بىلەن قوغلاۋاتقاندەك ، تەشكىلنىڭ ئىشەنچ - ئۈمىدلىرىدىنمۇ ئەسەبىيلىك بىلەن يەرگە ئۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى . شۇڭا ئۇ ، تۇراپ بىلەن سۆزلىشىشنىڭ ئەمدى ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە بېشىنى سىلكىدى .

— بوپتۇ ... «دوزاخقا ئۆگەنگەن ئادەم بېھىشقا كۆنمەپتۇ» دېگەن گەپمۇ راست ئىكەن ! سىزنىڭ ئىشىڭىز توغرىسىدا كېيىن سۆزلىشەيلى ! — دېدى ئۇ ۋە بىردىنلا تۇراپتىن كۆزىنى ئېلىپ ، كۆپچىلىككە چاكارلىدى ، — ھازىرقى گەپ ، ئوزۇقلۇق

ئېتىزلىرىدىن چىققان ئاشلىقنى دەرھال ئۆتكۈزۈۋېلىش . بۇ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ قارارى ، بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ھۆتۈت – پۆتۈت دېيىشىگە ھەقققى يوق ! ئەگەر يەنىلا قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بولسا ...

ئۇنىڭ سۆزىنى ئارقا تەرەپتىن شىپىرلاپ كەلگەن گۇڭشې كاتىپى بۆلۈۋەتتى :

— سىجاڭ شەھەردىن تېلېفون كەلدى ، جىددىي ئىش ئوخشايدۇ ! ...

شەمەر ئارقىسىغىمۇ قارىماي ، ئىرغاڭلىغىنىچە ئىشخانىغا قاراپ يۈگۈردى ، كۆپچىلىك بىر – بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپ قالدى ...

## سەھرا رىشتىسى

### 1

تۆرەمنى ئۈچ كۈندىن بېرى ساقچى ئىدارىسى تۇتۇپ قالدى . مارىخان يالغۇز ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا تولا يىغلاپ ، قورايدەك قۇرۇپ كەتتى . ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي ، ئاخىر شەمەرگە تېلېفون بەردى ، شەمەر بۇگۇن كىرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى . قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇ ، بۇگۈن پەيدا بولۇشى كېرەك ، خوتۇن كىشىنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ ؟ قانۇن كۆز يېشىغا پەرۋا قىلمايدىكەن ، ئۇ ھەم دادا ، ھەم باشلىق بولغاندىن كېيىن ، يالغۇز ئوغلىنى ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ قۇتقۇزۇپ چىقىشى كېرەك – دە !

مارىخان شۇنداق خىياللار بىلەن بىردەم ئۆيگە كىرىپ ، بىردەم ھويلىغا چىقىپ ، ئېرىنىڭ يولىغا تەقەززا بولدى ، پەقەت چۈشكە يېقىن شەمەرنىڭ ماشىنىسى ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولغاندىلا مارىخانىنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ ، كۆڭلى تاغدەك كۆتۈرۈلدى .

شەمەر بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ھولۇقۇپ سورىدى :

— تۆرەمگە نېمە بولدى؟ مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئىش چىقىرىپ يۈرگىنى نېمىسى بۇ دەيۈزنىڭ!

مارىخان ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى :

— نېمە بولاتتى ، ئارىچىغا ئالتە تاياق ، دېگەن شۇ! — دېدى مارىخان رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ، — ھېلىقى سېۋەت باش ، تەمبۇر پاچاق ئېزىتقۇ قاچان مۇشۇ ئۆيدە ئاپىرىدە بولدى ، تۆرەمنىمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ قارا باستى ، ئۆيەمىزنىڭمۇ بەرىكىتى ئۇچتى .

— كىمنى دەيسەن؟ — سورىدى شەمەر چۈشىنەلمىگەندەك .

مارىخان ئاچچىققىنە غودۇڭشىدى :

— كىم بولاتتى ، ھېلىقى جەننەت دېگەن ناقىسچۇ .

— خەقنىڭ بالىسىنى ئەيىبلىمە ! — دېدى شەمەر سەل ئاچچىقلىنىپ ، — شۇنداق مۇلايىم ، بىلىملىك قىزدا نېمە گۇناھ؟ ئوغلۇڭنىڭمۇ شۇنچە ياخشى خېرىدارلىقىنى قىلدى ، بولمىسا ھېلىقى مايسەم دېگەن سەھرايىنى پاناھ تارتىپ بىزدىنمۇ تاناتتى ... بولدى ، تامىقىڭنى تەييارلا ، مەن ساقچىغا بېرىپ باقاي .

شەمەر يۈيۈنۈش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتتى ، مارىخان كۆز يېشى ئىچىدە تاماق تەييارلىدى . چۈشتىن كېيىن شەمەر ساقچى ئىدارىسىگە كەلدى ، دېلو بۆلۈمىنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق ، جۈۋەككىدىنە كادىرى ئۇنى كرېسلوغا تەكلىپ قىلىپ ، تۆرەمنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى :

— بۇ قېتىمقى ئادەم ئۇرۇش دېلوسىدا تۆرەمنىڭ جاۋابكارلىقى خېلى ئېغىر ، دەۋاگەر نىجاتنىڭ ئىككى چىشى سۇنۇپ ، قاڭشىرى مىجىلغان . كۆپ قان كەتكەنلىكتىن جىددىي داۋالىنىۋاتىدۇ . ئېنىقلىشىمىزچە ، بۇ دېلوغا بىۋاستە چېتىشلىق جەننەت ئۇچىغا چىققان ئالدامچى ھەم ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلغان

قىز ئىكەن ، بىر ئاي بۇرۇن مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى بۆيرۇق بىلەن ئوقۇشتىن چېكىندۇرۇپتۇ . دېلو سادىر بولغان كۈننىڭ ئەتىسى ئۇ بىر شوپۇر بىلەن ئۇرۇمچىگە قاچقان .

شەمەرنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن بىر پارچە ئوت ئىچىنى كۆيدۈرۈپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى ، ئۇ ، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە لاسسىدە بولۇپ قالدى .

— تۆرەمنىڭ يەنە بىر شېرىكى زەپەر چەت ناھىيىلەردە قېچىپ يۈرىدۇ ، — دېدى ھېلىقى كادىر ئالدىدىكى ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، — شۇنى تۇتقاندىن كېيىن ، بۇ دېلودىن خۇلاسە چىقىرىمىز .

شەمەر ساقچى ئىدارىسىدىن روھى چۈشۈپ ، قاپىقى سېلىنغان ھالدا قايتىپ چىقتى . ئۇنىڭ خىرەلەشكەن كۆز ئالدىدا جەننەتنىڭ كېلىشكەن تەقى ـ تۇرقى ، يېقىملىق چىراي ـ شەكلى غىل ـ پال پەيدا بولغاندەك قىلدى ـ دە ، ئارقىدىنلا قاپقارا ، سۇرلۇك بىر كۆلەڭگىگە ئايلىنىپ غايىب بولدى .

## 2

مايسەم شۇنچە يولنى ۋېلىسىپىت بىلەن ئۈچ يېرىم سائەتتە بېسىپ بولدى . ئۇ ، شەھەرگە كىرگەندە ، يۈزلىرى ئانار دەك قىزىرىپ ، سېكىلەك چاچلىرى تەر بىلەن ماڭلىيىغا ھالقا ـ ھالقا بولۇپ چاپلىشىپ كەتكەنىدى .

ئۇ ، تۇنۇگۇن كەچتە گۇگۇشېدىكىلەردىن تۆرەمنىڭ ئادەم ئۇرۇپ ساقچىغا كىرىپ قالغانلىقىنى غىل ـ پال ئاڭلاپ قېلىپ ، كېچىچە ئۇخلىيالمىدى ، ئۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىدى ، رەنجىش ، يوشۇرۇن ھەسەت ، لەۋزىسىزلىك ئۇنى ھەرقانچە بىئارام قىلسىمۇ ، لېكىن يەنىلا سۆيگۈ ۋاپاسى ئۈستۈن كەلدى . ئۇ ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ، ئۇنى

يوقلاپ، دەردىگە ھەمدەم بولۇشنى ئىنسانىي بۇرچۇم دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا ئۇ، ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى پىچىرلاپ قويۇپ، تۆرەمنى يوقلاش ئۈچۈن ۋېلىسىپىتنى مىنىپلا يولغا چىقىپ كەتكەنىدى.

مايسەم ھېچقانچە تەمتىرىمەيلا شەھەرلىك يىغىۋېلىش ئورنىنى تېپىۋالدى. ئۇلار ئىشىك - دېرىزىلىرى مىخلانغان كىچىككىنە ئۆيدە ئۇچراشتى.

تۆرەم دەسلەپ خىجالەتچىلىك ئىچىدە قورۇنۇپ، ئوڭايسىزلانغان بولسىمۇ، لېكىن مايسەمنىڭ غەرەزسىز، سەمىمىي كۆزلىرىنى، بۇرۇنقىدەكلا يېقىملىق مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ، بىردىنلا يەڭگىللەپ قالدى.

— شەھەرگە كىرىپلا ھەممىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز - ھە؟ — دېدى مايسەم تەبىئىي مېھرىبانلىقى بىلەن كۈلۈپ، — مانا ئەمدى شۇنىڭ گۇناھىنى تارتىۋېتىپسىز.

— سىزچۇ؟ — تۆرەم يۇمران ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ قالغان يۈزىنى سىلاپ قويۇپ مايسەمگە سىرلىق قارىدى، — سىز ئۇنتۇمىدىڭىزمۇ؟

— مەن؟! — مايسەم ئەندىككەندەك سوئال نەزىرىدە تۆرەمگە لەپپىدە قارىدى.

— ئەمىسە، ھېلىقى خالتىدىكى نەرسىلىرىڭىز نېمە ئۇ؟!

— قايسى نەرسىلەر؟ — مايسەم ھەيران بولدى.

تۆرەم بارماقلىرىنى پۈكۈپ بىر - بىرلەپ سانىدى:

— جىگدە يېلىمى، قوماچ، كۆمۈر، سامان، پەي ...

مايسەم ئاغزىنى تۇتقىنىچە پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— شۇ نەرسىلەر سىزنى ئۇنتۇغانلىقىمنىڭ پاكىتى ئىكەندە!؟

— شۇنداق چۈشەندىم.

— ئوبدان چۈشىنىپسىز، — دېدى مايسەم مەنىلىك

كۈلۈپ ، — مارىخان ئانامنىڭ ئەزەلدىن جىگدە يىلمىدە باش تارايدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭىز ؟ سىز بىلەن مەن مەكتەپتىكى چېغىمىزدا قانچە قېتىم قوماچ تالىشىپ ، ماي تارتىشقاندۇق ، سىز ئۇنىڭغا ئامراق ئەمەسمىدىڭىز ؟ — مايسەم تۆرەمدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىدى ۋە بىردىنلا پەس ئاۋازدا چۆچەك ئېيتقاندەك سۆزلەشكە باشلىدى ، — بۇرۇنقى زاماندا ئىككى ئاشىق-مەشۇق ئۆتكەنىكەن ، ئۇلار بىر - بىرىدىن يىراقتا ئىكەن ، سېغىنىش بىلەن بىر - بىرىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ كۆمۈر ئىكەن ، قىزنىڭ ئىشقىدا يىگىتنىڭ رەڭگى سامان ئىكەن ، ئۇ كېچە- كۈندۈز خۇدادىن قۇشقا ئوخشاش قانىتىم بولسا مەشۇقۇمنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ بارسام ، دەپ پەي تىلەيدىكەن ... بۇ چۆچەكنى ماڭا ھاجىخان مومام ئېيتىپ بەرگەن .

مايسەم «چۆچەك»نى ئېيتىپ بولۇپ ، ھەم تەئەججۇپ ، ھەم قانداقتۇر بىر ئىچكى ھەسرەت بىلەن تۆرەمگە مۆلدۈرلەپ تۇراتتى . تۆرەم ئۇنىڭ ئۇياتچان كۆزلىرىگە قاراپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى . بۇ كۆزلەر ئون نەچچە يىلدىن بېرىقى دەسلەپكى دوستلۇق ، كېيىنكى سۆيگۈ يولىدا بىرەر قېتىممۇ سەممىيەتسىزلىك ۋە قىزغىنىش بىلەن ئالىيىپ باقمىغانىدى ، ئۆزىگە نىسبەتەن ھامان سەممىي مېھرىبانلىق بىلەن يالقۇنجاپ تۇراتتى . مايسەمنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن ئۇنىڭ چىگىش كۆڭلى خۇددى چاقماقلىق يامغۇردىن كېيىنكى سۈزۈك ئاسماندەك ئېچىلىپ كەتتى .

— مايسەم ، مېنى كەچۈرەمسىز ؟ — تۆرەمنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى ، ئۇنىڭ مايسەمگە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن بىر خىل يىلىنىش ھەم ئاچچىق پۇشايمان ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . مايسەم گەپ قىلمىدى ، پەقەت سومكىسىدىن كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ ، بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تۆرەمگە ئۇزاتتى . بۇ ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا تۆرەمگە ئاتاپ ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ كەشتىلەپ تىككەن يىپەك ياغلىقى ئىدى .

# 3

زەپەر تۇتۇلغاندىن كېيىن، تۆرەمنى ساقچىدىن قويۇۋەتتى. مارىخان ئۇنى باغرىغا بېسىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلاپ كۆز يېشى قىلدى.

— جېنىم بالام، كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كەتتىڭغۇ، — دېدى ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە سەپسېلىپ، — توقۇتاق بالا، ئىلمەك قازا دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟

شەمەر ئوغلى بىلەن ئادەتتىكىچىلا كۆرۈشتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ روھى تۆۋەن، مۇئامىلىسى سۇس ئىدى. ئۇ، بىر تەرەپتىن، جەننەتنىڭ «غەلىتە قىز» بولۇپ چىققانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوغلىنىڭ ساقچىغا چۈشۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىگە ئاھانەت كەلتۈرگەنلىكىدىن خاپا ئىدى.

بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ، ئەمدى داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا ئىدارىدىن ئالاقىچى كېلىپ، شەمەرنى ۋىلايەتلىك پارتكومدىن چاقىرتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شەمەر تاماقنى يېرىم ـ يارتا يېدى ـ دە، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئالدىراپ ـ تېنەپ يولغا چىقتى. ئۇ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ باغ ـ ۋارانلىق ئازادە ھويلىسىغا كىرگەندە مۇئاۋىن شۇجى مۇسا ئەيسا ئۇنى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇلار قىسقىچە سالاملاشقاندىن كېيىن، ئاستىغا گىلەم سېلىنغان، ئىككى تەرەپكە بۇلغار تاشلىق كرېسلولار قويۇلغان كۆركەم ئىشخانىغا كىرىشتى.

— يېڭىئاۋاتتىن قاچان كىردىڭىز؟ — سورىدى مۇسا شۇجى ئاپئاق شالاڭ چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراشتۇرۇپ.

شەمەر ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، ئىتائەتمەنلەرچە تەلەپپۇزدا ئاستاغىنا جاۋاب بەردى:

— ئۈچ كۈن بولدى.

— ياخشى ، بۇرۇنراق قايتىپ كىرگەنلىكىڭىز ياخشى بول-
دى ، — دېدى مۇسا شۇجى ئەينەكلىك ئىشكاپتىن بىر ماتېرىيال-
نى ئېلىۋېتىپ ، — قانچە كۆپ تۇرغان بولسىڭىز زىيانمۇ شۇنچە
كۆپ بولاتتى ...

— زىيان ؟ ! ... ، ـ شەمەر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، ئاغزى-
نى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى .

مۇسا شۇجى ئۇنىڭ يېنىدىكى كرېسلوغا ئولتۇرۇۋېتىپ دې-
دى :

— شۇنداق ، زىيان ھېلىھەم ئاز ئەمەس ! بىز كۆپ ھاللاردا
ئۆزىمىزدىكى تۆرىچىلىك ، قاتماللىقنىڭ كاساپىتىدىن خەلق بى-
لەن ھەمىشەپەس بولالمايمىز ، ئۇلارنىڭ پايدا دېگىنى بىزگە زىيان
بولۇپ تۇيۇلىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئالغا ئىنتىلىشى بىزگە چېكىنىش
بولۇپ تۇيۇلىدۇ ... ، — ئۇ بىرئاز توختىۋېلىپ ، قولىدىكى بىر
پارچە ماتېرىيالنى ۋاراقلىغاچ يەنە داۋام قىلدى ، — تۇراپ شۇجى-
نىڭ خېتى بىلەن نىيازنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ۋىلايەتلىك
پارتكوم مۇزاكىرە قىلدى ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك تەجرىبە
ئىكەن . يولداش شەمەر ، جەمئىيىتىمىز ھازىر ئاجايىپ بىر تارى-
خىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ . يېڭىئاۋاتلىقلار بۇ بۇرۇلۇش
دەۋرىنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ ، تۇراپ شۇجى ئۇنىڭ سەركىسى
ئىكەن ، بىز ئۇنى قوللىشىمىز كېرەك ! ...

شەمەرنىڭ ۋۇجۇدى شۈركۈنۈپ كەتتى ، چىرايى بىر ئۆ-
ڭۈپ ، بىر تاتىرىپ ، بايا ھەممە يېرىنى قاپلىغان قىزىللىق ئەمدى
ئاستا ـ ئاستا يوقاپ ، ئىككى ياڭىقىدىلا قالدى . چوڭقۇر قورۇق
قاپلىغان كەڭ ماڭلىيىدىن بولسا ، سوغۇق تەر تەپچىپ چىقىشقا
باشلىدى .

— مانا بۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ قارارى ، كۆرۈپ
بېقىڭ ، — دېدى مۇسا شۇجى قولىدىكى ماتېرىيالنى ئۇنىڭغا
سۇنۇپ ، — بىز يېڭىئاۋاتنىڭ تەجرىبىسىنى بىرنەچچە ناھىيىگە

كېڭەيتىپ «ئىككىنى كۆتۈرە بېرىش»نى سىناق قىلىشنى قارار قىلدۇق ، بۇگۈن يېڭىئاۋاتقا بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى چىقىپ كەتتى .

شەمەرنىڭ تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ ، كۆز ئالدى بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ كەتتى . ئۇ ، بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن ماتېرىيالنى ۋاراقلاۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . پەقەت ئۇنىڭدىكى «يېڭىئاۋاتنىڭ يېڭى تەجرىبىسى» دېگەن خەتنىڭ ھەر بىرى بىردەم تۇراپ شۇجىغا ، بىردەم سايىم گۇمبەزگە ئايلىنىپ ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سۇرەتتەكلا قېتىپ قالغانىدى .

مۇسا شۇجى خوشلىشىدىغان چاغدا قىسقىلا ئەسكەرتىپ قويدى :

— يولداش شەمەر ، پارتىيىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى يېزا سىياسىتى بىزنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى پۈتلىكاشاڭغا ئايلىنىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ ، مەن سىزنىڭ ئۆتكەندىكى خاتالىقلارنى بوغچا قىلماي ، بەلكى ئۇنى ساۋاق ھەم قامچا قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن !

شەمەر خامۇش ھالدا ماشىنىغا چىقتى . ئۇ يولبويى كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىدى ، لېكىن نېمە ئويلىغانلىقىنى بىلمەيتتى . ئۆيىگە كىرىشىگە خۇددى «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك ، يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىدى . تۆرەم كىچىككىنە يۈك - تاقىسىنى ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا تېڭىپ ، يېڭىئاۋاتقا مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى . شەمەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئەسەبىيلەرچە گۆلىيىپ تۇرۇپ قالدى . راستىنى ئېيتقاندا ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن زاكونلاشقۇدەك ماجالى يوق ئىدى . تۆرەم تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ ئانىسى بەرگەن سومكىنى بويىنىغا ئاستى - دە ، ۋېلىسىپىتنىڭ رولىنى قايرىدى . شۇ چاغدا شەمەرنىڭ شوپۇرى ئۇنىڭغا مۇراجەت قىلدى :

— توختاڭ ، مەن ماشىنا بىلەن ئېلىپ چىقىپ قوياي ،

ۋىلىسىپىتتە چارچاپ قالىسىز .

— رەھمەت ئۇستام ، — دېدى تۆرەم ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ، — چارچىسام كۆپرەك تەر چىقىپ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانـقى هارام تەرلەر ئېقىپ كېتەر .

ئۇ ئانىسىغا ، دادىسىغا قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە خوش ئېيتىپ يۈرۈپ كەتتى .

مارىخان بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا يۈگۈرۈپ ۋارقىرىدى :

— تۇراپ داداڭغا ، زورىخان ئاناڭغا ، مايسەمگە سالام ئېيت ، بالام ، ئۆزۈڭمۇ يوقاپ كەتمە ، پات ـ پات كىرىپ تۇرغىن !

شەمەر پۈتۈنلەي خۇدىنى يوقاتتى ، مۇشۇ بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن دەرد ـ ئەلەم ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاتقان پاختىدەك تىتىۋەتكەنىدى .

*

يىراق ئۇپۇقتىن قۇياش نۇر چاچاتتى ، ئۇ خۇددى قىزىل ياقۇتتەك جۇلالىنىپ ، كەڭ دالىنى قىزىللىققا پۈركىگەنىدى ...

پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ياشلىقنىڭ كۈچى تېمىپ تۇرغان تۆرەم ۋېلىسىپىت بىلەن غۇيۇلداپ كەلمەكتە . سەھرانىڭ كەچكى سالـقىن شامىلى ئۇنىڭ ئوچۇق كۆكسىگە ئۇرۇلۇپ ، يۈرىكىنى سەـگىتسە ، ئاللىقانداق يېقىملىق خۇش پۇراقلار دىمىغىغا ئۇرۇپ ، قەلبىنى مەست قىلاتتى .

يېڭىئاۋاتقا يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۇـپۇلدەشكە باشلىدى ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مايسەم پەيدا بولدى ، ئۇ قوللىرىنى خۇددى قارلىغاچتەك كېرىپ ، لىك ـ لىك شوڭغۇپ ، ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

تۆرەمنىڭ لەۋلىرى ئىختىيارسىز پىچىرلاپ ، يۈرەك سۆزلىـرى كۆڭۈل رىشتىگە مەرۋايىتتەك تىزىلدى :

بۇلبۇلۇڭ كەلدى جېنىم سېنى سېغىنىپ،
چىللىۋال بۇلبۇلچە سايراپ قېشىڭغا.
قانچە چۆل ـ دەشتىلەرنى باستى ئۇ ھېرىپ،
سۆي ئۇنىڭ مەڭزىگە، قوندۇر بېشىڭغا...

تۆرەم ماڭغانسېرى غەيرەتلەندى، ئۇنىڭ كۆز ئالدى بارغانسېرى كېڭىيىپ، يوللار شۇنچە راۋانلاشتى. ئەنە، ئۇنىڭغا تونۇش ئۆرۈكلۈك باغ، ئەنە بىر چاغلاردا مايسەم بىلەن قول تۇتۇشۇپ مەكتەپكە ماڭغاندا ئۆتۈدىغان كۆجۈم مەھەللە. ئەنە ئۇلار ئۇچۇن سەيلىگاھ بولغان مەجنۇنتاللىق، سۇمبۇل نوتىلىق دەريا بويلىرى ...

بىردىنلا تۆرەمنىڭ كۆزىگە گۈڭشې قورۇسى بىلەن قورو ئالدىغا توپلانغان نۇرغۇن كىشىلەر كۆرۈندى، ئۇ يەر خۇددى توي مەرىكىسىدەك قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمگەندى. كىمدۇر سۆزلەۋاتاتتى، ئۇ تۇراپ شۇجى ئەمەسمۇ؟ ھە، دەل ئۆزى شۇ! قارىغىنە، ئۇنىڭ ئاۋازى نېمىدېگەن جاراڭلىق، كەيپى نېمىدېگەن چاغ ـ ھە؟

بىردىنلا قىيقاس ـ چۇقانلار كۆتۈرۈلۈپ، چاۋاك ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى ...

تۆرەم ئىيۇل ئايلىرىنىڭ كەچكى سالقىن شامىلى باغلاردىكى پىشقان مېۋىلەر بىلەن ھەرخىل گۈللەرنىڭ شېرىن، خۇش پۇراق ھىدىنى تارقاتقان مەھەللە يولىدىن ئۆردەكلىككە كېتىۋېتىپ، ئۆزى ئۆسكەن يەرلەرگە ھەۋەس بىلەن قارىدى: «بۇ يەرلەر نېمىدېگەن كەڭ، نېمىدېگەن باي ـ ھە؟ ھەقىقەتەنمۇ بۇ يەرگە ئوخشايدىغىنىنى ھېچ يەردىن تاپالمايسەن. چۈنكى، بۇ يەردە ئىشلار كەڭ قانات يايغان، بۇ يەرلەر كەلگۈسىدە چوقۇم ئاشلىق كانىغا، نۇر شەھىرىگە ئايلىنىدۇ! ... »

1982 ـ يىل يانۋار ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى ـ قەشقەر

# قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا

## بىرىنچى باب

### ئادۋوكات

### 1

دات باسقان چويۈن قۇلۇپ شاراقشىپ ئېچىلدى، پۇتىغا كىشەن، قولىغا كويزا سېلىنغان ياشقىنە ئايال مەھبۇس ئىشىككە ئەندىكىپ قارىدى. ئۇ بىرەر ئايدىن بۇيانقى قاتمۇ قات سوئال-سوراقلاردىن يۇرەكئالدى بولۇپ كەتكەنلىكتىنمىكىن، كۆزلىرى چۆچۈپ قارايتتى.

يارىشىملىق سوت فورمىسىدا كىيىنگەن ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بوسۇغىدىن ئاتلاپلا سوغۇق تەلەپپۇزدا سورىدى:

— خانقىز ئىزام دېگەن سەن بولامسەن؟

ئايال قورقۇمسىراپ بېشىنى ئەگدى:

— ھەئە ...

— شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبنامىسىنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم.

— قانداق، پىكرىڭ بارمۇ؟

ئايال بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ، سوت خادىمىغا ئەيمىنىش، يېلىنىش، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىككە تولغان ياشاڭغۇ كۆزىنى بىر دەقىقە تىكتى ۋە بېشىنى لاسسىدە تۆۋەن ئېگىپ ئاستا پىچىرلىدى:

— پىكرىمنى نارازىلىق ئەرزىمدە يازدىم .

— ئۇنداق بولسا ، مەن سەندىن بىرلا نەرسىنى سورايمەن : «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنى» 125 ـ ماددىسى بىلەن «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نىڭ 26 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، ئاقلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش تەلىپىڭ بارمۇ ، يوق ؟

مەھبۇس كۆز چانىقىدا لىغىرلاپ تۇرغان يېشىنى زورىغا سىڭدۈرۈپ زەئىپ ئاۋازدا پىچىرلىدى :

— بار ...

— ئۇنداقتا ، ئادۋوكاتنى ئۆزۈڭ كۆرسىتەمسەن ، بىز بەلگىلەپ بېرەمدۇق ؟

مەھبـۇس بىردەمـلىك جىـددىي ئويلىنىشتىن كېيىن بىر ئىسىمنى تەستە ئېيتتى :

— ئېلىيوپ دېگەن كىشى ئاقلىغۇچى بولسا ...

— ئېلىيوپ ؟ !

— ھەئە ، ئەدلىيە مەھكىمىسىدىكى ئادۋوكات ئېلىيوپ .

ئىشىك جالاقىدە يېپىلىپ ، زەنجىر شاراقشىدى ، چويۇن قۇلۇپنىڭ «چاققىدە» ئېتىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

## 2

شالاڭ چاچلىرى تەكشى ئاقارغان ، چوڭقۇر چاناقلىق چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىدىن تەمكىنلىك بىلەن جەسۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان ئېلىيوپ قولىدىكى دېلو ماتېرىياللىرىنى ئىش ئۈستىگە تاشلاپ بىر پەس ئۆزرە تۇرغىنىچە خىيالغا پاتتى . ئۇ ، سەل ھاياجانلانغانىدى . بايا سوت مەھكىمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدا بولۇنغان گەپلەر ئۇنى ھەم قىزىقتۇردى ، ھەم ئەجەبلەندۈردى . «توۋا ... ئۇ مېـنى قـانداق تـونۇيدۇ ؟ ... ، — ئاستا پىچىرلىدى

ئۇ ، — قىزىق ـ ھە ؟ ...» ئۇنىڭ كۆزى دېلو ماتېرىياللىرىدىكى ئىمىر ـ چىمىر خەتلەرگە چۈشكەندە ، خىيالىنى يىغىپ ، ئورۇنـ دۇقتا ئولتۇردى . ئالدىدا شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ناتونۇش بىر ئايال ئۈستىدە چىقارغان ئەيىبنامىسى تۇراتتى . ئېلىيوپ كـۆزەينىكىنى تـاقـاپ ، ئالدى بىلەن «ئەيىبنامە»نى ئوقۇشقا باشلىدى ، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغانىدى :

«جاۋابكار : خانقىز نىزام ، ئايال ، ئۇيغۇر ، يىگىرمە ئالتە ياش ، شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ، ھازىر قاماقتا .

جىنايى پاكىتى : جاۋابكار 1984 ـ يىلى توققۇزىنچى مارت كۈنى ئۆزىنىڭ پەسكەش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ، ئېرى ھاـ شىمجاننىڭ ئىچىدىغان قايناق سۇيىگە مەرگىمۇش سېلىپ ، ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن ، ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن چەينەكنى يوشۇـ رۇشقا ئۇرۇنغاندا كىشىلەر گۇمانلانغان ، ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەرز قىلىشى بىلەن جاۋابكار قانۇن بويىچە تۇتۇپ قويۇلغان . دېلو ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئىككى نەـ پەر قانۇن دوختۇرى جەسەتنى ئېچىپ قورساق قىسمىدىن ئېلىنـ غان ئازراق گۆش بىلەن ماددىي ئىسپات سۈپىتىدە قانۇن ئورنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن چەينەكنى تەكشۈرگەن . نەتىجىدە چىرىگەن گۆشتىمۇ ، چەينەكتىمۇ مەرگىمۇشنىڭ تەركىبى تېپىلغان ...»

ئېلىيوپ كېيىنكى بەتلەرگە قارىمىدى ، ئۇنىڭدا قانۇن دوخـ تۇرىنىڭ تېخنىكىلىق تەكشۈرۈپ باھالىشى ، جاۋابكارنىڭ ئىقراـ رى ، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى قاتارلىقلار يېزىلغانىدى ، ئەڭ ئاخىرىدا شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ جاۋابكار خانـ قىزنى «سۇيىقەست بىلەن زەھەرلەپ ئادەم ئۆلتۈرگەن» دەپ بېكىتىپ سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشىغا يوللىغانلىقى ئېيتىلغانىدى .

قارىماققا ، دېلونىڭ جىنايى پاكىتى تولۇق ، خاراكتېرىنى

بىكىتىشى توغرا بولۇپ، پەقەت سوت مەھكىمىسىنىڭ سوراق قىلىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىشىلا قالغاندەك قىلاتتى.

ئېلىيوپ كۆزەينىكىنى قولىغا ئېلىپ كۆزىنى چىڭ يۇمغانچە بىر ھازا تىمتاس ئولتۇرۇپ قالدى.

ھۆكۈم — ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل ئۈچۈن ئېيتقاندا، شەك-شۈبھىسىزكى، ئېتىلسۇن دېگەندىن ئىبارەت! ئۇنداقتا ... ئۇنداقتا ... بۇ دېلوچۇ؟!

ئېلىيوپ ئاستا-ئاستا تەمكىنلىكىگە قايتتى، كۆزەينىكىنى يەنە تاقاپ، دېلو ماتېرىياللىرى ئىچىدىن جاۋابكارنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى ئىزدەپ تاپتى. بىرلا ۋاراق قەغەزگە قىستاپ يېزىلغان خەتلەر ئىچىدىن تۆۋەندىكى ئىككى قۇر خەت ئۇنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى: «مېنى سىلەر ئېرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن دەيسىلەر، ئۇنداق بولسا، زەھەرنى قەيەردىن ئاپتىمەن؟! ...»

ئېلىيوپ خۇددى ئاشۇ خەتتىكى ئۇندەش بەلگىسىدەك تىك تۇرۇپ قالدى. «بۇ ئەسلىدە تەھقىقلەش خادىملىرى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك ئىش ئەمەسمۇ؟! — دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ، — بۇ سوئال قانداقچە جاۋابكارنىڭ ئاغزىدىن چىقتى؟! ...»

ئېلىيوپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىدا ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭدى، يەنە ئولتۇرۇپ ماتېرىياللارنى ۋاراقلىدى، يەنە ئورنىدىن تۇردى ... بۇ ھەرىكەت ئۇ ئىشتىن چۈشكۈچە بىرنەچچە نۆۋەت تەكرارلاندى، ئۇ كەچقۇرۇن ئۆيىدىمۇ كۆڭلىنى تىنجىتالمىدى، ماتېرىياللارنى يەنە ئالدىغا يېيىۋېلىپ، تەھقىقلەش دېلوسى، تەپتىش دېلوسى ۋە جاۋابكارنىڭ نارازىلىق ئەرزى قاتارلىقلارنى قايتا-قايتا ئوقۇدى. سېلىشتۇرۇپ، مۇلاھىزە قىلدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر مۇھىم نەرسە كەمدەك، قەيەردىدۇر بىلىنەر-بىلىنمەس يوچۇق باردەك سېزىلەتتى. لېكىن، يوچۇق زادى نەدە؟!

شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو بېكىتىشتىكى ئاساسى : ئۆلگۈچى — خوتۇنى بەرگەن قايناق سۇنى ئىچكەندىن كېيىن جان ئۈزگەن ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق چەينەكتە مەرگىمۈشنىڭ تەركىبى بارلىقى ئېنىقلانغان ، جەسەتنى تەكشۈرگەندىمۇ مەرگىمۈش بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكى ئىسپاتلانغان . شۇڭا ، خانقىزنى قاتىل دەپ خۇلاسە چىقىرىلغان . مۇشۇ خۇلاسە زادى پۈت تىرەپ تۇرالامدۇ ؟ زەھەرلىك دورىنىڭ كېلىش مەنبەسى تېخى ئېنىقلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا ، چەينەكتىن ئازراق مەرگىمۈش تەركىبىنىڭ چىققانلىقىغا قاراپ ، جىنايەتچى مۇشۇ دەپ ھۆكۈم قىلىش بىرئاز يەڭگىللىك قىلغانلىق بولماسمۇ ؟ !

ئۇنداق بولسا ، خۇلاسىنىڭ يوچۇقى زادى نەدە ؟ ! ئېلىيوپ دېلودىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى بىرمۇ بىر ئىنچىكە ئانالىز قىلىپ كۆردى . ئۇنىڭ خىيالى ئاستا ـ ئاستا چەينەككە مەركەزلەشتى . ئۇ چەينەكنىڭ بۇ دېلودا پەقەت ۋاستىلىك دەلىل ـ ئىسپات ئىكەنلىكىنى سەزدى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىدا يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن قانۇن ئۆگىنىش كۇرسىدا بىر پىشقەدەم سوتچىنىڭ ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى : «ۋاستىلىك دەلىل ـ ئىسپاتتىن پايدىلانغاندا ، ھەربىر ھالقىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك ، ھەممە ھالقىلار بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن كەلگەن ، تۇتاشقان ئەھۋالدىلا ۋاستىلىك دەلىل ـ ئىسپات ئىشەنچلىك بولىدۇ…»

ئېلىيوپنىڭ كۆڭلىدىكى ھېلىقى بىلىنەر ـ بىلىنمەس گۇڭگا يوچۇق ئەمدى بىرئاز يورۇغاندەك بولدى . ئۇ ، چەينەك بىلەن قاتىل ئوتتۇرىسىدا يەنە ئىككى ھالقىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى چېلىقتۇردى . بۇنىڭ بىرى ، جاۋابكارنىڭ مەرگىمۈشنى نەدىن ئالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىلنىڭ يوقلۇقى ؛ يەنە بىرى ، مەرگىمۈشنى نېمە مەقسەتتە سالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىلنىڭ تېخى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئىدى .

ئېلىيوپىنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىككى ھالقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن ئىلـ-
گىرى ، خانقىزنى «قاتىل» دەپ مۇقىملاشتۇرۇش بىر ئاز بالدۇر-
لۇق قىلاتتى .

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى ، كەڭ ھەم سۇ-
زۇك ئەينەكتىن ئاسماندىكى يۇلتۇزلار خۇددى بېشى ئۇستىدە
جىمىرلاۋاتقان كۇمۇش چاچقۇلاردەك چاقناپ تۇراتتى . يېرىم ئو-
چۇق كۆزنەكتىن ئەتىيازنىڭ كەچكى نەمخۇش ھاۋاسى قىسىلىپ
كىرىپ ، ئېلىيوپىنىڭ چاچلىرىنى لەرزان يەلپۈدى ، سىرت خېلىلا
جىمىپ قالغانىدى ، ئېلىيوپىنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى ، خىياللىرىمۇ
بىردىنلا چىگىشلىشىپ كەتتى . ئۇ 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا
ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتى ئەسلىگە كەلگەندىن بۇيان ، بۇنداق جىد-
دىي جىنايى دېلوغا تۇنجى قېتىم دۇچ كېلىۋاتاتتى . دەرۋەقە ،
بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىللار ئىلگىرى ئۇ مۇشۇنداق جىددىي
ھەم چىگىش دېلولارنى ئەپچىللىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشتا نام
چىقارغان ، ئۇنىڭ چوڭ - چوڭ سوتلاردىكى ئاقلاش سۆزلىرى
ئۆزىنىڭ جانلىقلىقى ، دەلىللىكلىكى ، كۈچلۈكلۈكى بىلەن كىـ-
شىلەرنى قايىل قىلغان ، قانۇن - تۈزۈمنىڭ ھەقىقىي چىنلىق
شۆھرىتىنى ئاشۇرغان . ئېلىيوپ ئۇ چاغلاردا شىئەن قانۇنچىلىق
ئىنستىتۇتىنى يېڭىلا تۈگەتكەن چاچلىرى قاپقارا ، كۆزلىرى نۇر-
لۇق ، ئەقىل - ئىدراكى ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىرمە بەش ياشلار
چامىسىدىكى جۇشقۇن يىگىت ئىدى . ئۇنىڭ ئىشلىرى ھەمىشە
كۆڭۈللۈكمۇ بولىۋەرمىدى ، بەزى چاغلاردا چىن كۆڭلىدىن سۆي-
گەن كەسپى بىلەن ئىنسانىي غۇرۇرى كەمسىتىلىشكە ، ھاقارەتكە
ئۇچرىمايمۇ قالمىدى ، ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم سادىر
بولغان مۇنداق بىر ئىش ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئېسىدىن كەتكىنى
يوق . بىر قېتىم ، ئۇ ئاقلىغۇچى بولۇش ئۈچۈن سوت مەيدانىغا
كىرگەندە ، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىغا تېگىشلىك ئادۋوكاتلىق ئورنى
قەستەن قالدۇرۇلمىغان ، ئۇ باش سوتچىدىن ئۆزىنىڭ ئورنىنىڭ

نەدە ئىكەنلىكىنى سورىغاندا ، باش سوتچى تەپتارتماستىن جاۋاب-
كارنىڭ ئارقا تەرىپىگە قويۇلغان بىر ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ :
«سىز جىنايەتچىنىڭ ئارقا تىرىكى بولغاندىن كېيىن ، ئورنىڭىز-
مۇ ئەنە شۇ يەردە ! ...» دەپ غەرەزلىك سانجىۋالغان . يەنە بىر
قېتىم ، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ ئادرېسىغا : «سەن جىنايەتچىگە يان
بېسىپ ، تــەپتىش مــەھكىمىسىــگە قارشى مۇقام توۋلاۋاتىسەن ،
ئاخىر بېرىپ ئۆزۈڭ ياسىغان ئاچچىق هاراقنى ئۆزۈڭ ئىچىپ
قالىسەن ! ...» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ ئاشكارا تەهدىت
سالغان . شۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇ قىلچە بوشاشماي ، ئۆزد-
ىنىڭ قانۇن ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەلگەن .
لېكىن ، 1958 ـ يىلىغا كەلگەندە ، ئۇنىڭ ئىدارىسى پاچاقلىد-
ىنىپ ، سۆيگەن كەسپى قارىلاندى ، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ نېمە بولغاند-
لىقىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى ، يەتتە يىل قاماقتا يېد-
تىپ ، ئون نەچچە يىل يېزىدا قاڭقىر ـ قاقشاپ يۈردى . بۇ
ئىشلار گەرچە هازىر كۆڭۈلسىز بىر چۈشتەك تۇيۇلسىمۇ ، لېكىن
ئۇنىڭ يۈرەكتە قالدۇرغان جاراھىتى كىچىك ئەمەس ئىدى . شۇ-
نىڭ ئۈچۈنمىكىن ، ئېلىيوپ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى چوڭ
جىنايى دېلولارغا قىزىقمىدى ، پەقەت گراژدانلارنىڭ ھەق تەلەپ
دەۋا ئىشلىرىغا ۋاكالەتچىلىك قىلىش ، ئادەتتىكى ئىجتىمائىي
دېلولارغا ئاقلىغۇچى بولۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەنلا بەند بولدى .
مانا بۈگۈن ئۇ ، قەستەن ئۆزىنى تارتقان ئىشنىڭ دەل ئۈستىدىن
چۈشۈپ قالدى . يەنە كېلىپ ناتونۇش بىر جاۋابكار ئۇنىڭ ئىسمد-
ىنى ئاتاپ ، ئادۋوكاتلىققا تەكلىپ قىلغانىدى .

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ !

ئېلىيوپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا تېز ـ تېز مېڭىشقا
باشلىدى ، كاللىسى جىددىي كۆرەش ئىچىدە زىڭىلدىماقتا ئىدى .

«دېلونى قايتۇرۇۋېتىپ ، ئاقلىغۇچى بولۇشنى رەت قىلايمد-
ىكىن ... ، — ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئىختىيارسىز ئۈنلۈك

چىقىپ كەتتى ، — توختا ، ئۆتكەنكى ئومۇمىي خاتالىقلارنى شەخ-
سىي تەجرىبە قىلىشقا بولامدۇ ؟ ! ... »
ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ ، ئورۇنغا كىرىپ ياتقاندىمۇ كاللىسى
جىددىي خىيالدىن توختىمىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاۋابكارنىڭ خى-
يالەن سىيماسى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ، تىنچ ، شېرىن ئۇيقۇ-
سىنى ئۇزۇنغىچە بۇزۇۋەتتى ...

## 3

ئېلىيوپ تۈرمىگە بېرىش قارارىغا كەلدى . ئۇ بىر كېچە
ئۇخلىماي ئويلاپ ، ئاخىر جاۋابكار بىلەن يۈزمۇ يۈز سۆزلىشىپ
بېقىشنى ئويلىغانىدى .
جىپ ماشىنا شەھەرنىڭ ئاسفالت يولىدىن. ئايرىلىپ ئانچە
ئۇزۇن ماڭمايلا تۈرمىنىڭ ئېگىز ھەم سۈرلۈك ئىشىكى ئالدىغا
كېلىپ توختىدى . نۆۋەتچى ساقچى ئېلىيوپنى تار ئەگمىلەردىن
ئۆتكۈزۈپ ، گۇڭگا ھەم دىمىق بىر يەرگە باشلاپ كىردى . ھېلىقى
دات باسقان چويۇن قۇلۇپ شاراقلاپ ئېچىلدى ، ئېلىيوپنىڭ ئالدى-
دا چاچلىرى چۇۋۇلۇپ چىگىشلىشىپ كەتكەن ، تولا يىغلىغانلىق-
تىنمۇ ئەيتاۋۇر قاپاقلىرى ئىششىپ ، كۆزلىرى ئېلىشاڭغۇ بو-
لۇپ قالغان جۇدەڭگۇ بىر ئايال تۇراتتى . ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى
ياش قۇرامىنى ھەرگىز ئوتتۇز بەشتىن تۆۋەن ھېسابلىغىلى بول-
مايتتى . ئېلىيوپ مەھبۇسنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى . بىمە-
ھەل نۇرى كېتىشكە باشلىغان بۇ كۆزلەردىن يېلىنىش ، ئىلتىجا
ھەم بىچارىلىكتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى . ئۇنىڭ ئولتۇ-
رۇشۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرى يەنە لىققىدە ياشقا تولدى . ئۇ
ئورۇق ، ئىنچىكە قوللىرى بىلەن تىنماي چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى
مىجىقلايتتى ، ئېلىيوپ قانۇن رەسمىيىتى بويىچە تېگىشلىك سو-
ئاللارنى سوراپ بولغاندىن كېيىن ئاخشام كۆڭلىگە پۈككەن

رەسمىي سوئالغا كۆچتى :

— خانقىز ، سەن راستچىللىق بىلەن ئېرىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەلەمسەن ؟

مەھبۇس بىردەم جىمىپ كەتتى . گويا ئۇ ، بۇ سوئالغا قىلچە ئېرەنشىمىگەندەك ، تولا سۆزلەپ بىزار بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ بىرئازدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئۇ ئۆلۈشتىن بىر كۈن ئاۋۋال ئىشتىن قايتىپ كېلىپلا «مىجەزىم يوق ، پۈتۈن بەدىنىم جۇغۇلداۋاتىدۇ» دەپ ئازراقلا تاماق يەپ يېتىپ قالغان .

— دوختۇرغا كۆرۈنمىگەنمۇ ؟

— ياق ···

— ئادەتتە ئېرىڭنىڭ سالامەتلىكى قانداق ئىدى ؟

— ئۇ يۆتەلگىلى ئىككى يىلدەك بولغان ، قاتتىق يۆتەلگەندە بەزىدە قان ئارىلاش بەلغەم كېلەتتى .

ئېلىيوپ كۆزىنى كامىرنىڭ تۆمۈر شادىلىق دېرىزىسىگە تىكىپ بىرئاز خىيالغا چۆمدى ، كېيىن تېزلا ئېسىگە كېلىپ يەنە سورىدى :

— ئېرىڭنىڭ ئۆلەر ۋاقتىدىكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ باق ؟ !

— شۇ كۈنى كەچتە ئۇ تاماق يېمىدى ، «كۆكسۈم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەنىدى ، بوينىدىكى تومۇرلىرىمۇ كۆپۈپ كەتكەنىدى ، قولى بىلەن ھەدەپ مەيدىسىنى تاتىلايتتى ··· مەن يېتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا بىر قېتىم قايناق سۇ ئىچۈردۈم ··· يېرىم كېچىدە — جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن يەنە بىر قېتىم قايناق سۇ ئىچۈردۈم .

ئېلىيوپ ئالدىراپ سورىدى :

— نېمە ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىڭ ؟

— ئۇ ئۆزى ئۇنىمىدى ، ئەزەلدىن دوختۇرخانىغا بېرىشقا

قېرىق ئىدى .

ئېلىيوپ ئازغىنە سۈكۈتتىن كېيىن يەنە سورىدى :

— نېمىشقا چاي ئىچۈرمەي ، قايناق سۇ ئىچۈردۈڭ ؟

— بۇرۇن بىر قېتىم دوختۇرخانىغا بارغاندا دوختۇرلار «قايناق سۇ ئىچۈرگىن ، بەلغەمنى باسىدۇ» دېگەنىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىم ئادەتتە چاي ئىچمەيتتى ، قايناق سۇغىمۇ ئازراق تۇز قوشۇپ ئىچەتتى . شۇڭا ئۇنىڭغا ئايرىم چەينەك تۇتقانىدۇق .

— ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا قانداق ئەھۋاللار كۆرۈلدى ؟

— چىرايى قارىداپ ، نەپەس ئالالماي قالدى ... كۆزىنىڭ قارىچۇقىمۇ ئارقىغا كېتىپ ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى ... كېيىن مەن قورقۇپ قارىيالماي ، ئادەم چاقىرىش ئۈچۈن قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كەتتىم .

ئېلىيوپ ئەڭ ئاخىرىدا جىددىيرەك تەلەپپۇز بىلەن مەھبۇسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى :

— سەن نېمە ئۈچۈن چەينەكنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندۇڭ ؟ !

— ئۆلگەن ئادەم ئىشلەتكەن چەينەك بولغاچقا ، شەپىلىك بولۇپ قالدى ، باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشى ياخشى ئەمەس دەپ قارىدىم .

سوئال - سوراق مۇشۇ يەرگىچە بولدى ، ئېلىيوپ قايتىشقا تەمشىلىپ بولۇپ ، يەنە بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك ئارقىسىغا بۇرۇلدى :

— سەن مېنى قانداق تونۇيسەن ؟

مەھبۇسنىڭ چىرايى سەل - پەل ئېچىلىپ ، تاتارغان يۈزلىرىگە قان يۈگۈرگەندەك بولدى ، ئۇ گويا مۇشۇ سوئالنىڭ سورىلىشىنى خېلىدىن بېرى كۈتكەندەك تېز ھەم قىزغىن جاۋاب بەردى :

— مەن سىزنى ئۆتكەن يىلى شەھەر بويىچە ئېچىلغان بىر ئوچۇق سوتتا كۆرگەن ... ئىسمىڭىزمۇ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمگە

يېزىلىپتىكەن ··· سىز ئۇ چاغدا···

— بولدى ، ئۇقتۇم ! — دېدى ئېلىيوپ قولى بىلەن ئۇنى جىملەپ .

ئەگەر ، ئېلىيوپ ئۇنى توسمىغان بولسا ، مەھبۇس شۇ چاغدىكى ئوچۇق سوت ئەھۋالى بىلەن ئېلىيوپنىڭ ئادۋوكاتلىق ئىقتىدارىنى ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ كەتكەن بولاتتى .

ئېلىيوپ تۇرمىدىن ئانچە نائۇمىد قايتمىدى . جاۋابكارنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا خېلى سەممىيدەك تۇيۇلدى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئىقرارى ئىشەنچلىكمۇ ؟ ! جاۋابكار جىنايى مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئۈچۈن ، ھەرقانداق ساختا ، ئويدۇرما گەپلەرنى قىلىشى مۇمكىنغۇ ؟ !

ئۇ كەسكىن ، زىددىيەتلىك خىياللار ئىچىدە ئىدارىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئىشخانىغا كىرىپلا شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر پارچە ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى . ئېلىيوپنىڭ يەتتىنچى ماي كۈنى ئېچىلىدىغان ئوچۇق سوتتا جاۋابكار خانقىزنى ئاقلىشى ئۇقتۇرۇلغانىدى . ئېلىيوپ يېرىم كۈنگىچە قولى ئىشقا بارماي ئۆزى بىلەن ئۆزى يوشۇرۇن مۇنازىرىلەشتى . ئۇ خانقىزغا ئاقلىغۇچى بولۇش - بولماسلىق توغرىسىدا تېخىچە كۆڭۈل توختىتالمىغانىدى . ئۇنىڭ ئەقلى : «يولداش ئادۋوكات ، ئاچچىق ساۋاقلارنى ئۇنتۇما ! يېرىم ئۆمرۈڭدە تارتقان روھىي ، جىسمانىي ئازابلارنىڭ قايسىبىرى مۇشۇ ئىشنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ؟ ! ئەمدى تىنچ كۆڭۈلگە تۇزسىز ئۇماچ ئىچىپ ، جېنىڭنى باقمامسەن ! ؟ » دېسە ، ۋىجدانى ئۇنىڭغا قارشى : «ئېلىيوپ ، سېنىڭ بۇرچۇڭ مۇشۇ ! ئادەم ئۆز ئۆمرىنى خۇددى ئۆلۈك سۇدەك تىپتىنچ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا ياشامدۇ ؟ ! سەن سۆيگەن كەسىپنىڭ مەسئۇلىيىتى قېنى ؟ ! ··· » دەپ ، ئۇنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىنى غىدىقلايتتى ، ئېلىيوپ تاكى كەچ كىرگۈچە جىددىي ئويلىدى ، ئويلا - ئويلا ئاخىر ئۇنى ۋىجدان بۇرچى يەڭدى . ئۇ

ئەمدى ئىككىنچى قەدەمدىكى ئىشلارنى قانداق ئىشلەش توغرىسىدا بىر تالاي پىلانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئاندىن تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

## 4

ئېلىيوپ ئەتىگەندە ئىشخانىسىغا كېلىپ، ئۈستەل كالېندارىنىڭ بىر ۋارىقىنى قايرىدى. يېڭى باشلانغان كۈن ئاپرېلنىڭ يىگىرمە ئالتىسى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى كالېندارنىڭ ۋارىقىغا يېزىلغان تۆۋەندىكى خەتلەرگە چۈشتى: ① مەركىزىي كىتابخانىغا بېرىش؛ ② جاۋابكارنىڭ ئىككى ئاچىسى بىلەن كۆرۈشۈش؛ ③ ھەربىي دوختۇرخانىغا چىقىپ، پاتالوگىيە[1] ۋە زەھەرلىك ماددىلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئەھۋاللىشىش؛ ④ شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە بېرىش.

ئېلىيوپ ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى پائالىيەت دائىرىسىنى ئۈچ كۈن بۇرۇن، ئەنە شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇ چاققانغىنا خۇرۇم سومكىسىغا بىر قىسىم ماتېرىياللارنى سېلىپ ئالدىراپ ئىشخانىدىن چىقتى. بۈگۈنكى ۋەزىپە ئالدىنقى كۈنلەرگە قارىغاندا ئېغىرراق ئىدى، شۇڭا ئۇ قەدەمنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ، ئاۋۋال كىتابخانىغا باردى، ئۇنىڭ تەلىيىگە بۇ يەردە كۆپ كۈتمىدى. ئۇنىڭ ئىزدىگەن «قانۇن دوختۇرلۇق ئىلمى»، «زەھەرلىك دورا ۋە زەھەرلىنىش» دېگەن كىتابلار پوكەينىڭ ئاستىدىلا بار ئىدى. ئېلىيوپ كىتابلارنى سومكىغا سېلىپ، كىچىككىنە خاتىرە دەپتەردىكى ئادرېس بويىچە خانقىزنىڭ چوڭ ئاچىسىنى ئىزدەپ كەتتى. ئەگرى - بۈگرى يوللار، تار، قاراڭغۇ كوچىلار ئېلىيوپنى ئاداشتۇرالمىدى، ئۇ خاتىرىسىدىكى ئۆي نومۇرىنى ئىزدەپ مېڭىپ، ئاخىرىدا توخۇنىڭ ئۈچىيىدەك قىستاڭ بىر خالتا

① پاتالوگىيە — كېسەللىك ئاناتومىيىسى.

كوچىدىن خانقىزنىڭ چوڭ ھەدىسىنىڭ ئۆيىنى تاپتى . ئۇنىڭ تەلىيىگە خانقىزنىڭ ئوتتۇرانچى ھەدىسىمۇ شۇ يەردە ئىدى . بىرى ئوتتۇز ئالتە ياشتىن ھالقىغان ، يەنە بىرى ئەمدىلا ئوتتۇز تۆت ياشلارغا ئىلىنىشقان بۇ ئىككى چوكاننىڭ ئوخشاشلا چىرايى تاتىراڭغۇ ، دىلى سۇنۇق ئىدى . ئۇلار ئېلىيوپنى كۆرۈپ قورقتى ۋە قوللىرى سېزىلەرلىك تىترەشكە باشلىدى .

— قورقماڭلار ، دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئىشىنىڭلار ! ... ، — ئېلىيوپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىپ .

شۇنداق ، قانۇنغا ئىشىنىش كېرەك ! بۇ سۆزلەر ئۇلارغا يادا بولۇپ كەتكەنىدى ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار خورلانغان ، تىل - ھاقارەتكە ئۇچرىغان ! ...

ئېلىيوپ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدا سەل جانلىنىش بولدى ، ئۈمىد نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىدىمۇ بىر خىل ئارزۇنىڭ سۇس شولىسى چاقناپ ئۆتتى . ئۇلار ئەمدى ئېلىيوپنىڭ سوئال - سوراقلىرىنىمۇ كۈتمەي ، ئۆزلۈكىدىن سۆزلەپ كەتتى :

— يولداش ئادۋوكات ، سىڭلىمىزغا ئۇۋال بولدى ، ناھەق كەتتى ، — دېدى خانقىزنىڭ چوڭ ھەدىسى ھەجەرگۈل كۆز يېشى قىلىپ ، — ئۇ بەكمۇ ياۋاش ، ئەقىللىق قىز ، ئۇنىڭ قولىدا ئادەم تۈگۈل ، بىرەر تال چىۋىنمۇ ئۆلۈپ باقمىغان .

— ئېلىيوپ ئاكا ، تۇغقان دېگەننىڭ بېغى يۈرەكتە ئىكەن ، — دېدى ئوتتۇرانچى ھەدىسى مايگۈل ، — سىڭلىمىزنىڭ ناھەقچىلىككە قاراپ بىزمۇ تۈگىشىپ كەتتۇق !

ئېلىيوپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— ئۇنداق بولسا ، نېمە ئۈچۈن سوتتا گۇۋاھچىلىق قىلمىدىڭلار ؟ دەسلەپتىلا ئۇنى ئاقلاپ چىقىشقا بولاتتىغۇ ؟

ھەر ئىككىسى بىردەم جىم بولدى ، كۆزلىرىدىن ئۈزۈلمەي ياش قۇيۇلدى ، بولۇپمۇ مايگۈل ئۆزىنى تۇتالماي ئۆكسۈپ

يىغلىۋەتتى . بىر هازادىن كېيىن ھەجەرگۈل رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ دېدى :

— ئۇلار بىزنى زۇۋان سۈرگىلى قويمىدى . هاشىمجان ئۆلۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن ، ئاتا ـ ئانىسى ، ئۇرۇق ـ جەمەتى بىزنىڭ ئۆيگە باستۇرۇپ كېلىپ ، نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى چاقتى ، يولدىشىم بىلەن ئىككىمىزنى باغلاپ قويۇپ ئۇردى ...

— قاتىلنىڭ تۇغقىنى دەپ قار ـ يامغۇردەك تىللاپ ئۆيدىن بېشىمىزنى چىقارغىلى قويمىدى ! ... ، ـ دېدى مايگۈلمۇ قوشۇمـ چە قىلىپ .

— شۇنداق ، ئېلىيوپ ئاكا ، بىز ئامالسىز قالدۇق ، تېخى يېقىندا هاشىمجاننىڭ قىرقى نەزىرىنى قىلغان چاغدا ، ئۇلار يەنە كېلىپ ھەممىمىزنى يوكۇندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ ئۇردى ...

ئىككى ئاجىز ئايالنىڭ كۆز يېشى ، ھەسرەت ـ پىغانى ئېلىـ يوپنىمۇ ئەسىر قىلىۋالدى . دەسلەپكى مىشىلداشلار ئاخىر بېرىپ قاتتىق يىغا ـ زارىغا ئايلىنىپ كەتتى . ئەقىل پارچىلانغان ، روھ زەئىپلەشكەن بۇنداق ئەھۋالدا بەزى زۆرۈر سوئاللارغا ئېنىق ھەم توغرا جاۋاب ئېلىش قىيىن ئىدى . شۇڭا ئېلىيوپ ئىككى ئايالـ نىڭ قايغۇ ـ ھەسرەتلىك بىچارە قىياپىتى ئالدىدا قانۇن خادىمىغا خاس چىدام ۋە تەمكىنلىكى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ ، رەسمىي سۆھـ بەتنى كېيىنكە قالدۇرۇش قارارىغا كەلدى .

— هازىرچە خوش ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، — مەن سىلەرنى كېيىن ئىزدەپ كېلىمەن . ئىشقىلىپ ، ھەممىمىز خاتـ قىمىزنىڭ پاكىت ئاساسىدىكى قانۇنغا مۇۋاپىق مەنپەئىتىنى قوغداـ ساق بولىدۇ !

ئېلىيوپ سومكىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ چىقىپ كەتتى ، ئىككى ئايال گاڭگىرىغىنىدىن ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشنىمۇ بىلمەي ، بىر ـ بىرىگە قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى ...

ئېلىيوپ چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىنى ھەربىي

دوختۇرخانىدىكى ئىككى نەپەر پاتالوگىيە مۇتەخەسسىسى بىلەن ئۆتكۈزدى . ئۇلار دېلو ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن ، مەرگىمۇش توغرىسىدا ئىلمىي ۋە مۆجىزىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇ-رىغا قويدى . ئېلىيوپ ئۇ يەردىن كۆڭلى يېشىلگەن ، نەچچە كۈن-دىن بۇيانقى جىددىي داۋالغۇش پەسىيىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل قىزغىنلىق ئىگىلىگەن ھالدا خۇشال قايتتى .

## 5

بىرىنچى ماي ...

ھاۋامۇ بايرامغا لايىق چىرايلىق ئېچىلدى ، دېرىزىدىن قىيا-پاش چۈشكەن نۇر ئېلىيوپنىڭ شالاڭ چاچلىرى ئارىسىدىكى ھال رەڭ تېرىسىنى قىزارتتى . ئۇ دېرىزە تەكچىسىدىكى رەڭمۇ رەڭ باھار گۈللىرىنىڭ بىخ يېرىشىنى ، غۇنچىلاپ پورەكلىشىنى كۆزد-ىتىۋاتقان پېشقەدەم گۈلچىدەك گۈللەرگە ئۇزاق قاراپ تۇردى . بۈگۈن ئۇ ھېچ يەرگە بارماي ، ھېچنېمىنىمۇ ئويلىماي قەتئىي دەم ئېلىش قارارىغا كەلگەنىدى . چۈنكى ، مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى كېچە - كۈندۈز دېمەي ، ھېرىپ - چارچاشقا قارىماي قاتتىق ئىشلىدى . ئۇنىڭ جىسمىلا ئەمەس ، بەلكى ئەقىل - ئىدرىكىمۇ بىر دەقىقە ھەرىكەتتىن توختىمىدى . شۇڭا ، بۈگۈنكى بايرامنىڭ خۇشاللىق تەنتەنىسىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشقا ئۇمۇ ھەقلىق ئىدى . لېكىن ، كۈتمىگەن يەردىن ئۇنىڭ ئايالى ئەتىگەنلىك چاي داستىخىنىنى يىغىۋېتىپ چېچىلدى :

— سىلى يەنە پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەكچى بولۇپ يۈرۈپلا - ھە ؟ ! — ئايالىنىڭ گېپى ھەم تەنىلىك ، ھەم زەردى-لىك ئىدى ، — دوزاخقا چۈشۈپ تويمىغان بولسىلا ، يەنە ئۆتۈپ باقسىلا !

ئېلىيوپ خۇپسەنلىك بىلەن سورىدى :

— نېمىدەپ يۈرىدىغانسەن ، قايسى پىلىسرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەكچى بوپتىمەن؟

ئايالى ئەزۋەيلىدى :

— مېنى بىلمەيدۇ دېمىسىلە ، ھەممىدىن خەۋىرىم بار ، ھېلىقى دېلونى تەپتىش مەھكىمىسى بېكىتىپ ، سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلىمىز دەپ تۇرسا ، سىلى ئۇنىڭدىن قۇسۇر چىقىرىپ ، ئاقلايمەن دەپ خاتالاشسىلا ، كېيىن قانداق خىزمەت ئىشلەيلە؟! — ئايال قولىدىكى قوشۇق بىلەن جانان چىنىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇردى ، — ياشلىرى ئەللىكتىن ئاشتى ، كۈچ - ماداردىن قالغاندا «تاۋاق» چېقىلىپ كەتمىسە بولاتتىغۇ!؟

ئېلىيوپ ئورنىدىن تۇردى ، ئايالىغا «ئىشىمغا ئارىلاشما!» دەپ زەردە قىلىشقا بولمايتتى . چۈنكى ، ھېلىقى تەلۋە يىللاردا ئۇمۇ ئېلىيوپنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ئاز دەرد تارتتىمۇ؟! ئۇنىڭمۇ يۈرەكلىرى زەردىگۈش بولغان . شۇڭا «سۈتتىن ئاغزى كۆيگەن قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچىدۇ» دېگەندەك ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق يۈرەكئال-دى گەپلەرنى قىلىشى يوللۇق ئىدى .

ئېلىيوپ بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ تۇرۇپ تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى :

— ئېسىڭدە تۇرۇپتۇ ، بىزمۇ ئۇۋۋالىنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدۇق! بىر ئەدلىيە خادىمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئېھتىيات-چان بولۇپ ، دۆلەت قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا تېگىشلىك بولمىغان سەۋەبلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇنىڭ شەرەپلىك بۇرچى! دېلو بېكىتىشتە ، ھۆكۈم قىلىشتا دائىم يۈزدە يۈز بولۇپ كەتكىلى بولمايدۇ . چۈنكى ، بەزى ئەھۋاللار ، بەزى ئادەملەر ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ . سەن ئويلاپ باق ، 80 - يىللاردىكى بۈگۈنكى كۈندە ، ناۋادا ، بىر ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغان ناھەق دېلو سادىر بولسا ، ئۇ ھالدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى قولغا كەلتۈرۈلگەن ياخشى ۋەزىيەتكە قانداقمۇ يۈز

كەلگىلى بولىدۇ؟! — ئېلىيوپ بىر تۇرۇۋېلىپ، كېيىنكى سۆزىنى تېخىمۇ ئەستايىدىل ئېيتتى، — مېنىڭ ئويلايدىغىنىم مانا شۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇبادا پىلىسراتتىن ئۆتۈشكە توغرا كەلسىمۇ ئۆتمەكچىمەن!

ئايالى ئارتۇقچە تاكاللاشمىدى، پەقەت «ئۆزلىرى بىلسىلە» دېگەن بىر ئېغىز ئىنائەتمەن سۆزىنى قىلىپ قويۇپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مانا شۇ سۆھبەت بىلەن تەڭ ئېلىيوپنىڭ «قەتئىي دەم ئېلىش» قارارىمۇ بۇزۇلدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يەنە شۇ دېلو ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەتىكى كۈندە جەسەتنى ئېچىپ ئەۋرىشكە ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇ قېتىمقى جەسەتنى ئېچىش مەسىلىسى ئاسانغا چۈشمىدى. ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـتۇغقانلىرى بىردەك قومۇرۇلۇپ، ئېلىيوپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارشى چىقتى. ئۇلار دىنىي قائىدىلەرنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئېلىيوپنى توستى، ھەتتا ئۇنى ئەيىبلىدى. لېكىن، بۇ نەرسىلەر ئېلىيوپنى چۆچۈتەلمىدى. ئۇ دەسلەپ سەۋرچانلىق بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدى، بۇ كارغا كەلمىگەندىن كېيىن، ئاز ـ تولا قانۇننىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىشكە توغرا كەلدى.

ئەجەبا، بىر قېتىم ئاچقان جەسەتنى نېمە ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم ئېچىشقا بولمايدىكەن؟! سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى، چىنلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ھېلىغۇ يەر ئۈستىدىكى بىر جەسەت ئىكەن، دېڭىزنىڭ قەرىگە چۆكتۈرۈۋەتكەن كىچىككىنە يارماقنىمۇ سۈزۈپ چىقىپ، پاكىتنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ ـ دە! ...

شۇنداق قىلىپ، كىچىككىنە سۈركىلىشتىن كېيىن، ئەتىكى كۈندە جەسەتنى ئېچىپ، يەنە بىر قېتىم تېخنىكىلىق تەكشۈرۈپ باھالاش مۇقىملاشتى. ئېلىيوپ ئەتىكى ئىشقا پۇختىراق تەييارلىق قىلىش ھەم ئاخشام كۆرگەن كىتابتىن ئاز ـ تولا

خاتىرە يېزىپ قويۇش ئۈچۈن ، ئىشخانىسىنى تىنچراق كۆرۈپ ئىدارىگە كەلدى . ئۇ ئەمدىلا ئىككىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلۈۋىدى ، كارىدورنىڭ ئۇ چېتىدىن دىجورنىلىق قىلىۋاتقان بىر خىزمەتدىشى كېلىپ چاقچاق ئارىلاش سورىدى :

— خوش ئېلىيوپكا ، بايرامدىمۇ بۇ تەرەپنى ئەگىپ قاپسىز- غۇ ؟ ئىشخانىدا بىرەر مەخپىي خەتلىرىڭىز ئۇنتۇلۇپ قالغانمۇ نېمە ؟

— يوقسۇ ، ئاكىڭىز مەخپىي خەتلەرنى بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇنلا جايىغا ماڭغۇزۇۋەتكەن ، — دېدى ئېلىيوپ خۇش پېئىللىق بىلەن ، — شۇڭا هازىر يەڭگىڭىزنىڭمۇ كۆڭلى تىنچ ...

هەر ئىككىسى كۈلكە- چاقچاق بىلەن ئىشخانىغا كىردى ، كەيپىيات سەل پەسەيگەندىن كېيىن ، هېلىقى دىجورنى ئاستا سورىدى :

— ئېلىيوپكا ، ئاڭلىسام جەسەتنى يەنە ئېچىپ تەكشۈرمەك- چى بوپسىز ، ئۆتكەنكى تەكشۈرۈش چاتاقمىكەن ؟

ئېلىيوپ كۆزەينىكىنى قارا يوللۇق چاسا ياغلىقىغا سۈرتكەچ دېدى :

— ئۆتكەنكى تەكشۈرۈشنىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ ، لېكىن ئۇ چاغدىكى باهالاش قەغىزىدە ، ئۆلگۈچى ئىچكەن زەهەر- نىڭ مىقدارىنى بەدەننىڭ ئېغىرلىقى بويىچە تەخمىنەن هېسابلاپ چىقارغان . ئۆلگۈچىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاتمىش كىلوگرام دەپ مۆلچەرلەپ ، هەر يۈز گرامدا 0. 001 مىللىگرامدىن ئارسىن[1] بار دەپ قاراش بىلەنلا ، بەدەننىڭ هەممە يېرىدە ئوخشاش مىقداردا ئارسىن ماددىسى بار دەپ مۇقىملاشتۇرغىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، قايتىدىن بىر تەكشۈرۈپ بېقىش زۆرۈر بولۇپ قالدى .

— توغرا - توغرا… ، — دېدى دىجورنى قايىللىق بىلەن

---

[1] ئارسىن مەرگىمۇشنىڭ پەندە ئاتىلىشى .

بېشىنى لىڭشىتىپ، — زىغىردەك گۇمان بولسىمۇ، جەزمەن ئۇنى تەكشۈرۈپ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. خوش ئەمىسە مەن چىقاي، سىز ئىشلەڭ!

دىجورنى ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئېلىيوپ يېقىندىن بېرى ئىگىلىگەن بىر مۇنچە ماتېرىياللارنى يېيىپ قويۇپ، سېلىشتۇرۇشقا، تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ بەزىدە كۆزىنى بىر نۇقتىغا قاتتىق تىكىپ، ئاللىبىر نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر، قىياس بىلەن جانلاندۇرۇپ، كۆڭۈل ئەينىكىدە كۆرگەندەك بولاتتى ... ئېھتىمال، ئارىدىن بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتكەن بولسا كېرەك، ھېلىقى دىجورنى ئىشىكنى قىيا ئېچىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئېلىيوپقا يېقىنلاشتى ۋە پەس ئاۋازدا:

— ئېلىيوپكا، ھازىر پوچتالىيون كەلگەنىدى، قارىسام سىزنىڭ بىر پارچە خېتىڭىز بار ئىكەن، — دەپ بىر كونۋېرتنى ئۇزاتتى.

ئېلىيوپ ئالدىراپ كونۋېرتنى يىرتتى. دىجورنى شىپىرلاپ چىقىپ كەتتى.

خەت ئىسمىسىز بولۇپ، بىر ۋاراق سىدام قەغەزگە بىرنەچچە قۇرلا يېزىلغانىدى: «پېشقەدەم ئادۋوكات ئېلىيوپ: ۋاقىپ بولۇڭكى، خەتەرلىك يولغا قەدەم باستىڭىز! سىز ئۆزىڭىزچە ھەققانىيەتچىل قەلبىڭىز بىلەن رەھىمسىز مىلتىقنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالماقچى بولۇۋاتىسىز! ئەپسۇسكى، مىلتىق سىزنىڭ ھەرقانچە ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن توسقىنىڭىزغا قارىماي ئېتىلىدۇ، جەزمەن ئېتىلىدۇ! بىز ھازىر سىزنىڭ كەلگۈسىڭىزنىڭمۇ ئۆتمۈشىڭىزگە ئوخشاپ قالىدىغانلىقىدىن ۋايىم يەۋاتىمىز! ...»

ئېلىيوپ خەتنىڭ ماركىسىغا قارىدى، كونۋېرتنىڭ بىر بۇجىكىگە تۆت پۇڭلۇق نىل رەڭ ماركا چاپلانغان بولۇپ، پوچتا تامغىسىمۇ بۇ خەتنىڭ شەھەر ئىچىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئېلىيوپ خەتنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ مىيىقىدا كۇلۇپ

قويدى . بۇ خەت بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇنقى خەتلەر بىلەن نېمىدېگەن ئوخشاش ـ ھە ؟ ! لېكىن ئۇ چاغدىكى خەتنىڭ ھەر ھالدا ئىسىم ـ شەرىپى بىلەن نام ـ نىشانى بار ئىدى . بۇنىڭچۇ ؟ ئىسمى تۇگۈل ، ھەتتا چېسلا يېزىشتىنمۇ قورققان .

ئېلىيوپ خەتنىڭ بىر بۇرجىكىگە بوگۇنكى چېسلانى يېزىپ ، ئۇنىڭ ئاستىغا «قورققان يەردە جىن بار» دېگەن ماقالىنى ئەسكەرتىپ قويدى . خەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كۈتۈلمىگەن بىر دولقۇن قوزغىدى . بۇ دولقۇن ئۇنى شىددەت بىلەن ئالغا ئىتتىردى . راست ، بۇ خەت مۇئەللىپنىڭ مۇددىئاسىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە ، ئېلىيوپقا كۈچلۈك ئىلھام بولدى . ئۇ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ كېلەچىكىگە ئەمدى تېخىمۇ ئىشەندى . ئىلھام ۋە ئىشەنچ ئۇنى گويا غەۋۋاسلاردەك دېلو ئىدىچىگە تېخىمۇ چوڭقۇر سۈرەپ كىرىپ كەتتى...

## 6

ئېلىيوپ قەبرىستانلىقتىن كۆن يانغاندا قايتىپ كىردى . ئۆيىدە ئۇنى شەھەرلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئارۇپ كۈتۈپ ئولتۇراتتى . بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمان ئۇنىڭغا ئانچە يېقىپمۇ كەتمىدى . چۈنكى ، ئۇ بوگۈن ئوبدانلا چارچىغان ، ئازراق تاماقلىنىپلا يېتىۋالغۇسى بار ئىدى ، لېكىن ئىشىك قېقىپ ، كۆككۈل ئىزدەپ كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش ئۇنىڭ ئۆزۈن يىللىق ئادىتى ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە بوگۈنكى بۇ مېھمان ئانچە ياتمۇ ئەمەس ، ئېلىيوپ يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بېرى سودا ئىدارىسىگە بىرنەچچە قېتىم ئەھۋال ئۇقۇشۇش ئۈچۈن بېرىپ يۈرۈپ ، ئاغزى يۇمشاق ، قىزغىن مۇئامىلىلىك ، بوي ـ بەستى ئېۋەنسىز بۇ ئادەم بىلەن خېلى ئوبدان ئۆلپەتلىشىپ قالغانىدى .

— بۇگۇن بەك چارچاپ كېتىپسىز جۇمۇڭ ئېلىيوپ ، — دېدى ئاروپ كۆڭۈل ياساپ ، — بىمەھەل كېلىپ مالال قىلىپ قويىدىغان ئوخشايمەن . بولمىسا بۇگۇن دەم ئېلىڭ ، ئەتىگىچە كۆرۈشەرمىز… ، — ئۇ تۇزۇت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى ، ئېلىيوپ ئۇنىڭ يەلكىسىدىن ئاستاغىنا بېسىپ دىۋانغا ئولتۇرغۇزدى .

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، بۇنچىلىك چارچاش نېمىتى دەيسىز ، — دېدى ئۇ چاك - توزان باسقان كۆزەينىكىنى سۈرتۈۋېتىپ ، — ئۇزۇن يىل تۇرمىدە ، يېزىدا يۈرۈپ چارچاش دېگەننىڭ قانداقلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتۇق .

ھەر ئىككىسى يېنىككىنە كۈلۈشتى . ئېلىيوپ مېھمانغا چاي قۇيۇپ ، تاماكا تۇتتى ، ئاروپ تاماكىنىڭ ئىسىنى ھالقىلاپ ئاسمانغا پۈۋلىدى ۋە ئازغىنە كالتا يۆتەلدىن كېيىن يۇمشاق تەلەپپۇز بىلەن سورىدى :

— بۇگۇنكى ئىشىڭىز ئوڭۇشلۇق بولغاندۇ ؟

ئېلىيوپ پىيالىدىكى چاينى گۇپپىدە بىر ئوتلىۋېلىپ دېدى :

— دەسلەپتە ئاسانغا چۈشمىدى ، ئۆلگۈچىنىڭ بىرنەچچە ھامىلىرى قەبرە بېشىغا چىقىۋېلىپ يەنە غوۋغا كۆتۈردى .

— ھەي - ي - ي ! … بۇ خەقنىڭ نادانلىقىنى ! — دېدى ئاروپ ئەپسۇس بىلەن بېشىنى چايقاپ ، — قانۇن بىلەن ئويناشقىلى بولامدۇ ، دەڭە ؟ !

— شۇنداق ، قانۇن مۇقەددەس نەرسە ، پۇتلىكاشاڭدىن قورقمايدۇ ، — ئېلىيوپ راھەتلىنىپ چاي ئىچكەچ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئاخىر گۆرنى ئاچتۇق ، ھەربىي دوختۇرخانىدىن كەلگەن ئىككى مۇتەخەسسىس جەسەتنىڭ بىر پارچە باش سۆڭىكى بىلەن بىرنەچچە تال چىرىپ كەتكەن گۆش پارچىلىرىنى ۋە ئۈچ ئورۇندىن توپا نۇسخىلىرىنى ئېلىپ كەتتى .

مېھمان ئالدىراپ سورىدى :

— چىرىپ كەتكەن جەسەتنىمۇ ئېنىق تەكشۈرەلەمدىكەن؟

— چاتاق يوق، — دېدى ئېلىيوپ ئىشەنچ بىلەن، — «ئارسىن بىلەن زەھەرلەنگەنلا بولسا، سۆڭىكى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى بولىدۇ» دەيدۇ.

مېھمان ھاياجانلاندى:

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى ··· پەن دېگەن پەن - دە! — ئۇ قولىدىكى تاماكىنى كۈلدانغا مىجىقلىغىنىپ ئېلىيوپقا قاردى، — سىز بۇ ئىشلارغا بەكمۇ ئەستايىدىل، ئىنچىكە بولدىڭىز جۇمۇڭ، بىر قانۇن خىزمەتچىسىگە مۇناسىپ جاسارەت كۆرسەتتىڭىز!

ئېلىيوپ سەل خىجىل بولغاندەك يۈزى ۋىللىدە قىزاردى:

— بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتتىڭىز ئاروپ جۇجاڭ، ھەممىسى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار. ھەرقانداق بىر دېلودا پاكىت ئاساس، قانۇن ئۆلچەم بولۇش كېرەك - دە!

— شۇنداق، شۇنداق، ئون نەچچە يىل ئاۋۋال، تاھەق دېلولارنىڭ دەردىنى ئاز تارتتۇقمۇ؟! — ئاروپ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ ئەسلىي مەقسىتىگە كۆچتى، — يولداش ئېلىيوپ، بۈگۈن سىزنى ساقلىشىمدىكى سەۋەب مۇنداق: ئاڭلىسام، يەتتىنچى چېسلا ئوچۇق سوت بولىدىكەن، مەن بىرنەچچە كۈن قاتتىق ئويلاندىم، خانقىزنىڭ تەقدىرىگە ئېچىندىم، ئۇ بىر يېتىم قىز، ئەگەر سىز خالىسىڭىز، مەن ئۇنىڭ گۇۋاھچىسى بولسام ···

ئېلىيوپ خۇشاللىقىدا ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتتى:

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى ··· قارشى ئالىمەن، ھازىرغىچە جاۋابكارنىڭ گۇۋاھچىسى پەقەت ئىككى ئاچىسىلا ئىدى. مانا ئەمدى سىز قوشۇلۇپ ئۈچ بولدى.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن مېھمان ھايال بولماي قايتتى. ئېلىيوپ بىرئاز ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن دىۋانغا قىيسايغان بولسىمۇ، ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئۇ ئۆزىنى بىردىنلا ھاردۇقى چىقىپ

يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى ، بىردەم ئۆي ئىچىدە ئۇياق۔ تىن۔ بۇياققا مېڭىپ خىيال سۈردى . كېيىن گۇپپىدە بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ ، سائىتىگە قارىدى ۔ دە ، چاپىنىنى كىيدى .

ئېلىيوپ يېرىم سائەتتىن كېيىن تۇرمىدە پەيدا بولدى ، نۆۋەتچى ساقچى ئۇنىڭ كىنىشكىسى بىلەن رەسمىيەت قەغەزلىرى۔ نى كۆرۈپ ، خانقىز ياتقان كامېرغا باشلاپ كىردى . جاۋابكار گويا ئۇنىڭ چاقىرىشىنى كۈتكەندەك ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇ۔ راتتى ، ئېلىيوپ كامىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپلا سورىدى :

— خانقىز ، سەن ئۆزۈڭدىن بېرى بىر خەنجەر ساقلاپ يۈرۈپ۔ سەنغۇ ، راستمۇ ؟

— راست ، — دېدى جاۋابكار كېسىپلا .

— نېمە قىلماقچىدىڭ ؟

— دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشتا لازىم بولار دېگەنىدىم .

— كىمدىن ؟ !

— بىلمەيمەن .

ئىككى تەرەپ تەڭلا جىمىپ كەتتى . ئېلىيوپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى ، ئۇ بولسا بۇرۇنقىدەكلا ئاجىز قوللىرى بىلەن چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى توختىماي مىجىقلايتتى . ئاخىرىدا ئۇ قىس۔ قىلا ئىزاھات بەردى :

— قاتىلنى تېخى تاپالمىغانىدىم ، لېكىن بىرى مۇھىم يىپ ئۇچى بەرگەنىدى . ئەمدى سۈرۈشتە قىلىشقا باشلىغاندا ئۆزۈم تۇتۇلدۇم …

ئېلىيوپ ئالدىراپ سورىدى :

— قانداق يىپ ئۇچى !

— بىر پارچە خەت .

— قېنى ؟ !

خانقىز بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى ، كېيىن ئېلىيوپنىڭ باش ۔ ئايىغىغا سىنچى كۆز بىلەن بىر قۇر قاراپ

چىقىپ تەستە ئېغىز ئاچتى:

— مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىك بېشىدىكى يوچۇقتا.

ئېلىيوپ دەرھال تۇرمىدىن ئايرىلدى، قاراڭغۇ چۈشكۈچە بىر نەچچە يەرگە بېرىپ، ئىككى-ئۈچ تونۇش ۋە ناتونۇش ئادەملەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، خوتۇنىنىڭ ئاچچىق غوتۇلداشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، سوۋۇپ قالغان تامىقىنى يېدى ۋە بىر تال تاماكىنى ھۇزۇر بىلەن چېكىۋالغاندىن كېيىن، ئىش ئۈستىلىگە مۈكچەيدى. يېرىم كېچىگىچە ئاللىبىر نەرسىلەرنى كۆردى. خاتىرىسىگە نېمىلەرنىدۇر يازدى ھەم بىرىگە يوللىنىدىغان تېلېگراممىنىڭ تېكىستىنى كۆچۈرۈپ، ئەتە ئەتىگەندە پوچتىغا سېلىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويدى. ئەگەر ئۇ خوتۇنىنىڭ چالۋاقىشىنى دېمىگەن بولسا، مەھەللىسىدىكى توم تاجى خورازنىڭ سوبھىدىكى زىل ئاۋازىنى ئەنە شۇ ئىش ئۈستىلىدە ئويغاق ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان بولاتتى...

# ئىككىنچى باب

## جاۋابكار

### 1

يەتتىنچى مايمۇ ئۈن- تىۋىشسىز يېتىپ كەلدى . كۈن ئوچۇق بولمىسىمۇ ، تۈنۈگۈن ياغقان سىم - سىم يامغۇرنىڭ تەسىرىدىن هاۋا ساپ هەم نەمخۇش ئىدى .

ئادەتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈننىڭ هېچقانداق پەرقى هەم ئالاهىدىلىكى يوق ، لېكىن شەهەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى هەيۋەتلىك زالنىڭ مۇنبىرىدە تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ۋىجدانى بىلەن كىشىلىك غۇرۇرىنى نامايان قىلىدىغان بىر نەچچە كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ، بۈگۈن ناهايىتى خاسىيەتلىك هەم ناهايىتى تىنچىسىز كۈن ئىدى ، مۇشۇ كۈنگە يېتىپ كەلگۈچە بىر نەچچە يۈرەكلەر ئوخشاشمىغان هېسسىيات بىلەن توختىماي دۈپۈرلەپ تۇردى . خىلمۇ خىل ئىپادىلەر ئەكس ئەتكەن كۆزلەرمۇ هەركۈنى كالېندارغا بىر نەچچە قېتىمدىن قاراپ ، يەتتە رەقەمنىڭ شەيداسى ياكى رەقىبى بولۇپ كەتتى . ئۆتكەن يىلى سېلىنغان يېڭى ، ئازادە زال خالىس تىڭشىغۇچىلار بىلەن تېزلا توشۇپ قالدى . ئالدىنقى قاتاردا ئىككى رەت بولۇپ ئولتۇرغان ياش ئەر - ئاياللارنى ئېلىيوپ كۆزەينىكىنىڭ ئاستىدىن سىنچىلاپ قاراپ تونۇدى . ئۇلار جاۋابكار خانقىزنىڭ كەسىپداشلىرى ئىدى . ئۇلارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى ئېلىيوپقا تىكىپ ، نېمىنىدۇر شىۋىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى . ئېلىيوپ ئۇلارنىڭ كۆڭۈل

سۆزىنى ئاڭلىدى ، چۈشەندى ...
هايال بولماي زال ئىچى تىنچىدى . بولۇپمۇ ، ئىككى ئايال ساقچى جاۋابكار خانقىزنى سوت مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ كىرگەندە زال قاتتىقراق تىنىسا ئاڭلانغۇدەك جىمىپ كەتتى . خانقىز بېشىنى كۆتۈرمەي تۇراتتى . ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان ، رەڭگى تاتارغانىدى .

باش سوتچى ئوچۇق سوتنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى . ئۇنىڭ ئېگىز ، ئورۇق گەۋدىسىنى پاگونلۇق سوت فورمىسى خېلىلىلا ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى . ئۇنىڭ ئارقىدىنلا سوت كاتىپى ئوچۇق سوتنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزاملىرىنى جاكارلىدى ...

ئېلىيوپ ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا — تەپتىش ئورنىدا ئولتۇرغان ئەيىبلىگۈچىگە تۇنجى قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى . ئۇ ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى قاتاڭغۇر ، ئاق سېرىق ، ئورۇق - سېمىزلىكى ئۆز لايىقىدا بىر ئادەم ئىدى . ئۇ ئورۇندۇقتا قاڭقىيىپ ئولتۇرۇپ ، قولىدىكى رەڭلىك قېرىنداشنى ئۇستەلگە يەڭگىل ئۇرۇپ تىرىقشىتاتتى . چوڭ - چوڭ قوڭۇر كۆزلىرى ئەتراپتىكىلەرگە ئاندا- ساندا تاشلىنىپ تۇراتتى . ئېلىيوپنىڭ سىنچى كۆزلىرى ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىدىن ، ھەرىكىتىدىن ، كۆز قارىشىدىن خېلىلا بىڭسىسى بار ، غۇرۇرى قاتتىق ، مىجەزى چۇس ئادەملىكىنى كۆرۈپ يەتتى . ئۇنىڭ ئىسمى جامالىدىن بولۇپ ، ئېلىيوپ ئانچە - مۇنچە ئاڭلىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بىرەر سورۇندا بولۇپ باقمىغانىدى .

باش سوتچى ۋە سوتچىلار سوراش ، تەكشۈرۈش ، تونۇشتۇرۇش ماتېرىيالىنى ئوقۇپ بولدى . سوت تەرتىپى بويىچە ئەمەدىكى نۆۋەت دەۋاگەرنىڭ گۇۋاھچىلىرىغا كەلگەنىدى . باش سوتچى ئېلان قىلدى :

— هازىر دەۋاگەرنىڭ گۇۋاھچىسى مەيدانغا كىرسۇن !

ئەللىك ياشتىن ھالقىغان ، ئۆزۈن كۆڭلەكلىك ، ئۆزۈن روماللىق بىر ئايال يۈزىنىڭ يېرىمىنى ئورىغان ھالدا ئىشىكتىن ئەيمىنىپ كىردى . زالغا بىرلا قاراپ ئالا چەكمەن بولغان كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ پۇتۇنلەي گاڭگىراپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

باش سوتچى ئۇنىڭ ئالاقزادىلىكىنى سوئال بىلەن بېسىپ كەتتى :

— ئالدىغا كېلىڭ ، ئالدىغا ··· ھە ، بولدى ، ئىسمىڭىز نېمە ؟

— شەرۋانىخان ··· ، — ئايال تەستە ئۆزىنى تۇتتى .

— فامىلىڭىزچۇ ؟

— دادامىنىڭ ئىسمىمۇ ؟ ھە··· دادامنىڭ ئىسمى سەلەي ئاخۇن .

— قاچان تۇغۇلغان ؟

— ئۇجمە پىششىقىدا ···

باش سوتچى كۈلكىسىنى زورىغا بېسىپ قايتىلاپ سورىدى :

— نەچچىنچى يىلى دەيمەن ؟

— ئۇنى بىلمەيدىكەنمەن غوجام ··· بىر چاغدا ئانام رەھمەتلىكنىڭ ئېيتىشىچە ، تۇڭگان يېغىلىقىدا مەن تېخى قۇچاقتا ئىدىكەنمەن ···

— ھە ، بولدى ، توختاڭ ! ئەسلىڭىز قەيەرلىك ؟

— شەلىك .

— ئۆلگۈچىنىڭ نېمىسى بولىسىز ؟

— شۇم پېشانە ئانىسى بولىمەن ، غوجام .

— ئەمدى گۇۋاھلىقتىن ئۆتسىڭىز بولىدۇ ، — دېدى باش سوتچى ئۇنى سۆزگە ئۈندەپ .

ئايال زالغا قاراپ يەنە بىر ئاز تېڭىرقىدى ، ئويلىغان گەپلىرى شامال سوققان توزغاقتەك توزۇپ كېتىۋاتاتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ كۆزى ئايلىنىپ كېلىپ جاۋابكار ئورنىدا تۇرغان خانقىزغا

چۆشكەندە بىردىنلا پىغانى ئۆرلەپ، كۆز ـ ياشلىرى مۆلدۈردەك چۈشۈشكە باشلىدى، ئۇ بىگىز قولىنى خانقىزغا جونۇپ تۇرۇپ نالە قىلدى:

— سەن ... سەن قاتىل! ئوغلۇمنى مەندىن مەڭگۈ ئايرىۋەتتىڭ! ئاھ خۇدا، سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدىم! ... — ئۇ كۆز يېشىنى سەل بېسىپ، تېخىمۇ قەھرى بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — خالايىق، بۇ ئايال سۇپەتلىك ئالۋاستى ئوغلۇمنى يەپ كەتتى، ئۇ تېخى ئوغلۇمنى يېرىم كېچىدە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، تاڭغا يېقىن ئاندىن بىزگە خەۋەر بېرىپ هازا ئاچتى ... ئۇنىڭ ئەزەلدىن نىيىتى بۇزۇق ئىدى. نەچچە قېتىم ئوغلۇم بىلەن جېدەللىشىپ ئەسكىلىك قىلغاندا مەن ئارىغا چۈشۈپ ياراشتۇرغان ... مېنىڭ ئوغلۇم قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش بولغاچقا، بۇ نائەهلى بۇزۇقنىڭ سىرتتىكى سالپا ـ سۇلپاڭ ئىشلىرىغا دىققەت قىلمىغان، كېيىن ئۇ بىردىنلا چىنىپ، ئوغلۇمنىڭ يۈرىكىنى خۇن قىلىۋەتتى ... باشقا ئەرلەرگە بۇزۇلدى ...

باش سوتچى سۆز قىستۇردى:

— كىمگە بۇزۇلدى؟

— بۇ ئېرىمەس ناپاكقا بىر ئەر يېتەمتى، بىرنەچچىسىگە بۇزۇلغان!

باش سوتچى جاۋابكاردىن سورىدى:

— خانقىز، راستمۇ؟

خانقىز تىترەك ئاۋازلاش جاۋاب بەردى:

— يالغان.

شەرۋانىخان خۇددى ئېتىلىپ بېرىپ بوغۇپ قويغۇدەك ئەلپازدا ۋارقىرىدى:

— هوي قارا يۈز ... يالغان دەيدا تېخى، تىلىڭ ئېقىپ كېتەر ئىلاهىم! ... روزىمەت بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلغىنىڭمۇ يالغانمۇ؟!

ئېلىيوپ ئىختىيارسىز خانقىزغا قارىدى ، ئۇ بېشىنى كۆتۈر-مەي لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئازابلىنىپ تۇراتتى . شەرۋانىخان جاۋ-غايلىرىدا بوغجۇپ تۇرغان تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— مەن تېخى بۇ قاتىلنىڭ خەنجەر سوقتۇرۇپ ساقلاپ يۈر-گەنلىكىنى كۆرسەممۇ ئېرەنشىمەپتىكەنمەن . ئەسلىدە ، بۇ شۇنىڭ بىلەن ئوغلۇمنى قەتلى قىلماقچىكەن ... ۋاي خۇدايىم ! ... ئۇنىڭ بۇنداق هارام نىيىتىنى نەدىن بىلەي ؟

باش سوتچى خانقىزدىن سورىدى :

— خەنجەر ساقلىغىنىڭ راستمۇ ؟

— راست ...

شەرۋانىخان تېخىمۇ ئەدىدى :

— شۇ ئەمەسمۇ ؟ بۇنىڭ زادى نىيىتى بۇزۇلغان ، خەنجەرنى مەن كۆرۈپ قالغاچقا ، ئۇنى ئىشلەتمەي ، ئورنىغا قان چىقارماي جان ئالىدىغان زەهەر ئىشلەتتى ... خالايىق ، ئەگەر زەهەر سالغان چەينەكنى مەن كۆرۈپ قالمىغان بولسام ، ئۇنىمۇ غەلەت قىلىپ ئىزىنى يوقاتماقچىدى ، لېكىن مەن ئۇنى كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن تېپىۋالدىم .

باش سوتچى سۆز قىستۇرۇپ جاۋابكاردىن سورىدى :

— چەينەكنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرغانلىقىڭ راستمۇ ؟

خانقىز بويىنى ئېگىپ تەستىقلىدى :

— راست .

شەرۋانىخان رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ، ئاخىرقى گېپىنى قانداق چۈشۈرۈشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى .

باش سوتچى ئۇنى ئاگاهلاندۇرۇپ :

— گېپىڭىز يەنە بارمۇ ، يوق ؟

شەرۋانىخان هولۇقۇپ جاۋاب بەردى :

— بار ... يەنە بار... مەن ئۇنىڭ يامان نىيىتىنى ، قانخور

قاتىللىقىنى بىلگەن بولسام ، بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن كاتتا توي قىلىپ ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرمىگەن بولاتتىم ... ئۇ مېنى داغدا قويدى . مەن قانغا ـ قان تەلەپ قىلىمەن ! ئەگەر ئۇنى ئېتىپ بەرمىسە ، قانۇننىڭ راستىلىقىغا ، خۇدانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنمەيمەن !
شەرۋانىخان ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ يىغلىدى . بەدىنى سىلىكىنىپ تىك تۇرغۇدەك مادارى قالمىدى . باش سوتچىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىشىك يېنىدا ئولتۇرغان بىر قانۇن ساقچىسى ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى .
باش سوتچى يەنە جاكارلىدى :
— نۆۋەتتىكى گۇۋاھچى كىرسۇن !
خام سېمىزلىكتىن ئېڭەكلىرى خالتىلىشىپ كەتكەن ، ماش گۈرۈچ ساقاللىق بىر ئادەم مەيدانغا كىردى .
باش سوتچى رەسمىيەت سوئاللىرىنى سورىدى :
— ئىسىم ـ فامىلىڭىز نېمە ؟
— ئابلا چوڭ .
— قاچان تۇغۇلغان ؟
— دادامنىڭ قۇرئان شېرىپكە پۈتۈپ قويغان خاتىرىسىگە قارىغاندا ، مىلادى 1933 ـ يىلى رامزاننىڭ يىگىرمە يەتتىسى مەھەللىمىزدىن شىۋىقەدرى ئۆتكەن كۈنى تۇغۇلۇپتىكەنمەن ... ، — گۇۋاھچى خۇددى كاتتا بىر شان ـ شەرەپكە شاھىت بولغاندەك ، تۆت تەرەپكە غىلمىيىپ قاراپ قويدى .
باش سوتچى سوئالىنى داۋام قىلدى :
— كەسپىڭىز نېمە ؟
— سودىگەر .
— يۇرتىڭىزچۇ ؟
— مۇشۇ يەر .
— ئۆلگۈچى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭىز بار ؟
— يوقسۇ ، — دېدى ئۇ بويىنىنى مۇلايىم تولغاپ ، — مېنىڭ

ئۆلگۈچى بىلەن ئەمەس ، جاۋابكار بىلەن يېقىن تۇغقانچىلىق مۇنا-
سىۋىتىم بار ، پېقىر جىنايەتچى خانقىزنىڭ تاغىسى بولىدۇ !

زالدا يېنىك تەۋرىنىش بولدى ، ئۇستەل - ئورۇندۇقلار
غىرسلاپ كۇسۇر - كۇسۇر باشلاندى . باش سوتچى ئەتراپقا بويۇن-
داپ تۇرۇپ دېدى :

— يولداشلار دىققەت ، هازىر جىنايەتچىنىڭ تاغىسى گۇۋاھ-
لىقتىن ئۆتمەكچى ، قېنى ئابلا چوڭ ، ئەمدى سۆزلەڭ .

ئابلا چوڭ ئۇزۇن سوكنا كەمزۇلىنىڭ ئۇستىدىن باغلىۋال-
غان كۆك شايى بەلۋېغىنىڭ بىر ئۇچىنى يېشىپ يۈز - كۆزىدىكى
تەرلەرنى سۈرتتى ۋە بۇرنىنى يېنىك قېقىپ قويۇپ سۆزىنى
باشلىدى . ئۇ بىرىنچى جۈملىسىدىلا ئۆزىنىڭ خېلى پىشقان سۆز-
مەنلەردىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى :

— سوتچىلار ، تۇغقانلار ، هەممىڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر ،
مەن بۇ قاتىلنىڭ تاغىسى بولىمەن ، مەن ئۇنى ئاتا - ئانىسىدىن
قارا يېتىم بولۇپ ، ئاچىماق ئىشتان كىيىدىغان ئەتلىمە گۆش
ۋاقتىدىلا بېقىۋالغان . ئۇنىڭ دادىسى نىزام ئەپەندى سودا ئىدارى-
سىنىڭ كاتتىسى ئىدى . هېلىقى جەددال قوپقان مالىمان يىللاردا
ئەجىلى مۇئەللەق بولدى . ئۇنىڭ ئانىسى — جاپاكەش سىڭلىمنى
هېچنېمىنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەي ، كېسەل چىقىپ ئۆلۈپ كەت-
تى . خانقىز ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قالدى ، كېيىن مەن ئۇنى
سىڭلىمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ، ئۆز ئۆيۈمگە ئاپىرىپ ئاتىدارچىد-
لىق قىلدىم ، ئۇ تاكى ياتلىق بولۇپ ، رەھمەتلىك هاشىمجاننىڭ
ئەمرىگە ئۆتكۈچە مېنىڭ تەربىيەمدە بولدى . مەن ئۇنى ئۆز پەر-
زەنتىمدىنمۇ چارە كۆرۈپ ، ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك چوڭ قىل-
دىم ، لېكىن ئۇ چوڭ بولۇۋېلىپلا مېنىڭ يۈزۈمگە ئاياغ باستى ،
مەن تاپقان ياخشى لايىققا ئۇنىماي ، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەس-
سەپ شەنىمگە داغ چۈشۈردى ، تېخى ئەيمەنمەستىن : «مۇھەببەت
باغلىدىم ، لايىق تاپتىم» دەپ كېچە - كېچىلەپ ئۆيگە كىرمەي

شەرمەندىچىلىك قىلدى . مەن ئۆز ئابرۇيىمغا دەخلى يەتكۈزگەن بۇنداق نومۇسسىزلىققا چىدىماي ، ئاخىر ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردىم ... ئۇ ئىككى ئاچىسىنىڭ پاناھلىقىدا ئۆزۈنغا بارماي ، سودا ئىدارىسىنىڭ ئىشچىسى — رەھمەتلىك ھاشىم ياۋاشقا تېگىۋالدى ...

باش سوتچى تېك تۇرغان گەۋدىسىنى ئالدىغا سەل ئېڭىشتۇرۇپ جاۋابكاردىن سورىدى :

— خانقىز ، گۇۋاھچى ئابلا چوڭنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ ؟

خانقىز دەرھال ئۈنچىقمىدى ، ياش يۇقى كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ دىلى پۇچىلانغاندەك قىلاتتى . ئاخىر ئۇ ناھايىتى مۇشكۇلدە سۆزلىدى :

— ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىم راست ، ھاشىمجانغا تەگكىنىممۇ راست ...

ئابلا چوڭ تېخىمۇ روھلىنىپ ، بېشىنى خۇددى قوناق يېگەن قېچىردەك يۇقىرى كۆتۈرۈپ گىدەيدى :

— مەن ھەققانىيەت سوتى ئالدىدا سۆزلەۋاتىمەن ! — دېدى ئۇ ۋەزخانلىق بىلەن ئەقىدە كۆرسىتىپ ، — ھەربىر سۆزۈمنىڭ راست ۋە چىنلىقىغا ئۇستۇمدە خۇدا قاراپ تۇرۇپتۇ ! ... ئەمدى مەن ئىككى پاكىت ئۈستىدە سۆزلەي : بىرى ، ھاشىمجاننىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، ئەتىگەندىلا مېيىت ئۈستىگە باردىم . بۇ چاغدا شەرۋانىخان زەھەر سېلىنغان ھېلىقى چەينەكنى كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن تېپىۋېلىپ تۇرغانىكەن . مەن دەرھال چەينەكنى يۇراپ باقتىم ، چەينەكتىن ناھايىتى سېسىق پۇراق چىقتى ... ئىككىنچىسى ، ھاشىمجان ئۆلۈشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ، مەن خانقىزنىڭ يوچۇن بىر ئەر بىلەن رەستىدىكى ئاشپۇزۇلدىن چىقىپ مۇقۇلدىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم . لېكىن ، شۇنچە قىلىپمۇ ئۇلارغا يېتىشەلمىدىم ، ئۇ كۈنى خانقىز بېشىغا قىزىل ، ئاق يوللۇق يوڭ ياغلىق چىگىۋالغانىكەن ، ناھايىتى

ئېنىق تونۇدۇم.
گۈۋاھچىنىڭ سۆزىنى زېھنى بىلەن ئاڭلاپ، بەزىدە قىسقا-قىسقا خاتىرىلەرنى يېزىپ ئولتۇرغان ئېلىيوپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، باش سوتچىغا مۇراجىئەت قىلدى:
— گۈۋاھچىدىن كىچىككىنە بىر سوئال سوراشقا رۇخسەتمىكىن؟
باش سوتچى بېشىنى لىڭشىتتى:
— بولىدۇ، سوراڭ.
ئېلىيوپ كۆزەينەكنى سەل يۇقىرى كۆتۈرۈپ گۈۋاھچىغا بويۇندىدى:
— ھېلىقى يوچۇن ئەر كىم ئىكەن؟
— پەرق ئېتەلمىدىم.
— بايا سىز خانقىزنىڭ بېشىغا ئارتىۋالغىنى قىزىل، ئاق يوللۇق يۇڭ ياغلىق دېدىڭىز، شۇنداققۇ دەيمەن؟
— خوش شۇنداق! — گۈۋاھچى سەل نارازى بولغاندەك سۆزىنى ئۇرغۇلۇق ئېيتتى.
ئېلىيوپ ئوخشاشلا مۇلايىم ئاۋازدا داۋام قىلدى:
— قايسى رەڭدىكىسىنىڭ يولى كەڭرەك ئىدى؟
— قىزىل رەڭلىكىنىڭ.
— سىز قانداقسىگە شۇنچىلا ئېنىق ئېسىڭىزدە قالدۇرۇۋالدىڭىز؟
— ناھايىتى دىققەت قىلدىم-دە!
— ياخشى، سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ!
ئابلا چوڭ ئېلىيوپتىن كۆزىنى ئۈزدى ۋە بويىنىنى شىلتىپ قويۇپ، باش سوتچىغا قارىدى، باش سوتچى سورىدى:
— گۈۋاھلىق سۆزىڭىز يەنە بارمۇ، يوق؟
— ئەمدى ... ، — دېدى ئابلا چوڭ ئاغزىنى تامشىپ ۋە تۇيۇقسىز خانقىز تەرەپكە كۆزى چۈشۈپ يەنە جانلىنىپ

كەتتى ، — مەن هازىر ھەربىرلىرىنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق بىر قاتىلنى — ئۆزىنىڭ ياۋاش ، مۆمىن ئېرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن نائىنساپ ، ناشۈكۈر پاسىقنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق خىجىل بولۇۋاتىمەن ، ئەگەر ئۇنىڭ بۇنداق نىيىتى بارلىقىنى بىلگەن بولسام ، ئاللىبۇرۇنلا ئەسكى تامنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋەتكەن بولاتتىم ، چۈنكى ئۇ مېنىڭمۇ پاك نامىمنى بۇلغىدى ، ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ روھىنى قورۇندۇردى .

ئابلا چوڭ جاۋابكارغا ئالىيىپ قويۇپ جىم بولدى . باش سوتچى ئۇنىڭغا ئىشارە قىلدى :

— سۆزىڭىز تۈگىگەن بولسا چىقسىڭىز بولىدۇ .

ئابلا چوڭ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى شايى بەلۋېغى بىلەن سۈرتكەچ مەيداندىن شىپىرلاپ چىقىپ كەتتى . باش سوتچىنىڭ ئىجازىتى بىلەن نۆۋەتتىكى گۇۋاھچى مەيدانغا كىردى .

ئۇ ، گەپ - سۆز ، مېڭىش - تۇرۇشلىرى خېلى سولكەتلىك ، قاش - كۆزلىرى جايىدا بىر يىگىت ئىدى . لېكىن ، ئۇ قارىماققا مەتۇ چىراي كۆرۈنەتتى . سوتچى ئۇنىڭ غىلمىيىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ سورىدى :

— ئىسىم - فامىلىڭىز نېمە ؟

— ئىسمىم روزىمەت ، فامىلەم خالىق .

— نەچچىنچى يىلى تۇغۇلغان ؟

— 1945 - يىلى كۈزدە .

— قەيەرلىك ؟

— مۇشۇ يەرلىك .

— قەيەردە ئىشلەيسىز .

— شەھەرلىك سودا ئىدارىسىدە .

— ئۆلگۈچى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭىز بار ؟

— خىزمەتداشلىق ، مەرھۇم هاشىمجان ئىشچى ، مەن بولسام ئامبارچى .

باش سوتچى ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتتى :
— خوش ، ئەمدى گۇۋاھلىق سۆزىڭىزنى سۆزلىسىڭىز بولىدۇ .

روزىمەت كۆزىنى ناھايىتى تېز ـ تېز يۆتكەپ زال ئىچىگە باشتىن ـ ئاياغ بىر قۇر قاراپ چىقتى ، ئاندىن باش سوتچىغا يۈزلىنىپ سۆزىنى باشلىدى :
— مەن بۇ چوكان بىلەن 1983 ـ يىلى روزا ھېيتتا سىرداش بولدۇم ، شۇنىڭدىن كېيىن يەتتە ئايغىچە بىز يوشۇرۇن ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە بولدۇق ، ئۇچرىشىدىغان ئورنىمىز كۆپىنچە ئىدارىنىڭ ئامبىرى بولاتتى . بىر قېتىم ئۇ ماڭا : «خوتۇنىڭىزنى قويۇۋېتىڭ ، بىز ئۆمۈرلۈك بىرگە بولايلى ، ھاشىمغا زادىلا كۆڭلۈم چۈشمىدى ، قوللىرى بەدىنىمگە تەگسە قوينۇمغا خۇددى كىرپە كىرىۋالغاندەك شۈركۈنۈپ كېتىمەن ...» دېگەن گەپلەرنى قىلدى ...
باش سوتچى جاۋابكاردىن دەرھال سورىدى :
— شۇ گەپلەرنى قىلغانلىقىڭ راستمۇ ؟
خانقىز تامدەك تاتىرىپ كەتتى ، ئۇنىڭ ئاستىنقى لېۋى چىشلىرىغا شۇنداق قاتتىق كىرىشىپ كەتكەنىدىكى ، زېدىلەنگەن يەردىن قىپقىزىل قان سىرغىپ چىقىۋاتاتتى ...
روزىمەت ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ، كۆرەڭ ئاۋازدا سۆزلەپ كەتتى :
— شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭدىن يىرگەندىم . بىر چاغلاردا مەن خەقلەردىن : «خوتۇن كىشى دېگەننىڭ قىرىق يىلدىن كېيىن بىر تال چېچى ئەر تەرەپكە قوشۇلىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىغانىدىم ، خانقىزنىڭ ئاشۇ گېپىدىن كېيىن مەن بۇ تەمسىلنىڭ شەكسىز راستلىقىغا ئىشەندىم . «ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ تەگكەن ھاشىمجاننى بۇگۈن مۇنداق دەيدۇ ، ماڭا ئوخشاش يولدىن تېپىۋالغان ئادەمنى كېيىن نېمە دېمەكچى ؟ »

دېگەن خىياللار بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم ، ئۇ مېنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىمدە بارغانسېرى خۇنۇكلىشىپ كەتتى ... شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ماڭا كۆز - كۆز قىلىپ ، مېنىڭ كۆزۈمچە باشقا بىرى بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇۋالدى ...

— كىم بىلەن ؟ — باش سوتچى ئۇلاپلا سورىدى .

روزىمەت دەسلەپ ھودۇقۇپ ، كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى :

— ئىسمىنى بىلمەيمەن ، بىرنەچچە قېتىم كېچىدە بىللە كېتىۋاتقاندا كۆرگەن ، ھەي - ي - ي ! ... ئۇنىڭ بىللە يۈرىدىغان سالپا - ساياق ئادەملىرى كۆپ ، مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىمغا خۇش بولۇپ ، كېيىنكى ۋاقىتتا پۈتۈنلەي كارىم بولمىدى ... بۇ ئۆزى زەم - زەم سۇيىدە يۇيۇنسىمۇ گۇناھى تۈگىمەيدىغان ناپاك ئايالغا ئايلىنىپ كەتكەن ... ، — روزىمەت سەل تۇرۇۋېلىپ ، جاۋابكارغا يەر ئاستىدىن بىر قاراپ قويۇپ ، پەس ئاۋازدا سۆزىنى تۈگەتتى ، — مېنىڭ گۇۋاھلىقىم شۇنچىلىك ، ئەمدى چىقايمىكىن ؟

باش سوتچى رازىلىق بىلدۈردى :

— بولىدۇ ، چىقىڭ !

ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كىرىپ سۆزلىدى ، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىدە جاۋابكارنى قارغاپ تىللاشتىن باشقا ، يېڭى ۋە ئەمەلىي نەرسىلەر يوق ئىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك «جانغا - جان ، قانغا - قان» ئېلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى . گۇۋاھلىق سۆزلىرىمۇ ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى ، ئەمدىكى نۆۋەت ئەتىگەندىن بېرى پىتنىنى بۇزماي ، جىددىي ھەم سۈرلۈك قىياپەتتە ئولتۇرغان ئەيىبلىگۈچى جامالىدىنغا كەلگەنىدى . ئۇ تەمكىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئاۋۋال سوت كوللېگىيىسىگە ، ئاندىن زالدا پەۋەس ئولتۇرغان تىڭشىغۇچىلارغا سالاپەت بىلەن قاراپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى :

— ھۆرمەتلىك سوتچىلار ، خالىس تىڭشىغۇچى يولداشلار ،

بايىقى گوۋاھچىلارنىڭ سۆزلىرىدىن ھەممىمىز بۇ دېلونىڭ جەريا-
نىنى ، خاراكتېرىنى تولۇق بىلىۋالدۇق . ئالدىمىزدا تۇرغان يە-
گىرمە ئالتە ياشلىق خانقىز ئىسىملىك بۇ جاۋابكار توققۇزىنچى
مارتتا سادىر قىلغان «سۇيىقەست بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش» دېلو-
سىدىكى بىردىنبىر قاتىل بولىدۇ ، ئۇنىڭ قاتىللىقىدا شەك يوق !
ئۇنىڭ قاتىللىق قىلىشتىكى مۇددىئاسى ، قاتىللىق قىلغان زا-
مان ، ماكانى ، قاتىللىق قىلغان ئۇسۇل ـ ۋاستىسى ناھايىتى
ئېنىق . شۇنداقلا پاكىت بىلەن دەلىل ـ ئىسپات ئالدىدا ئۇمۇ
ئۆز جىنايىتىگە ئىقرار ، شۇنىڭ ئۇچۇن بىزنىڭ ئەيىبنامىمىز
مۇنداق : جاۋابكار خانقىز نىزام ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزىنى ياخشى
كۆرگەن ئېرىنى ئۆزىنىڭ شەھۋانىيلىق ، كەيپ ـ ساپالىق چې-
رىك تۇرمۇشىنىڭ بىردىنبىر توسالغۇسى دەپ قاراپ ، كۆزدىن
يوقىتىشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتكەن ، دەل 1984 ـ يىل توققۇزىنچى
مارت كۈنى كەچتە ئېرىنىڭ مىجەزى يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ
ئۇسسۇزلۇق بېرىش باھانىسىدە ئۇچ ـ تۆت تال مەرگىمۇش پار-
چىسى سېلىنغان قايناق سۇنى ئىچۈرۈپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن ،
ھەرخىل ماددىي پاكىتلارنى تەكشۈرۈش ، گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسپا-
تىنى تۇرغۇزۇش ، جەسەتنى ئېچىپ تېخنىكىلىق باھالاش قاتار-
لىقلارنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى جاۋابكارنىڭ ئېرىنى مەرگىمۇش
بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى قىل سىغمايدىغان دەرىجىدە
تولۇق ئىسپاتلىدى ، شۇنىڭغا بىنائەن ، خۇلاسىمۇ ناھايىتى ئاد-
دىي : جاۋابكار خانقىز نىـزام «جىـنايى ئىـشلار قـانۇنى»نىـڭ
132 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، دەرھال بىر تە-
رەپ قىلىنىشى كېرەك ! مەن سوت كوللېگىيىسىدىن «قانۇن
ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر»دېگەن پرىنسىپ بويىچە ، جاۋابكارغا
تېزدىن ھۆكۈم كېسىپ ، تېگىشلىك جازاغا تارتىشنى جىددىي
تەلەپ قىلىمەن !

ئەيىبلىگۇچىنىڭ سـاغرىسى ئـورۇندۇقـقا تـېگە ـ تەگمەي

ئېلىيوپىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— باش سوتچى ، مېنىڭ كىچىككىنە سوئالىم تۇرىدۇ ، ئەيىبلىگۈچىدىن سوراشقا مۇمكىنمۇ ؟

— مۇمكىن .

ئېلىيوپ تۇنجى قېتىم جامالىدىنغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى :

— سىز بايا ئەيىبنامىڭىزدە : «... جاۋابكار ئېرىنى ئۈچ ـ تۆت تال مەرگىمۇش پارچىسى سېلىنغان قايناق سۇنى ئىچۈرۈپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن ... » دېدىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟

— پۈتۈنلەي شۇنداق ! — ئەيىبلىگۈچى ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— جاۋابكار خانقىز ئاشۇ ئۈچ ـ تۆت تال مەرگىمۇش پارچىسىنى قاچان ، قەيەردىن ئالغانىكەن ؟

ئەيىبلىگۈچى ناھايىتى پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى :

— مېنىڭچە ، بۇنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق !

— نېمە ئۈچۈن ؟ ! — ئېلىيوپ چىڭ يېپىشتى .

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، جاۋابكارنىڭ ئېرىنى زەھەر بىلەن قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكى پاكىت ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلانغانىكەن ، ئۇنىڭ زەھەرنى قاچان ، قەيەردىن ئالغانلىقى بۇ دېلونىڭ خاراكتېرىغا مۇناسىۋەتسىز ! بۇ دېلودا مۇددىئا ، پۇرسەت ، ئۇسۇلدىن ئىبارەت جىنايەت شەكىللەندۈرىدىغان ئۈچ ئاساسىي شەرت تولۇق ، شۇڭا ئۇنىڭدىن شەكلىنىشكە بولمايدۇ !

— ۋەھالەنكى ، ئاشۇ ئۈچ شەرتنى تەشكىل قىلىدىغان ھەربىر مۇھىم ھالقىلارمۇ تولۇقمۇ ؟ شەكلىنىشكە بولىدىغان يوچۇقلار يوقمىدۇر ؟

ئەيىبلىگۈچى ئالدىراپ سورىدى :

— سىزنىڭچە ، بۇ دېلودا يوچۇق بارمىكەن ؟

ئېلىيوپ ھولۇقماي جاۋاب بەردى :

— مېنىڭچە بار ، بايا مەن ئېيتقان نەرسىنىڭ ئۆزى يوچۇق !

ئەيىبلىگۈچى قىزىشتى :

— ياخشىغۇ ! ... سىز ئەمدى ئاشۇ يوچۇققا كىرىۋېلىپ قاتىلنى ئاقلاۋېرىڭ !

— سىز !...

ئېلىيوپنىڭ سۆزىنى باش سوتچىنىڭ قوڭغۇرىقى بۆلۈۋەتتى :

— دىققەت ، مۇنازىرە توختىسۇن ! — ئۇ يېنىدىكىلەرگە نېمىنىدۇر پىچىرلاپ قويۇپ ، ئۇن بەش مىنۇتلۇق تەنەپپۇس ئېلان قىلدى . زال ئىچى ئۆپۈر - تۆپۈر بولدى ، ئادۋوكات ئېلىيوپ ئالدىدىكى ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ، خانقىزنىڭ كەسىپداشلىرى ئولتۇرىدىغان يەرگە كەلدى . بىرنەچچە ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى گۇررىدە ئورۇۋالدى . ئۇلار ئاستا - ئاستا سۇرۇلۇپ زالنىڭ خالىيراق يېرىگە كەلگەندە ، ئېلىيوپنى سوئال - سوراق بىلەن كۆمۈۋەتتى .

— ئالدىرىماڭلار ، سەۋر قىلىڭلار ،— دېدى ئېلىيوپ ئاخىر ئۇلارنى تىنجىتىپ ،— سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن ، دېگەن گەپ بار . ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ ، ئىشىنىڭلاركى ، جەمئىيەت ئەزەلدىنلا بىر ئەخلاق سوتخانىسى بولۇپ كەلگەن ، خەلق ھەققانىي سودىيە ھەم تەپتىش ...

## 2

سوت يەنە باشلاندى ، باش سوتچى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن جاكارلىدى :

— ھازىر جاۋابكارنىڭ گۇۋاھچىلىرى گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ ، نۆۋەتتىكى گۇۋاھچى مەيدانغا كىرسۇن !

ئوتتۇرا بوي ، سېمىزرەك ، مىق - مىق بىر جۇۋان مەيدانغا كىردى ، ئۇ دەسلەپ سوت كوللېگىيىسىنىڭ ھەيۋىتىگە قاراپ ئەيمىنىپ تۇرۇپ قالدى . كېيىن سەل ئېسىنى يىغىپ ، جاۋابكار-نى كۆرگەندە كۆچلۈك بىر ئىچكى ئىنتىلىش بىلەن ئۇنىڭغا تەلپۈندى ، لەۋلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى ، كۆزلىرى-دىن ئازابلىق ياش تۆكتى ...

باش سوتچىنىڭ سوئالى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى :

— ئىسىم - فامىلىڭىز نېمە ؟

— ھەجەرگۈل نىزام .

— تۇغۇلغان يۇرتىڭىز قەيەر ؟

— مۇشۇ شەھەر .

— كەسپىڭىز نېمە ؟

— ئائىلە ئايالى .

— جاۋابكار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭىز بار ؟

— قان - قېرىنداشلىق .

— قېنى سۆزلەڭ !

ھەجەرگۈل بىر پەس دۇدۇقلاپ ، كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆزىنى تۇتۇپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— بىز بىر قورساقتىن ئۇچ قىز ئىدۇق ، مەن تۇنجىسى ، خانقىز كەنجىسى ، دادام ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىدى ، مەن ياتلىق بولۇش ئالدىدا دادامنىڭ ئانامغا ئېيتقان مۇنداق بىر سۆزى ھازىر-غىچە ئېسىمدە تۇرىدۇ : «ماڭا ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش نېسىپ بولمىدى ، بۇنىڭغا ئانچە ئۆكۈنۈپمۇ كەتمەيمەن . چۈنكى ، خانقىز ئوغۇل بالىدىنمۇ ئېسىل بالا بولدى ، مەن ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنى ئوغۇل بالىچە كىيىندۈرۈپ قويغىن ، جىنازامنىڭ ئالدىدا شۇ ھازا ئېچىپ ماڭسۇن !...» — ھەجەرگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق ئېسەدەپ كەتتى ، خېلىدىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى ،— ئۆزۈنغا قالماي دەسلەپ مەن ، كېيىن ئىككىنچى سىڭلىم ياتلىق

بولۇپ چىقىپ كەتتۇق ، ئۆيدە دادام بىلەن ئانامنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان ، سۆيۈندۈرىدىغان ، خۇشال قىلىدىغان بىرلا خانقىز قالدى . دادام ئۇنى ئۆزى مەكتەپكە ئاپىرىپ ، كەچتە يەنە قايتۇرۇپ كېلەتتى ، دەم ئېلىش كۈنلىرى بوينىغا مىنگۈزۈپ بازارلارنى ، باغچىلارنى ئايلاندۇراتتى ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ ئىچىكىشىپ كەتتى ، سىڭلىم ھەقىقەتەنمۇ ، چېچەن ، ئەقىللىق چوڭ بولدى ، بىراق ئۇ ئەمدىلا ئون ياشتىن ئاشقان يىلى ئائىلىمىزنىڭ بېشىغا چوڭ بالا ـ قازا كەلدى ، دادام ھېلىقى «جەڭگىۋار» تەشكىلاتلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىپ ، ئۆز ۋىنغا قالماي يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى ، بۇ شۇم خەۋەر بىزدىنمۇ بەك كىچىككىنە خانقىزنى ھالىدىن كەتكۈزدى ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى نالە ـ پەريادىغا تىلسىز تاغۇ تاشلارمۇ تەسلىم بولغاندى . دادامنى دەپنە قىلىدىغان كۈنى ئۇ ئوغۇلچە كىيىنىپ ، جىنازا ئالدىدا تاكى قەبرىستانلىققا بارغۇچە ھازا ئېچىپ چىقتى … ، — ھەجەرگۈل چوڭقۇر بىر ئۇلـۇغ ـ كىـچىك تىـنىۋېلىپ داۋام قىلدى ، — دادامنىڭ ئىچ ئاغرىقى تېخى بېسىلماي تۇرۇپ ، تويۇقسىز ئانامدىنمۇ ئايرىلدۇق ، ئۇنىڭ يـۈرەك كېـسىلى قوزغىلىپ ، داۋالاش كار قىلماي بىزنى مەڭگۇ تاشلاپ كەتتى … سىڭلىم ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ چىرىغى يانغان ئۆيدە قارا يېتىم بولۇپ قالدى ، شۇ چاغدا ئۇنى ئانامنىڭ ئاكىسى ئابلا چوڭ ئانامنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتى بويىچە ئۆز پاناھلىقىغا ئالدى ، ئۇ قارىماققا غەمسىز ، ئوماق چوڭ بولۇۋاتقاندەك قىلىسىمۇ ، لېكىن دادامنىڭ ئىچ ئاغرىقى ، ئانامنىڭ ھەسرىتى ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى . كىچىككىنە تۇرۇپ جىمىغۇر ، خىيالچان يۇرەتتى ، ھەتتا ئۇ ئويلىمىغان يەردىن : «چوڭ بولسام دادامنىڭ قاتىلىنى تېپىپ ئىنتىقام ئالىمەن !» دەپ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياتتى . ئۇ ئوقۇشىنى ياخشى ئوقۇدى . كېيىن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكىنى ئەلا پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقتى ، شۇ يىلى ئۇ مەندىن تويۇقسىز :

«دادامنىڭ خەنجىرى سىزدىمۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. توغرا، دادام ھايات ۋاقتىدا ئەتىۋارلاپ تۇتقان بىر خەنجىرنى مەن ساقلاپ قويغانىدىم، ئۇ مەندىن خەنجەرنى ئېلىۋېتىپ: «دادامنىڭ تەۋەر- رۈكى قىلىپ ساقلاپ قوياي، بىر كۈنلەر كەلسە يەنە دادام ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قالار...» دەپ چامادانىنىڭ ئاستىغا سېلىۋەتتى. ئۇ بەزى كۈنلىرى خەنجەرنى ئېلىپ ئۇزاق قارايتتى ۋە يەنە سۈرتۈپ - پارقىرىتىپ جايىغا سېلىپ قوياتتى...، — ھەجەرگۈل قولىدا سىقىملىۋالغان قولياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزى- دىكى مۈنچاق- مۈنچاق تەرلەرنى سۈرتۈپ، ھەسرەتلىك تىنىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — خانقىز بويىغا يېتىپ قالدى، مەن ئۇنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى ھەل قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم، دېگەن- دەك، ئۇ دادام ئىشلىگەن سودا ئىدارىسىنىڭ ئىشچىسى ھاشىم- جان بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىنى ماڭا ئېيتتى ۋە بىرنەچچە قېتىم بىزنىڭ ئۆيگىمۇ باشلاپ كەلدى. مەن ئۇلارغا ئانا ئورنىدا رازى بولدۇم، لېكىن كۈتمىگەن يەردىن تاغام ئابلا چوڭ ئوتتۇرىدىن چوماق بولۇپ چىقتى. ئۇ خانقىزنى ئوغلىغا چېتىپ قويۇشنى ئويلاپ يۈرگەنىكەن، ئۇنىڭ ئوغلى خانقىزدىن خېلىلا چوڭ ئى- دى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنىنى خارلاپ قويۇۋەتكەنىدى، سىڭلىم ئۇنىڭ خاھىشىغا كۆنمىدى، تاغامنىڭ لەۋزى يەردە قالدى، ئۇ شۇ ئاچچىقىدا خانقىزغا قارىماي قويدى...، — ئۇ سەل تۇرۇۋې- لىپ ئارقىدىن جىددىي بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ئالدىراپ داۋام قىلدى، — يەنە بىر ئىش: مەن سىڭلىمنىڭ سۈتتەك پاكلىقىغا ئىشىنىمەن! ئۇ ھاشىمجاننى ياخشى كۆرۈپ تەگكەن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئېگىز - پەس ئىشلارمۇ بولغان ئەمەس! سىڭلىم ھەرقانداق ئىچ سىرىنى ماڭا ئېيتاتتى...

ئەيىبلىگۈچى ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويۇپ، باش سوتچى- غا قارىدى:

— گۇۋاھچىدىن بىر سوئال سورىسام مۇمكىنمۇ؟

— سوراڭ .

ئەيىبلىگۈچى ئېگىكىنى سول مۇشتىغا تىرەپ ئولتۇرۇپ گۇۋاھچىدىن سورىدى :

— بايا سىز «سىڭلىمنىڭ سۈتتەك پاكلىقىغا ئىشىنىمەن !» دېدىڭىز ، بۇنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار بارمۇ ؟

ھەجەرگۈل تەمتىرىمەيلا جاۋاب بەردى :

— بۇنىڭغا ئىمانىم پاكىت !

ئەيىبلىگۈچى قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ سوغۇققىنە كۈلدى :

— قانۇن قانداقتۇر «ئىمان» ، «روھ» دېگەن نەرسىلەرنى بىلمەيدۇ ، ئۇنىڭ بىلىدىغىنى پاكىت ، دەلىل ، ئىسپات !

باش سوتچى گاڭگىراپ قالغان گۇۋاھچىغا دېدى :

— سۆزلەيدىغانلىرىڭىز يەنە بارمۇ ، يوق ؟

ھەجەرگۈل مەيۈسقىنە جاۋاب بەردى :

— تۈگىگەندەك قىلىدۇ ...

— ئۇنداق بولسا چىقسىڭىز بولىدۇ .

ھەجەرگۈل جاۋابكارغا ئۇزاق تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا چىقىپ كەتتى . باش سوتچىنىڭ رۇخسىتى بىلەن نۆۋەتتىكى گۇۋاھچى ئۇنىڭ ئورنىدا پەيدا بولدى . رەسمىيەتلىك سوئال ـ جاۋابلار باشلاندى :

— ئىسىم ـ فامىلىڭىز نېمە ؟

— ئىسمىم ئارۇپ ، فامىلەم مۆيدىن .

— نەچچىنچى يىلى تۇغۇلغان ؟

— 1936 ـ يىلى ئاۋغۇستا .

— سالاھىيىتىڭىز ؟

— شەھەرلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ، كومپارتىيە ئەزاسى .

— جاۋابكار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭىز بار ؟

— ھېچقانداق بىۋاستە مۇناسىۋىتىم يوق ، جاۋابكارنىڭ

مەرھۇم دادىسى بىلەن خىزمەتداشمەن .

— ئەسلىي قەيەرلىك ؟

— مۇشۇ يەرلىك .

— قېنى ئەمىسە ، گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈڭ .

بىمەھەل سېمىزلىكتىن قورسىقى سېلىنىپ ، گەدىنىمۇ تاخ-تىلىشىپ قالغان بۇ ئادەم تەسلىكتە تولغىنىپ ، ئىككى يېقىغا ئەلەڭلەپ بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ھاسىراپ تۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى :

— مەن جاۋابكار خانقىزنى كىچىكىدىن تارتىپ تونۇيمەن . ئۇ بىزنىڭ سابىق ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ كۆز گۆھىرى ، يۈرەك بېغىشى ئىدى . نىزام ئەپەندى تۇتقۇن قىلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ماڭا يوشۇرۇنچە بىر پارچە خەت چىقارتتى ، ئۇ خېتىدە : «ئىنىم ئارۇپ ، مەن ئۇزۇنغا بارمايدىغاندەك قىلىمەن ، ئۇلارنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ ، ئالىمادىن شۇم خەۋىرىم چىقىپ قالسا ، قىزىم خانقىزنى ساڭا تاپشۇردۇم ، مېنىڭ ئورنۇمدا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويغىن ! ···» دېگەن گەپلەرنى قىلغانىدى ، دېگەندەك ئۇزۇنغا قالماي نىزام ئەپەندىنى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ چاڭ- توزانلىرى يۇتۇپ كەتتى ··· مەن ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيال-مىدىم ، خانقىزغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ ياخشى تەربىيىلەلمىدىم ، ئاخىر ئۇ جىنايەت يولىغا قاراپ مېڭىپ قالدى ، بۇنىڭدا مېنىڭمۇ جاۋابكارلىقىم بار ، چۈنكى ، مەرھۇم نىزام ئەپەندى ئۇنى ماڭا تاپشۇرغانىدى ··· ، — ئارۇپ قاتتىق خىجىللىقىنى بىلدۈرۈپ ، بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى ، — دېلو سادىر بولغان كۈنى مەن يوق ئىدىم ، مېڭەم تولا ئاغرىپ ئازراق سەگىدەش ئۈچۈن شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبى-دىكى بېلىق كۆلىدىن بېلىق تۇتۇشقا چىقىپ كەتكەن ، كەچتە تۆت تال بېلىق تۇتۇپ قايتىپ كىرسەم ، پۈتۈن ئىدارە مۇسىبەتكە چۆمۈپتۇ ··· ئىككىنچى كۈنى خانقىزنى چاقىرىپ تەپسىلىي

سۆزلەشتىم ، ئۇ ھاشىمجاننىڭ كىسەل بىلەن ئۆلگەنلىكىنى ئېيتـ ـتى ، مەنمۇ ھازىرغىچە ھاشىمجاننى كىسەل بىلەن ئۆلدى دەپ قارايمەن !

ئەيىبلىگۈچى باش سوتچىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپلا ئالمان ـ تالمان سورىدى :

— ھاشىمجاننىڭ كىسەل بىلەن ئۆلگەنلىكىگە پاكىتىڭىز بارمۇ ؟

— ئۇ ئەسلىدىلا ئاز ـ تولا كىسەلچان ئىدى !

ئەيىبلىگۈچى مەسخىرىلىك كۈلدى :

— ئۇنداقتا ، كىسەل ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قايناق سۇ ئىچـ ـسە ئۆلىدىكەن ـ دە !

ئارقىدىن سەل جىمجىتلىق بولدى ، ئۇ قانداق جاۋاب بېرىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندا ، ئېلىيوپ باشقا بىر سوئال بىلەن ئۇنى مۈشـ ـكۈللۈكتىن قۇتقۇزدى :

— بايا سىز نىزام ئەپەندىنىڭ يوشۇرۇن خېتى توغرىسىدا سۆزلىدىڭىز ، شۇ خەت ھازىر بارمۇ ؟

گۇۋاھچى قاتتىق بىر خۇرسىنىپ قويۇپ جاۋاب بەردى :

— ئەپسۇسكى ، ئۇ خەتنى مەن شۇ چاغدىكى ئەنسىزلىكتە كۆيدۈرۈۋەتكەن ... شەخسىي نامىمغا يېزىلغان باغاقچىلىك خەتـ ـنىڭ بۈگۈنكى كۈندە گۇۋاھلىق ئىسپات بولىدىغانلىقىنى كىم بىلىپتۇ دەيسىز ، ھېلىمۇ ياخشى شۇ چاغدا روزىمەت كۆرگەن ، ئۇمۇ بىلىدۇ جۇمۇڭ ! ...

— خوش ، يەنە بىر سوئال ، دېدى ئېلىيوپ تەمكىنلىكـ ـنى بۇزماي ، بايا سىز «دېلو سادىر بولغان كۈنى بېلىق تۇتقىلى چىقىپ كەتكەنىدىم» دېدىڭىز ، شۇ كۈنى كەچتە تۇتۇپ كىرگەن تۆت تال بېلىقىڭىز قانداق بېلىقلار ئىدى ؟

— ھەممىسى پاقاباش بېلىقلار ئىدى .

ھەر ئىككى تەرەپ جىم بولدى ، باش سوتچى بىردەم قاراپ

بېقىپ گۆۋاھچىدىن ئاستاغىنا سورىدى :

— سۆزىڭىز يەنە بارمۇ ، يوق ؟

گۆۋاھچى بېشىنى يېنىك سىلكىدى :

— تۈگەپ قاپتۇ ، جۇمۇڭ ! ...

ئارۇپ چىقىپ كەتتى ، ئۇنىڭ ئورنىغا خانقىزنىڭ ئىككىنچى ئاچىسى مايگۇل كىردى ، ئۇ خانقىزنى كۆرۈپلا ئۆزىنى تۇتۇۋالال-ماي ئۇزاققىچە ئۆكسۈپ ، چىڭقىلىپ يىغلىدى . كېيىن دېلو سادىر بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن دىشۋارچىلىق ، كۆڭۈل ئاغرىقى ، تارتقان زۇلۇم - كۈلپەتلىرى توغرىسىدا ئېزىلىپ سۆزلەپ ، تىڭشىغۇچىلارنىڭمۇ كۆڭلىنى بۇ-زۇۋەتتى . ئۇ ئاخىرىدا يىغىسىنى توختىتىپ ، باش سوتچىغا دادىل قاراپ مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى قىلىپلا چىقىپ كەتتى :

— مەن سىڭلىمنىڭ گۇناھسىزلىقىغا ئىشىنىمەن ! ئەگەر ھازىرقى رېئاللىق بۇنى ئىسپاتلىيالمىسا ، كەلگۈسى تارىخ چوقۇم ئىسپاتلايدۇ !

زالدا ئازراق داۋالغۇش پەيدا بولدى ، ئۇ يەردە كۇسۇر - كۇسۇر ، بۇ يەردە تاراق - تۇرۇق ئاڭلاندى . باش سوتچى تىڭشى-غۇچىلارنى دىققەتكە چاقىرىپ ، ئادۋوكات ئېلىيوپنى سۆزگە تەك-لىپ قىلدى . زال ئىچى بىردىنلا جىمىپ كەتتى ، پۈتۈن كۆزلەر بىر يۆنىلىش بويىچە بىرلا نۇقتىغا تىكىلدى . بۇ نۇقتا — كىشىلەرنى ئەتىگەندىن بېرى قىزىقتۇرۇپ ، تەقەززا قىلىپ ، نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان سىرلىق ئادەم ئېلىيوپ ئىدى .

— ھۆرمەتلىك سوتچى ، تىڭشىغۇچى يولداشلار : ئاقلاش تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنى بەلگىلىگەن مۇھىم دەۋا تۈزۈملىد-رىنىڭ بىرى ، ئاقلىنىش ھوقۇقىمۇ جاۋابكارنىڭ قانۇندا بەلگى-لەنگەن بىر تۈرلۈك مۇھىم دەۋا ھوقۇقى ھەمدە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ قانۇن - تۈزۈمدىكى بىر خىل ئىپادىسى ،

دېمەك ، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بار ئىكەن ، ئۇنىڭغا جەزمەن ئا-
ساسلىنىش كېرەك . مەن بۇگۈن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
ئادۋوكاتلىق نىزامى»نىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى ماددىسىدا كۆر-
سىتىلگەن ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتىمگە ئاساسەن ، جاۋابكار خانقىز
نىزامىنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىماقچى-
مەن ! — ئېلىيوپىنىڭ تەمكىن ئاۋازى ئۈزۈلدى ، شاررىدە كۆتۈ-
رۈلگەن جىددىي بىر شاۋقۇن ئۇنى سەل - پەل سۈكۈت قىلىشقا
مەجبۇر قىلغانىدى ، ئۇ كۆز ئالدىدىن غىل - پال ئۆتۈۋاتقان
ھەرخىل كەيپىياتلارنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ بولۇپ داۋام
قىلدى ، — مەن ئەمدى ئالدى بىلەن دەۋاگەرنىڭ گۇۋاھچىلىرى
ئۈستىدە توختىلاي : ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى شەرۋانىخان ئۆز سۆزىدە
بىر خەنجەر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى . جاۋابكارنىڭ خەنجەر
ساقلىغانلىقى راست ، خەنجەر ھازىر ماددىي پاكىت سۈپىتىدە
بىزنىڭ قولىمىزدا تۇرۇپتۇ ، لېكىن كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ-
كى ، بۇ خەنجەرنىڭ بۇ قېتىمقى ئۆلۈم دېلوسى بىلەن قىلچە
مۇناسىۋىتى يوق ! ...

— سۆزىڭىزنى نېمە بىلەن ئىسپاتلايسىز ؟ ! —
ئەيىبلىگۈچىنىڭ جىددىي ئاۋازى ئاڭلاندى .

— بۇنى ھازىرچە ئىسپاتلاش نىيىتىم يوق ، — دېدى ئېلى-
يوپ پېتىنى بۇزماي ، — ۋاقتى كەلگەندە ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم
بولىدۇ . ئەمدى ئىككىنچى گۇۋاھچى ئابلا چوڭ ئۈستىدە ئازراق
توختىلاي : ئابلا چوڭ جاۋابكارنىڭ تاغىسى ، ئۇنىڭ ئۆز جىيەنىنى
ئەيىبلەپ ، قارىلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ ؟ ئەگەر ئۇنى «قا-
نۇن- تۈزۈم كۆز قارىشى چىڭكەن ، پاكىت ئورنىغا تۇغقانچىلىق
ھېسسىياتىنى دەسسەتمىدى» دەپ قارايدىغانلار بولسا ، بۇ — ئاق
كۆڭۈل ساددىلىقتا بەكمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك بولىدۇ !
ئابلا چوڭ ئۆز جىيەنىگە بولۇشچە ھۇجۇم قىلدى ، لېكىن ئۇنىڭ
چىرايلىق ، سەلتەنەتلىك جۈملىلەر بىلەن تولغان ئۇزۇن بايانلىرى

بىزگە ئالاھىدە كاتتا بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگىنىمۇ يوق ، ئۇ پەقەت بىزگە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئاداۋەتخورلۇقىنى ، خانقىزغا كۆڭلىدە قاتتىق غۇم ساقلاپ ، پەيتى كەلگەندە ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلماقچى بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى ، خالاس ! پاكىت شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ شۇنداق ، ئابلا چوڭ ئىگە ـ چاقىسىز قالغان خانقىزنى كىچىك ۋاقتىدىلا تەربىيىسىگە ئالدى ۋە ئۇ رەسىدە بولغاندا ، ئۆزىنىڭ ھېلىقى «ھاڭگا بايۋەچچە» دەپ نام ئالغان خوتۇنپەرەس ئوغلىغا تېگىشىگە زورلىدى ، خانقىز رەت قىلغاندا ، ئۇنى ئۇردى ، ھاقارەتلىدى ، ئاخىر ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى ، بىر تىيىنلىق پايدا ئۈچۈن بۇخاراغا سامان توشۇشتىن يانمايدىغان بۇ خەسىس سودىگەر كىچىككىنە جىيەنى بىلەن ئوغلىـ نى بىر داستىخانلىق نىكاھ پاتىھەسى بىلەن چېتىپلا ، شۇنىڭدىنـ مۇ ھايان ئالماقچى بولغان ! كېچە ـ كۈندۈز پايدا ـ مەنپەئەتنىلا ئويلاپ ، ئاقچا ـ تىيىننىڭ خۇمارىدا ۋىجدانى سوۋۇپ ، باغرى قېتىپ كەتكەن بۇنداق ئادەملەرنىڭ يۈرىكىدىكى ئۆچمەنلىكنى بېسىش ناھايىتى قىيىن . شۇڭا بۇ قېتىمقى دېلو سادىر بولۇش بىلەنلا ، قىلچە ئىككىلەنمەي ، تۇغقانچىلىقنىمۇ قايرىپ قويۇپ سەكرەپ چىقتى . ئۇنىڭ سۆزىدىكى بايىقى بىرمۇنچە ئاغرىنىش ۋە خۇسۇمەتلەرمۇ دەل ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەنە شۇ چوڭقۇر ئاداـ ۋەتتىن كېلىپ چىققان ! ئەمدى مەن ئابلا چوڭنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقان ئىككى پاكىتى ئۈستىدە توختىلاي : بىرى ، زەھەرلىك دورا سېلىنغان چەينەك مەسىلىسى ، بۇ مەسىلىدە ئابلا چوڭ : «مەن دەرھال چەينەكنى پۇراپ باقتىم ، چەينەكتىن ناھايىتى سېسىق پۇراق چىقتى» دېدى . مېنىڭچە ، بۇ سۆزنى دەلىل ـ ئىسپات ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ . چۈنكى ، مەرگىمۇش ئەسـ لىدە ئاق ، پۇراقسىز ، تەمسىز ماددا تۇرسا ، ئۇنىڭدىن قانداقمۇ سېسىق پۇراق چىقىپ قالىدۇ ؟ ! ئىككىنچىسى ، ئابلا چوڭ دېلو سادىر بولۇشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى خانقىزنىڭ يوچۇن بىر ئەر

بىلەن ئاشپۇزۇلدىن چىقىپ مۇقۇلدىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ، ئۇ بۇنى ئىسپاتلاپ : «شۇ چاغدا خانقىز بېشىغا قىزىل ، ئاق يوللۇق يۇڭ ياغلىق چىگىۋالغانىكەن » دېدى ، ئۇ ھەتتا مەن سورىغان سوئالغا ئېنىق قىلىپ : «قىزىل رەڭلىكنىڭ يولى كەڭرى ئىدى » دەپ جاۋاب بەردى . پاكىت شۇنداق ئىكەن ، ئەمدى مەنمۇ گۇۋاھچىغا ئوپتىكا[1] بىلىملىرىدىن ئازراق سۆزلەش ئارقىلىق ئۆز پىكرىمنى ئىسپاتلاشقا مەجبۇر بولدۇم : بۇ يەردە ئولتۇرغان يولداشلار ئارىسىدا بەلكىم فرانسىيىنىڭ دۆلەت بايرىقىدىكى كۆك ، ئاق ، قىزىلدىن ئىبارەت ئۈچ خىل رەڭگە دىققەت قىلغانلىرى بولسا كېرەك . ئۇلارنىڭ كەڭلىكىنىڭ نىسبىتى ئەمەلىيەتتە : 37 ، 33 ، 30 دىن ئىبارەت ، ئەمما قارىسىڭىز ، ئوخشاش كەڭلىكتە كۆرۈنىدۇ . بۇ ئوپتىكا ھادىسىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىدىكى بىر خىل ئەكس ئېتىشى بولىدۇ ، يۇقىرىقى ياغلىق مەسىلىسىمۇ ئوخشاشلا بىر پاكىت ، خانقىز ئارتقان ياغلىقتىكى قىزىل ، ئاق ئىككى رەڭنىڭ كەڭلىكىنىڭ پەرقى ناھايىتى كىچىك بولۇپ ، ئادەتتىكى كۆز بىلەن بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولمايدۇ ، لېكىن ئابلا چوڭ قىزىل رەڭدىكى يولىنىڭ ئاق رەڭدىكى يولىغا قارىغاندا كەڭ ئىكەنلىكىنى توغرا ئېيتىپ بەردى ، بۇنىڭدىن ئابلا چوڭنىڭ ئۆز ئوبيېكتىغا بەكمۇ دىققەت بىلەن ئىنچىكىلەپ قارىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ ، ۋەھالەنكى ، ئۇ شۇنچە قاراپمۇ ياغلىقنىڭ قىزىل ، ئاق يوللىرىدىن نەچچە ئون ھەسسە چوڭ بولغان «يوچۇن ئەر »نى پەرق ئېتەلمىگەن ! ئۇنىڭ بىرەر ئالاھىدىلىكىنى كۆرەلمىگەن ! بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ ؟ بۇ ، خۇددى ئابلا چوڭ قارىسىغا سۆزلىگەندەك ، ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتنىڭمۇ يالغان ، ساختا ، ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ، خالاس !

ئەيىبلىگۈچى تېپىرلاپ كەتتى :

---

① ئوپتىكا — يورۇقلۇق ، نۇر ئىلمى .

— بۇ پاكىت سۆزلەش ئەمەس ! — دېدى ئۇ باش سوتچىغا مۇراجىئەت قىلىپ ، — مەن سوت كوللېگىيىسىدىن بۇنداق سەپ-سەتە سۆزلەشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىمەن ! ئادۋوكاتنىڭ قاز-داقتۇر ئالىيېشىل رەڭلەر بىلەن پاكىتنى ئاغدۇرىمەن دېيىشى رەڭۋازلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ! ئۇ ئۆزىنى گەپدانلىق بىلەن يەڭگۈچى قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ !

ئېلىيوپ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ ، گەۋدىسىنى تېخىمۇ ئالدىغا ئېڭىشتۇرۇپ ، گەپنى ناھايىتى يىراقتىن باشلىدى :

— ئېلىمىزدە بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن ، دىڭ شى ئىسىملىك مەشھۇر بىر قانۇنشۇناس ئۆتكەن ، ئۇ «بامبۇك ياغىچىدىغا يېزىلغان جازا كىتابى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ ، ئۇنىڭدا : «ھەقنى ناھەق ، ناھەقنى ھەق قىلىپ ، ھەق - ناھەقنىڭ ئۆلچىمىنى يوققا چىقىرىۋەتتى . يېڭىدۇ دېگەنلەر يېڭىپ چىقتى ، بولىدۇ دېگەنلەر بولۇپ چىقتى ، بۇ — كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزگىرىشى مۇمكىن» دېگەن ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەنىدى . مېنىڭچە ، دىڭ شىنىڭ ئارزۇسى پەقەت بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزدىلا ھەقىقىي ئىشقا ئاشتى . بىزدە ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئۆلچىمى بار ، قانداقتۇر «يېڭىدۇ» دېگەنلەر يېڭىپ ، «بولىدۇ» دېگەنلەر بولۇپ چىقىدىغان ئىش يوق . «دەۋادا يېڭىلىش» دېگەن — پاكىتنىڭ تولۇق بولماسلىقى ياكى قانۇننىڭ ئېنىق سۆزلەنمەسلىكىدۇر . بىز بىلىمىزكى ، پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن ، بىز قانۇننى ئىجرا قىلىشتا پاكىتنىڭ ئەينىگە ، چىنلىقىغا ، قانۇنغا ، خەلققە سادىق بولۇشىمىز كېرەككى ، ھەرگىزمۇ شەخسنىڭ پايدا - زىيىنى نۇقتىسىدىن يېڭىش - يېڭىلىشنى بەلگىلىمەسلىكىمىز لازىم . كىمنىڭ دېگىنى پاكىتقا ، پەنگە ، قانۇنغا ئۇيغۇن بولسا ، شۇنىڭ پىكرى بويىچە ئىش بېجىرىشىمىز كېرەك ! كەچۈرىسىلەر ، ئەمدى مەن ئەسلي گېپىمگە قايتاي : دەۋاگەرنىڭ گۇۋاھچىسى روزىمەتنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى ئۇستىدىكى قارىشىم مۇنداق : ئۇنىڭ

بايانلىرى پۈتۈنلەي جاۋابكارنىڭ كىشىلىك شەنىگە ھاقارەت قى-
لىش بىلەن تولدى . مەن ھازىرچە ئۇنىڭ پاكىتلىرىنى رەت
قىلىش خىيالىدا ئەمەس ، پەقەت شۇنچىلىك سۆز بىلەنلا كۇپايى-
لەنمەكچىمەن . خوش ، ئەمدى توققۇزىنچى مارتتا سادىر بولغان
ئۆلۈم دېلوسىنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى : بۇ دېلودىكى ھالقىلىق ، ھەل
قىلغۇچ نەرسە — زەھەرلىك دورا مەرگىمۇش ، جاۋابكارمۇ دەل
ئەنە شۇ مەرگىمۇش بىلەن ئېرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى ، دەپ
ئەيىبلەنگەن . تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشتە چەينەكتىمۇ ، جەسەتنىڭ
بەدىنىدىمۇ مەرگىمۇشنىڭ تېپىلغانلىقى راست . تەپتىش مەھكى-
مىسىمۇ مۇشۇنىڭغا قاراپ دېلوسىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتكەن .
ئەمدى جاۋابكار ئاقلىنىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىنكى تەكشۈ-
رۈشلەرنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى ؟ — ئېلىيوپ سۆزىدىن توخ-
تاپ ، ئالدىدىكى ماتېرىياللار ئارىسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى سۇ-
غۇرۇپ ئالدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى ، — بۇنىڭ
نەتىجىسى ، پۈتۈنلەي يۇقىرىنىڭ ئەكسى بولدى . سوت كوللېگى-
يىسىنىڭ بۇنىڭ سەۋەبلىرىگە دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .
سەۋەبلەر مۇنداق : پاتالوگىيە ۋە زەھەرلىك دورىلار بىلەن شۇغۇل-
لىنىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىچە : بىرىنچى ، ئارسىن
(مەرگىمۇش ) تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچرايدۇ ،
مەسىلەن ، ئادەمنىڭ قالقانسىمان بېزىنىڭ ھەر 100 گرامىدا
0.075 مىللىگرام ئارسىن بار . ھەر 100 گرام ئاشتۇزىدا
0.0045 — 0.0001 مىللىگرامغىچە ئارسىن بار ، شۇڭا ،
ئەگەر ھەر 100 گرام ئادەم بەدەن توقۇلمىسىدا 0.002 مىللىگ-
رامدىن تۆۋەن ئارسىن تېپىلسا ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى مۇس-
بەت رېئاكسىيىسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ . ئۇنداق بولسا ، ئۆتكەن-
دە جەسەتنى تەكشۈرگەندە ، 100 گرام چىرىگەن گۆشتىن ئاران
0.001 مىللىگرام ئارسىن تەركىبى كۆرۈلگەن . دېمەك ، بۇنداق
ئەھۋالدا ئۆلگۈچىنى ئارسىن بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلدى ، دېگەن

يەكۈننى چىقىرىش مۇۋاپىق ئەمەس ...

ئىككىنچى ، ئۆلگۈچىنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىدىكى كېسەللىك ئالا-مىتى ئارسىن بىلەن زەھەرلەنگەنگە ئوخشاشمايدۇ ، ئارسىن بىلەن زەھەرلەنگەندە ، قورساق ئاغرىش ، ئىچ سۈرۈش ، قۇسۇش ، هوش-سىزلىنىش ، تارتىشىپ قېلىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ . ۋەھالەنكى ، ئۆلگۈچىدە بۇنداق ئەھۋالنىڭ ھېچقايسىسى يۈز بەر-مىگەن ، جاۋابكارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ پەقەت دەم ئالالماي بىئارام بولغان ، مەيدىسىنى تاتىلىغان ...

— خىلىڭ ... ئەمدى بىز «جاۋابكارنىڭ ئېيتىشىچە ...» دېگەن گەپلەر بىلەن دېلو تۇرغۇزىمىزمۇ ؟ ! — دېدى ئەيىبلىگۈ-چى جامالىدىن دىمىغىنى قېقىپ ، ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئاچچىق تەنە بار ئىدى ، — ئەگەر جاۋابكار قانداق دورا بىلەن زەھەرلەن-گەندە قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ ، بىزنى قايمۇق-تۇرۇش ئۈچۈن باشقىچە ئېيتقان بولسىچۇ ؟ !

ئېلىيوپ تەمكىنلىكىنى بۇزماي مۇلايىم ئاۋازدا دېدى :

— ئۇ ھالدا ، جاۋابكار بىزنى گەپتە قايمۇقتۇرغان بىلەن پاكىتتا قايمۇقتۇرالمايدۇ - دە ! مەسىلەن ، ئارسىن بىلەن زەھەر-لەنگەندە ، ئىچ سۈرۈش ، قۇسۇش ئەھۋاللىرى مۇقەررەر بولىدۇ ! بۇ پاكىت ئەمەسمۇ ؟

ئەيىبلىگۈچى ئاززاق زەردە قىلدى :

— ئەگەر ئۇنى ئۇستىلىق بىلەن يىغىشتۇرۇپ ، ئىزىنى يوقاتقان بولسىچۇ ؟ !

ئېلىيوپمۇ سەل قىزىشتى :

— مۇمكىن ئەمەس !

— مۇمكىن !

— سەۋەب ؟ !

— سەۋەب شۇكى ...

باش سوتچى ئۇلارنى جىملەپ قويدى ، ئېلىيوپ ئۇنىڭ

ئىشارىتى بىلەن ئەسلىي سۆزىگە قايتتى :
— ئۇچىنچى ، جەسەتنى دەپنە قىلغان قەبرىستانلىقتا ھەر-خىل ماددىلار بولىدۇ ، بۇ ماددىلاردا ئازدۇر – كۆپتۇر ئارسېن تەركىبى بار ، شۇنىڭ ئۇچۇن جەسەتتىن كېسىپ ئېلىنغان گۆش بۇلغانغان بولسا ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە چوقۇم تەسىر يەتكۈزى-دۇ ، — دېدى ئېلىيوپ سۆزىنى دانە – دانە ، ئورۇنلۇق قىلىپ ۋە قولىدىكى قەغەزنىڭ ئىككىنچى بېتىنى ئۆرۈپ يەنە داۋام قىلدى ، — تۆتىنچى ، دەسلەپكى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندە ، «ئۆل-گۈچى زادى زەھەرلەنگەنمۇ ، يوق ؟ » دېگەن مۇنداق بىر ھالقىلىق مەسىلىنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئانچە نەزەرگە ئالمىغان ، بەلكى ئىنتايىن ئاز مىقداردىكى ئارسېن ماددىسى سېزىلگەندىن كې-يىنلا ، قىستاپ قىلىنغان ئېغىز ئىقرارىغا بىرلەشتۈرۈپ ، «ئار-سېن بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلگەن» دېگەن يەكۈننى چىقارغان ! …
ئەيىبلىگۈچى زادىلا تاقەت قىلالمىدى ، ئۇ گەۋدىسىنى يېرىم كۆتۈرۈپ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ، كۆزى قىسىلغان ھالدا ئېلىيوپقا جىددىي تىكىلدى ، ئۇنىڭ قارىشىدىن ھەم غەزەپ ، ھەم مەسخىرە ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئاخىر ئۇ گەپلىرىنى چىشلىرى-نىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ سۆزگە كىرىشتى :
— ھۆرمەتلىك ئادۋوكات ، سىز ئېيتقاندەك جەسەتتىكى شۇن-داق ئىكەن ، ئەمدى چەينەكتىن تەكشۈرۈپ تېپىلغان مەرگىمۇش نەدىن كېلىپ قالدىكىن ؟ ياكى بۇمۇ قىستاپ قىلىنغان ئىقرارلار قاتارىغا كىرەمدۇ ؟ ! …
ئېلىيوپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆزەينىكىنى قولىغا ئېلىپ ئالدىرىماي سۇرتتى ۋە ماتېرىيال سومكىسىدىن يەنە بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ئەيىبلىگۈچىگە قارىدى :
— يولداش تەپتىش ، مەن ھازىر ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە ئومۇمىي بىر گۇمان پەيدا قىلغان ئاشۇ مەسىلىنى سۆزلىمەكچىد-مەن ، گۇماننى تولۇق يېشىش ئۇچۇن 1984 – يىلى ئىككىنچى

ماي كۆنى ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى جەسەتنى
ئىككىنچى قېتىم ئېچىپ، بىرمۇنچە ئەۋرىشكىلەرنى تەپسىلىي
تەكشۈرگەندىن كېيىن يازغان باھالاش خۇلاسىسىنى ئەينەن ئو-
قۇپ بېرەي، يەكۈن مۇنداق: «بىرىنچى، ئۆلگۈچى ھاشىمجاننىڭ
گۆش ۋە سۆڭىكىدە زەھەرلىنىش دەرىجىسىدىكى ئارسىن ماددىسى
بار، دەپ ئىسپاتلاشقا بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، قەبرە ئەتراپىدىكى
تۇپراقتا مەلۇم مىقداردا ئارسىن ماددىسى بارلىقى كۆرۈلدى؛
ئۈچىنچى، مەيلى ھازىر ياكى ئىلگىرى بولسۇن، جەسەتتىكى
چىرىگەن گۆشتىن ئاز مىقداردا ئارسىن ماددىسى چىققانلىقىنى
ئارسىن بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكىنىڭ پاكىتى قىلىشقا بول-
مايدۇ؛ تۆتىنچى، ئۇلار كۆپرەك كۆل سۈيى ئىشلىتىدۇ، بۇنداق
سۇدىمۇ ئىنتايىن ئاز مىقداردا ئارسىن ماددىسى بار، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۆلگۈچى تۇز سېلىنغان قايناق سۇ ئىچىشكە ئادەتلەن-
گەن، دېمەك: چەينەك ئاستىغا تىنىپ كەتكەن ئاق دۇغلار ئۆلۈك
سۇ ۋە ناترىي خلور (تۇز) دىن تىنغان نەرسىلەر بولۇپ، بۇ
نەرسىلەرنى تەكشۈرگەندە، ئاز مىقداردا ئارسىن ماددىسى كۆرۈ-
لۈشى تەبىئىي؛ بەشىنچى، ئۆلگۈچى ھاشىمجان ھايات ۋاقتىدا
ئېغىر ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، شۇ كۈنى
ئۇنىڭ نەپەس يولىغا بەلغەم قاپلىشىپ قېلىپ، دەم ئالالماي
نەپسى كېسىلگەن. شۇڭا، ئۇنى كېسەل بىلەن ئۆلگەن، دەپ
بېكىتىشكە بولىدۇ، — ئېلىيوپ قولىدىكى قىزىل تامغا بېسىل-
غان ئىش قەغىزىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى، — پەن قىلچە
ساختىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ! مانا بۇ — ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزدەش ئاساسىدا يېزىلغان بىر پارچە باھالاشنامە! مەن بۇنىڭدىن
سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم بىزنىڭ پۈت - قولىمىزنى چۇ-
شەپ قويماستىن، بەلكى دېلو بېجىرىشىمىزنىڭ ئۆلچىمى ۋە
قورالى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، مەن يۇقىرىقى
پاكىتلارغا ئاساسەن، ئوقۇغۇزىدىچى مارت دېلوسى ئۈستىدە

تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقىرىمەن : ھاشىمجاننىڭ ئۆلۈمى ئۆتكەنـ
ـكى دېلودا بېكىتىلگەندەك ، قانداقتۇر غەيرىي تەبىئىي ئۆلۈم
بولماستىن ، بەلكى تەبىئىي ئۆلۈم ! مېنىڭ ئاقلاش سۆزۈمنىڭ
بىرىنچى قىسمى مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ ... ، — ئېلىيوپ
يېنىككىنە بىر تىنىپ قويۇپ ئورنىدا ئولتۇردى ، زالدا سېزىلەرـ
لىك داۋالغۇش بولدى . بۇ داۋالغۇش ، ھەتتا جىددىي قىياپەتتە
ئولتۇرغان سوت كوللېگىيىسىنىمۇ ، ئەيىبلىگۈچىنىمۇ سىلكىپ
ئۆتتى ، مەرگىمۇشقا ئالاقىدار يېڭى ۋە مۆجىزىلىك پىكىرلەر
ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا ، ئۇلاردىمۇ خۇددى ئېلىيوپنىڭ ئۆز ۋاقتىدىـ
ـكى كەيپىياتىغا ئوخشاش ، ھەيرانلىق ، قايىللىق ، ھاياجان ۋە يەنە
قانداقتۇر ئۆكۈنۈشتەك روھىي ھالەتلەر يۈز بەردى . شۇ تاپتا
پۈتۈن زال ئىلىم- پەننىڭ سېھرىي كۈچىگە ، ئۇنىڭ شەپقەتسىز
قۇدرىتىگە بارىكاللا ئېيتىپ تەنتەنە قىلىۋاتاتتى ...

باش سوتچى شاۋقۇن - سۈرەننى بېسىپ چۈشكۈدەك ياڭراق
ئاۋازدا جاكارلىدى :

— ھازىر سوتىمىز يېپىلدى ، چۈشتىن كېيىن داۋاملىق
ئېچىلىدۇ !

## 3

ئادۋوكات ئېلىيوپنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ئاقلاش سۆزى
كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتتى . ئۇ دەسلەپ روزىمەت
ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى :

— مەن چۈشتىن بۇرۇنقى سۆزۈمدە دەۋاگەرنىڭ گۇۋاھچىـ
ـسى روزىمەت ئۈستىدە قىسقىچىلا توختىلىپ ئۆتكەنىدىم ، ئەمدى
تەپسىلىيرەك سۆزلىمەكچىمەن ، سۆزۈمنىڭ مېغىزى مانا مايەرـ
ـدە ! — دېدى ئۇ سومكىسىدىن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن ئالىقاندەك
چوڭلۇقتىكى ئۈنئالغۇسىنى چىقىرىپ ، — مەن بۇنى ئەينەن

ئاڭلىتاي، خۇلاسىنى يولداشلار ئۆزى چىقارسا بولىدۇ.

ئېلىيوپ ئۈنئالغۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى، ناھايىتى سۈزۈك ئاۋاز بىلەن بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ سوئال - جاۋابى زالغا تەكشى ئاڭلاندى.

ئەر: ئۇنداقتا، يولدىشىڭىزنى نېمە ئۈچۈن بۇ يولدىن توسمىدىڭىز؟

ئايال: قۇربىتىم يەتمىدى، ئۇنى بىر ئېزىتقۇ ئازدۇرۇپ يۈرىدۇ، ئۇ بەكمۇ تەلۋىلىشىپ كەتتى. مەن شۇنچە يېلىنىپ، «يالغان ئىشتىن قولۇڭنى تارت» دېسەم، ئۇ قىلچە تەپتارتماستىن: «مەندىن كېتىدىغىنى ئاغزىمنىڭ يېلى، ئۇنىڭ ھېسابىغا كېلىدىغىنى تاجۇ دۆلەت!» دەپ چوڭ بىر شان - شۆھرەتكە ئۇمىدلىنىپ يۈرىدۇ. سىلى ئويلاپ باقاملا، ۋاقىت - سائىتى توشماي كەلگەن ئۇنداق شان - شۆھرەتنىڭ ئارقىسىدا بىر بالاسى بولمامدۇ؟!

(ئايالنىڭ مىشىلداپ يىغلىغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى)

ئەر: ئېرىڭىزنىڭ خانقىز نىزام ئۈستىدە دېگەنلىرى قانداق گەپ؟

ئايال: يولداش ئېلىيوپ، سىز ئىشىنىڭكى، بۇ قىپقىزىل يالغان گەپ! ئۇنىڭ خانقىز ئۈستىدىكى يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى ئەل - جامائەت ئىچىدە مېنىڭمۇ يۈزۈمنى تۆكۈۋەتتى، روزىمەت خانقىز بىلەن بىر يەردە بولۇش تۈگۈل، ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باققان ئەمەس!

ئەر: بۇنى سىز قانداق بىلىسىز!

ئايال: روزىمەت بىر كۈنى مەستلىكتە ھەممىنى ئۆزى ئېيتقان.

ئەر: ئەمدى سىز قانداق قىلماقچى؟

ئايال: ئەمدى مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئائىللىق غۇرۇرۇمنى، ئىززەت - نەپسىمنى قوغدايمەن! شۇڭا، سىلىگىمۇ بۈگۈن ئاچچىق

ئۆچىيىمدىكى گەپلەرنى ئېيتتىم ...

ئېلىيوپ ئۆنئالغۇنىڭ كۆنۈپكىسىنى بېسىپ قويۇپ دېدى :

— مانا بۇ ، شەھەرلىك سودا سارىيىنىڭ مال ساتقۇچىسى روزىمەتنىڭ ئايالى ھەلىمەنىڭ مەن بىلەن ئۆچىنچى قېتىم سۆزلەشكەندە ئېيتقان سۆزىنىڭ ئەينەن خاتىرىسى . بۇنىڭدىن يولداشلارغا شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى ، روزىمەتنىڭ ساختا ، ئويدۇرما گۇۋاھ ئىسپاتى تەھقىقلەش دېلوسىغا چوڭ سالماق قوشۇپ ، بىرىنچى سوراقتىلا جاۋابكارنى قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇشقا سەۋەب بولغان . شۇنداق ئىكەن ھازىر ھەممىمىزنىڭ كاللىسىدا : «روزىمەت بۇ دېلو بىلەن ھېچقانداق چېتىشلىقى يوق تۇرۇپ ، نېمە ئۈچۈن يالغاندىن گۇۋاھ ئىسپات بېرىشكە ئاكتىپ بېرىلىپ كەتتى ؟ »دېگەن سوئال تۇغۇلماي قالمايدۇ . مېنىڭچە ، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى يەنە سوئال بولىدۇ : روزىمەتنىڭ ئايالى ئېيتقان ھېلىقى ئىېزىتقۇ زادى كىم ؟ ئۇ نېمە قىلماقچى ؟ ! — ئېلىيوپ سۆزدىن توختاپ بىر يۇتۇم چاي ئوتلىۋالدى . زال ئىچى تىمتاس ئىدى ، چۈشتىن بۇرۇن بەزىدە ئانچە - مۇنچە چالۋاقاپ ، بەزىدە مەنستىمەي دىمىغىنى قېقىپ ئولتۇرغان ئەيىبلىگۈچىمۇ ئەمدى يېڭى بىر مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككەنچە جىممىدە تۇراتتى ، ئېلىيوپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ باش سوتچىغا مۇراجىئەت قىلدى ، — ئەگەر مۇۋاپىق كۆرۈلسە ، جاۋابكارنىڭ گۇۋاھچىسى ئارۇپ مۆيدىننىڭ مەيدانغا يەنە بىر قېتىم كىرىشىنى تەلەپ قىلىمەن !

باش سوتچى رازىلىق بىلدۈردى :

— ئارۇپ مۆيدىن مەيدانغا كىرسۇن !

يان ئىشىك ئېچىلىپ ، ئارۇپ مۆيدىننىڭ دەسلەپ سېمىز ، ياپىلاق يۈزى ، كېيىن كەڭ ، دوغىلاق گەۋدىسى كۆرۈندى ، ئۇ ئىېزىنىڭ ئىككىنچى قېتىم چاقىرىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى

بىلمەكچى بولغاندەك ، بىردەم باش سوتچىغا ، بىردەم ئەيىبلىگۈ-چىگە قاراپ تىت ـ تىت بولدى ، شۇ چاغدا ئېلىيوپىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ئارۇپ جۇيجاڭ ، كەچۈرسىز ، سىزدىن سورايدىغان بىر ئىش چىقىپ قالدى . سىز چۈشتىن بۇرۇنقى گۇۋاھلىق سۆزىڭىز-دە دېلو سادىر بولغان كۈنى بىلىق تۇتۇش ئۈچۈن شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىلىق كۆلىگە چىققانلىقىڭىزنى ، كەچتە تۆت تال پاقاباش بىلىق تۇتۇپ كىرگەنلىكىڭىزنى ئېيتقاندەك قىلدى-ڭىز ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق !… ، — دېدى ئارۇپ سەل چالۋاقىغاندەك .

ئېلىيوپ دەرھال ئېتىراز بىلدۈردى :

— ياق ، ئۇنداق ئەمەس ! سىز قارماقنى ئېلىپ بىلىق كۆلىگە ئەمەس ، بەلكى روزىمەتنى ئېلىپ باغچىغا چىقتىڭىز ، پاكىت شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ! ئىشەنمىسىڭىز مەن سىزگە ئازراق بىئولوگىيە بىلىملىرىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي : ھەر قانداق ۋاقىتتا بىلىقنىڭ يېشىنى پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ ، پەقەت بىر پارچە بىلىق قاسىرىقىنى ئېلىپ ئاپئاپئا قۇرۇتسىلا دۈگىلەك ـ دۈگە-لەك ئىزلار كۆرۈنىدۇ . مانا شۇ ئىز بىلىقنىڭ يېشى ھېسابلىنىد-دۇ . سىز بىلمىسىڭىز كېرەك ، بىلىق كۆلىدىكى ھەممە پاقاباش بىلىقلار مۇشۇ يىلقى بىلىجانلار . ۋەھالەنكى ، دېلو سادىر بولغان كۈنى سىز ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كەلگەن پاقاباش بىلىق بولسا ، ئىككى يىللىق بولغان بىلىقلار ، — ئېلىيوپ خاتىرە دەپتىرىنى ئېچىپ ، ئىككى پارچە بىلىق قاسىرىقىنى ئالدى ـ دە ، ئارۇپقا كۆرسىتىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى ، — قاراڭ ، مانا بۇ ئىككى پارچە بىلىق قاسىرىقى سىز تازىلاپ چىقىرىۋەتكەن يەردىن تېرىپ ئېلىند-غان ، ھېلىمۇ ئۆيىڭىزنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بۇلۇڭدا شۇ چاغدىكى بىلىق قاسىراقلىرى لاي ـ لاتقىلارغا ئارىلىشىپ تۇرۇپتۇ ، مانا بۇ قاسىراقنىڭ ئۈستىدىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغىنى يىل

هالقىلىرى ، ئۇ بىلىقلارنىڭ بىلىق كۆلىدىن تۇتۇلمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ . دېمەك ، سىز بىلىق كۆلىگە چىقمىغان ، شۇنداقمۇ ؟ !

ئارۇپىنىڭ پەيزى قاچتى ، ئۇ ئەزەلدىن تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بۇ غەلىتە رەقىبىنىڭ سىرلىق سوئال ـ جاۋابلىرىدىن هودۇقۇپ قالدى . شۇڭا ئۇ ، ئۇدۇل جاۋابتىن ئامال بار ئۆزىنى قاچۇرۇپ غودۇڭشىدى :

— مېنىڭ نەگە بېرىشىم بىلەن بۇ ئىشنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى ؟ !

— مۇناسىۋىتى دەمسىز ؟ — دېدى ئېلىيوپ خاتىرە دەپتىرىنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ ، — ئالدىرىماڭ ، بۇنىڭ مۇناسىۋىتىنى هېلى تېپىپ چىقىمىز ، ئەگەر مالال كۆرمىسىڭىز يەنە بىر ئاز تەخىر قىلىپ ، ماۋۇ خەتنى بىز بىلەن بىللە ئاڭلاپ بېقىڭ ، — ئۇ ئارخىپ ماتېرىياللىرى ئىچىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ، ئوچۇق تەلەپپۇزدا ئوقۇشقا باشلىدى :

«قەدىرلىك دوستۇم : ئۆزۈڭ بولدى خەت يازالمىدىم ، بۇ سەۋەنلىكىمنى (مېنىڭمۇ ئەزەلدىن سەۋەنلىكىم كۆپ ) تەبىئىي مېهرىبانلىقىڭ بىلەن كەچۈرگەيسەن ! يېقىندا دادام ساقىيالماي بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى ، دادامنىڭ ئۆلۈمى يۈرىكىمدىكى كونا بىر مەخپىي يارىنى قوزغىۋەتتى ، مەن ئۇنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا تېپتىنچ ئەكېتەرمەن دەپ ئويلىغانىدىم ، لېكىن ئۇ بىمەهەل پارتلاپ چىقتى . دوستۇم ، ئەمدى ئۇنى ساڭا ئېيتمىسام كۆڭلۈم تىنچىمايدۇ ، بىلەمسەن ، شۇ كۈنلەردە مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن نىزام ئەپەندىنىڭ غېرىب تاۋۇتى ئالدىدا ئوغۇلچە كىيىنگەن ئون نەچچە ياشلىق بىر قىزنىڭ هازا ئېچىپ ماڭغانلىقى بىر دەممۇ نېرى كەتمەيدۇ ! ئۇ چاغدا يۈرىكىم تاش ئىكەن ، پەسەنت قىلمىغانىدىم ، ئەمدى ئويلىسام يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلىپ يىغلايدۇ ... مەن نىزام ئەپەندىنىڭ شۇ كېچىسى قەتلى

قىلىنغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن ...
دوستۇم ، ۋاقىپ بولغىن : مەن شۇ كېچىسى قارشى تەرەپتىن-
كىلەر تۇرىدىغان يوغان بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىكى مورا يېنىدا
يەنە بىر يالالنما بىللە پوستا تۇرۇپ مەخپىي ۋەزىپە ئۆتىگە-
نىدىم . ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى تونۇمايتتۇق ، ھەممە
يېرىمىز نىقابلانغانىدى ، تۇن ھەسسە بولغاندا ئۆگزىگە يەنە بىرى
چىقتى ، ئۇمۇ كۆزىگە رەڭلىك ئەينەك تاقاپ ، قىلىن سۇرۇپتىن
چاققانغىنە ئىشچى كىيىمى كىيىۋالغانىدى . ئۇ بىز تۇرغان مورى-
نىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئەتراپنى بىر ھازا تىڭشىغاندىن كېيىن ،
پەس ئاۋازدا : «مەن ئارغامچىنى لىڭشىتقان ھامان كۆچەپ تار-
تىڭلار جۇمۇڭ ! ... » دېدى - دە ، ئاغزىغا ماسكا تارتىپ ، بېلىگە
باغلانغان ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى بىزگە تۇتقۇزۇپ ، ئاستا -
ئاستا سىرىلغانچە مورا ئىچى بىلەن ئۆيگە چۈشۈپ كەتتى . ئارى-
دىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە بىز تۇتۇپ تۇرغان ئارغامچا يەڭگىل
پۇلاڭشىدى ، بىز ھېلىقى ئادەمنى تەستە مورىدىن يەنە تارتىپ
چىقتۇق . ئۇ ، قاپقارا كۈيىگە مىلەنگەن ماسكىسىنى ئېلىۋېتىپ
بىزگە پىچىرلىدى : «يۇرۇڭلار ، ئەمدى قايتىمىز ، شەپە چىقار-
ماي مېڭىڭلار جۇمۇڭ ! » شۇ كېچە مېنىڭ قىلغان ئىشىم شۇ
بولدى ، مورىدىن چۈشكەن ئادەم كىم ، ئۇ ئۆيگە چۈشۈپ نېمە
ئىش قىلدى ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا خۇددى شۇ كۈندىكى ئاي-
سىز تۈندەك قاراڭغۇ ئىدى . لېكىن ، كىم بىلسۇن ، ئەتىسى
بولغان ئىشلار مېنى ھوشۇمدىن كەتكۈزگىلى تاس قالدى ، مەن
تۇرغان تەرەپتىكىلەر چوڭ بىر باياناتا يېزىپ ، پۈتۈن شەھەرگە
تارقاتتى ، ئۇنىڭدا : «قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ تۈنۈگۈن كېچىدە
نىزام ئەپەندىنى نەزەربەند قىلىنغان ئۆيدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەنلى-
كى ، ئاق كۆڭۈل ، ھەققانىي كىشىلەرنىڭ بۇنىڭدىن دەرھال
ئىنتىقام ئېلىشى كېرەكلىكى » جىددىي ئۇقتۇرۇلغانىدى ! شۇنىڭ
بىلەن پۈتۈن شەھەر قوزغالدى ، ئىككى تەرەپتە توختىماي ئەلەم

كۆرىشى يۈز بەردى . مەن ئۇن نەچچە كۈنگىچە باش ـ كۆزۈمنى
پۈركەپ ئۆيدىن چىقماي يېتىۋالدىم ، شۇ ياتقانچە ھېچقانداق
‹جەڭگىۋار ئەترەت › دېگەنلەرگە ئارىلاشماي ، ئاخىر ئۆز يۇرتۇمغا
يۆتكىلىپ كەتتىم . مېنىڭ شۇ چاغدىكى يۆتكىلىش سەۋەبىمنى
ئەلۋەتتە سەن چۈشەنمەيتتىڭ ، شۇڭا ، ھازىرغىچە مەندىن ئاغرى-
نىپ يۈرىسەن !

دوستۇم ، ئەمدى بىلگەنسەن ، شۇ چاغدا ئۇ يەر ماڭا ھارام
ئىدى ، ھەممە نەرسە نەپرەتلىك كۆرۈنەتتى ، قارىغىنە ، ئۇن نەچچە
يىل نېمىدېگەن تېز ئۆتۈپ كەتكەن ـ ھە ؟ ! بۇ جەرياندا مەن ئاز
بولمىغان ۋىجدان ئازابىغا ئۇچرىدىم ، ھەر كۈنى دېگۈدەك ۋىجدان
سوتى مېنى سوتلاپ تۇردى ! بۇ بەكمۇ دەھشەتلىك ئىكەن ، شۇ-
نىڭدىن بېرى مەن روھىي جەھەتتە خۇددى مىتە يېگەن بۇغدايدەك
ئىچ ـ ئىچىمدىن تۈگىشىپ كەتتىم ، بىرنەچچە قېتىم مۇناسىۋەت-
لىك ئورۇنلارغا ئېيتىپ ، ئۇ روھىي بېسىمدىن قۇتۇلماقچىمۇ
بولدۇم ، لېكىن نېمىنى ئېيتىمەن ؟ موردىن چۈشۈپ نىزام ئە-
پەندىنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى قاتىل زادى كىم ؟ بۇ ھازىرغىچە ماڭا
تېپىشماق تۇرسا ، پەقەت ئېسىمدە قالغان ئۇنىڭ يۇمشاق ئاۋازى
ھەم «جۇمۇڭ» دېگەن ئالاھىدە تەلەپپۇزى بىلەن نېمىنى
ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن ؟ ! ئۇ چاغدا تەشكىل ماڭا قانداق قاراي-
دۇ ؟ ! ...

دوستۇم ، ئاچا يولنىڭ دوقمۇشىدا تۇرۇپ قالدىم ، ياردەم
قولۇڭنى سوزۇپ ، مېنى شەپقەتسىز ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلدۇر-
غىن !

سەندىن خەت كۈتۈپ كەمىنە دوستۇڭ : ساقى
1984 ـ يىل يىگىرمىنچى فېۋرال »

ئېلىيوپ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ، خۇددى بىر قارا دېگەندەك
لەپپىدە ئارۇپقا قارىدى . ئىككىسىنىڭ كۆزى ئۇچراشقاندا ، ئا-
رۇپىنىڭ كۆز قارىچۇقى ۋەھىمىدىن كېڭىيىپ ، چىرايىمۇ

قارىداپ كەتتى . بۇ چىراي ئۇنىڭ زەئىپ روھىي دۇنياسى بىلەن سوغۇق ۋىجدانىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى . زالدىكى جىملىق بىر پەس بۇزۇلۇپ ، يەنە تېزلا ئەكسىگە كەلدى . ئېلىيوپ خەتنى قاتلاۋېتىپ دېدى :

— قايسىبىر فىزىئولوگ : «بالىلىق دەۋرىدىكى ئۈچمەنلىكلا ھەقىقىي ، ئەڭ ئۇزاق داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىك بولىدۇ» دېگەنىكەن . خۇددى شۇنىڭدەك خانقىزنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىدە دادىسىنىڭ قاتىلغا نىسبەتەن ئويغانغان ئۆچمەنلىكمۇ ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئۆسۈپ ، ئۇلغىيىپ بارغان ، مۇشۇنداق بىر پەيتتە ، ساقىنىڭ خېتى ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ، ۋىجدانلىق دوستى ئارقىلىق خانقىزنىڭ قولىغا چۈشكەن ، خانقىز مانا شۇ خەتنى يىپ ئۇچى قىلىپ دادىسىنىڭ قاتىلىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىغان . كىم بىلسۇن ، دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېرى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ ، ئۆزى تەييارلاۋاتقان تـوقماق قايتىپ كـېلىپ ئـۆز بـېشىغا تەگكەن !— ئېلىيوپ بىر ئاز توختاپ ، ئىستاكاندىكى سوۋۇپ قالغان چاينى ئېغىز تولدۇرۇپ بىر سۇمۇردى ـ دە ، ئالدىدىكى ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ، ئەقلىي ھەم تەھلىلىي يەكۈنگە كۆچتى ، — ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە قايتايلى : دېلو سادىر بولغان كۈنى ئارۇپ ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز قالغان ئەمەس ، بەلكى ھاشىمجاننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن ئەڭ ئاۋۋال خەۋەر تاپقان ۋە ئەتراپتىكىلەرگە بىلىق تۇتۇش ئۈچۈن بىلىق كۆلىگە چىقىمەن ، دېگەن ساختا كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلىپ قويۇپ ، ئەمەلىيەتتە روزىمەتنى ئېلىپ باغچىغا چىققان ! … ،— ئېلىيوپ كۆزەينىكىنىڭ ئاستىدىن ئارۇپنىڭ ياۋايىلارچە ھۈرپىيىپ تۇرغان قىياپىتىگە قاراپ قويۇپ داۋاملاشتۇردى ، — ئەلۋەتتە باغچىغا چىققاندىن كېيىنكى ئىشلار ئۆزىڭىزگە ئايان ، ئۇ يەردە سىزنىڭ روزىمەتنى يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن ، قانداق رەزىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئالدىغانلىقىڭىزنى سـۆزلەپ ئـولتۇرمىساقـمۇ بولار . چۈنكى ،

روزىمەت سىزگە بەكمۇ ئىخلاس قىلاتتى . ئۇنىڭ سىزگە بولغان ئىخلاس ـ ئېتىقادى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى ، «پالانى يەردە هاڭگا ئېشەك تۇغۇپتۇ » دېسىڭىز ، ئۇ شۇ هامان : «توغرا ، مەن تەخىيە- نى كۆردۈم ، سالپاڭ قۇلاق چامبۇل ئىكەن » دەيتتى . ئۇنىڭ سىزگە بۇنداق تەلۋىلەرچە ئېتىقاد قىلىشى سىزنىڭ ئۇنى ئەتىۋار- لاپ ، ئىككى ئامبار خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇز- غانلىقىڭىز هەم يېقىن كەلگۈسىدە ئىدارىنىڭ چوڭ هوقۇقىنىمۇ ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى ۋەدىڭىزدىن بولغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە روزىمەتنىڭ ئۆزىمۇ كىچىكىدىنلا شاللاق ، هۇر- راچى بولۇپ چوڭ بولغان ، ئۇنىڭدىكى بۇ ئاجىزلىق دەل سىزنىڭ ئەڭگۈشتەرىڭىز بولدى ! — ئېلىيوپ ئارۇپنىڭ سالپايغان ، لې- كىن ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان چىرايىدىن كۆزىنى ئېلىپ ، زال- دىكىلەرگە قاراپ داۋام قىلدى ، — بەلكىم بەزىلەر : «كىشىنىڭ ئۆيىدە سادىر بولغان تۇيۇقسىز ئۆلۈم دېلوسى ئارۇپنى نېمانچە جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى ؟ » دەپ سورىشى مۇمكىن ، بۇنىڭ جاۋا- بى ناهايىتى ئاددىي : «بوينىدا ئىللىتى بارنىڭ پۇتى سىرقىرايدۇ » دېگەندەك ، خانقىزنىڭ ئىنتىقام ئوتىدا يانغان جىددىي هەرىكىتى ئۇنىڭ پېيىنى سىرقىرىتىپ قويدى ، ئۇ تەكشۈرۈش ، سۈ- رۈشتۈرۈشنىڭ ئاخىرقى تىغ ئۇچى ئۆزىگە قارىتىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تۇرغان بىر ۋاقىتتا ، هاشىمجاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئاڭلىنىپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىرمۇنچە شۇم خىياللارنى سالدى . خانقىزلا كۆزدىن يوقالسا ، ئۇنىڭ شاهانە تىنچلىقى بۇزۇلمايتتى ، ئۇنىڭ مۇددىئاسىغا جاۋابكارنىڭ تاغىسى ئابلا چوڭ بىلەن ئۆلگۈ- چىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى كۆتۈرگەن غوۋغا تازا ماسلاشتى ، مانا شۇ چاغدا ، ئارۇپ تەرىپىدىن قۇشلانغان روزىمەت ئوتتۇرىغا سەك- رەپ چۈشۈپ ، بىرمۇنچە ياسالما دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ گۇۋاه- چىسى بولدى . ئارۇپ بولسا ، ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق نىقاب- لاش ئۈچۈن ، بىر دومىلاپلا جاۋابكارنىڭ هامىيسى بولۇپ

مەيدانغا چىقتى ... ئەمدى ساقىنىڭ خىتىدىكى «تىپىشماق»قا كەلسەك، بۇ تىپىشماقنى ئاخىر ساقىنىڭ ئۆزى يەشتى. ئۇ مېنىڭ تېلېگراممامنى تاپشۇرۇۋېلىپلا بۇ يەرگە كېلىپ، مەن بىلەن بىللە بىرنەچچە كۈنلۈك جىددىي پائالىيەت ئېلىپ باردى.

ھۆرمەتلىك سوتچى، تىڭشىغۇچى يولداشلار، يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىم «توققۇزىنچى مارت دېلوسى» سادىر بولغان كۈندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئۇينىلىپ كەلگەن بىر نەچچە پەردىلىك ئويۇننىڭ پۈتكۈل جەريانى. مەن بۇنىڭغا ھەۋەس ياكى ھېسسىيات تۈپەيلىدىن بىرەر ئېغىز يالغان گەپ ياكى بولمىغۇر سۆزلەرنى قېتىپ قويمىدىم! ئاخىرىدا، يولداشلارنىڭ ۋاقتىنى ئالغانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن! ...

زالدا ئۈنسىز تەۋرىنىش بولدى. بولۇپمۇ، ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغانلار قىن ـ قىنىغا پاتماي، ئالىقانلىرى قىزارغىچە چاۋاك ئۇرۇپ ھاياجانلىرىنى باسماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن بايا كاتىپ ئېلان قىلغان سوت تەرتىپىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆزلىرىنى تەستە باستى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن «قاراس ـ قۇرۇس» قىلغان چاۋاك ئاۋازلىرىمۇ چىقىپ كەتتى.

ئېلىيوپ نۇرغۇن كۆزلەردىن چاقناپ تۇرغان ھۆرمەت نەزدىرى بىلەن ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئورنىغا ئولتۇردى، ئۇ گويا ئەمدى ھاردۇقى چىققاندەك يېنىك بىر تىن ئېلىپ، بېشىنى مۆلايىملىق بىلەن بىر تەرەپكە قىيسايتقان ھالدا كۆزەينىكىنى ئەجىر بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى ...

باش سوتچى ئۆز جايىدا ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان ئارۇپقا قاراپ سورىدى:

— سىزنىڭ گەپ ـ سۆزۈڭ بارمۇ؟!

ئارۇپ قىمىرلىمىدى، لېكىن يوغان بېشى خۇددى يىلتىزى كېسىلگەن قومۇشتەك لاسسىدە تۆۋەن ساڭگىلىدى ...

ئېلىيوپ ئاخىرقى بىر قېتىم سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن سوت كوللېگىيىسىدىن شۇنى جىددىي تەلەپ قىلىمەنكى ، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 148 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بۇ دېلودا يالغان ئىسپات بەرگۈچىلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈشى كېرەك !

زالدا يەنە بىر قېتىم ئۈنسىز تەۋرىنىش بولدى ...

باش سوتچى ئومۇمىي هاياجان بېسىلغىچە بىر پەس كۈتۈپ ، ئاخىرىدا جاۋابكارغا قاراپ سالماق ئاۋازدا مۇنداق دېدى :

— خانقىز ، سەن «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نىڭ 118 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، ئاخىرقى پىكرىڭنى بايان قىلىشقا هوقۇقلۇق . بۇگۈنكى سوتىمىزغا قارىتا قانداق پىكرىڭ بولسا بەرسەڭ بولىدۇ .

خانقىز دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمىدى ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يىغا قاپساپ تۇراتتى . ئۇ كۆز چانىقىدىكى لىققىدە هاياجان ياشلىرىنى كۈچ بىلەن سىقىپ چىقىرىپ ، ئۇمچىيىپ تۇرغان لەۋلىرىنى تەستە ئەيۋەشكە كەلتۈردى ، ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان مىسكىن ئاۋازى جىمجىت زالدا ئېنىق ئاڭلاندى :

— مەن ... مەن بۈگۈنكى سوتتىن رازى ! ... كېڭەشمە سوتىنىڭمۇ مېنىڭ ئۈستۈمدىن قانۇن بويىچە توغرا خۇلاسە چىقىرىشىغا ئىشەنچىم تولۇق ! ...

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى قىياندەك بۇسۇپ كەلگەن خۇشاللىق يىغىسى ئىچىدە غەرق بولۇپ كەتتى ...

## ئۈچىنچى باب

### كىچىككىنە خاتىمە

تەبىئەت قىزىل ، هال رەڭ ، ئاق چېچەكلەردىن بويىنىغا بېزەك ئاستى . بۇ بېزەكلەر كۈن نۇرىدا رەڭگا رەڭ چاقناپ

ھىلىلا ئىرىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى ...
زېمىن ياشىنىغان ، كۆكۈللەر باھار پەيزى بىلەن شادلانغان ، پۈتۈن مۆجىزات تىرىكلىك كويىدا ھايات ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقان شۇنداق شادىيانە كۈنلەرنىڭ بىرىدە خانقىز تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلدى . ئۇنىڭ سەل - پەل پولتىيىپ تۇرغان كۆزلىرى شۇ قەدەر بىغۇبار ھەم خۇشال ئىدى ، ئۇنىڭ ئەۋرىشىم سەيلانە قامىتى بەھۇزۇر قەدەم بېسىشى ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن ھېلىقى ئازارلىقلارنىڭ پاك - پاكىز كۆتۈرۈلۈپ ، ئاللىقاچان ئەسلىي قىياپىتىگە كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرەتتى . ئۇ كىچىككىنە بوغچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ ، ئالدىغا — ھاياتلىققا قاراپ ئىنتىلەتتى . ئۇنىڭ كۈن نۇرى چاقنىتىپ تۇرغان مەسۇم كۆزلىرىدە بىردەم ئېلىيوپىنىڭ كۈمۈشتەك چاچلىرى بىلەن كۆزەينەك ئاستىدا چاقناپ تۇرغان پاراسەتلىك ، تۇيغۇن كۆزلىرى نامايان بولسا ، بىردەم تاغىسى ئابلا چوكىنىڭ ھەسەت ۋە ئاداۋەت ئوتىدا قارىداپ ، پۇرلىشىپ كەتكەن خـۇنـۇك چىـرايى ئەكس ئېتەتتى . تۇرۇپ ئاچىسى ھەجەرگۈلنىڭ يېلىنىش ۋە ئىلتىجا بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇرغان ناتىۋان سىيماسى تەكرارلانسا ، تۇرۇپ ئارۇپىنىڭ زەھەرلىك قارىشى بىلەن قولىغا كويزا سېلىنغان ۋاقىتتىكى زەئىپ ھالىتى سۈرەتتەك گەۋدىلىنەتتى ...
ئۇ قەدىمىنى تېزلەتتى ، سۇرلۇك تۇرمە قورۇسى خېلىلا ئارقىدا قېلىپ ، ئالدىدا ئازادە شەھەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىك قايناق ھاياتى قۇچاق ئاچتى . بۇرنىغا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەرنىڭ ئۆزىگە خاس يېقىملىق ھىدى گۈپپىدە ئۇرۇلدى . ئۇ ، تار كۆكلەكتە چېكىقلىپ تۇرغان كۆكسىنى تولدۇرۇپ ئازادە نەپەس ئالدى ...
ئۇ بۈگۈن كەچكىچە قىلىدىغان ئىشلىرىنى بىرمۇ بىر كۆڭلىگە پۈكتى : دەسلەپ مۇنچىغا بارىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلىدىيوپىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭغا تەشەككۇر سالىمىنى بېرىدۇ ،

ئۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپكە بېرىپ خىزمەتداشلىرى بىلەن ئوقۇ-غۇچىلىرىنى يوقلايدۇ ...

ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى ، ھازىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا دولقۇن ئۇرۇۋاتقان ھېسسىيات تەڭداشسىز ئىدى ... يوغان ئې-چىلغان بىر جۈپ قاپقارا كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش كەلدى ، بۇ ياش بۇرۇنقى ياشلاردەك سوغۇق ھەم ئاچچىق ئەمەس ئىدى . بۇ ياش ئۇنىڭ قان يۈگۈرگەن مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ كۆكسىگە سىڭىپ كەتتى ...

خانقىز تۈرمىدىن چىقىپ ، پەرۋاز ئۇرۇپ ، ئويناقلاپ كېلى-ۋاتقان ئاشۇ چاغدا ، پىشقەدەم ئادۋوكات ئېلىيوپ يېڭى بىر دېلو ماتېرىيالىنى قوبۇل قىلىپ ، مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ، يىراق بىر ناھىيىگە سەپەر قىلدى ...

1984 - يىل ئۆكتەبىر ، ئۈرۈمچى ، تۇرپان

# سەبىيلەر پاجىئەسى

«••• قايغۇلۇق ھېسسىياتىم بىلەن قايغۇلۇق بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلاي .»

(شېكىسپىر)

دوستۇم ، سىز بۇ يەردىن ئۆتكىنىڭىزدە ، دەريانىڭ تىك قىرغىقىدا يالغۇز تۇرغان بىر قەبرىنى كۆرىسىز . بۇ قەبرىگە ھېچقانداق خاتىرە تاشلار ئورنىتىلمىغان ، پەقەت ئۇنىڭ ئەتراپى خۇش پۇراق ئوت ـ چۆپلەر بىلەن پۈركەنگەن . ئۇنىڭ باش تەرىپىدە بىر تۈپ ھال رەڭ گۈل شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ . مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان ھەيۋەتلىك ئۇلۇغساي دەرياسى گويا ئۆلگۈچى ئۈچۈن نالە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ . بۇ يەردە ئون بەش ياشقا كىرگەن بىر سەبىي قىز مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن .

ئۇنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ياشلىق باھارى ، گۈلدەك ھۆسن ـ جامالى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئۈۋالچىلىق بىلەن بۇ دۇنيادىن ۋىدا-لاشتى . ئەمما ، ئۇ چەكسىز سېغىنىش بىلەن قايغۇ ـ ئەلەمنى ئۆزىنىڭ يۇرتداشلىرىغا ، بىردىنبىر سۆيۈملۈك جۇپتىگە ، شۇن-داقلا ، ئۇنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەربىر ئاق كۆڭۈل كىشىگە قالدۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ يەرگە كۆمۈلگىنىگە بىر يىل ئىككى ئاي بولدى ، ئۇنىڭ رەنا سۈپەت گۈزەل تېنى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتتى . تاڭ شەبنىمىدەك غۇنچە گۈلى ۋاقىتسىز توزۇ-دى ، كىرسىز سەبىي قەلبى بىمەھەل يانجىلدى ••• گەرچە ئۇنىڭ جاۋابكارى ئاللىقاچان سۈرۈشتۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان بول-سىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ

يۈرەك تارىنى چەكمەكتە . تونۇش يولۇچىلار مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن-
دە ، ئۇنىڭغا ئېچىنغان هالدا «ئۇھ» تارتىپ ، چوڭقۇر ئويغا
چۆمىدۇ ... دوستۇم سىزچۇ ؟ ئەگەر شۇ غېرىب قەبرىنى كۆرۈش-
نى خالىسىڭىز يۈرۈڭ ، مەن بىلەن بىللە مېڭىڭ ، مەن سىزگە
ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىپ كۆرسىتەي !

1

باهار كەتتى ، ھەممەتىلىك ياز ئايلىرى ئۆزىنىڭ ئوتلۇق
مېھرى بىلەن تەبىئەتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى . مايسەن ئۆ-
رۈكلەر پىشىپ ، چىلگە توغاچنىڭ مەغزى قىزىرىشقا باشلىغاندا ،
قارىۋاغ يېزىسى بىلەن كۆكقىر يېزىسىدىكى ئىككى ئائىلە ئوتتۇ-
رىسىدا ھېچقانداق داغدۇغىسى يوق ، ئاددىيلا بىر توي مەرىكىسى
بولۇپ ئۆتتى . بۇ — «رەۋىخان جالداق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر
ئايالنىڭ ئەلچىلىكىدە قارىۋاغ يېزىسىدىكى سايىماخۇن بىلەن
كۆكقىر يېزىسىدىكى قاسىماخۇننىڭ ئۆزئارا قايچا قۇدا بولۇپ ،
ھەم ئوغۇل ئۆيلىگەن ، ھەم قىز چىقارغان توي مەرىكىسى ئىدى .
سايىماخۇننىڭ يىگىرمە توققۇز ياشلىق ئوغلى جامال ، قاسى-
ماخۇننىڭ تېخى ئون بەش ياشقا تولمىغان ، ئېگىزلىكى توقسان
يەتتە سانتىمېتىر ، ئېغىرلىقى ئوتتۇز يەتتە كىلوگرام كېلىدىغان
قىزى سانىيەنى ؛ قاسىماخۇننىڭ ئوتتۇز ياشلىق ئوغلى شاۋاز ،
سايىماخۇننىڭ ئەمدى ئون تۆت ياشقا كىرگەن ، ئېگىزلىكى سەك-
سەن سەككىز سانتىمېتىر ، ئېغىرلىقى ئوتتۇز ئىككى كىلوگرام
كېلىدىغان قىزى گۈلقىزنى دىنىي رەسمىيەتلەر بويىچىلا ئەمرىگە-
ئېلىشتى . ھەر ئىككى ئائىلە ئۆز يېزىسىدىكى ئاقساقاللار-
غىلا ئاش تارتىپ ، ئاددىيلا نىكاھ پاتىھەسى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن
بۇ تويدىن رازى ئىدى . ئازغىنە راسكالىق بىلەن ئوغلىنى ئۆي-
لەپ ، قىزىنى چىقىرىۋالغان سايىماخۇننىڭ يۈزى خۇشاللىقتىن

خۇددى يۇتىدىكى شالۋۇر مەيسىنىڭ قونچىدەك يۇرلىشىپ كەت-
تى . قاسىماخۇن بولسا ، ھېچقانداق ھەشەمىسىز لا ئاتلىق قەرزىنى
ئادا قىلىۋالغانلىقىغا ، بولۇپمۇ لايىق تاپالماي يۈرگەن بۆرە كۆز ،
تەلۋە چىراي ، دېۋەك ئوغلى شاۋازغا سەدەپ قېپىدىن يېڭىلا
چىققان ياقۇتتەك بىر قىزنى ئېلىپ بەرگىنىگە خۇشال ئىدى ...
لېكىن ، تۇرمۇش هامان كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بوي سۇن-
مايدۇ . ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى پەقەت بىرنەچچە كۈنلۈك كۆڭۈل
ئاۋۇتۇشلا بولۇپ قالدى ، گۈلقىز ئازنىلاپ كېلىشكىمۇ كۈتۈپ
تۇرماستىن توي بولۇپ ئۈچىنچى كۈنىلا قايتىپ كەلدى ۋە شۇ
كەلگەنچە يېتىۋالدى . گۈلقىزنى ئېرىدىن يامانلاپ كەلدى ، دې-
يىشكە بولمايتتى ، چۈنكى ئۇ شۇ كۈنلەردە ئەردىن يامانلاشنىڭ
نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى ، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى خۇددى
ئېسىدە يوق بىر يەرگە بېرىپ قېلىپ ، ئۇ يەردە ئاللىقانداق بىر
ئەجەج ـ مەجۈجلەرگە ئۇچراپ ئۆلگۈدەك قورقۇپ ، ئەمدى ئۆ-
مۈرۋايەت ئۇ يەرگە قەدەم باسماسلىقنى قەسەم ئىچكەن بىرىنىڭ
قايتىپ كېلىشىگە ئوخشايتتى . ئۇ ھەقىقەتەن قورقۇپ كەتكەن ،
يالغۇز قورقۇپلا ئەمەس ، بەلكى تۇرمۇشنىڭ بۇنداق غەلىتە ، رە-
ھىمسىزلىكىدىن نەپرەتلەنگەن ، بىزار بولغانىدى .
ئۇ توي بولۇپ كۆكتىر يېزىسىغا كۆچۈرۈلۈپ ، ئېرى شاۋاز-
نى كۆرگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت
تەڭتۇشلىرى بىلەن بىللە ئوينىغان «مۆكىمۆكىلەك» ئويۇنىدەكلا
تەسەۋۋۇر قىلغانىدى ، لېكىن كەچتە يەڭگىلىرى ئايرىم ھۇجرىدا
شاۋاز بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويغاندىلا ، ئۇ بىر ئاز ئېسىگە كەلگەن-
دەك بولۇپ يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدىدى ، شاۋاز ئۇنىڭغا قوغۇشۇن-
دەك كۆل رەڭ كۆزلىرىنى مىختەك تىككەندە ئۇ شۇنداق تاتاردى-
كى ، مەڭزىدىكى شالاڭ سەپكۈنلەرمۇ ئاقىرىپ كەتتى . شاۋاز
كەمشۈك ئىدى ، قاچان قارىسا جوغىسى يوق ئېۋرىقتەك ھىجاق
كۆرۈنەتتى ، بىۇنى ئىاز دېگەنىدەك ، بۇرنىنىڭ ئۈستىدە خۇددى

قايناپ چىققان جىگدە يىلىمىدەك داچەن پۆل چوڭلۇقىدا تاجى
مەڭ بار ئىدى . بۇ ئۇنى تېخىمۇ سۇرلۇك ھەم بەتبەشىرە كۆرسى-
تەتتى . مانا شۇ كۆرۈمسىز ، سوغۇق چىراي بىلەن كېلەڭسىز ،
دېۋىدەك گەۋدە گۇلقىزغا بارغانسېرى قىستاپ كەلدى ، گۇلقىز
زۇۋان سۇرەلمەي ۋەھىمىگە چۈشتى ، سوغۇق تىترەك ئۇنىڭ
تومۇرلىرىدىكى قانلىرىنى مۇزدەك سوۋۇتۇۋەتتى ••• ئۇ قېچىپ
كەتكەنمۇ بولاتتى ، لېكىن قورقىنىدىن پۇتلىرى ئېگىلىپ
لاكاسلاپ قالدى •••

گۇلقىز ئۆزىگە دوزاختەك بىلىنگەن بۇ ھۇجرىدا پەقەت ئىك-
كى كۈنلا چىدىدى . ئۇنىڭ شاۋازنى كۆرۈشكە كۆزى ، سۆزلەشكە
تىلى يوق ئىدى . نېمە ئۈچۈنكى ، غەيرىي بىر ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ
ھەربىر ھۇجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ،
شاۋاز ئېرى ئەمەس ، بەلكى ياشلىق بېغىنى ۋاقىتسىز پايمال
قىلغان ياۋا توڭگۇز ، يۈرەك هارارىتىنى ئوغرىلاپ قاچقان ئادەم
سۈپەت دېۋە ئىدى . شۇڭا ئۇ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا شاۋازنىڭ
كۆزىنى غەلەت قىلىپ قېچىپ كەتتى .

گۇلقىزنىڭ قېچىپ كېلىشى ئانىسى گۇلسۇمخان بىلەن دادى-
سى سايىماخۇننى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى . ئۇلار كۆڭۈللۈك
ئۆتكەن توي ئىشىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆڭۈللۈك ھەم قۇتلۇق بولۇ-
شىنى ئارزۇ قىلاتتى . لېكىن ، قىرىشقاندەك ، گۇلقىز ئۇلارنىڭ
دېگەن يېرىدىن چىقمىدى ، كۆڭلى غەش بولغان سايىماخۇن گۇل-
سۇمخانغا تاپا ـ تەنە قىلدى ، گۇلسۇمخان بولسا گۇلقىزنى قايتىپ
كېتىشكە قىستىدى .

— قىزىم ، گەپ ئاڭلىغىن ، — دېدى ئۇ نەسىھەت
قىلىپ ،— نىكاھ غايىب دېگەن شۇ ، پېشانەڭگە شاۋازجان پۈتۈ-
لۈپتىكەن ، ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ كېتىسەن ، خۇدايىم نىكاھنىڭ
ئىسسىقچىلىقىنى بېرىدۇ .

— ئانا ، جېنىم ئانا ، مەن ••• مەن ئەمدى ئۇ يەرگە بارماي-
مەن !

گۈلقىزنىڭ دەسلەپ بۇرۇن كۆمۈرچەكلىرى تارتىشىپ لە-
پىلدىدى ، كېيىن قاپقارا يوغان كۆزلىرىدىن مۆل - مۆل ياش
قۇيۇلدى .

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى ، بۇ ئارىلىقتا قاسىماخۇن
رەۋىخان جالداقنى ئىككى قېتىم كىرگۈزدى ، رەۋىخان جالداقنىڭ
چاپاق باسقان كۆزلىرىنى مىتىلدىتىپ تۇرۇپ : «بالام ، ھەئە
دېگەن ياخشى جاۋاب ، جىگەر بېغىر ياخشى كاۋاپ» دېگەن سۆزلە-
ري گۈلقىزغا تەسىر قىلىش تۇگۇل ، بەلكى، ئۇنىڭ ئۇغىسىنى
قايناتتى . كېيىن گۈلسۇمخانمۇ قىزىغا قاتتىق تېگەلمىدى ، چۈن-
كى ، گۈلقىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ كېتىۋاتقان جۇدەڭ
چىرايى ، ياش ئارىلاش يېلىنىپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرى ئانا
قەلبىنى مۇجۇيتتى .

بەشىنچى كۈنى كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى . جۇمە
نامىزىدىن كېيىن سايىماخۇن بىلەن قاسىماخۇن ئىككى يېرا ئارد-
لىقىدىكى ئازنا مەسچىتتە دوقۇرۇشۇپ قالدى .

— قۇدام ، ئادەم ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرمىسا ، ئاسمانمۇ ، يەر-
مۇ راۋا كۆرمەيدۇ ، — دېدى قاسىماخۇن سىپاگەرچىلىك بىلەن
گەپنى ئەگىتىپ ، — توينىڭ نەغمە - ناۋاسى بېسىلماي تۇرۇپلا
گۈلقىزخان كېتىۋاپتۇ ، بۇنداق قىلسا ئەھلى جامائەت ئالدىدا
سىلىگىمۇ ، بىزگىمۇ سەت بولار .

سايىماخۇن دەرھال كۆڭۈل ياسىدى :

— شۇنداق ، شۇنداق ، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا ،
بالا كىچىك...

— كىچىك بولسا چوڭ بولىدۇ ، نادان بولسا ئوڭ
بولىدۇ ، — دېدى قاسىماخۇن گەپنى بۆلۈپ ، — مەن بۇ توينى
ئىككى پەرزەنتنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى دەپ قىلغان .

— ئىنشائاللا ، ھېلىھەم دېگەنلىرى بولىدۇ .

شۇ كۈنى سايىماخۇن ئۆيگە كىرىپلا گۈلسۇمخان بىلەن

ئۇزاق سۆزلەشتى.

— خىزىرنىڭ نەزىرى چۈشمىسە ئىشەك بازىرىغىمۇ دەللال بولغىلى بولمايدۇ، خوتۇن، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا، — قىزىمىزنى قاسماخۇننىڭ راستتىنلا بالا قىلىۋالغۇسى بار ئىكەن، گۈلقىز كەتسۇن!

گۈلسۇمخان ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە جۇرئەتسىزلىك بىلەن تىكىلدى:

— مەنمۇ شۇنداق دېدىم، لېكىن ئۇنىڭ زادىلا رايى يوق، كۆڭلى چۈشمىگەن ئوخشايدۇ.

— رايىغا قارىما! — دېدى سايىماخۇن گەپنى كېسىپ، — ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى يىگىتنى قىلىپتا قويدۇرۇپ، كاسىپقا بۇيرۇتۇپ تاپامدۇق؟ بىز قايچا قۇدىلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالمىساق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا ئەۋەتمىسەك، جامالنىڭ تۇرمۇشىغا دەخلى يەتمەمدۇ؟! قارىغىنە، سانىيە بىلەن ئىككىسى قانداق ئەپلىشىپ كەتتى!

راست، جامال بىلەن سانىيە ئوبدانلا ئەپلىشىپ قالغانىدى. گۈلسۇمخان ئۇلارنى كۆرمەكچى بولغانىدەك، شوخ كۈلكە ئاۋازى چىقىۋاتقان ياندىكى ھۇجرىغا بويۇنداپ قاراپ قويدى. ئۇ كىچىككىنە كېلىنىنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈكى بىلەن بۇ ئۆيگە تېزلا سىڭىشىپ كەتكەنلىكىدىن خۇشال ئىدى.

كەچقۇرۇن رەۋخان جالداق يەنە كىردى. ئۇ ئاغزى بېسىقماي بىر تالاي ۋالاقشىدى. گۈلسۇمخانمۇ ئۇنىڭغا يان بېرىپ، قىزىنى قايتىشقا قىستىدى، گۈلقىز ئۇن - تىنسىز ئۆكسۈپ يىغلايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ يىغىسى سايىماخۇن بىلەن گۈلسۇمخاننى ئېرىتەلمىدى. ئۇلار تۈن يېرىمىگىچە گۈلقىزنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ تاپا - تەنە، تىل - قاغىش ياغدۇردى. ئاخىرىدا سايىماخۇن ئاچچىقىغا پايلىماي ئىككى تەستەك بىلەن گۈلقىزنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. تاڭ ئاتقاندا، ئۇلار گۈلقىزنى

رەۋخان جالداقا بويىنىدىن باغلىغاندەكلا قوشۇپ بەردى . گۇلسۇمخان خۇددى بۆرە چاڭگىلىدىكى قوزىدەك تېپىرلاپ ، تارتىشىپ يىغا - زار بىلەن كېتىۋاتقان قىزىغا قاراپ بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولدى ...

## 2

گۇلقىز ھەپتە ئۆتمەي يەنە قېچىپ كەلدى ، ھەممە دىشۋارچىلىق مانا شۇنىڭدىن باشلاندى .

سايىماخۇن دەسلەپ كايىدى ، كېيىن گۇلسۇمخان ئارقىلىق قاتتىق بېسىم ئىشلەتتى .

— قىزىم ، ئوبدان قىزىم ، — دەيتتى گۇلسۇمخان تەڭقىسلىقتا يېلىنىپ ، — سەن بۇنداق قىلىۋەرسەڭ قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا سوغۇقچىلىق چۇشۇپ قالىدۇ ، ئۆيۇڭگە كەتكىن .

گۇلقىز بۇ قېتىم يىغا - زار قىلمىدى ، بەلكى قەتئىي قىلىپ ئۆز نىيىتىنى بىلدۇردى :

— ئانا ، ئەمدى مېنى ئۆز رايىمغا قويۇڭلار ، ئەگەر يەنە قىستاۋەرسەڭلار ، ئۇ ئۆيگە تىرىكىم ئەمەس ، ئۆلۇكۇم بارىدۇ ، ماڭا بۇنداق خورلۇق ، ئازابتىن ئۆلۇم ياخشى !

گۇلسۇمخان سەل چۆچۇپ قالدى . چۇنكى گۇلقىزنىڭ ئاۋازىدا ھېچقانداق پوپوزا ياكى تەھدىت سېزىلمەيتتى . ئۇ ئۆلۇم توغرىسىدىكى گەپلەرنى خۇددى شۇنداق بىر ئىشقا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ قويغاندەك ، بەخىرامان ھەم خاتىرجەم ئېيتىۋاتاتتى . شۇ كۇنلەردە ئۇنىڭ ئەسلىدىكى سۇزۇك چىرايى تېخىمۇ سۇزۇلۇپ ، سامان قەغەزدەك سېپتىلىشىپ كەتكەن ، يۇمران كىرپىكلىك قوڭۇر كۆزلىرى بولسا ، ئەقلىدىن ئاداشقان ئادەمنىڭكىدەك خۇدرەي كۆرۇنەتتى . گۇلسۇمخان شۇنىڭدىن كېيىن ئارتۇقچە كايىمىدى ، ئەكسىچە قىزىنىڭ كۇندىن - كۇنگە زەئىپلىشىپ

كېتىۋاتقان ئەھۋالى ئۇنى سەل خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ قويدى. لېكىن، سايىماخۇننىڭ خىيالى باشقىچە ئىدى. ئۇ يەنىلا قاسىماخۇننىڭ كۆڭلىنى چىگىپ قويماسلىق ئۈچۈن، قىزىنى تېزرەك قايتۇرۇۋېتىپ، قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتكە كىر قوندۇرماسلىقنى ئويلايتتى. لېكىن، دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قاسىماخۇننىڭ پەردىشەپنى بىراقلا قايرىپ قويۇپ كوچا ـ كويلاردا: «ھەي ـ ي ـ ي! ... قۇدىلىرىمىزنى قويۇڭلار، مەن سايىم قاپاقنى خېلى ئادىمەتچىلىكى بار دەپ يۈرۈپتىكەنمەن! نەدىكىنى، ئۇياقتىن توي قىلىپ، بۇياقتىن قىزىنى ئولتۇرغۇزۇۋالدى! ئىتقا گۆش بەرسە، تۇـوپىغا مىلەپ يەـەيدۇ، دېـگەن راست ئىكەن! ...» دەپ ئېيتىپ يۈرگەن گەپلىرى سايىماخۇننىڭ قۇلىقىغا يېتىپ يۈرىكىگە بارغاندا مۇز بولۇپ قاتتى. كۈتمىگەن يەردىن چىققان بۇ چوماق ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى.

قارا، ئۇنىڭ تەپتارتماي قىلغان گېپىنى!؟ ساقىلىغا ئاق كىرگەن ئادەممۇ ئۆز قۇدىسىنىڭ لەقىمىنى چىشلەپ تارتقان بارمۇ؟! توغرا، سايىماخۇننىڭ «قاپاق» دېگەن لەقىمى بارلىقى راست، لېكىن بۇ ئويۇن ـ چاقچاق ئورنىدا قويۇلۇپ قالغان. بۇ لەقەمنىڭ تارىخىمۇ ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، ھېلىقى تەلۋە يىللاردا سايىماخۇن بىر مەزگىل سوقا باققان، بىر كۈنى بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ كەتكەن بىرنەچچىسى سوقىغا يىغىلىپ پاراڭ سوقۇشقان، ئاردىن بىرى قىزىقچىلىق قىلىپ سايىماخۇنغا مۇنداق بىر تېپىشماقنى ئېيتقان:

بەك ئاجايىپ بىر نېمەم بار،
تىك تۇرۇپ ئۇچماس.
سۆڭگىچىگە پەشۋا ئۇرسا،
دان چوقۇپ يۇتماس.

سايىماخۇن شۇنچە باش قاشلاپمۇ تېپىشماقنى تاپالمىغان، بىرنەچچىسى چۇقان سېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان سوقا توغرىسىدىكى تېپىشماقنىمۇ تاپالمىغانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ ئاخىرىدا «قاپاقكەنسەن» دېيىشكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپ ئۇنىڭغا لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالغان. قاپاق بولسا نېمە بوپتۇ؟! سايىماخۇن تېخى قاسىم قىڭغىرنى قاپاقتا سېلىپ كولدۇرلاتقىنى يوقتۇ؟! قاسىماخۇننىڭ «قىڭغىر» دېگەن لەقىمىنى ئۇ بىرەر يەردە ئېغىزغا ئاپتۇما؟!

قاسىماخۇنغا بۇ لەقەمنىڭ قانداق قويۇلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇ ئاتا مىراس لەقەممىكىن دېسە، ئۇنداق ئەمەس، كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىنىڭ لەقىمى «قاۋان» ئىكەن، بۇ ئادەم جىسمانىي جەھەتتە قىڭغىرمۇ ئەمەس، ئۇنداقتا، «قىڭغىر» دېگەن لەقەم نېمىگە قويۇلغان؟ سايىماخۇن بۇنى سۈرۈشتۈرگىنى يوق، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن مۇنداق بىر گەپ ئۇنىڭغا ئايان: «قاسىماخۇن قورسىقىنىڭ تاكچىسى تولا ئادەم!»

بەلكىم، شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، قاسىماخۇن كېلىنىنىڭ قېچىپ كەلگەنلىك سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلمايلا، سايىماخۇننى دوست - دۈشمەن ئالدىدا چىشلەپ تارتتى، بۇ ئىش سايىماخۇنغا قاتتىق ھار كەلدى بولغاي، شۇنىڭدىن كېيىن قىزىنى كەتكۈزۈۋېتىش توغرىسىدا گۈلسۇمخانغىمۇ، گۈلقىزنىڭ ئۆزىگىمۇ ئېغىز ئاچماي قويدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى قاسىماخۇننىڭ تېخىمۇ قاتتىق ئوغىسىنى قايناتتى. ئۇنىڭغا كېلىنىنىڭ يېتىۋېلىشىدىنمۇ كۆرە، ئۆز قىزى سانىيەنىڭ جامال بىلەن ئەپلىشىپ، سايىم قاپاقنىڭ غېرىب كەپىسىگە ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكى بەكمۇ ئەلەم قىلاتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاچچىقىنى ئىستائەتچان خوتۇنى ناۋاتخاندىن ئالاتتى.

— قارا ، سىنىڭ تۇغۇپ چوڭ قىلغان بالاڭنى ! — دەيتتى ئۇ ھارسىنغان ھالدا ، — مانا ئەمدى ئازنىلاپ كېلىشنىمۇ ئۇن‍تۇپ ، ھېلىقى جامال دېگەن لاتا قاسقاسقا قارا سۆگەلدەك يېپىشىۋالدى ، مەن ئۇ مېكىجىننىڭ بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام ، كىچىكىدىلا ئىشكىنىڭ ئالدىدىكى جىگدە ئاچىمىقىغا ئېسىپ قويۇپ ، ئىتلارغا خامتالاش قىلىپ بېرەركەنمەن !

— ئۇنداق دېمىسىلە ، كۈيۈرلۈق بولىدۇ ، — دەيتتى ناۋاتخان سىپايە ئاۋازدا ، — خۇدايىم سانىيەگە نىكاھ ئىسسىقچىلىقىنى بەرگەن ئوخشايدۇ ، كېلىنىمىز تېخى كىچىك ، ئۇمۇ ئاستا - ئاستا بېرىپ - كېلىپ يۈرۈپ كۆنۈپ قالار .

قاسىماخۇن قايناپ كەتتى :

— كاپىشىما ، ئۆي تۇتۇش نىيىتى بار ئادەم ئاشۇنداق كەربالانىڭ قانجۇقىدەك سوكۇلداپ ، ئىككى كۈندە بىر قېچىپ يۈرەمدۇ ؟ ! ئاتا - ئانا بولغۇچى ئادەممۇ نەسىھەت قىلىپ ئەۋەتمەي ، موككىدە ئولتۇرغۇزۇۋالدى ، مېنى بىلمەيدۇ دېمىسۇن ، ئۇلارنىڭ چوڭلىرى توخۇ پوقى ، كىچىكلىرى چۈجە پوقى ئىكەن ، قىزىمىزنى ئېلىۋېلىپ ، ئەمدى بىزنى ئانىي تاپماقچى ، شاۋازنىڭ يۈزىنى تۆكمەكچى ، قاراپ تۇرسۇن ، مەنمۇ ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن قان تامغۇزمىسام !

ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇشۇ سوغۇق سۆھبەتتىن ئۈچ كۈن كېيىن ، سانىيە ئازنىلاپ كەلدى . ئۇ گاز ياغلىقتا ئورالغان كىچىككىنە بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان قەدىناس ھويلىغا ھاياجان بىلەن كىرىپ كەلگەندە ، توخۇ كاتىكى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن قاسىماخۇن كالپۇكىنى بىلىنەر - بىلىنمەس يېرىپ ئىلمان سۇدەكلا قارشى ئالدى . شۇنداقتىمۇ سانىيە دادىسىغا ئەدەپ بىلەن قىزغىن سالام بېرىپ ، ئاندىن ئايۋاندىكى ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى ، ناۋاتخان ئۇنى ئىسسىق باغرىغا بېسىپ ، كۆز يېشى بىلەن

كۆتۈۋالدى ، ئۇنىڭ پەرزەنت مېھرىگە قانمايدىغان تەشنا كۆزلىرى سانىيەنىڭ ئۆرۈك سېرىقى رەختتىن بەل پۇرمە كۆڭلەك كىيىۋال- غان كېلىشىملىك بوي - بەستىگە ئۇزمەي قارايتتى ، ئانا نەزىرىد- دە ، قىزى تۇنجى قېتىم يوقلاپ كەتكەندىن كېيىنكى مۇشۇ بىرەر ئايدىن بېرى ، خېلىلا بوي تارتىپ يوغىناپ قالغاندەك ، بۇرۇنقى قارىمۇتۇق چىرايى تېخىمۇ ئېچىلىپ ، ئېقى ئاققا ، قىزىلى قىزىل- غا ئايرىلىپ قالغاندەك ، تېخى بىر ئاي بۇرۇن قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈلىدىغان سۇمبۇل چاچلىرى ئەمدىلىكتە پىستە غولىدەك ئىك- كى تال قىلىپ ئۆرۈلۈپ ، گۆدەك قىزلىق دەۋرىدىن بەختلىك چوكانلىق دەۋرىگە ئۆتكەندەك بىلىنىپ كەتتى . قايسىبىر ئانا ئۆز باغرى - پۇشتىنىڭ كۆڭلى ئازادە ، تۇرمۇشى بەختلىك بولۇشىنى تىلىمەيدۇ ؟ !

ناۋاتخان سانىيەنىڭ جىگدە يېلىمى بىلەن قاتۇرۇپ ، پارقى- رىتىپ تارالغان ھىدلىق چېچىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ، قىزىنىڭ ئەمدىلا باشلانغان ھايات يولىنىڭ خەيرلىك بولغانلىقىنى ، خۇددى قارلىغاچ چاڭگا تىزغاندەك ، ئەمدىلا سەرەمجانلاشتۇرۇۋاتقان كى- چىككىنە ئائىلىسىنىڭ بەختىيار ئىكەنلىكىنى كۆڭۈل كۆزىدە كۆرۈپ يەتكەندەك بولدى . ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خۇشاللاندى ، سۆيۈندى ، لېكىن شۇ زامان ئوغلى شاۋازنىڭ ھەم بويىنى قى- سىپ ھارسىنىپ ، ھەم تۇتۇلۇپ جىلە بولۇپ يۈرۈشى بىلەن ئېرى قاسىماخۇننىڭ خۇددى شەھەرنى ئۇتتۇرۇپ قويغان قىمارۋازدەك چېچىلىپ ، غۇژغۇنلاپ يۈرۈشى كۆز ئالدىغا كېلىپ ، بىردىنلا چوڭقۇر «ئۇھ» تارتىۋەتتى . تۇيغۇن قىز سانىيە شوخشۇپ بېشى- نى كۆتۈرۈپ ، ئانىسىنىڭ تاتىرىپ قالغان چىرايىغا قاراپ سورى- دى :

— ئانا ، نېمە بولدى ؟ كۆزلىرى ياش يۇقى تۇرىدۇ ، يىغلاپ- ىغۇ ؟

— ھېچنېمە قىزىم ، — دېدى ناۋاتخان بىر ئاز ئۆزىنى

ئوڭشاپ، — ئۆزۈڭ قانداقراق؟ بىزنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قالدىڭغۇ؟

سانىيە ئەركىلەپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئانا، سىلەرنى ئۇنتۇسام تۈزكور بولمامدىمەن! يېقىندىن بۇيان بىر ئاز ئالدىراش بولدۇق، سايىم دادام بىلەن گۈلسۈم ئانام بىزنى ئايرىپ قويغاندىن كېيىن بىر ئۆينىڭ ئىشى جامال بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۈستىگە چۈشتى، بىرياقتىن ئۆي سەرەمجان قىلىش، بىر ياقتىن ھۆددىگە ئالغان يەرلەرنى تېرىش - يىغىش بىلەن كۈننىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيلا قاپتۇق.

سانىيەنىڭ ئويناپ تۇرغان سەبىي كۆزلىرىدىن، ئاۋازىدىكى خۇشال تىنىقلاردىن، چىرايىدىكى تەبىئىي تەبەسسۇمدىن ئۆز تۇرمۇشىغا، ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلىرىگە نىسبەتەن بىر خىل كۆڭۈللۈك، شېرىنلىك تۇيغۇسى چىقىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، سايىماخۇن بىلەن گۈلسۈمخان ئىككى ياشنىڭ خۇددى قوشماق مېغىزدەك ئېجىل - ئىناق ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىدىن ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە كۆز يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ئۆز رايىغا قويۇش ھەم مۇستەقىل ھايات يولىدا تاۋلاش ئۈچۈن چوڭ ئۆينىڭ يېنىدىكى تاشلاندۇق جايغا ھايت - ھۇيت دېگۈچە چاققانغىنە ئىككى ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ ئۇلارنى كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، سانىيە بىلەن جامالنىڭ تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ بەختىيار، شۇنداقلا تېخىمۇ خۇشخۇي كۈنلىرى باشلانغانىدى.

سانىيە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى قايتىشقا تەييارلانغاندا، قاسىماخۇن ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ يولىنى توستى.

— نەگە بارماقچىدىڭ؟! — دېدى ئۇ گەپنى ئوچۇقلا ئېيتىپ، — ئەمدى ھېچ يەرگە بارمايسەن! سايىم قاپاققا كېلىن بولىمەن، دەپ خام خىيال قىلما! بىز ئۆز ۋاقتىدا قايچا قۇدا بولىمىز، دەپ ۋەدىلەشكەن، شۇڭا مەن سېنى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ياتلىق قىلغان، ئۇمۇ قىزىنى بىزگە بەرگەن، ھالا بۇ كۈنگە

كەلگەندە ، گۇلقىز دېگەن ھېلىقى مېكىجىن قېچىپ كەتتى ، ئاتا-
ئانىسىمۇ بىزنى ئانىي تېپىپ ئۇلتۇرغۇزۇۋالدى ، بىلىپ قوي ،
ئەمدى سەنمۇ ئۇ تەرەپكە قەدەم باسمايسەن !

بۇ سۆزلەر سانىيەگە تۇيۇقسىز تەگكەن شاپىلاقتەك ، ھەم
قاتتىق ، ھەم ئەلەملىك تۇيۇلدى ، ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ دادىسى-
نىڭ گەپلىرىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى ، ئۇ ياش يۇقى كۆزلە-
رىنى دادىسىغا تىكىپ :

— دادا ، مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويسىلا ، — دېدى .

— سەن ... سەن تېخى ! — قاسىماخۇن گەپ تاپالماي
كېكەچلىنىپ ئۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى ، ئىچكىرى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ
چىققان ناۋاتخان ئارىغا چۈشۈپ قىزىنى دالدىغا ئېلىۋالدى .

سانىيە دادىسىنىڭ جۇدۇنلۇق چىرايىغا قاراپ بىرئاز ئەندىكـ-
تى . غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن قاسىماخۇن ناۋاتخانغا قاراپ :

— سەن ماۋۇ يۈزسىزگە زۇۋانىڭنى ئۇقتۇر ، بوسۇغىدىن
ئاتلىغۇچى بولمىسۇن ! — دېگىنىچە چالۋاقاپ چىقىپ كەتتى .

## 3

ھەپتە ئۆتتى ، سانىيە يەتتە پەخىشلىق ئەنجان تام بىلەن
قورۇق قىلىنغان قەدىناس باغ ھويلىدا ئۆتكۈزگەن شۇ كۈنلەرنى
تولىمۇ ئۇزۇن ھەم زېرىكىشلىك ھېس قىلدى . تېخى بىر ھەپتە
ئىلگىرىلا ، بۇنداق ھەپتە - ھەپتىلەپ كۈنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن
كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقاندەكلا تېز ھەم كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى . ئەمدى
بولسا ، ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ قەدىم جايىمۇ ، باغدىكى قۇش-
لارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىمۇ ، ياش نوتىلاردىكى مەي باغلاپ
پىشقان مېۋىلەرمۇ شۇنداق تەمسىز ، سوغۇق ، زېرىكىشلىك بىلىـ-
نىۋاتىدۇ ! ... دادىسى ئۇنىڭغا يات ئادەمدەكلا كۆرۈنۈشكە باشلىـ-
دى ، ئانىسىنىڭ پىغانلىق بەزلەشلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى

پەسلىتەلمىدى ، ئۇ ئەمدى كەچكىچە كىسەل چاققان ئادەمدەك ھالسىز ياتاتتى .

سانىيە بۇنچىلىكمۇ بولۇپ كەتمەس ئىدى ، بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن يۈز بەرگەن بىر ئىش ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى شۇنداق چىڭ تارتتىكى ، نەپسىنى بوغۇپ ، چىدىغۇسىز ئازابقا سېلىپ قويدى .

بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇنقى بىر ئاخشىمى ، ساقال ـ بۇرۇت-لىرىنى پاكىز قىردۇرۇپ ، تويلۇق كىيىمىنى كىيىپ قاۋۇل ھەم كېلىشىملىك بىر يىگىتكە ئايلانغان جامال پۈتنىڭ ئۇچىدا دەس-سەپ ، ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ، چوڭقۇر ئىززەت ـ ئېكرام بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە ، قاسىماخۇن سالامنى ئىلىك ئې-لىش بۇياقتا تۇرسۇن ، بەلكى «چىرتتىدە» بىرنى تۈكۈرۈپ ، يۈزنى چەتكە بۇرىۋالدى . شۇنداقتىمۇ جامال چىرايىنى ئۆزگەرت-مەي ، تەكلىپ قىلمىسىمۇ ئۆزى بېرىپ سۇپىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇردى ۋە ئاللىقانداق بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك ، ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا تەشنالىق بىلەن قارىدى . بىر چاغدا قاسىماخۇن سوغۇقلا ئېغىز ئاچتى :

— خوش ، نېمە گەپ ؟ !

جامال دەسلەپ ھودۇقۇپ ، كېيىن :

— ھەر بىرلىرىگە سالام بەرگەچ ، سانىيەنى ••• ، — دېيىشىگە قاسىماخۇن خۇددى ئاقۋالداقتەك ئېتىلىپ كەتتى :

— سايىماخۇن بىزنى ھېچنېمە بىلمەيدۇ دېمىسۇن ! ھېچنې-مە بىلمىسەكمۇ ، ئېلىپنى چوماق ، بەنى پوقاق دېيىشنى بىلە-مىز ، قۇدا ـ باجىلىقىمىز مۇشۇ يەرگىچە ئوخشايدۇ ، بىز سايىما-خۇن بىلەن قايچا قۇدا بولۇپ ، توي ـ تۆكۈن قىلىپ ، ئاخىر بۇنداق ئەلەمگە قالارمىز ، دەپ ئويلىمىغان ، ئەمدى سايىماخۇنمۇ بىزدىن راپاۋەت كۈتمىسۇن !

جامال بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى ،

قاسىماخۇن «گېپىم تۈگىدى» دېگەندەك قىلىپ، ئورنىدىن تۇر-
دى. لېكىن، يا ئىچكىرىگە، يا تاشقىرىغا ماڭماي، جامالغا ئارقى-
سىنى قىلغىنىچە تۇرىۋەردى. بۇ ئۇنىڭ ئۇنسىز بۇيرۇق بىلەن
جامالنى قوغلىغىنى ئىدى. يىگىتنىڭ تۇيغۇن يۈرىكى بۇنى سەز-
دى بولغاي، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئىز-
زەت- ئېكرام بىلەن خۇش ئېيتقىنىچە چىقىپ كەتتى. سانىيە
بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىچكىرى ئۆيدە تۇرۇپ، ئىشىكنىڭ
يوچۇقىدىن كۆرگەنىدى. جامالنىڭ شۇنچە خورلۇقلارغا چىداپ،
يەنە كۆيۈئوغۇللۇق بۇرچىنى ئادا قىلغانلىقى ئۇنى قاتتىق تەسىر-
لەندۈردى. دادىسىنىڭ تاش يۈرەكلىكى بولسا، ئۇنى قاتتىق ئازاب-
لىدى. شۇ كۈنى بۇ قارىمۇ قارشى ھېسسىياتلار ئۇنىڭ كىچىككى-
نە يۈرىكىگە سىغماي، ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈزگىلى تاس - ماس
قالغانىدى.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ دادىسى ئۇنىڭغا بەكمۇ رەھىمسىز،
قارا كۆڭۈل تۇيۇلدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئاكىسى شاۋازمۇ
ئۇنىڭغا ئولتۇرسا - قوپسا يېنىچە - قىرىچە تېگىپ ئارام بەرمەي-
دىغان بولدى. سانىيە ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپ ئۆز - ئۆزىگە
سوئال قوياتتى. بۇ ئىشلار زادى نېمە ئۈچۈن؟ مەن نېمە گۇناھ
قىلدىم؟!

بۇ سوئاللارنى يېشىشكە ئۇنىڭ قۇربى يەتمەيتتى، پەقەت
بىرلا نەرسىگە — ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىغا ئىشىنەتتى.

راست ئەمەسمۇ، ئۇنىڭدا زادى نېمە گۇناھ؟! ئۇ ھېچقاچان
ئەرگە تېگىمەن دەپ ئاتا - ئانىسىغا كىشى قويغىنى يوق، جامال
بىلەن مۇھەببەت باغلاپ، خىلۋەت جايلاردا سىر دىشىپ باققىنىمۇ
يوق، ھەممىنى ئۇلار ئۆزى قىلدى، تۇرمۇش ۋەسۋەسىلىرى چۇ-
شىگىمۇ كىرىپ چىقمىغان بىر نارەسىدە قىزنى تەڭتۇشلىرى
بىلەن كوچىلاردا جىجىق ئويناپ، باغلاردا كېپىنەك قوغلاپ يۈر-
گەن يېرىدىن تۇتۇپ كېلىپ، خۇپىيانە ھالدا بىر كېچىدىلا

جامالغا چېتىپ قويدى . كىم بىلسۇن ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى كىشىلەرنىڭ زوقى كەلگۈدەك ، مېھرىبان ئەر- خوتۇنلۇق تۇرمۇشقا ئايلاندى . كونىلارنىڭ بەزى گېپى راست ئوخشايدۇ ، جامال بىلەن ئىككىسىگە ندىكاھ نىدىڭ ئىسسىقچىلىقى ئۆتۈپ ئاستا - ئاستا رىشتە باغلىنىپ قالدى .

جامال ئوتتۇرا بويلۇق ، چىراي - شەكلى ئادەتتىكىچە ، لېكىن مىجەز - خۇلقى خام قايماقتەك يۇقۇشلۇق ، كۆڭلى يۇمشاق ، ئىشچان يىگىت ئىدى . بۇنىڭغا سانىيەنىڭ ئوماقلىقى بىلەن ئۇچۇق كۆڭۈللۈكى قوشۇلۇپ ، ئۇلارنى ھەر جەھەتتىن توشقان ئېۋەنسىز بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى . شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسى تۇرمۇشتا بەزىدە ئاۋۋال مۇھەببەت باغلاپ كېيىن توي قىلىدىغان ، بەزىدە ئاۋۋال توي قىلىپ كېيىن مۇھەببەت باغلايدىغان ئىشلارنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ھەقىقىي ھېس قىلىشتى . سانىيەنىڭ جامالدىن ياتسىرىماي ، ئۇنىڭ بىلەن تېزلا ئەپلىشىپ كېتىشىدە يەنە مۇنداق بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى :

بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن بىر كەچقۇرۇنلۇقى سانىيەنىڭ ئانىسى ئۇنى ئېگىزلىقتا باغلاپ قويغان موزايلىق ئىنەكنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى . سانىيە قورساقلىرى تومپىيىپ كەتكەن ئىنەك بىلەن موزاينى باغلاقتىن يېشىپ ئەمدىلا يېتىلەپ مېڭىشىغا موزاي ئېگىزلىقتىن ئۇچ يۇز مېتىر يىراقلىقتىكى دەريا تەرەپكە قاراپ قاچتى ، بۇنى كۆرگەن ئىنەكمۇ سانىيەنى سۆرىگىنىچە موزاينىڭ ئارقىسىدىن سۆرەپ ماڭدى . سانىيە كەلگۈچە موزاي سۇ ئىچمەن دەپ دەرياغا خېلى ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنىدى ، كەچكە يېقىن ئۇلغىيىپ قالغان سۇ موزاينى تۆۋەنگە قاراپ سۆرەشكە باشلىدى . بۇ چاغدا سانىيەنىڭ قولىدىكى ئىنەكمۇ دەرياغا قاراپ ئېتىلغىلى تۇردى . سانىيە قاتتىق قورققىنىدىن يىغا ئارىلاش ۋارقىرىدى . دەل شۇ چاغدا دەريا ياقىلاپ ئېشەكلىك كېلىۋاتقان جامال بىر قىزنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئېشەكنى

چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە ، موزاي بىلەن ئىنەكنى دەريادىن قۇتقۇ-
زۇپ چىقتى . بۇ چاغدا قاش قارايغان بولۇپ ، سانىيەنىڭ موزاي-
لىق ئىنەكنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىشى تەس ئىدى . شۇڭا جامال
سانىيەنى ئېشەكنىڭ ئارقىسىغا مىنگۈزۈپ ، ئىنەك بىلەن موزاي-
نى يېتىلەپ ، ئۇنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويدى . شۇ ئىشتىن كې-
يىن سانىيە بەزى ـ بەزىدە جامالنى ئۇچرىتىپ قالسا ، خۇددى
ئاكىسىنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئىللىق تەبەسسۇم
بىلەن باللارچە ھۆرمەت بىلدۈرەتتى . لېكىن ئۇ ، ئىككى يىلدىن
كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە شۇ جامالنىڭ ۋاپادار مەھبۇبىسى بولۇپ
قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى .
سانىيە ئەنە شۇ خاتىرىلەرنى ئەسلەپ ، شېرىن تۇيغۇ دولقۇنى-
دا تەۋرىنىپ خىياللار سۈرەتتى . جامالنىڭ ئۆزىنى ئەركىلىتىپ
ئېيتىدىغان تاتلىق سۆزلىرى بىلەن سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلىسى
ئۇنىڭ خىيالىدا كېچە ـ كۈندۈز تەكرارلىناتتى ، خىيال ، سېغى-
نىش ، پىغان تەرەپ ـ تەرەپتىن قاپساپ كېلىپ ، ئۇنى روھىي
ھەم جىسمانىي جەھەتتىن بارغانسېرى زەئىپلەشتۈرۈشكە باشلى-
دى .
ناۋاتخان قىزنىنىڭ ئالدىدا چاندۈرمىغان بىلەن خالىي يەرلەر-
نى تاپقاندا ، كۆز يېشىنى تۆكۈپ سانىيەنىڭ ھەسرىتىنى چېكەت-
تى . بولۇپمۇ ، يېقىندا بولغان ئىككى ئىش ئۇنىڭ سانىيە بىلەن
جامالغا بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغىدى ، ئۇلۇشكۈن ئۆگزىدە
قاق يېيىۋاتقاندا ، جامالنىڭ شۇ ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ ، نېمى-
گىدۇر ئىنتىزار بولۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى ، بۇ ئىش تۈنۈگۈن
كەچتە يەنە تەكرارلاندى . قاسىماخۇن خۇپتەنگە چىقىپ كەتكەندە ،
جامال دەل سانىيە ياتقان ئۆينىڭ يول تەرەپتىكى تېمىغا يېقىن
كېلىپ مۇڭلۇق ناخشا ئېيتتى :

كەندىر تۇۋىدە كەكلىك ،
مەن يارىم بىلەن ئەپلىك .

ئۇزۇن ، قارا ساچى بار ،
تولغاپ سۆيگىلى ئەپلىك .

شۇ كېچىسى سانىيە تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى ، ناۋاتخان-مۇ تولغىنىپ ياتالمىدى . ئاخىر ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر خىيال كەلدى ، ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا خالىي ئولتۇرۇپ ، شۇ خىيالىنى قاسىماخۇنغا ئېيتتى :

— دادىسى ، سانىيەنى دەرد ئۇرۇپ كەتتى ، كېسەل ئازابىدىن رەڭگى ساماندەك بولۇپ كېتىپتۇ ، ئۇنىڭغا بىر رەدنامە ئوقۇتۇپ قويايلى ، كونىلاردا ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇ دەيدىغان بىر گەپ بار ، گۈلقىزخانغىمۇ بىر ئوقۇتۇپ ، تۇمار پۈتكۈزۈپ باقساق ، خۇدايىم شاۋازنى كۆڭلىگە سېلىپ قويسا ئەجەب ئەمەس ، سىلىدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولاي ، مۇشۇ تەلىپىمنى يەردە قويمىسىلا .

قاسىماخۇن بىر پەس جىمىدە ئولتۇرۇپ قالدى ، خوتۇنىنىڭ خۇدانى ، ئۇ دۇنيانى شىپى كەلتۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغانىدى . قاسىماخۇن بىر هازادىن كېيىن سورىدى :

— كىمگە ئوقۇتماقچى ؟

— ياسىن موللامنى ئۇدۇمى كۈچلۈك دەيدۇ ، شۇنى ئەكەلدۇرسەك دەيمەن .

— ئۆزۈڭ بىل .

بۇ سۆزنىڭ ئەزەلدىن ماقۇللۇق سۆزى ئىكەنلىكىنى ناۋاتخان چۈشىنەتتى ، شۇڭا ئۇ ئالەمچە خۇشاللىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقا كىرىشىشكە جابدۇندى . ئۇ كۆڭلىدە گۈلقىزغا ئىسسىتقۇ قىلىپ ، شاۋاز بىلەن ئەپلەشتۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق ، سانىيە بىلەن جامالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق هاڭنى يوقىتىپ ، ئۇلارنى مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزۈشنى ئويلايتتى ، ئۇ شۇ

كۈنىلا رەۋىخان جالداقىنىڭ ئالدىغا ئوبدان داستىخان سېلىپ مەق-
سىتىنى ئېيتتى. رەۋىخان جالداقمۇ بۇ ئىشنى خوپ كۆرۈپ،
ئەتىسىلا بەش چاقىرىم يەردىن ياسىن موللامنى چاقىرىپ كەلدى.
ياسىن موللام دەسلەپ سانىيەنى كۆرۈپ:

— بۇ قىزنىڭ يۈرىكىدە ئوت، جىگىرىدە دەرد بار ئىكەن،
ئىككىسى قوشۇلسا، جانغا قازا، هاياتقا بالا بولىدۇ، هېلىمۇ
ۋاقتىدا كەپتىمەن، رەدنامە ئوقۇمىساق بولمايدۇ، — دەپ بىر
كىچە جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يەتتە كۆۋرۈك بىلەن يەتتە
مەسچىتنىڭ ياغىچى سېلىنغان بىر تەڭنە سۇغا ئوقۇدى ۋە قىزدۇ-
رۇلغان يەتتە ئەسۋابنى سېلىپ، شۇ سۇ بىلەن سانىيەنى يۇغۇز-
دى، ئارقىدىن قاتلىما نانغا دەمىدە قىلىپ ئۇنىمۇ يېگۈزدى.

ياسىن موللام ئەتىسى گۈلقىزنىڭ كۆڭلىنى ئىسسىتىش ئۈ-
چۈن تۇمار پۈتتى، كېيىن ناۋاتخانىغا يېڭى تۇخۇم ئەكەلدۈرۈپ:

— بۇ تۇخۇمغا ئوقۇپ ئاندىن ئۇنى گۈلقىزخان دائىم ئاتلاي-
دىغان بوسۇغىنىڭ ئاستىغا كۆمىمىز، — دېدى ئالاھىدە چۈشەن-
دۈرۈپ، — گۈلقىزنىڭ بوسۇغىدىن ھەربىر ئاتلىغاندا، ئۇنىڭ
نىكاھى بەند بولغان جىسمى قىزىپ، يۈرىكىگە شاۋازجانىنىڭ مې-
ھىر ئوتى تۇتىشىدۇ، بۇ چاغدا تۇخۇمغىمۇ ئاستا - ئاستا ئىسسىق
ئۆتۈپ، چۈجە چىقىرىدۇ.

ياسىن موللا تۇخۇمغا بىر كىچە - كۈندۈز ئوقۇدى، ئۇ
ئوقۇپ شۇ ھالغا يەتتىكى، ئاغزىدىن خۇددى بۇغرا تۆگىنىڭ
جاۋغىيىدىن ئاققان مازغاپتەك كۆپۈك ئېقىشقا باشلىدى. ياسىن
موللىنىڭ بۇنداق ئەقىدىسى بىلەن ئەجرى ناۋاتخاننى بەكمۇ رازى
قىلدى، ئۇ ئەمدى ئۆز خىيالىدىكى ئىشلارنىڭ ناھايىتى تېزلا
رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

ياسىن موللا بۇ ئۆيدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، تۆتىنچى كۈنى بىر
خۇرجۇن زەللە بىلەن بىر سىقىم پۇلنى ئېلىپ، ياخشى بېقىلغان
ئېشىكىنى ھاڭرانقىنىچە كېتىپ قالدى. تۇخۇمنى شۇ كۈنى

كەچتىلا رەۋنخان جالداق سايىماخۇننىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىنىڭ بوسۇغىسىغا كۆمدى، تۇمارنى بولسا، ئىشىك بېشىدىكى ئادەم كۆرمەيدىغان بىر كاۋاكقا ئېسىپ قويدى. بۇ كۈنلەردە ناۋاتخان خۇشاللىقتىن تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، ئۇيقۇنى غەمسىز ئۇخلىدى. ئۇنىڭ چۈشلىرىمۇ ئىشى ئوڭغا تارتقان كۆڭۈللۈك چۈش بولدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ياسىن موللا ئوقۇغان رەدنامىنىڭ كارامەت كۆرسىتىدىغان ۋاقىتلىرى كەلگەندى. ناۋاتخان سانىيەنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ رەدنامىنىڭ ھېچقانداق كارامەت كۆرسىتەلمىگەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. سانىيە يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى، تېخى يېنىنى يەر تارتىپ كېتىۋاتقاندەك، تېخىمۇ زەئىپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ناۋاتخان ئەمدىكى ئۈمىدىنى تۇمار بىلەن تۇخۇمغا باغلىدى. بەلكىم ياسىن موللامنىڭ ئىسسىتقۇسى كۈچلۈكتۇر، ئۇ شۇ ئۈمىد بىلەن رەۋنخان جالداقنى سايىماخۇننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى، لېكىن رەۋنخان ئاغزىدىن قار-يامغۇر ياغدۇرۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇ گۈلقىز بىلەنمۇ سۆزلەشكەنمىش، گۈلقىز شاۋازنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن خۇددى ھەرە چاققاندەك چىرقىراپ، كۆرەرگە كۆزى يوقلۇقىنى ئېيتقانمىش ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ناۋاتخان خۇددى بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك، ئولتۇرغان يېرىدە مىخلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ رەۋنخان جالداق ھېلىقى بوسۇغا ئاستىغا كۆمۈلگەن تۇخۇمنىڭ سېسىپ كەتكەنلىكى بىلەن تۇمارغا ئۆمۈچۈكنىڭ تور باغلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ناۋاتخان ئارقىسىغا «تىرىكىڭدە» ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، سانىيە بوغچا - بوغۇملىرىنىمۇ تاشلاپ جامالنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى.

## 4

تومۇز ئىسسىقى ئەتىگەندىلا قىزدۇرۇشقا باشلىدى، ئۆيدە دىمىقىپ كەتكەن گۈلقىز ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، بوزامتۇل سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق لېۋىدىكى كاداڭ سېدىگە يۆلەندى، نەمخۇش دەرەخ ئۇنىڭ تېنىنى سەگىتتى. گۈلقىز مەڭزىگە چېچىلغان ماڭلاي چاچلىرىنى ئىترەپ تۇرغان چىمەلتىكى بىلەن ئۇستىگە قايرىپ، ئۇڭ قول تەرەپتە قارىيىپ كۆرۈنگەن ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە قارىدى، ئۆيدە ھېچقانداق شەپە يوق، جىمجىت ئىدى. ئۇ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى سانىيەنىڭمۇ ئەتىگەندىلا ئىشقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. گۈلقىز بۇ ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەسلىنەتتى، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئىززەت - ھۆرمىتى، ئەر - خوتۇنلۇق سۆيگۈ - مۇھەببىتى، ئاتا - بالىلىق شەرم - ھاياسى يالغۇز گۈلقىزنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى سۆيۈندۈرەتتى.

سانىيە ھېلىقى قېچىپ كەلگەنچە كۆكقىر تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى، بۇ ئارىدا رەۋخان جالداق ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە كەلدى، بىرىنچى قېتىم ناۋاتخاننىڭ سالىمى بىلەن كېلىپ كېتىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئېلىپ كەلدى، سانىيە كىچىككىنە كۆز يېشى بىلەن ئانىسىغا بولغان سېغىنىشىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەلىپىنى دەماللىققا ماقۇل كۆرمىدى، ئىككىنچى قېتىم قاسىماخۇننىڭ قوپال ھەم تەھدىتلىك گېپىنى ئېلىپ كەلدى، سانىيە بۇنىڭغىمۇ پىسەنت قىلماي، بويىنىنى تولغاپ يۈرۈۋەردى. سايىماخۇن بىلەن گۈلسۈمخان بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىشنى خوپ كۆرمىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، سانىيە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش يولىنى ئۆزى تاللاپ مېڭىۋاتقان، ھېچكىمنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولمىغان ئەركىن ھايات ئىگىسى ئىدى. ئىككى ياش تۇرمۇشنىڭ شېرىن - شەربىتى بىلەن ئاچچىق -

چۈچۈكىنى تەڭ ئورتاق تېتىۋاتاتتى ، ئەمدى گۈلقىزچۇ؟

ئۇنىڭ ئەھۋالى ئاتا ـ ئانىسى توگول ، سانىيەنىمۇ چۆچۈتەتتى . ئۇنىڭ زەخمە يېگەن سەبىي قەلبى تېخىچە ئەسلىگە كېلەلمىگەن ، قاتتىق قورقۇش بىلەن كۆتۈلمىگەن زەربىدىن چۆچۈپ كەتكەن ئەسەبلىرى بولسا تېخىچە جايىغا چۈشمىگەنىدى .

گۈلقىز كاداڭ سېدىنىڭ سوغۇق ، نەمخۇش غولىغا تېخىمۇ يېپىشقىنىچە راھەتلىنىپ ، يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئېگىزلىقلار بىلەن ھال رەڭ گۈلى ئېچىلىشقا باشلىغان كېۋەزلىكلەرگە قارىدى . ئېگىزلىقتا مال قويۇۋەتكەن بىرى ناخشا ئېيتىۋاتاتتى :

ئاندا پىلپىل ، بۇندا پىلپىل ،
چاي بولامدۇ زەنجىۋىل ،
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا ،
چايلىرى تەرەنجىۋىل .

مالچىنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ئىدى ، ئۇنىڭ لەرزان ناخشىسىغا جور بولغاندەك ، ئېگىزلىقتا لىك ـ لىك ئۇچۇشۇپ يۈرگەن تورغايلار سايرىشاتتى ، يەردە تومۇزغىلار چىرىلدايتتى . سېخىي قۇياشنىڭ ھارارەتلىك نۇرىدا ئاجىز يىڭناغۇچلارمۇ ئەينەكتەك سۈزۈك قاناتلىرىنى پارقىرىتىپ ، ئۇ مەنزىلدىن بۇ مەنزىلگە پىلىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى ، يىڭناغۇچلارنىڭ بىرنەچچىسى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ ، بىردەم ئوڭغا ، بىردەم سولغا شۇڭغۇپ ، بەزىلىرى ھەتتا مۇئەللەقتە تىمتاس تۇرۇپ ، گويا ئۇنىڭغا ئويۇن كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلاتتى . گۈلقىز يىڭناغۇچلارنىڭ تاماشىسىغا قاراپ تۇرۇپ ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەپ كەتتى ...

گۈلقىز بەشىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان مەزگىل ئىدى ، بىر كۈنى تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەللىمى سىنىپقا كىرىپ ئەمدى دەرس

باشلىنىشىغا قاچاندىدۇر كىرىۋالغان ئىككى ـ ئۈچ يىڭناغۇچ سىـ
نىپ ئىچىدە ئۇچۇشقا باشلىدى . بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ
دىققىتى بۆلۈندى ، مۇئەللىم بالىلارنى جىملەپ ، ئۆزى يىڭناغۇچ-
نى تۇتۇشقا ئۇرۇندى ، لېكىن بىرىنچى بولۇپ دېرىزىنىڭ يېنىدا
ئولتۇرغان گۇلقىز دېرىزە ئەينىكى ئۈستىدە پىلدىرلاپ يۈرگەن
بىر يىڭناغۇچنى نازۇك قاناتلىرىدىن تۇتۇۋېلىپ مۇئەللىمگە بەر-
دى . مۇئەللىم يىڭناغۇچقا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرۇپ : «ساۋاق-
داشلار ، بۇ جانىۋار ناھايىتى ئاجىز ھەم نازۇك كۆرۈنگىنى بىلەن
ئۇنى كۆرەشچى ئايروپىلان دېيىشكە بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئۇچۇش
سۈرئىتى ئۆز بەدىنىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، كىشىنى ھەقىقەتەن
ھەيران قالدۇرىدۇ . ئۇ ئالدىچە ، ئارقىچە ، يانچە ئۇچالايدۇ ،
ئەگىلىپ ئۆرۈلەلەيدۇ . ھەتتا ، بوشلۇقتا ھېچنېمىگە ئىلىنىشمايمۇ مۇ-
ئەللەق تۇرالايدۇ ، بۇنىڭدىكى سىر زادى نەدە؟ ...»دەپ ئوقۇغۇ-
چىلارغا بىرمۇنچە يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بەرگەنىدى . شۇ قېتىمقى
دەرس گۇلقىز ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى دەرس بولۇپ قالدى ، ئاتا-
ئانىسى ھۆددە ئالغان يەر بىلەن چارۋىلارنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقى-
نى باھانە قىلىپ ئۇنى مەكتەپتىن توستى ، مۇئەللىملەر ئىزدەپ
كەلگەندە ، قوشنا گۇڭشېدىكى ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قو-
يۇپ ، ۋاقىتنى سوزۇش ئارقىلىق ئاخىر مۇئەللىملەرنى زېرىك-
تۇردى . ئىككىنچى يىلى يازدا ئۇ ساۋاقداش ـ دوستلىرىدىن
يوتۇنلەي ئايرىلىپ ، تۇرمۇشنىڭ باشقا بىر قايىنىمىغا چۈشۈپ
كەتتى . بۇ قايىنام ئۇنى بوگۇنكىدەك ئۇنسىز يىغان بىلەن ئېغىر
جىسمانىي دەزگە مۇپتىلا قىلىپ ، ئاخىرىدا پاتقاقلىق قىرغاققا
ئىتتىرىپ چىقىرىپ قويدى .
گۇلقىز يىڭناغۇچلارنىڭ تاماشىسىدىن ئاستا كۆز ئۈزۈپ ،
يىراق ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتكەندەك تۇيۇلىدىغان گۈزەل ، كۆ-
ڭۈللۈك ئەسلىمىلەردىن ئۆزىنى تەسلىكتە يىغىۋالدى . ئۇ بەكمۇ
ھارغىنلىق ھېس قىلدى ، بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن

خىلمۇ خىل خىياللار ئۇنىڭ نىرۋىسىنى قوزغاپ، ۋۇجۇدىدا چۇ-
شىنىكسىز غەلىتە تۇيغۇلارنى پەيدا قىلغانىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ
كەتمەكچى بولۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇۋىدى، ئىتىز ئارىلاپ كەل-
گەن بىرى توۋلىدى:

— گۈلقىز، توختىغىنە.

گۈلقىز توختىدى ۋە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئۆزىنىڭ
بۇرۇنقى ساۋاقدىشى — هازىر ناهىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇ-
ۋاتقان سارەم ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئۇلار كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن
بولغاچقا، بىر - بىرىگە يۈزىنى يېقىشىپ سالاملاشتى.

— ئۆزۈڭنى نېمانچە تاشلىۋەتتىڭ گۈلقىز؟

گۈلقىزنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايى تېخىمۇ ئۆڭۈپ، كۆز قارىچۇ-
قى سۇس چاقناپ كەتتى.

— مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، — دېدى سارەم ھېسداشلىق
بىلەن، — ھەممە ئىش مەكتەپتىن قالغانلىقىڭدىن بولغان.

گۈلقىزنىڭ كۆز چانىقى لىققىدە ياشقا تولدى، سارەم تېخىمۇ
بىئارام بولدى، ئۇ دوستىنىڭ يارىسىغا تۇز سەپمەسلىك ئۈچۈن
گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— بولدى، ئەمدى كۆڭلۈڭنى بۇزما، ساڭا دەيدىغان بىر
گەپ بار: ئاكامنىڭ ئېيتىشىچە، شاۋازلار كېچىسى باستۇرۇپ
كېلىپ سانىيەنى ئېلىپ كېتىمىز دەپ يۈرۈپتۇ، سانىيەگە ئېي-
تىپ قوي، سەگەك بولسۇن.

سارەم شۇ گەپلەرنى ئېيتتى - دە، خوشلىشىپ كەتتى.
گۈلقىز دەسلەپ بۇ گەپلەرگە ئانچە ئېرەنشىمىدى، كېيىن ئۆيگە
كىرىپ سەل - پەل ھوشىنى يىغقاندىن كېيىن بۇ گەپنى ئەسلەپ
چۆچۈپ كەتتى ۋە كەچتە ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى ئىشتىن كېلىش
بىلەنلا ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويدى.

سارەمنىڭ خەۋىرى ئاخىر راست بولۇپ چىقتى، جامال بى-
لەن سانىيە دەككە - دۈككە ئىچىدە كۆتكەن ئىش ئۈچ كۈندىن

كېيىن يۈز بەردى .

كېچە جىمجىت ئىدى . ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن تولۇنئاي كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى ، يۇلتۇزلار سۇرلۇك ئاسمان بوشلۇقىدا جىممىدە چاقنايتتى . كۆكقىر يېزىسى تەرەپتىن كەلگەن ئۈچ - تۆت ئادەم دوكۇرلىشىپ جامالنىڭ ئىشىكى ئالدىغا توپلاشتى . قاسىماخۇن قولىغا قۇش باشلىق چىلان كالتىكى ئېلىۋالغانىدى . ئۇ ئىشىكنى قېقىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— سانىيە ، ئەگەر سەن مېنىڭ پۇشتۇمدىن تامغان بالا بولساڭ ، ئىشىكنى ئېچىپ ئالدىمغا چۇشۇپ ماڭ .

ئۆيدىن تىۋىش چىقمىدى ، قاسىماخۇننىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ ، شاۋازغا ئىشىكنى بۇزۇپ ئېچىشنى بۇيرۇدى ، شاۋاز يوغان ھەم ئېغىر بەستى بىلەن ئىشىكنى ئىككى قېتىم مۇرىدەپ ئىتتىرىۋە-دى ، ئىشىكنىڭ ئىلغۇچى ئاجراپ جالاققىدە يەرگە چۈشتى . قاسىماخۇن ئۆيگە بۆسۈپ كىردى ، لېكىن ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى .

— يەر يۇتۇپ كەتمىگەندۇ بۇ توزكورلارنى ! — دېدى قاسى-ماخۇن زەردە بىلەن ۋە ھەمراھلىرىغا ئىشارەت قىلدى ، — يۈرۈڭلار ، سايىم قاپاقنىڭ ئۆيىگە بارايلى ، شۇ يەرگە مۆكۈۋالغان-دۇ تايىنلىق !

لېكىن باشقىلار ئۇ يەرگە بېرىشقا ئۇنىمىدى ، بىر ھەمراھى ئۇنىڭغا چۈشەنچە بەردى :

— قاسىم ئاكا ، يېرىم كېچىدە بۇنداق قارامىلىق قىلمايلى ، ئەگەر سانىيە ئۇ ئۆيدە بولماي قالسا ، سايىم ئاكامۇ بىزنى بوش قويماس .

قاسىماخۇن پەيلىدىن سەل يانغان بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا ئاز - تولا قورساق كۆپۈكىنى بوشىتىش ئۈچۈن ، سايىماخۇننىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئالىتاغىل ۋارقىراشقا باشلىدى :

— ئىتنىڭ بېشىنى تەخسىگە ئالسا تەخسىدە تۇرمىغاندەك ،

بىزنىڭ ياخشىلىقىمىز سىلەرگە ياراشمىدى ، بىزنى يەنە ئانىي تاپىمەن دەپ خام خىيال قىلماي ، قىزىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىڭ-لار ، بولمىسا قېرى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم !

قاسىماخۇننىڭ قوپال ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن سايىما-خۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن يۇزلەشمەكچى بولۇۋىدى ، گۇلسۇمخان تەسەللى بېرىپ توسۇپ قويدى :

— ئاچچىق يۇتقان تاغ يۇتقان دەپتىكەن ، سىلى چىقمىسىلا ، قۇدىمىزنىڭ پىغانى ئۆرلەپ قالغان ئوخشايدۇ ، ئاستا - ئاستا بېسىلىپ قالار .

نېمىلا قىلمىغان بىلەن سايىماخۇن كەڭ قورساق ، ئەپۇچان ئادەم ئىدى ، خوتۇنىنىڭ سۆزى ئۇنى ئاچچىقنى يۇتۇشقا مەجبۇر قىلدى . قاسىماخۇنمۇ بىردەم ۋارقىراپ بېقىپ ، كېيىن پەسكويغا چۈشۈپ كېتىپ قالدى .

دەل شۇ چاغدا ئۆگزىلىرى تۇتاش كەتكەن قوشنىلارنىڭ كىچىككىنە بالىخانىسىدا جامال بىلەن سانىيە يۇمشاق سامان ئۈس-تىدە پاراڭلىشىپ ياتاتتى . ئۇلار بۇ يەرگە دەسلەپكى شەپە چىقىش بىلەنلا مۆكۈنۈۋالغانىدى ، ئۇلار يۇمشاق ھەم ئىسسىق سامان ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ بىر - بىرىگە قاراشتى ، بالىخانىنىڭ چاقماقلىق پەنجىرىسىدىن ئاينىڭ غۇۋا نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى . سانىيە خۇددى شەبنەم چۈشكەن ئاق لەيلىدەك نەملەشكەن سولغۇن يۇزىنى جامالغا يېقىن ئەكېلىپ دېدى :

— سىز مېنى دائىم قوغداڭ ، سىز يېنىمدا بولسىڭىزلا ھېچنېمىدىن قورقمايمەن !

سانىيەنىڭ ئىلتىجاسى ، ئەقىدىسى جامالغا خورىماس غەيرەت بېغىشلىدى . ئۇ تىترەپ تۇرغان ھاياجانلىق لەۋلىرىنى مەھبۇبى-سىنىڭ ئىسسىق لەۋلىرىگە باستى ...

# 5

قاسىماخۇن بامداتتىن قايتىپ كېلىپ، ئىشىك ئالدىدىكى چاپراس تاش ئۇستىگە ئولتۇردى. ئۇ بۇگۇن نەشە رەڭ چىبەرقۇت- تىن كەمزۇل كىيىپ، بېلىنى چۇچىلىق بەلۋاغدا باغلاپ ھېيتتىن- كىدەك ياسىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بۇنداق ئازا- دە بولغان بىلەن، كۆڭلى پەرىشان ھەم غەمكىن ئىدى.

قاسىماخۇن ئۆتكەن كۇنى كەچتە سانىيەنى تاپالماي نائۇمىد قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىرنەچچە كۇنگىچە بەكمۇ تىتىلداپ يۈردى. ئۇ ئەسلىدە، «مەنمۇ قىزىمنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئولتۇر- غۇزۇۋالسام، بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سايىماخۇن ئۆز قىزىنى ئىككى قوللاپ ئالدىمغا ئەكېلىپ بېرىدۇ...» دەپ ئويلى- غانىدى. لېكىن، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى، بولمى- غاندىمۇ، تازا سەت بولدى، قىزى يوشۇرۇنۇۋېلىپ، قاتتىق ئە- لەمدە قويدى، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك! قاسىماخۇننىڭ نەزىرىدە، ئۇ ئىشنى ئەمدى ھەقدادىغا يەتكۇزمەي بولمايتتى. «قانداقلا بولمىسۇن سانىيەنى قايتۇرۇپ كېلىپ، گۇلقىزنى قولغا كەلتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىش كېرەك. ئەجەبا، سانىيە ئۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ، جامالنىڭ قويرۇقىدا يۈرسۇنمۇ، گۇلقىز بۇ ئۆيدىن قېچىپ كېتىپ، شاۋازنى داغدا قويسۇن؟! نەدىمۇ بۇنداق تەڭسىزلىك بار؟ ئىككى ئائىلە قايچا قۇدا بولۇشقا كېلىشىپ، قىزلىرىمىزنى ئالماشتۇرغان ئەمەسمۇ؟! ھەي - ي - ي... سايىم قاپاق، كىشىلەر سېنى ياۋاش دېسە، ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، مۇڭگۇزۇڭ ئىچىڭدە ئىكەن ئەمەسمۇ!؟ سەن ھېلىقى جىتتاق داخان تۇغقىنىڭغا باللارنى ئوقۇتۇپ، سانىيەنى ئىسسىتىۋېلىپ، گۇلقىزنى شاۋازدىن سوۋۇتۇۋەتتىڭ! بولمىسا ئىككىسىنىڭ تويى بىر كۇندە بولدى، نىكاھىنىمۇ بىرلا ئاخۇنۇم ئوقۇدى، ئۇلارنىڭ ياش - قۇرامىمۇ تەڭ! شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمە ئۇچۇن بىرى

قارا سۆگەلدەك يېپىشىۋالىدۇ ، يەنە بىرى قۇيۇنتازدەك قا-
چىدۇ ؟ ! ھەي ! ... بوزەكنى بوزەك ئەتمىسەڭ ئۇ دۇنيادا سورىقى
بار ، دېگەننى سايىم قاپاق ياخشى ئۆگىنىپتىكەن - دە ! » قاسىما-
خۇن ئاشۇلارنى ئويلىدى . ئويلىغانسېرى خورلۇق ھېس قىلدى ،
شۇئان ئىسسىق قانلىرى شۇررىدە مېڭىسىگە ئۆرلەپ پۈتۈن ئەزا-
يى- بەدىنى ئوت ئېلىپ كەتتى . شۇ تۇرقىدا ئۇ ئۆز پىلانىنى
ھازىرلا ئىشقا ئاشۇرۇش قارارىغا كەلدى . لېكىن ، پەم بىلەن
ئويلىغاندا ، يەنىلا كەچتە ھەرىكەت قىلىش مۇۋاپىق ئىدى . كەچتە
ھەرىكەت قىلغاندا ، جامائەتنىڭ كۆز - قۇلىقىدىن يىراق ، سۆز-
چۆچەكلەردىن خالىي بولغىلى بولاتتى . شۇڭا ئۇ ، ئۆزىنى تەس-
لىكتە بېسىپ ، كەچ كىرىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتتى .
كەچ كىردى ، قوغۇشۇندەك ئېغىر تۈن قاراڭغۇسى مەھەللى-
گە يېپىلدى . بىر كۈنلۈك جىددىي ئەمگەكتىن ھارغان يىگىتلەر
كوچا دوقمۇشىدىكى كۆڭۈللۈك سۆھبەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ،
ئۆي - ئۆيلىرىدە شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى . مەھەللە ئارىلاپ يۈرگەن
سەگەك ئىتلارمۇ جىمىقتى . پۈتۈن يېزا ئۆلۈكتەك جىمىققا
چۆككەن بىر پەيتتە ، قاسىماخۇن ئوغلى شاۋاز بىلەن يەنە بىر
تۇغقىنىنىڭ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ، جامالنىڭ ئىشىكى ئالدىدا
پەيدا بولدى . بۇ قېتىم ئۇلار ئىشىك جالاقلىتىپ ، ئالىتاغىل
ۋارقىراپ داۋراڭ سالمىدى ، بەلكى ھويلا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈ-
شۈپ ، ئىشىكنى تۈيدۈرماي ئاچتى ۋە ئايۋاندىلا شېرىن ئۇيقۇغا
كەتكەن سانىيەنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى . (جامال بۈگۈن كەچتە
ئېتىزلىقتىن قايتىپلا بىر خالتا ئۇگۈتنى ئېلىپ «ئەل ياتقۇچە
كېلىمەن » دەپ تۈگمەنگە كەتكەنىدى . )
— ئاۋازىڭنى چىقارما قانجۇق ! — دېدى قاسىماخۇن سانىيە-
نىڭ بېشىدا دېۋەيلەپ ، — بولمىسا ئاغزى - بۇرنۇڭنى ئەيىبناق
قىلىۋېتىمەن !
قاسىماخۇن قولىدىكى قوش بىاشلىق چىلان كالتىكىنى

ئوينىتىپ قويدى .

شاۋاز ئېيىق شاپىلىقىدەك يوغان قوللىرى بىلەن سانىيەنى قامالالپ يەلكىسىگە سالدى ، سانىيە تېپىرلايتتى ، يىغلايتتى :

— دادا ، جېنىم دادا ، بۇ زادى نېمە ئىش ؟ ! مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا نېمە گۇناھ قىلدىم ؟ !

قاسىماخۇن ئۇنى قوپال سىلكىۋەتتى :

— ۋالاقلىما ناكەس ! نېمە گۇناھ قىلغانلىقىڭنى ئۆيگە بارغاندا بىلىسەن !

سانىيە دادىسى بىلەن ئاكىسىدىن كەلگەن بۇنداق زورلۇق ھەم خورلۇق ئالدىدا ئۈنسىز يىغلاۋېرىپ ھالىدىن كېتىپ قالدى .

## 6

بىر ھەپتە تىمتاس ئۆتۈپ كەتتى ، قاسىماخۇن چوڭ تەمەدە گۈلقىزنىڭ يولىغا قاراپ ، ئېڭىكى چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى . لېكىن ، قارىۋاغ تەرەپتىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى . ئەمدى قاسىماخۇننىڭ سەۋر قاچىسى تولۇپ ، پىغانى ئۆرلىدى ، ئۇ سايىدماخۇننىڭ ئۆزىنى «كولدۇرلىتىپ ، بوزەك قىلىۋاتقانلىقى»نى ئويلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ، ئاخىر ئۇ ئوغلى شاۋازنى ئالدىغا چاقىرىپ :

— يۈز - خاتىر قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلدۇق ، ئەمدى بولار ، — دېدى بىر دىنىلا نىيىتىنى بۇزۇپ ، — قۇدا - باجا بولۇپ سايىم قاپاقنىڭ ماڭا پوتلا ياغلىقى ئۆتۈپ قالغىنى يوق ، مېنىڭمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا بېرىدىغان قىز تۇگۇل ، قىزىق توقچىممۇ يوق ! سەن ماڭا ئوخشاش قارا يىلىك ئادەمدىن تۆرەلگەن ئوغۇل بالا ، ئەمدى بېرىپ ھېلىقى گۈلقىز دېگەن ناجىنسىنىڭ سۆزىنى بېرىۋېتىپ كەل !

ئاتا سۆزىنى قىۇرئاندەك مۇقەددەس بىلىدىغان شاۋاز شۇ

كۈنىلا سايىماخۇننىڭ ئۆيىگە باردى . لېكىن ، ئۆيگە كىرمەي ، هويلىدا غادىيىپ تۇرۇپ ، خۇددى تولۇمدىن توقماق چىققاندەك :
— قىزىڭىزنى چېكىڭىزگە تېگىشلىك ! قويدۇم ئۈچ تالاق ! — دېدى ـ دە ، چالۋاقاپ كېتىپ قالدى .
كۈيئوغۇلنىڭ مۇنداق هاياسىز ، تەلۋىلىكى سايىماخۇنغا هار كەلدى ، ئۇنىڭسىزمۇ گۈلقىزنىڭ يىقىنقى ئەھۋالىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى . قاسىماخۇن دەل گۈلقىزنىڭ يولىغا قاراپ ، ئاتا ـ ئانىسى ئەكېلىپ قويىدۇ ، دېگەن تەمە بىلەن يۈرگەن كۈنلەردە ، سايىماخۇن بىلەن گۈلسۇمخان قىزىنىڭ دەردىدە پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى . گۈلقىز يېقىنقى كۈنلەردە غەلىتە مىجەزلىك بولۇپ قالدى . بىر قېتىم ئۇ چاچلىرىنى چۇۋۇپ ئالدىغا تاشلاپ ، ئىشىك ئالدىغا چىقىۋالدى ، يەنە بىر قېتىم كۆڭلىكىنى تەتۈر كىيىپ ، بېلىگە دادىسىنىڭ شايى بەلۋېغىنى باغلاپ ، پىچىقىنى ئېسىپ ، چۈشىنىكسىز هالدا : «ئەنە كېلىۋاتىدۇ ، ئۆلتۈرىمەن ، ئۆلتۈرىمەن ! ئۇ...» دەپ ئۆيدىكىلەرنى چۆچۈتۈۋەتتى . بۇ ئىشلار گەرچە ئاندا ـ ساندا بولۇپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئاتا ـ ئانىسىنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويىدى . سايىماخۇن بىر كۈنى كەچتە داخان چاقىرىپ يوشۇرۇنچە ئوقۇتتى ، گۈلسۇمخان قېرى بىر بۇۋىمنى تېپىپ ، ئادراسمان بىلەن ئوت كۆچۈرگۈزدى ، بۇ ئىشلار پەقەت ئاتا ـ ئانىنىڭ مىسكىن كۆڭلىگە ئاز ـ تولا تەسەللى بېرىش رولىنىلا ئوينىدى ، گۈلقىز بولسا ، يەنىلا غەلىتە روھىي هالەت بىلەن ئۆتىۋەردى .
سىڭلىسىنىڭ تەقدىرى جامالنى تېخىمۇ چۆچۈتۈۋەتتى ، ئۇ ئەمدى سانىيەدىنمۇ ئەنسىرەپ قالدى . ئۇ ھېلىقى كۈنى يېرىم كېچە بىلەن تۈگمەندىن قايتىپ كېلىپ ، سانىيەنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكىنى بىلدى ۋە ئەتىسىلا قاسىماخۇن بىلەن سۆزلىشىشكە بارماقچى بولۇۋېدى ، دادىسى توسۇپ قويدى .
— ئېغىر بول بالام ، — دېدى سايىماخۇن ئۇنى

بەزلەپ ، — ئېغىر تاشنى سۇ ئالمايدۇ ، ھازىر قاسماخۇننىڭ بىزگە ئاچچىقى بار ، گۇلقىزنى بۇ پېتى ئاپىرىپ بەرگىلى تېخى بولمىسا ، قانداق قىلاتتۇق ! سەۋر قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ، سانىيە ئۆزىمۇ كېلىپ قالار .

جامال شۇ گەپلەر بىلەن غەزىپىنى ئىچىگە يۇتتى ، لېكىن كۆكقىر يېزىسىنى ئايلىنىشتىن بىر كۇنمۇ توختاپ قالمىدى . ئۇ سانىيەنىڭ ئۆيى ئەتراپىدىكى قوناقلىقلارنى ، جىگدە تۇۋلىرىنى دالدا قىلىپ ، سائەت - سائەتلەپ مەھبۇبىسىنىڭ تېۋشىنى تىڭ- شايتتى .

بىر قېتىم سانىيە ئۆگزىگە چىققاندا ، ئۇلار يىراقتىن دىدار- لاشتى ، سانىيە خۇددى ئۇچۇرما بولغان تۇمۇچۇقتەك جامالغا قاراپ ئىنتىلەتتى ، شۇ تۇرقىدا ئۇ ، جامالغا قاراپ ئۆزىنى ئېتىش- تىن ، پاك جىسمىنىڭ پارە - پارە بولۇپ كېتىشىدىن قورقمايت- تى ، لېكىن ... لېكىن جامال ئۇچۇن ، ساپ ۋە يالقۇنلۇق مۇھەب- بىتى ئۇچۇن ، يەنە ياشىشى كېرەك ! بىر چاغدا ئۇ قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى ، ئۇ پىغان بىلەن ئۇنسىز يىغلىماقتا ئىدى ، جامالنىڭ قانلىرى قىزىپ ، بەدىنى جىمىرلاپ كەتتى ، لوقۇلداپ تۇرغان مېڭىسىگە ھەرخىل خىياللار كەلدى ... تۇۋا ئۆز مەھبۇبى- سى ئۇن نەچچە قەدەم نېرىدا ئۆزىگە تەلپۈنۈپ تۇرسا ، نېمە ئۇچۇن لىككىدە سەكرەپ چىقىپ ئۇنى باغرىغا ئالمايدۇ ؟ ! نېمە ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەلەملىك ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان نازۇك بەدىنىنى ئۆز ھارارىتى بىلەن ئىسسىتالمايدۇ ؟ ئۇلارنى ئايرىپ تۇرغان زادى نېمە ؟ ! ئاشۇ قارا لاي بىلەن قوپۇرۇلغان يەتتە پەخسىلىك ئەنجان تاممۇ ؟ ! ياكى تۆت مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۆگزە بىلەن يەر - زېمىنمۇ ؟ ! ئەگەر ئاشۇ تاملا بولسا ، جامال ئۇنى بىر كېچىدىلا ئاغدۇرۇپ تۈپتۈز قىلىۋېتەلەيدۇ ، تۆت مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۆگزىنىڭمۇ كارى چاغلىق ! ئەگەر شوتا بولمىغان تەقدىردىمۇ ، جامال ئۇ يەرگە ئىككى تاقلاپ چىقالايدۇ ! ئەمىسە...

جامالنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى، ئۇ تۇرمۇشنىڭ بۇنداق غەلىتە، سىرلىق تېپىشماقلىرىنى يېشىشكە سەۋرسىزلىك قىلدى، بىردىنلا ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى تۇتتى، قايناپ تۇرغان ياشلىق كۈچى بىلەن ئۆگزىگە يامىشىپ چىقىپ، سانىيەنى ئېلىپ چۈشۈش نىيىتىدە ئىككى قەدەم ئالدىغا سىلجىۋىدى، تۇيۇقسىز ھويلا ئىچىدىن چىققان قوپال ئاۋاز بىلەن چىپپىدە توختاپ قالدى:

— ھوي سانىيە، ئۆزۈڭنى شامالغا سالماي، قايتىپ چۈش!

بۇ قاسىم قىڭغىرنىڭ بۇيرۇقى ئىدى، سانىيە جامالغا قاراپ- قاراپ تاكى شوتىدىن چۈشكۈچە كۆز ئۈزمەي ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپ كەتتى، جامال سانىيەنىڭ قارىسى يىتىش بىلەنلا كۆزىنى يۇمۇۋالدى، سانىيەنىڭ مەسۇم سىيماسى ئەمدى ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا تەكرارلاندى.

جامال شۇ كۈنى جىگدە تۈۋىدە ئۇزاققىچە ئولتۇردى، كاللىسىدىن مىڭ بىر خىياللار كەچتى، ھەتتا ئۆيگە بېسىپ كىرىپ قاسىم قىڭغىر بىلەن زوكۇنلاشماقچى، سانىيەنى ئېلىپ قاچماقچىمۇ بولدى، لېكىن شۇنداق نىيەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمدى قەدەم باساي دېگەندە، غايىۋانە بىر قول ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ، ئالغا سىلجىتمىدى، شۇ چاغدىلا ئۇ، دادىسىنىڭ ئېغىر بولۇشقا، سەۋر قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئۆزىنى بېسىۋالدى. بۇمۇ پەقەت ۋاقىتلىقلا رول ئوينىدى. ئۇلار ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇنداق بىرى ئۆگزىدە، بىرى قوناقلىقتا تۇرۇپ دىدارلاشقان ۋاقىتتا، جامال باغاقچىلىق بىر پارچە خەتنى مەدەككە باغلاپ سانىيەگە ئاتتى، خەتتە: «ئەتە خۇپتەن بىلەن جىگدىلىككە چىققىن، قاچايلى» دېيىلگەنىدى. سانىيە شۇ يەردىلا خەتنى ئوقۇپ باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. جامال ئەتىسى قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا جىگدە تۈۋىدە كۈتۈشكە باشلىدى، ئۇ، يات كۆزلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قۇمساڭغۇ نەم يەرگە

پوكىنىنى يېقىپ جىمىمدە ياتاتتى ، ۋاقىت ئۇنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى سۆرەلمىلىك بىلەن ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى . نىھايەت ، قۇبىبىسىنىڭ يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يېزا مەسچىتىنىڭ پەشتىقىدا قېرى مەزىننىڭ خۇپتەنگە ئەزان توۋلىغان خىرگەي ئاۋازى ئاڭلاندى . جامال لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قارىدى ، ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى تۈن قاراڭغۇسى ئىچىدىن مەھبۇبىسىنىڭ تونۇش گەۋدىسىنى ئىزدەيتتى ، ئۇ بارغانسېرى تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى . دەل شۇ چاغدا ھويلا تەرەپتىن قاسىم قىڭغىرنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى ، جامال قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ھويلىنى تىڭشىدى .

— ھۇ روھىي زەئىپ ، يىلىكى سۇيۇق قانجۇق ! سەن يەنە كۇسۇك ئىتتەك كىمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭماقچى !؟ تېخى قولتۇقىغا قىسىۋالغان بوغچىسىنى قارا ! ...

كېيىنكى گەپلەر جامالغا ئېنىق ئاڭلانمىدى ، پەقەت ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغان يىغا ئاۋازى بىلەن ئىشىككە سىيلىنغان قۇلۇپ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىدا ئۇزاققىچە ئەكس سادا بولۇپ تۇردى .

## 7

سانىيە تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى . جامال كېچە - كۈندۈزلەپ ئۇنىڭ ئۆيى ئەتراپىنى ئايلىنىپمۇ قارىسىنى كۆرەلمىدى ، قولۇم - قوشنا ، تونۇش - بىلىشلەردىن تىڭ - تىڭلىدى ، ھېچكىم بىر نەرسە بىلمەيتتى ، ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندە ، كۆڭلىگە ئاللىقانداق شۇم خىياللار كەلگەن جامال ئاخىر سانىيەنىڭ ئۆيىگە بۆسۈپ كىرىپ ، قاسىماخۇن بىلەن يۈزلەشتى ، قاسىماخۇن دەسلەپ سەل ھودۇققان بولسىمۇ ، كېيىن كۈتمىگەن يەردىن كۆز يېشىنى ئېقىتىپ دادلاندى :

— سانىيە تۇگەشتى ، بىچارە قىزىم ...
جامال تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :
— قاسىم ئاكا ، سانىيە نېمە بولدى؟ ئۇ نەدە؟ !
— سانىيە ساراڭ بولدى ... ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا ياتى-
دۇ ...

— ھە؟ ! — جامالنىڭ بېشىدا چاقماق چاققاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى ، كۆز قارىچۇقلىرى يوغىناپ ، يۈز مۇس-كۇللىرى تارتىشقاندەك بولدى ، شۇ تۇرقىدا ئۇ ئاجايىپ بىر تەلۋە كۈچ بىلەن ئالدىدا تۇرغان قاسىماخۇننى چايناپ يۇركۇۋەتكۇدەك ئەلپازغا كەلگەندى . قاسىماخۇن ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگى-رىشنى سەزدىمۇ ئەتىمالىم ، بىچارە قىياپەتتە غىپپىدە تىكىۋەتتى . جامال بىر دەقىقە كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى ، ئۇنىڭ قۇلىقىدا ، كالللىسىدا يىقىمسىز ، شۇم بىر ئاۋاز ئۈزلۈكسىز غوڭۇلدايتتى ، ئۇ بۇ ئاۋازغا قارشى شۇنچە جاسارەت كۆرسەتسىمۇ يەنىلا ئۇنى بېسىپ چۈشەلمىدى ، بەلكى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن تېخىمۇ دەھشەتلىك بىر سوئال كۆتۈرۈلۈپ ، ھېلىقى ئاۋازغا ماسلىشات-تى .

سانىيە راستىنلا ساراڭلار دوختۇرخانىسىدىمۇ؟ !

شۇنداق ، ئۇ راستىنلا ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا ئىدى . قاسىماخۇن بۇ سىرنى دەل جامالنىڭ ئالدىدا ئېچىۋەتتى ، ئۇنىڭ بۇنداق دادىللىق قىلىشىدا كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسى بار ئى-دى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، ئەگەر جامال سانىيەنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىسا دەرھال ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تاشلىۋېتەتتى ، شۇنىڭ بىلەن قاسىماخۇن سانىيەنى جامالنىڭ چاڭگىلىدىن پۈتۈن-لەي ئاجرىتىۋېلىپ ، قايچا قۇدا سودىسىدا ئالمىغان - بەرمىگەن بولاتتى . لېكىن ، بۇ ھېسابتا قاسىم قىڭغىر چوتنى يەنە خاتا سوقتى ، ئۇنىڭ خۇنى كەتكەن جاغال كۆزلىرى سانىيە بىلەن جامالنىڭ قەلبىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغان ئۈزۈلمەس سۆيگۈ

رىشتىسىنى كۆرەلمىدى . قارام يۈرىكى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چەكسىز يالقۇنلۇق ھارارەتنى سېزەلمىدى ···

مۇھەببەتنىڭ غايىۋانە كۈچى جامالنى تېزلا ئېسىگە كەلتۈردى . ئۇ سانىيە قامالغان ھويلىغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ ئارقىغا ياندى ، شۇ كېچە ئۇ كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزدى ۋە ئەتىسى سەھەردىلا ناھىيىگە قاراپ يولغا چىقتى .

تاڭ سەھەر ··· سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ ، كەڭ ئۇپۇق ئاقىرىپ كەلمەكتە ئىدى . شەرققە سۇرۇلگەن يېنىك بۇلۇتلار پەرەڭ ياغلىقتەك قىزىرىشقا باشلىدى ···

جامال كۈن بىلەن تەڭ ئىككى يېزىنى بېسىپ ئۆتتى ، ئۇ بەلۋېغىنىڭ بىر بېشىغا نان ، بىر بېشىغا كەشىنى تۈگۈپ ، دولدىسىغا تاشلىغان پېتى ئېتىز - قىرلارنى ئارىلاپ جان - جەھلى بىلەن ماڭاتتى ، پۇتىغا كىرگەن خوخا - تىكەنلەر ئۇنىڭغا بىلىنمىدى ، يۈز - كۆزلىرىنى جىجاپ ئۆتكەن شاخ - شۇمبىلارمۇ جېنىغا تەگمىدى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ جېنىغا تېگىپ ، يۈرىكىنى ئاغرىتىۋاتقىنى پەقەت سانىيەنىڭ تەقدىرى ئىدى . ئۇ سانىيەنىڭ ساراڭ بولۇپ قېلىشىنى قەلبىگە سىغدۇرالمايتتى . ئۇنىڭ قەلبىدە سانىيە ھامان ئەقىللىق ، چېچەن ، ۋاپادار بىر مەھبۇبە سۈپىتىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى . ئەمدى كېلىپ شۇنداق سۆيۈملۈك بىر ئەقىل ئىگىسى بىر كېچىدىلا مەجنۇنغا ئايلىنىپ ، ئاللىقانداق قورقۇنچلۇق بىر ئورۇنغا مەھكۇم بولۇپ كەتتىمۇ ؟ ! ئۇ ئەمدى مەڭگۈگە جامالنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاجراپ كەتمەكچىمۇ ؟ ! ياق - ياق ! ··· جامال بۇلارنى ئېغىزغا ئېلىش تۈگۈل ، ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتى . ئۇ ھازىر ئالدىرايتتى ، ئۇنىڭ جىسمىمۇ ، ئەقلىمۇ تەڭ ئالدىرايتتى . ئۇ شۇ تۇرقىدا ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا بېرىپلا ، ئۆز ئەقلىنىڭ يېرىمىنى سانىيەگە ئۆتۈنۈپ ، ئۇنى بۇرۇنقىدەك ئەقىللىق ، چېچەن ، ئوماق ھالىتىدە يېتىلەپ چىقىپ كەتمەكچىدى .

جامال چاشكا ۋاقتى بىلەن يول بويىدىكى «توققۇز كۆز» دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاققا يېتىپ كەلدى. قىرچىنتاللار بىلەن قاپلانغان بۇلاق بويى ناھايىتى سالقىن ئىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سېرىق سەبدە، مامكاپ، ياپۇزلار كۆكىرىپ تۇراتتى، جامال شۇ يەردە بىر ئاز سەگىدەپ، بەلۋىغىدىكى قاتلىمىنى راخاپتەك سوغۇق سۇغا چىلاپ يەپ، ناشتا قىلدى.

بۇلاق سۈيى شۇنداق تىنىق ئىدىكى، جامال ئۇنىڭ يىغلاڭغۇ كۆزلىرىنى ئوچۇق كۆردى. بۇ كۆزلەردىن بەس - بەس بىلەن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ تۇراتتى. جامالنىڭ خىيالىنى يەنە سانىيە ئېلىپ قاچتى. «توققۇز كۆز»دىن ئۇزۇلمەي چىقىۋاتقان سۈپسۈزۈك تىنىق سۇ ئۇنىڭغا سانىيەنىڭ قاپقارا مۆلدۈر كۆزلىرىنى ئەسلەتتى، «بۇلدۇق»لىغان يېقىملىق ئاۋاز بولسا، ئۇنىڭغا سانىيەنىڭ تاتلىق كۈلكىسىنى ئاڭلاتقاندەك بولدى.

جامال ئورنىدىن تۇردى. بەلۋىغىنى باغلاپ يەنە يولغا چۈشتى. ناھىيە بازىرىغا جايلاشقان «ۋىلايەتلىك روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى» بۇ يەردىن يىگىرمە چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى. جامال مۇشۇ يوسۇندا ماڭىدىغان بولسا، ئىككى سائەتكە قالماي مەنزىلگە يېتىپ باراتتى.

## 8

تاڭ شەپىقىنىڭ سۇزۇك ھال رەڭ نۇرى دېرىزە ئەينەكلىرىدىن بۆسۈپ كىرىپ سانىيەنىڭ يۈزىدە جىلۋىلەندى، ئىللىق نۇر ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزلىرىنى، ئەگىمە كىرپىكلىرىنى سۆيەتتى، ئەركىلىتەتتى، ئۇ نۇرنىڭ غىدىقلىشى بىلەن ئاستا كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۇيقۇغا قانغان كۆزلىرىدە چوڭقۇر قايغۇ - ئەلەمنىڭ ئىزناسى بىلەن يەنە قانداقتۇر بىر شادىيانە خۇشاللىقنىڭ شەپىسى ئەگىيتتى. شۇ كۈنلەردە

ئۇنى ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل بەخت تۇيغۇسى چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ ئۇزۇنغا قالماي ئانا بولاتتى، يېڭى بىر ھايات ئۇنىڭ مەسۇم ۋۇجۇدىدا پات - پات تەۋرىنىشكە باشلىغانىدى.

سانىيە ئۆز - ئۆزىگە ئوماققىنە كۈلۈپ قويۇپ، ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈردى، ئېچكىرىكى ئۆي جىمجىت، ئۆي ئىگىلىرى تېخى شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى. سانىيە ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىغا ھالاقىت بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئورنىدىن تۇرماي ياستۇققا يۆلەنگىنىچە دېرىزىدىن سەھەر ئاسمىنىغا قارىدى، ئاسمان سۈپسۈزۈك، يېنىك بۇلۇتلار تاڭ شەپىقىدە قىزغۇچ تۈسكە كىرگەنىدى. قۇشلار كۆك قەرىدە جەۋلان قىلاتتى، بىر توپ ئويۇنچى كەپتەرلەر بولۇشىغا موللاق ئېتىپ، ئاستا - ئاستا پەسلىدى - دە، دېرىزە ئالدىدىن ئەگىپ ئۆتتى. كەپتەرلەرنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلغان غوڭ قاپاقنىڭ رىتىملىق ئاۋازى، سەھەر ئاسمىنىنىڭ رەڭدار كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ خىيالىنى يېزىسىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېزىدىن ئايرىلغىنىغا ئون كۈن بولدى، بۇ ئون كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى، ئۇ شۇ تاپتا جامالنى تېپىپ، كۆڭۈل كۆكسىگە يىغىلغان دەرد - پىغانلىرىنى، سېغىنىشقا تولغان يۈرەك سىرلىرىنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ تۇرۇپ ئېيتقۇسى كەلدى. شۇنداق قىلسىلا ئۇنىڭ كۆڭلى بوشاپ، كۆكسى - قارنى ئېچىلىپ قالاتتى. لېكىن، ئۇ نەدە؟! ئۇنىڭ سانىيەنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر قىسمەتلەردىن خەۋىرى بارمىكىن؟

سانىيە بىرنەچچە كۈن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ شۈركۈنۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بىر ھەپتىلىك ئۆمرى ئەقلىدىن ئازغان، خۇدىنى يوقاتقان روھىي كېسەللەر ئىچىدە ئۆتتى. بۇ كېسەللەر شەرم - ھايا، ئىپپەت - نومۇس دېگەنلەرنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى كېچە - كۈندۈز دېمەي مايمۇندەك چىرقىراپ بىر - بىرىگە

خىرىس قىلىشسا ، بەزىسى ئادەمگە بەزدەك قادىلىپ ھېجىياتتى ، كۆلەتتى ، بەزىدە ھەتتا ئۈن سېلىپ يىغلايتتى …

بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە سانىيەمۇ ئەقلىدىن ئازغىلى تاسلا قالدى ، ئۇنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى ، تۈن ـ تۈنلەرنى يىغا بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى .

تۇۋا ، ئۇ زادى نېمە گۇناھى ئۈچۈن شۇ كۈنگە قالدى ؟ جامالغا بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈنمۇ ؟

توغرا ، ئۇنىڭ جامالغا بولغان ئەقىدىسى ، مۇھەببەتكە بولغان ۋاپاسى ئۇنى شۇ قىسمەتلەرگە سالدى .

سانىيە ھېلىقى كۈنى جامال بىلەن قاچماقچى بولۇپ بوغچا كۆتۈرۈپ چىققاندا ، ئارقىسىدىن ماراپ يۈرگەن دادىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى . قاسىماخۇن شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم بولالمىدى ، ئەگەر سانىيەنى يەنە قولدىن چىقىرىپ قويسا ، ساقايغۇسىز دەردكە قالاتتى ، ھەتتا سايىماخۇنمۇ «بىز ئىزدەپ بارمىدۇق ، قىزىڭ ئۆزى كەلدى» دەپ قاتتىق ئەلەم قىلىشى مۇمكىن ئىدى ، شۇڭا ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئېغىر يۈك بولۇپ قالغان قىزىنى مۇشۇ يېزىدىن يوق قىلىشنىڭ كويىغا چۈشتى . شۇنداق باش قېتىنچىلىقى بىلەن ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناھىيىدىكى سىڭلىسىنىڭ ئوغلى — «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى»نىڭ دوختۇرى قۇتلۇق تاغىسىنىڭكىگە قوغۇن سەيلىسى قىلىپ چىقىپ قالدى . ئۇ بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن مېھمان بولغاچ ، تاغىسىنىڭ دەردىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭغا دەرمان بولۇش قارارىغا كەلدى .

— تاغا ، — دېدى ئۇ بىر كۈنى قوغۇنلۇقتىكى ساتىمىدا ئولتۇرۇپ ، — سانىيەنى مەن ئەكېتەي ، بىرى سورىسا ، «ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالدى» دەۋەرسىلە ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا قۇدىلىرىمۇ ، جامالمۇ چوقۇم ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ ، مەن ئۇنى رەسمىيەت ئۈچۈن بىرنەچچە كۈن دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ ، كېيىن بىزنىڭ ئۆيدە بىر مەزگىل تۇرغۇزىمەن .

قاسىماخۇن ئىككىلىنىپ تۇرمايلا رازىلىقىنى بىلدۈردى .

— بۇ ... بۇ بەكمۇ بەلەن بولدى ، لېكىن ساڭا ئاۋارىچىلىك بولماسمۇ ؟

قۇتلۇق پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى :

— نېمە ئاۋارىچىلىك بولاتتى ، تاغا ، دوختۇرخانا ئۆز قولىمىزدا ، سىلى خاتىرجەم بولسىلا .

ئىش شۇنداق توغرىلاندى . ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ، كۆكقىر يېزىسىغا ناھىيىدىن قوغۇن سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر ماشىنا چىقتى . قۇتلۇق شوپۇر بىلەن تونۇش چىقىپ قالدى ، ئۇلار ئىشنى پۈتتۈرۈپ بىر كېچىدىلا سانىيەنىڭ باش - كۆزىنى ئوراپ ناھىيىگە ئېلىپ كەتتى .

قۇتلۇق سانىيەنى ئۆزى باشقۇرىدىغان بىر كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ، دوختۇر ۋە سېستىرالارغا مۇنداق جاكارلىدى :

— بۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى ، يېقىندا روھىي كېسەل بولۇپ ، ئائىلىدىكىلەر باشقۇرالماي بەك قىينىلىپتۇ ، مەن قايتۇرۇپ كەلدىم ، بىرنەچچە كۈن ئۆزۈم داۋالاپ باقاي .

شۇ گەپ بىلەن باشقا دوختۇرلار ئۇنىڭغا ئارىلاشمىدى ، سانىيە يىغا - زار بىلەن «مەن ساراڭ ئەمەس» دەپ ۋارقىرىسىمۇ ئۇلار «ساراڭ بولغاچقا ساراڭ ئەمەس ، دەيدۇ» دەپ پىسەنت قىلىشمىدى .

قۇتلۇق بىرىنچى كۈنى سانىيەگە مەست قىلىش ئوكۇل ئۇرۇپ ، سېزىمىنى يوقاتتى ، سانىيە باش كۆتۈرمەي لايدەك يېتىپ ئۇخلىدى ...

ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى ، سانىيەنىڭ دەسلەپكى قورقۇش ، چۆچۈش ھېسسىياتلىرى ئەمدىلىكتە غەزەپ ۋە نەپرەتكە ئالماشتى . ئۇ قۇتلۇقنى شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەتتىكى ، ئۇنى كۆرسىلا يىرگىنىپ «ھۆ» قىلغۇسى كېلەتتى . سانىيە ئەمدى ھوش - كاللىسىنى يىغىپ ، بۇ يەردىن تېزرەك قېچىش

قارارىغا كەلدى. لېكىن، قانداق قىچىش كېرەك؟ چوڭ دەرۋازىدىن چىقماق ئوڭاي ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇتلۇقنىڭ كۆزقۇلىقى دىڭ.

ۋاقىتنى سائەت ئەمەس، مىنۇتلار بىلەن ھېسابلاۋاتقان سانىيە ئۇچۇن، تۆتىنچى كۈننى ئاخىرلاشتۇرۇش تولىمۇ تەسكە چۈشتى. دەل شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭ تەلىيىگە بىر سىرداش چىقىپ قالدى. كەچلىك ئىسمىنىغا چىققان سېسترا چوكان قىسقىلا تونۇشۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ ھالىغا يەتتى.

— مۇنداق دەڭ!... — دېدى ئۇ بىردىنلا سەگەكلىشىپ، — قۇتلۇقنىڭ نېمە ئىشى بۇ؟ مەن بۇ ئەھۋالنى ئەتىلا رەھبەرلىككە ئېيتىمەن!

سانىيە بىرئاز ئەندىكتى.

— دوختۇر ئاچا، ئاۋۋال مېنى بۇ يەردىن چىقىرىۋەتسىلە.

ئۇ، بۇ ئىشلارنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئاڭلىنىپ، ئۆزىگە يەنە بىرەر پېشكەللىكنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— سىزنى چىقىرىۋېتىش كېرەك، چوقۇم چىقىرىۋېتىمەن! — دېدى سېسترا ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپ، — لېكىن ئەتە چىقىپ كېتىڭ، بۇنداق كېچىدە تېنەپ قالىسىز.

سانىيە كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ يېلىندى:

— جېنىم ئاچا، ئۆزلىرىدىن ئۇ دۇنيا ، بۇ دۇنيا خوش بولاي، مېنى ھازىرلا چىقىرىۋەتسىلە، بارىدىغان يېرىمنىمۇ بىلىمەن، مۇشۇ يەردىلا تۇغقىنىم بار.

سېسترا سانىيەنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ يەردە بىر دەقىقە ئارتۇق تۇرغۇدەك تاقىتى قالمىغانىدى. ئۇ ھازىر بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى، پەقەت مۇشۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كەتسىلا بولاتتى. شۇڭا ئۇ سېستراغا يالغاندىنلا «مۇشۇ يەردىلا تۇغقىنىم بار» دېگەن گەپنى قىلىشتىنمۇ يانمىدى.

— ماقۇل سىڭلىم ، ماقۇل ، سەۋر ـ تاقىتىڭىز چېكىگە يەتكەن ئوخشايدۇ ، سىزنى هازىرلا چىقىرىۋېتەي ، قالغان ئىشنى ئەتە ئۆزۈم سۆزلىشەرمەن ، — سېستىرانىڭ كۆڭلى ئېرىدى . ئۇ سانىيەنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تۇزەشتۇرۇپ ، يوغان ، سۇر-لۇك دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتى .

سانىيە ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىگە كەلگەندە ، قەلبىگە ئورنىشىپ كەتكەن نەچچە كۈندىن بۇيانقى بۇرۇقتۇرمىلىق بىردىنلا غايىب بولۇپ ، كۆڭلى ـ كۆكسى باھار ئاپتىپىدەك ۋاللىدە ئېچىلىپ كەتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى ، تۇرۇپلا كېيىنكى قەدەمنى قاياققا بېسىپ ، تاڭنى نەدە ئاتقۇزۇشتىن ئەندىشە قىلىپ قالدى . ئۇ بازارنى مەقسەتسىزلا ئايلاندى ، ئوقەتچىلەر بارغانسېرى سېلىكىپ ، ئاخىرىدا بىر ـ ئىككى دۇكاننىڭلا چىرىغى پىلدىرلاپ قالغاندى . سانىيەنى بىردىنلا سۇر بېسىپ كۆزىگە يىغا ئولاشتى . ئەمدى ئۇ ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتىلاقتەك بوينىنى سوزۇپ ، تۆت تەرەپكە ئالاقزادىلىك بىلەن قارايتتى . ئاخىر ئۇنىڭ قورققىنىدەك ئىش بولدى ، ھېلىقى دۇكانلارنىڭ بىرىدىن ئىككى ئادەم چىقىپ ، ئۇدۇل سانىيە تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى ، ئۇلار بىرئاز شىركەيپ بولسا كېرەك ، مېڭىش ـ تۇرۇشلىرى بىلەن گەپ ـ سۆزلىرى ئوڭغۇل ـدوڭغۇل ئىدى .

— ۋاھ ـ ۋاھ ... ، — دېدى بىرى سانىيەنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ ، — تازىمۇ مىق ـ مىق پاقلان ئىكەن .

— قېنى ئەمىسە ، پىژۋىدە كاۋاپ قىلمايلىمۇ ؟ — دېدى يەنە بىرى سانىيەگە ھېيىقماستىن بەزدەك قادىلىپ .

سانىيە دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ، ئۇدۇل تەرەپتىكى كوچىغا قاراپ ماڭدى ، ھېلىقى ئىككىسىمۇ ئاغزىنى تامشىپ سايىدەك ئەگەشتى . سانىيە قەدىمىنى تېزلىتىپ ، كېيىن يۈگۈردى . ئۇ بىر ئامال قىلىپ ، ئۇدۇلدىكى ئائىلىلىكلەر بار يەرگە يېتىۋېلىشنى ئويلايتتى .

هېلىقى ئىككىسىمۇ سانىيەنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگەچ، بىر- بىرىگە ئۈنلۈك سۆزلەشتى:
— ئۇنىڭ قاچقىنى بىزنى چىللىغىنى.
— خۇدا بەرگەن نېسىۋە قېچىپ نەگە باراتتى، ئۇمۇ خېرىدار ئىزدەپ چىققان بولماي...
ئۇلار ئون نەچچە قەدەم ئارقىدىلا پالاقشىپ كېلىۋاتاتتى، ئەگەر يەنە بىر ئاز كۈچەپ يۈگۈرسە سانىيەگە يېتىشىۋالالايتتى. خۇداغا شۈكرى، سانىيەمۇ كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىۋالدى ۋە بىرىنچى قەدەمدە يولۇققان چەتتىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى قارىسىغىلا قاقتى، هېلىقى ئىككىسى ئورنىدا چىپپىدە توختاپ قالدى. ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندە، هېلىقى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ دەسلەپ بىر ئەر كىشىنىڭ، كېيىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالنىڭ مۇلايىم ئاۋازى ئاڭلاندى، هېلىقى ئىككىسى بىردىنلا سەگەكلىشىپ ئىككى تەرەپكە تىكىۋەتتى...
......
— قىزىم ئويغاندىڭىزمۇ؟
سانىيە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ ئىزگۇ خىياللار بىلەن ئۆي ئىگىسى ئايالنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيمىغانىدى. سانىيە كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى.
— ئولتۇرۇڭ قىزىم، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئايال مېھرىبانلىق بىلەن، — قانداق، مېنىڭ مەسلىھەتىمنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟
— ئويلىدىم، سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرىغا كۆپ رەھمەت، مەن ئەمدى ئۆز ئۆيۈمگە قايتىپ كېتەي، — دېدى سانىيە.
ئارىنى بىر پەس جىملىق باستى، هەر ئىككىسى ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى. سانىيەنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىغا بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى، ئەر - خوتۇن ئىككىسى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان ئادەتتىكى كىشىلەر بولسىمۇ، ئاق كۆڭۈل،

دىلكەش ئادەملەر ئىدى . ئۇلارنىڭ توققۇز ياشلىق بىرلا ئوغلى بولۇپ ، ئۆي - ئىچى سەرەمجان ، ئىشلىرى ئىدىتلىق ئىدى . ئۇلار ھېلىقى كۈنى كەچتە سانىيەنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى ئاڭلاپ ، دەسلەپ ھەيران بولۇشتى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ، تۇرمۇش تولىمۇ گۈزەل ۋە ساپ ، كىشىلەر قەلبى ئادىللىق بىلەن رەھىمدىللىككە تولغان بولۇشى كېرەك ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار ھاياتلىق ئالىمىدە قاسىم قىڭغىرغا ئوخشاش قارا كۆڭۈل دادىلارنىڭ ، قۇتلۇققا ئوخشاش تەلۋە دوختۇرلارنىڭ ، ھېلىقى ئىككى مەستكە ئوخشاش شەھۋەتپەرەس لالمىلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى .

ئۇلار قاتتىق غەزەپلەندى ، سانىيەگە ئىچ ئاغرىتتى . يۈرەك يارىسىغا دەرمان بولدى . سانىيەنىڭ خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا ئاق كۆڭۈل ، ساددا ، ھالاللىقى ئۇلارغا يېقىپ قالغانىدى .شۇڭا ئۇ ، بىرنەچچە كۈنگىچە بۇ ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى بولدى ، ئۇلار سانىيەنىڭ بېشىغا قايتا كۈلپەت چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن تۈنۈگۈن ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆيدە داۋاملىق تۇرۇپ قېلىشىغا مەسلىھەت بەرگەنىدى .

— ھەربىرلىرىگە كۆپ رەھمەت ، — دېدى سانىيە يەنە بىر قېتىم كۆڭۈل ئېيتىپ ، — ئاتا - ئانامدىن كۆرمىگەن ياخشىلىقنى ھەربىرلىرىدىن كۆردۈم ، ئەمدى قايتاي ، مەن بۇ يەردە راھەت كۆرگىنىم بىلەن جامال قايغۇدا قالىدۇ .

سانىيە شۇ كۈنلەردە پۈتۈنلەي جامالنى ئويلايتتى ، ئوڭىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۈنسىز مۇڭداشسا ، چۈشىدە ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك مىنۇتلارنى ئۆتكۈزەتتى . بولۇپمۇ ، ئۇنىڭدا ھازىر پەيدا بولغان ئانا بولۇش تۇيغۇسى بۇرۇنقى مۇھەببەت رىشتىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ ، بولغۇسى پەرزەنتىنى بۇ رىشتىگە خۇددى بىر پارچە لەئلى ياقۇتتەك ئۆتكۈزۈپ قويغانىدى . شۇڭا ئۇ ، جامالنى تېزرەك كۆرۈشكە ، بۇ مېۋدىنى ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىشكە ئالدىرايتتى .

— بوپتۇ قىزىم ، كۆڭلىڭىز خالىغاننى قىلىڭ ، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئايال سانىيەنىڭ تىوزۇغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، — مەن ئەمىسە تاماقنا تۇتۇش قىلاي ، تاماقتىن كېيىن يولغا چىقىڭ !

سانىيە تاماقتىن كېيىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقاندا ، ۋاقىت پېشىنگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى . ئۇ بازارنى كېسىپ ئۆتۈپ ، قارىغاغ يېزىسىغا بارىدىغان توپىلىق يول ياقىسىدىكى تەكشى ئۆسكەن تېرەك سايىسىنى بويلاپ ئىلدام يۈرۈپ كەتتى .

دەل مۇشۇ چاغدا ، جامال «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى»نى ئىزدەپ تېپىپ دوختۇرلاردىن سانىيەنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىۋاتاتتى .

بازاردىكى كىچىككىنە بىر دوقمۇش ئىككىسىنى ئۇچراشتۇرماي ئىككى ياققا ئايرىۋەتتى . ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە بولغان كۆچلۈك سېغىنىش بىلەن تېزرەك دىدارلىشىشقا ئالدىرايتتى ، لېكىن ئۇلار قانچە ئالدىرىغانسېرى بىر - بىرىدىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى .

9

قاسىم قىڭغىر بېشىغا كەلگەن دىشۋارچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىز چوڭ قىلغانلىقتىن كۆردى .

«ھەي ! ... ، — دەيتتى ئۇ بەزىدە بېشىنى گىلدىڭشىتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە ، — كونىلار ئوغۇل تۇغۇلسا بۆرە ، قىز تۇغۇلسا تۈلكە دەيدىكەن ، قىز دېگەن راستتىنلا تۈلكىگە ئوخشاش مەككار ،قۇۋ ئوخشايدۇ ، سانىيە دېگەن بۇ قىز تالاق ماڭا بىر دەردىسەر بولدىغۇ !... »

راست ، قاسىماخۇننىڭ بېشى پەقەت بىر ھەپتىلا تىنچىدى ، سانىيەنى قۇتلۇق ئېلىپ كەتكەن شۇ كۈنلەر ئىچىدە جامالمۇ

ئۇنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئەگىپ پاراكەندە قىلمىدى ، سايىماخۇنمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ كېلىن يۆتكەيمەن ، دېمىدى . قارىغاندا ، ئۇلار راستىنلا سانىيەدىن ئۈمىد ئۈزگەندەك قىلاتتى . ئەھلى - جامائەتمۇ سانىيەنى «ساراڭ بولدى» دېگەن گەپكە ئىشىنىپ چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا بىر - ئىككى قېتىم غۇلغۇلا قىلىشىپ ، كېيىن تىنچىپ قېلىشتى . شۇنىڭ بىلەن قاسىماخۇنمۇ قۇتلۇقنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ، ئۆز - ئۆزىدىن خۇشال ھەم خاتىرجەم ئۆتۈۋاتاتتى . لېكىن ، تۈنۈگۈن كەلگەن تۇيۇقسىز خەۋەر يەنە ئۇنىڭ بېشىنى قوچۇۋەتتى . خەۋەرنى قۇتلۇق ئەۋەتكەندى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، سانىيەنىڭ دوختۇرخانىدىن قېچىپ كەتكىنىگە بىرنەچچە كۈن بوپتۇ .

قاسىماخۇننىڭ قىزىغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى . قاراڭ ، ئۇ ناكەسنىڭ بېشى چوڭلۇقىنى ! قىز بالا دېگەن قاقسا قوزۇق ، ئىلسا ئىلمەك بولۇشى كېرەك - دە ! قاسىماخۇن ئەمدى ئۇنى نەدىن ئىزدەيدۇ ؟ ! ھىم ، توختا ! بۇ تۈزكور تېخى جامالنى تېپىۋالغان بولمىغىيتتى ! ئەگەر شۇنداق بولسا ، ئەھلى - جامائەت بىلەن سايىم قاپاق ئالدىدا قاسىماخۇنغا نى ئات ، نى نومۇس ! ...

قاسىماخۇن ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى ، ساقاللىرى تىك بولۇپ ، جاغال كۆزلىرى تېخىمۇ سۈرلۈك تۈسكە كىردى . ئۇ ئەمدى بىھۇدە خىياللارنى قويۇپ ، تېزدىن سانىيەنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىش قارارىغا كەلدى .

شۇنىڭ بىلەن بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئات - ھارۋىسىنى جابدۇپ ، دەسلەپ قارىۋاققا كېلىپ جامالنىڭ ئۆيىنى تىڭ - تىڭلىدى ، ئەتراپتىكى كىچىك بالىلاردىن سۈرۈشتۈرمۇ قىلدى ، بۇ يەردىن كۆڭلى ئەمىن تاپقاندىن كېيىن ، ھارۋىسىنى داراڭشىتىپ ناھىيىگە يۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ قارىۋاغ يېزىسىدىن ناھىيە بازىرىغا قاراپ يولغا چىققان ۋاقتى دەل جامالنىڭ «توققۇز كۆز»لۈك بۇلاق بويىدا سەگىدەپ ناشتا قىلىۋاتقان ۋاقتى ئىدى .

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ، سىز بەلكىم بىر ـ ئىككى سائەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولسىمۇ ، لېكىن بىرلا كۈندە بىرلا مەقسەت بىلەن بىرلا نىشانغا قاراپ يولغا چىققان بۇ ئۈچ يولۇچىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى پەملەپ بولغانسىز . شۇنداق ، ئەڭ دەسلەپ يولغا چىققان جامال «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى»دا ئىككى سائەت ئاۋارە بولۇپ ، ئاخىرىدا سانىيە-نىڭ بىرنەچچە كۈن بۇرۇن بۇ يەردىن چىقىپ كەتكەنلىكتىن ئىبارەت باش ـ ئايىغى يوق شۇم خەۋەردىن ۋاقىپ بولدى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ نېرۋىلىرى سىرىمدىن توختاپ ، يۈرىكى شۇنداق قاتتىق سىقىلدىكى ، بىر هازاغىچە ئېسىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى .

سانىيە بولسا ، خۇددى يېڭىدىن ئۇچۇرما بولغان بوز تورغاي-دەك ، يېزىنىڭ نەمخۇش توپىلىق يولىدا رەڭدار يىپەك كۆڭلىكى-نىڭ ئېتەكلىرىنى يېيىپ ، بىردەم يۈگۈرۈپ ، بىردەم يورغىلاپ ، جامالنىڭ دىدارىنى تېزرەك كۆرۈشكە ئالدىراپ كېتىپ باراتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە تۇنجى قىزلىق مۇھەببىتى چېچەك ئاچقان غېرىب كەپىسى بىلەن شۇ كەپىنى جانلاندۇرۇپ ، ئۇنىڭغا هاياتـ لىق ئىشقى بەخش ئەتكەن جامالنىڭ يېقىملىق سىيماسىدىن باشقا هېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . بۇ سىيما خۇددى بىر پارچە نۇر چەمبىـ رىكىدەك ، ئۇنىڭ باش ئۈستىدىن ، كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتـ تى ، ئۇ يۈگۈرسە يۈگۈرەيتتى ، ماڭسا ماڭاتتى ، ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنداق خۇشال هەم ئازادە ئىدىكى ، هازىر ئۇ مۇشۇ يول ئۈستىدە قانداقتۇر بىر پالاكەتچىلىكنىڭ ئۆزىگە قاراپ بارغانسېرى يېقىنـ لاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى ...

ئۇ يەنە يۈگۈردى ، بۇ يۈگۈرۈش ئۇنى پالاكەتچىلىككە تېزلا يېقىنلاشتۇردى ، پالاكەتچىلىك ئاخىر كۆرۈندى ، ئۇ دەسلەپتە يىراقتىن كېلىۋاتقان هارۋىنى ، كېيىن بارا ـ بارا يېقىنلاپ كەلـ گەن هارۋا ئۈستىدىكى دادىسىنىڭ ۋەھىمىلىك چىرايىنى كۆردى ۋە خۇددى ئارقىدىن بىرى كۈچ بىلەن تارتقاندەك ، چىپپىدە

توختىدى ، غىڭشىپ ئېيتىۋاتقان ناخشىسىمۇ بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالدى …

قاسىم قىڭغىر تۇيىقى قىزىپ كەتكەن تورۇق ئايغىرنى تەسلىكتە توختىتىپ ، هارۋىنىڭ ئۈستىدىلا سانىيەگە ۋارقىرىدى :

— هارۋىغا چىق ! — دېدى ئۇ بۇيرۇق قىلىپ .

سانىيە دادىسىنىڭ ئەلپازىدىن ھېيىقتى ، ئىرادىسىگە بوي سۇندى . هارۋا ئارقىسىغا قايتىپ ، كەلگەن يول بىلەن ئەمەس ، باشقا بىر يوللار بىلەن ئارىچىلاپ يۈرۈپ كەتتى .

هارۋا قارىۋاغ بىلەن كۆكقىرنىڭ چېگرىسىغا يېقىنلاشقاندا ، ئۇلار يول ئۈستىدىلا گۈلقىزغا يولۇقتى ، يولۇقتىيۇ ، ھەر ئىككىسى ياقىسىنى چىشلەپ ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى . گۈلقىز يۈزىنى كۆك ، قىزىل رەڭدە ئالا ـ بۇلىماچ بويىۋالغانىدى ، چاچلىرى خۇددى چەللىگە تاشلانغان يانتاقتەك پاخپىيىپ تۇراتتى .

قاسىماخۇن ئاستا كۆزىنى ئېچىپ ، ئارقىغا قىيا باقتى ، گۈلقىز هارۋىنىڭ ئارقىدىن قالماي قاسىماخۇنغا قولىنى شىلتىپ : «شۇ ! …شۇ ! … قاتىلنىڭ ئۆزى شۇ !…» دېگىنىچە ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى . قاسىماخۇن دەرھال دۈرۈت ئوقۇپ ئىككى تەرەپكە ھۈرۈشكە باشلىدى ۋە سانىيە ئاڭلىغۇدەك قىلىپ شىۋىرلىدى :

«خۇدايا ، پاكا پەرۋەردىگارا ! ساۋابقا دەلىل ، گۇناھقا بېخىل سادىق بەندەڭمەن ! يامان كۆز ، يامان سۆزلەردىن ساقلىغايسەن ، ئىلمەك قازا ، توقۇناق بالادىن ئاسرىغايسەن !» ئۇ بىر تەرەپتىن شىۋىرلاپ ، بىر تەرەپتىن ئاتنى كۇچەپ قامچىلىدى ، تورۇق ئايغىر قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ سىلىق يورغىلاشقا باشلىدى . گۈلقىز يىراقتا قالدى .

قاسىماخۇننىڭ يۈرىكى خېلىدىن كېيىن جايىغا چۈشتى . ئۇ گۈلقىزنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ ئۆيىگە كېلىۋېلىشىدىن خېلىلا قورققانىدى . خۇداغا شۈكرى ، ئاۋارىچىلىك يېرىم يولدا قالدى .

قاسىماخۇن شۇ تاپتا ، ئۆز ۋاقتىدىكى بۇ كېلىندىن بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا قۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىگە ناھايىتى خۇشال بولدى . تولىمۇ ئەقىللىق ئىش بوپتىكەن ـ دە ! بولمىسا ، قاسىماخۇن بىلەن شاۋازنى نېمە كويلارغا سالاتتىكىن بۇ سارالڭ ! ...

قاسىماخۇن ھارۋىنى تېخىمۇ تېزلەتتى . سانىيە ياشقا تولغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، گۇلقىزنى يەنە بىر كۆرۈۋېلىش نىيىتىدە پات ـ پات ئارقىغا قاراپ قويااتتى ، ئەمما گۇلقىز كۆزدىن غايىب بولغانىدى ، ئۇنىڭ قىياپىتى ، ھەرىكىتى ، سۆزى سانىيەنىڭ قەلبىدە شىددەتلىك بىر دولقۇن قوزغىدى . ئېچىنىش بىلەن پىغانغا تولغان بۇ دولقۇن ئاخىر ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆز ئېقىمىغا غەرق قىلىۋەتتى ...

## 10

نازۇ نېمەتلىك ياز ئايلىرى ئاخىرلىشىپ ، بەرىكەتلىك كۈز ئايلىرى كەلدى . قارىۋاغ بىلەن كۆككىر يېزىسىدىكى دېھقانلار مول ـ ھوسۇل تەنتەنىسى بىلەن خۇشال ئىدى . پۈتۈن يېزا كۈندۈزى قىز ـ يىگىتلەرنىڭ توي ـ مەرىكىسى بىلەن جانلانسا ، كېچىسى مەشرەپ بىلەن قىزىپ كېتەتتى . لېكىن ، بۇ خۇشاللىق بىلەن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت پەقەت ئىككىلا ئائىلىگە نېسىپ بولمىدى ، ئۇلار تېخىچە بىر ـ بىرىگە ماي تارتىپ ، پەيتى كەلسە بىر ـ بىرىنى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا يۈرۈشەتتى . سايىماخۇن ھەر قانچە قىلىپمۇ جامالنى سانىيەنىڭ سۆزىنى بېرىۋېتىشكە كۆندۈرەلمىدى ، ئۇ بىر قېتىم سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن :

— ئوغلۇم ، شاۋازمۇ سىڭلىڭنى «ئۈچ تالاق» قىلىپ تۈگەشتى ، سەنمۇ بىر ئېغىز گېپىڭنى ئايىمىغىن ، سانىيە ئەمدى بىزگە ئاش بولمايدۇ ، قاسىم قىڭغىر بىلەن بولغان قۇدا ـ باجىلىقىمىز ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن ، ساڭا

يەنە قىز دېگەننىڭ خۇۋەيىنىسىدىن ئېلىپ بېرىمەن ! — دېۋىدى ، جامال قىلچە دۇدۇقلىماي :

— دادا ، ھىممىتىڭگە رەھمەت ! لېكىن مەن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا سانىيەدىن ئايرىلمايمەن ! — دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى .

سايىماخۇن يەنە بىرنەچچە قېتىم ھەرخىل يوللار بىلەن بۇ گەپنى تەشكەن بولسىمۇ ، لەۋزى شامالغا مۇشت ئاتقاندەكلا بىھۇدە كەتتى . كېيىنچە ئۇ ئوغلىغا قېيداپ گەپ ـ سۆز قىلمايدىغان بولۇۋالدى ، جامالمۇ ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىدا يېتىپ ـ قوپۇپ ، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى . ئۇ ھېلىقى كۈنى ناھىيەدىن سانىيەنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالماي قايتىپ كېلىپ ئىككى ھەپتىگىچە ئەس ـ ھوشىنى بىلەلمەي يۈردى . سانىيەنىڭ بۇنداق جىممىدە يوقاپ كېتىشى ھــەتتا ئۇنى بەزىبىر ئەندىشىلىك خىياللارغىمۇ سېلىپ قويدى . ئەنە شۇنداق ئېغىر جۇدالىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، جامال كۆكقىر يېزىسىدىكى يېقىن بىر تونۇشى ئارقىلىق سانىيەنىڭ ساق ـ سالامەتلىكىدىن ، لېكىن ، دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا ئۆيدىن سىرتقا چىقالماي يۈرۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى . ئۇ شۇ كۈنىلا كۆكقىرغا بېرىپ ، خېلى ۋاقىتقىچە سانىيەنىڭ ئۆيى ئەتراپىنى ئايلاندى . لېكىن شۇنچە كۈتۈپمۇ مەھبۇبىسىنىڭ يېقىملىق چىرايىنى كۆرەلمىدى ، تەشنالىق ، تەقەززالىق ئۇنىڭغا تەڭداشسىز كۈچ بېغىشلىدى ، ئۇ گۇگۇم ۋاقتى بىلەن سانىيەنىڭ ئۆيىگە كىردى ، ھويلىدا شاۋاز قوناق سوقۇپ ئولتۇراتتى ، ئۇ دەسلەپ ئەندىكىپ ، كېيىن سوغۇققىنە سورىدى :

— ئېزىپ قالدىڭمۇ ؟ !

جامال ئۆزىنى بېسىپ ، ئۇدۇللا جاۋاب بەردى :

— سانىيەنى كۆرگىلى كەلدىم ...

— سانىيەنى ؟ !

ئۇلار بىر ـ بىرىگە چوجە خورازدەك ھۇرپەيدى ، جامال ئاچچىقىدا دېدى :

— سانىيە تېخى مېنىڭ ئەمرىمدە، ئۇنى سىلەر جىنايەتچىدەك ئۆيگە قاماپ قىيناۋاتىسىلەر، مېنىڭ ئۇنى ئەكېتىش ھوقۇقۇم بار.

— ھوقۇقۇم؟! — جامالنىڭ ھويلىغا كىرگەنلىكىنى سەزگەن قاسىماخۇن دەسلەپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن تىڭ - تىڭلاپ كېيىن تاقەتسىزلىك بىلەن ھويلىغا چىقتى، — قېنى سېنىڭ شۇ ھوقۇقۇڭ، مەن بىر كۆرۈپ باقاي، قولۇڭدا جاڭزاڭ بارمۇ ياكى ھۆكۈمەتتە داڭزاڭ بارمۇ؟ بىلىپ قوي، بىزنىڭ قايچا قۇدىلىقىمىز ئاللىقاچان تۈگىگەن، سانىيەمۇ سېنىڭ ئەمرىڭدە يوق.

— قاسىم ئاكا، ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى جامال يېلىنغاندەك مىسكىن ئاۋازدا، — شەرىئەت ئالدىدا گۇناھكار بولىسىز.

قاسىم قىڭغىر تېخىمۇ چىچاڭشىدى:

— شەرىئەت ئالدىدا مەن ئەمەس، سەن گۇناھكار، ئەمرىڭدىن چىقىپ كەتكەن بىر نامەھرەمنى قوغلاپ يۈرۈش گۇناھ بولماي نېمە؟!

جامال بىردىنلا غەزەپلىنىپ قاسىماخۇنغا تىكىلدى:

— سانىيە قاچان مېنىڭ ئەمرىمدىن چىقىپتۇ؟

قاسىماخۇن مەسخىرە ئارىلاش دىمىغىنى قېقىپ قويدى:

— سەنغۇ ئادەم، ھايۋان چېغىدا ئەركەكلىرى چىشىلىرىنى باقىدۇ، ھويلاڭدىكى خورازنىڭ مېكيانلىرىغا دان تېپىپ بەرگەنلىكىنى كۆرمىگەنمۇ سەن؟! سانىيەنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرغىنىغا مانا بۇگۈن سەكسەن يەتتە كۈن بولدى، بۇ جەرياندا ئاغرىدى، دوختۇردا ياتتى، يېدى، كىيدى، سەن ئۇنىڭغا بىر تىيىنلىق شاپائەت قىلدىڭمۇ؟! تېخى ئەمرىمدە دەيدا؟! سىلەر ھازىر نىكاھى ھارام!

— ئۇنى ئۆزىڭىز ئېلىپ قېچىپ، ئۆزىڭىز ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، ئەمدى ماڭا دۆڭگىگىمەكچىمۇ؟ — دېدى جامال بوغۇلۇپ، — سىلەر مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىساڭلار، ئاڭلايدىغان

يەرگە بارىمەن .

جامال ئەتىسى سوبهى بىلەن تەڭ يولغا چىقىپ ، چوشكە يېقىن ناهىيىلىك سوت مەهكىمىسىگە باردى ، لېكىن ئۇ مۇناسى-ۋەتلىك كادىرلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشقىچە ئارىلىقتا ، نا-ھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە تەرجىمانلىق قىلىدىغان مەھەللىدى-شى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ، ئەسلىدىكى نىيىتىدىن تېزلا يال-تايدى .

— ئىككى ئائىلە قودا چۈشكەن چاغدا ، قىزلار قانۇندا بەلگى-لەنگەن ئەڭ تۆۋەن نىكاھلىنىش يېشىغىمۇ يەتمەپتىكەن ، — دېدى تەرجىمان جامالغا چۈشەندۈرۈپ ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ، نىكاھىنىمۇ تىزىملاتماپتىكەنسىلەر ، ئەمدى ماجىرالاشقاندا بۇ يەرگە كىرسەڭ ئۆزۈڭ تۇتۇلۇپ قالارسەنمىكىن ! ھەر ھالدا ئويلىنىپ باق .

جامال راستتىنلا ئويلىنىپ قالدى ، دېمىسىمۇ ، ئۇلارنىڭ تويى پۈتۈنلەي قانۇندىن خۇپىيانە ھالدا بولغان . ئۆز ۋاقتىدا قانۇننى پىسەنت قىلماي ، ئەمدى باشقا كۈن چۈشكەندە ئۇلارنى مالال قىلسا نېمە بولماقچىدى ؟ ! جامال باش - ئۇچى يوق خىيال-لارغا پاتقان ھالدا ناھىيە بازىرىنى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ چىق-تى . كەچكە يېقىن بىر قاچا ئاشمانتا بىلەن قورسىقىنى تويغۇ-زۇپ ، يەنە يولغا راۋان بولدى ، ئۇ ئۆيگە كەلگۈچە ئويلاندى ، تولا ئويلاپ باشلىرىمۇ ئاغرىپ كەتتى . «تو‌ۋا ، يول شۇنچە كەڭ بول-سىمۇ ، ئاياغنىڭ كىچىكلىكىدىن پۇت ئاغرىتىۋاتقىنىنى ؟ ! بولدى بۇنداق ئاياغنى سېلىپ تاشلاش كېرەك ! جاھان كەڭرىغۇ !؟ سا-نىيە ھاياتلا بولىدىكەن ، تۇرمۇشىمىزنى جاڭگالدا بولساقمۇ ، چا-ھار باغدىكىدەك ئۆتكۈزەلەيمىز ، ھازىر دېھقان ئۈچۈن يول كەڭرى . »

جامال ئۆزى بىلەن سانىيەنىڭ ئالدىدا پەقەت بىرلا يول قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ، بۇ يول قېچىش ئىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئاز - تولا راسخوت كېرەك ، جامال شۇ كۈندىن باشلاپ

بىر ئاز پۇل غەملەش كويىدا باش چۆكۈرۈپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى .

بۇنداق خىياللار قاسىماخۇنىنىڭمۇ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ يۈرەتتى . ئۇ ھېلىقى كۈنى جامالنىڭ ھويلىغا بۆسۈپ كىرگەنلىكىدىن خېلىلا چۆچۈپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرز - شىكايەت قىلىش توغرىسىدا بېشارەت بەرگەنلىكى تېخىمۇ بىئارام قىلىپ قويدى ، كىم بىلىدۇ ، بىرەر سوتچى ئىچ - باغرى ئېرىپ ، ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق قىلىپ قالسا ، چوڭ ئىش بولمىغان تەقدىردىمۇ ، سانىيەنى قوشۇپ بەرسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ! ئۇ چاغدا قاسىماخۇنغا ئاتا چىرىغى يېنىۋاتقان بۇ قەدىم جاي تۈگۈل ، پۈتۈن كۆكقىرمۇ ھارام بولىدۇ . ئۇ چاغدا سايىم قاپاقنىڭ ئېشىكى تۆت چىشلىق بولۇپ ، تېرىسىگە سىغماي قالىدۇ - دە ، يائاللا ! ئۇ كۈنلەرنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن !

قاسىماخۇنىنىڭ كۆڭلىگە ھەرخىل پىلانلار كەلدى . سانىيەنى يىراقتىكى تۇغقانلارنىڭكىگە ئاپىرىۋېتىش كېرەكمۇ ياكى قۇتلۇقتىن يەنە بىر قېتىم ياردەم سوراش كېرەكمۇ؟

ھەر ئىككىسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە خوپ كەلمىدى ، يىراققا ئاپىرىۋەتسە ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ساق ، يەنە قېچىپ كېلىشى ياكى جامال دېگەن ھېلىقى رودۇپاي يېپىشىۋېلىشى مۇمكىن . قۇتلۇققا تۇتۇپ بەرسە ، بۇ قېتىم سانىيەنى ئۇنىڭ «ساراڭلار دوختۇرخانىسى»غا ياتقۇزۇشى مۇمكىن ئەمەس ، ئۆتكەنكى ئىش ئۈچۈن قۇتلۇق ئاز رىيازەت چەكتىمۇ؟

مانا شۇنداق خىياللار بىلەن قاسىماخۇنىنىڭ بېشى قېتىپ تۇرغان چاغدا رەۋىخان جالداق كىرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ۋاللىدە يورۇتۇۋەتتى . ئۇ «سۇلتان سۇزۇك» دەپ ئاتىلىدىغان چەت ناھىيىلىك بىر بويتاققا ئەلچى بولۇپ كەلگەنىدى . بۇ خەۋەر قاسىماخۇننى يېقىندىن بېرى كۈتۈۋاتقان مەقسىتىگە يەتكۈزدى ، بولغۇسى كۈيئوغۇل ئۇنىڭغا يات ئەمەس ئىدى . ئۇلار بۇنىڭدىن ئىككى

ھەپتە بۇرۇنقى قايناق بىر بازار كۈنى تاسادىپىي ئۇچرىشىپ، ئاخىرىدا خېلى يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كۈنى قاسىماخۇن ئېشىكىنى سېتىپ ئورنىغا ئات ئېلىش ئۈچۈن ئۇلاق بازىرىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئېشەكنى ساتقان بولسىمۇ، تېخى كۆڭۈلدىكىدەك ئات ئۇچرىمىدى، ئۇ، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن تىقما - تىقماق بولۇپ كەتكەن شاۋقۇنلۇق بازارنى كېزىپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا ياخشى بىر ئاتنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالدى، قېرى بېدىك ئۇنى سۇلتان سوزۇك بىلەن ئۇچراشتۇردى. سۇلتاننىڭ قولىدىكى تورۇق ئايغىر قاسىماخۇنغا ياردى، ئۇلار باھادا پۈتۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن قاسىماخۇننىڭ يېنىدىكى پۇل كەملىدى، شۇ ئارىدا تورۇق ئايغىرنىڭ خېرىدارى كۆپىيىپ، نەق پۇل سانايدىغانلار بىرنەچچىگە يەتتى، قاسىماخۇننىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. ئۇ ئەتراپىقا شۇنچە بويۇندىغان بولسىمۇ تۆت تەڭگە قەرز بەرگۈدەك تونۇش ئۇچرىمىدى، شۇ چاغدا سۇلتان سوزۇك مەردلىك قىلىپ، قاسىماخۇننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

— بولدى، ئاتنى دەسلەپ خېرىدار بولغان مۇشۇ ئادەمگە ساتتىم، — دېدى ئۇ چۇپۇرلۇق مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — پۇلى كەم بولسا ئۆيدىن ئېلىۋالاي.

قاسىماخۇن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، كىدەيگەن ھالدا ئاتنى يېتىلەپ ئۆيگە ماڭدى، ئۇ يول ئۈستىدە سۇلتان سوزۇكنىڭ مەردلىكىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ، ئۇنىڭ چەت ناھىيىدىن تۇغقان يوقلاپ كەلگەنلىكىنى، تۇغقىنى كۆكقىرنىڭ يۇقىرىسىدىكى «تال قۇيرۇق» دېگەن يېزىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

— بىر يۇرتلۇق چىقىپ قالدۇق، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا خۇشامەت بىلەن، — تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىر تۇغقان دېسىلە.

ئۇلار كۈن قايرىلغاندا ئۆيگە كەلدى. قاسىماخۇن سۇلتان

سۇزۇكنى كاتتا ئىلتىپات بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە شۇ كۈنى «كېـ-تەي» دېسىمۇ ئۇنىماي قوندۇرۇۋالدى. سۇلتان سۇزۇك ئەتىسىـمۇ بۇ ئۆينىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى بولدى ۋە بۇ جەرياندا سانىيە بىلەن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم دوقۇرۇشۇپ، ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئۇستىلىق بىلەن ئۇنى ـ بۇنى سوراپ يۈرۈپ، سانىيەـنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن قاسىماخۇنغا تېخىمۇ سۇركىلىپ يېقىنچىلىق قىلدى، ھەتتا شەھەردىن ئەرزان باھادا خىمىيىۋى ئوغۇت، ئات ھارۋىسىنىڭ رېزىنكە چاقى قاتارـلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى، بۇنى ئاڭلىغان قاسىماخۇن خۇددى خىزىرغا يولۇققاندەك، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋاـنە بولۇپ يۈردى. سۇلتان سۇزۇك كېتەر چاغدا قاسىماخۇن ئالدىـراپ ـ تېنەپ:

— ئۇكام سۇلتانجان، ھېلىقى كەم قالغان تىزىنىئاپچىقىپ بېرەي، — دېيىشىدى، سۇلتان سۇزۇك دەرھاللا:

— قاسىم ئاكا، شۇنىمۇ ئېغىزغا ئېلىپ يۈرەملا، بىز ئەمدى تونۇشتۇق، كېيىن تۇغقان بولۇپ كېتەمدۇق تېخى، — دېدى.

بۇ گەپ قاسىماخۇنغا بەكمۇ ياقتى، ھېلىغۇ يۈز نەچچە كوي ئىكەن، بىرنەچچە موچەن بولسىمۇ، ئۆز چۆنتىكىدە قالغىنى ھايان ـ دە.

سۇلتان سۇزۇك خوشلىشىپ كەتتى ۋە ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتمەيلا يەنە كېلىپ مېھمان بولدى، پاراڭ ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ بويتاقلىقىنى، يېزىدىن ئۆيلىنىش نىيىتى بارلىقىنىمۇ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى.

قاسىماخۇن بۇ گەپلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ، سۇلتان سۇزۇكـنىڭ مۇددىئاسى نېمىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، كۆڭـلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتماي يەنىلا ئۇنىڭ ئۆزى ئېغىزلىنىشىنى كۈتۈش قارارىغا كەلگەنىدى.

مانا، بۈگۈن ئۇنىڭ كۈتكەن كۈنى كەلدى، كەلگەندىمۇ دەل

جايىدىن كەلدى ، بۇ خېرىدار ئۇنىڭغا بەكمۇ ياقاتتى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئىككى يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرىدىغانلىقى ، ئىش ـ ئوقىتىنىڭ جايىدا ، يەتتە ئەزايى ساق ، مەرد بىر ئادەم ئىكەنلىكى ئۇنى تولۇق قانائەتلەندۈرەتتى .

ئۈچ كۈن ئىچىدە يەڭ سودىسى پۈتتى ، نىكاھ ئوقۇلىدىغان ئاخشىمى سانىيە ئۆزىنىڭ يات بىرىگە تېگىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، دادىسىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئاتتى :

— دادا ، جېنىم دادا… ، — دېدى ئۇ قار ـ يامغۇردەك تۆكۈلۈپ ، — قىزلىرىغا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن ، مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويسىلا ، مەن هازىر يالغۇز ئەمەس !

قاسىماخۇن ئۇنى ياۋاشلىق بىلەن بەزلىدى :

— قىزىم ، قىز دېگەن خان كۆۋرۈكى ، پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى ئۆتۈۋېرىدۇ ، نەدە بولساڭمۇ بىر ئەرنىڭ قولىدا بولىسەن ، ئەمدى جامالنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ ، خۇدا قوشقان بۇ جۈپتۈڭنى قوبۇل كۆر .

— دادا ، مەن جامالدىن ئايرىلالمايمەن … ئۇ…

قاسىماخۇن ئۇنى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋەتتى :

— تولا كاپشىما ، سەن ئايرىلالمىساڭ ، ئۇ سەندىن ئاللىقاچان ئايرىلدى ، — دېدى ئۇ ۋە تۆش يانچۇقىدىن بىر قەغەزنى چىقىرىپ پۇلاڭلاتتى ، مانا بۇ جامالنىڭ سېنىڭ سۆزۈڭنى بېرىپ يازغان خېتى !

سانىيەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، بېشى قايغاندەك بولدى ، خىرەلەشكەن كۆزىگە گويا دادىسى هېلىقى قەغەزنى پۇلاڭلاتقان پېتى قاقاقلاپ كۈلۈپ ، ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقاندەك ، هەتتا بەزىدە ، باش ئۈستىدە چۆرگىلەپ ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى …

ئەتىسى كەچقۇرۇن نىكاھ پاتىهەسى ئوقۇلدى ، قوشنا يېزىدىن تەكلىپ قىلىنغان ئۆچكە ساقاللىق قېرى موللا ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن بىر لېگەن گۆشلۈك پولۇ بىلەن بىر يەكتەكلىك

پاڭچۇنىڭ خۇشاللىقىدا ئىشنى تەپمە ھالال تۇگەتتى .
نىكاھدىن كېيىن يېڭى كۆيئوغۇل كېتىشكە ئالدىرىدى ، قاسىم قىڭغىر مۇشۇنى كۈتۈپ تۇراتتى ، ئۇ كۈندۈزى كۆيئوغۇل-نى ئوبدان مېھمان قىلىپ ، كەچ كىرگەندە ، ھارۋىنى جابدۇپ شاۋازنى ناھىيىگىچە ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى . باش - كۆزى قىلىن چۈمكەلگەن سانىيە ھارۋىغا چىقىرىلدى ، يېڭى كۆيئوغۇل ئۇنىڭ يېنىدا چوقچىيىپ ئولتۇردى . ھارۋا قوزغىلىدىغان چاغدا ، ناۋاتخان «خوش قىزىم ، خۇدايىمغا تاپشۇردۇم ! ...» دەپلا بۇقۇل-داپ يىغلاپ كەتتى ، سانىيە بولسا ئۇن - تىنسىز ئولتۇراتتى ، ئۇ يىغلىمىدى ، گەپ - سۆزمۇ قىلمىدى ، خۇددى قاتۇرۇپ قوي-غان مومىيادەك جىمجىت ئىدى ، قېلىن رومال ئۈستىدىن ئۇنىڭ يۈز ئىپادىلىرىنى كۆرۈشمۇ مۇمكىن بولمايتتى ، لېكىن ئۇنىڭ بەزى - بەزىدە چوڭقۇر «ئۇھ» تارتىپ قويۇشىدىنلا كۆزى ئە-مەس ، بەلكى يۈرىكى ، ھەتتا پۈتۈن ۋۇجۇدى خۇددى لۆمۈلدەپ تۇرغان بۇلاق كۆزىدەك ئۈنسىز يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولات-تى .
ھارۋا قوزغالدى ، قاسىماخۇن يەلكىسىدىن خۇددى بىر پات-مان تۇگمەن تېشى ئېلىپ تاشلانغاندەك ، يېنىك «ئۇھ» تارتىپ قويدى ، ناۋاتخان بولسا ، پۈت - قوللىرىنى مىدىرلىتىشقىمۇ ماجالى يەتمەي ، دەرۋازىغا يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى .
يېڭى ئەر - خوتۇن ناھىيە بازىرىدىن ئەتىسى ئەتىگەندە تراكتورغا ئولتۇرۇپ ، ۋىلايەت مەركىزىگە قاراپ يولغا چىقتى . شاۋاز ئۇلارنى يولغا سېلىۋېتىپ ئۆيگە قايتتى ، تراكتوردا ئۇلار-دىن باشقا يەنە ئون نەچچە يولۇچى بار ئىدى ، پورپاڭ توپىلىق يول تۇگەپ ، ئىككى تەرىپى سۆۋادان تېرەكلىك تېقىر يولغا چىققاندا ، يولۇچىلار خېلى جانلىنىپ ، بەزىلىرى قىزىق پاراڭغا چۈشتى ، بەزىلىرى ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى ، سانىيەنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر كىشى تراكتورنىڭ

سىلكىشىگە تەڭكەش قىلىپ، دىمىغىدا غىڭشىغىنىچە ناخشا ئېيتتى:

قاشنى قاشقا ئۇلىسا،
بوغدايغا باغلىق بولغۇدەك.
يېڭى يار تۇتقان كىشى،
سەۋدايى ئاغرىق بولغۇدەك.

ئۆرگىلىدۇ پەلەك،
چۆرگىلىدۇ خەمەك.
كىمنىڭ يارىسىز،
چوكان سىيكىلەك؟

سانىيەنىڭ مۇزدەك يۈرىكى يەنە ئىللىشقا، سەزگۈسىنى يوقاتقان نېرۋىلىرى ئاستا ـ ئاستا قوزغىلىشقا باشلىدى.

شۇ چاغ ئۇنىڭ قورسىقىدا — يۈرىكىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدە كىچىككىنە بىر جان خۇددى بېلىقنىڭ پىلتىڭلىغىنىدەك يېنىك بىر تەۋرىدى ـ دە، ئۆتۈپ كەتتى، سانىيەنىڭ چىرايى بىر نەچچە كۈندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۇماققىنە ئېچىلدى، ئۇ راھەتلەنگەندەك بىر دەقىقە كۆزىنى يۇمدى، لېكىن بۇ ھالەت ئۇزۇنغا بارمىدى، تراكتورنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرغان خۇشخۇي بىر جۇۋاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى يەنە ئۇنىڭ كەيپىنى بۇزۇۋەتتى.

غېرىبلىق ناخشىسى ئېيتسام،
كۆزۈمدىن توختىماس قان ـ ياش.
ئېچىلماي توزىدى غۇنچەم،
بېشىمنى ئورىدى ئاق چاچ.

سانىيەنىڭ كۆزىگە غىلىلدە ياش كەلدى، ئۇنىڭ قورۇپ

كەتكەن چاناقلىرى يەنە نەملەشتى . ئىككى تامچە ياش ئاستا ـ ئاستا سىرغىپ ، ئۆنىڭ قاتمۇ قات گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىگە كېلىپ سىڭدى . بۇ ياش ئاز بولسىمۇ ، لېكىن شۇنداق ئاچچىق ئىدىكى ، سانىيە لەۋلىرىنى يىمىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى .

بىر يولۇچى يەلكىسىگە ئېسىۋالغان كىچىك رادىئوسىنى ئېچىۋەتتى . رادىئودىن دەسلەپ يېقىملىق ، شوخ تەمبۇر ساداسى ، كېيىن مەردانە ناخشا ئاۋازى ياڭرىدى ، ئاخىرىدا قىزىقارلىق خەۋەرلەر بېرىلدى . بۇ خەۋەرلەر ئىچىدە دىكتورنىڭ ئالاھىدە تەنتەنىلىك ئاۋاز بىلەن : «ھازىر مەملىكەت بويىچە ئاياللاردىن ئۆلكە باشلىقى ، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى بولغانلار يەتتىگە يەتتى» دېگەن خەۋىرى سانىيەنى قىزىقتۇردى . ئۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ، خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا قۇلاق سالدى . «جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى گۇشۇليەن جۇڭگو بويىچە تۇنجى ئايال ئۆلكە باشلىقى ھېسابلىنىدۇ ...»

سانىيە رادىئودىن خۇددى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاۋاتقاندەك پەخىرلىنىپ كەتتى ، ھېلىقى ئۆلكە باشلىقى ھەدىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن سىرداشقۇسى كەلدى . ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ئويلىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، بۇ ھەدىسى گەرچە ناھايىتى سالاپەتلىك ، ناھايىتى گۈزەل ، ناھايىتى چىرايلىق بولسىمۇ ، لېكىن قىلچىمۇ قورۇنماستىن :

«شۇليەن ھەدە ، ئاياللاردىنمۇ سىزدەك قابىللار چىقىدىكەنغۇ ؟ ! بىز نېمانچە ئاجىز ؟ ! مەن سىزنىڭ بىز ئۈچۈن كۆپرەك قايغۇرۇپ ، جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا تېخى ماڭا ئوخشاش ، گۈلقىزغا ئوخشاش شۇم تەلەيلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىڭىزنى سورايمەن ! ...»

رادىئودىن بېرىلگەن ئىككىنچى خەۋەر ئۇنى ھەيران قالدۇردى . ئۇنىڭدا ئەنگلىيىلىك ئون ياشلىق بىر قىزچاقنىڭ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سان شىيۇس ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بەرگەن بەش يۈز ئوتتۇز ئوقۇغۇچى ئىچىدە ماتېماتىكا نەتىجىسى ئەڭ

ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئىگە بولغانلىقى خەۋەر قىلىنغانىدى. سانىيەنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. ئۇ ئۆزى بىلەن ھېلىقى قىزنى سېلىشتۇردى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى بەش ياشلا پەرق بار ئىدى. تېخى سانىيە ئۇنىڭدىن چوڭ تۇرۇپ، ئۇنىۋېرسىتېت تۈگۈل، ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ ئىمتىھان بېرىپ باقمىدى. ئەمدى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقاي دېگەندە، دادىسى: «قىزىم، ئىمانىڭ سۇسلىشىپ كەتمىسۇن، ئەمدى داۋۇت قارىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ دۇنيالىق ئوقۇشنى ئوقۇغىن!···» دەپ يېزا ئىمامىنىڭ قولىغا تۇتۇپ بەرگەنىدى.

سانىيە ھېلىقى ئون ياشلىق چەت ئەللىك قىز ئالدىدا ئۆزىنى بەكمۇ ئەرزىمەس ھېس قىلدى. ئون ياشلىق قىز ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋېتىپتۇ، سانىيەچۇ؟! ئۇ نەگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ؟!

سانىيەنىڭ دېمى سىقىلغاندەك بولدى، ئۇ بېشىغا پۈركەلگەن رومالنى ئاستا ئۈستىگە تارتىپ، يۈزىنى قىيا ئاچتى، ئۇدۇلىدا ھېلىقى «ئېرى» مۈگدەپ ئولتۇراتتى، سانىيە تۇنجى قېتىم بۇ مەخلۇققا يۈزمۇ يۈز تىكىلىپ قارىدى. «ئېرى» قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى خۇددى تېرىق توشقۇزۇلغان تۇلۇمدەك دىقماق، سېمىز بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئاپتاپتا كۆيگەنلىكتىنمۇ ياكى كېسەللىكتىنمۇ، ئىششىقلىپ شۇنداق قارىداپ كەتكەنىدىكى، بىرلا قارىغان كىشىگە بەئەينى جاڭگاللىقتىكى ئوت كەتكەن توغراقنىلا ئەسلەتتى. سانىيە ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپلا يىرگەندى، سۇلتاننىڭ سارغىيىپ، داتلىشىپ كەتكەن ھىڭگاك چىشلىرى بىلەن كۆكىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرى، خۇددى كۇيە چۈشكەن بىر پارچە ئەسكى كىگىزنى چاپلاپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان چۇپۇرلۇق مەيدىسى بىلەن ئوڭ مەڭزىدىكى ئورغاقسىمان پىچاق تاتۇقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يامان بىر ئادەمنىڭ ۋەسۋەسىسىنى سالدى. سانىيە ئۇنى «ئېرىم» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش تۈگۈل، يول ئۈستىدىكى ئۆتكۈنچى ھەمراھ دەپ ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئادەمسىمان بىر مەخلۇققا تېخى ھېلىلا يۈرىكىنىڭ

ئاستىدا تەۋرىگەن جاننى — ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى قېتىم ياخشى كۆرگەن ئادىمى جامالنىڭ بىردىنبىر يادىكا-رىنى تۇغۇپ بېرەمدۇ؟! پاك مۇھەببەتنىڭ بىردىنبىر سىمۋولى ھەم مېۋىسى بولغان ئاشۇ ناتىۋان بوۋاق مۇشۇ مەخلۇقنىڭ بالىسى بولامدۇ؟!

«ياق - ياق! ...، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ئاستا شىۋىرلا-پ، — جامال مېنىڭ سۆزۈمنى بەرگەن بىلەن بۇ بالا ھامان شۇنىڭ بالىسى، بۇ بالا ئىككىمىزنىڭ قىسقا ۋاقىتتىكى بەختلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ يادنامىسى، جامال بۇنىڭدىن تانىدىغان يىگىت ئەمەس! لېكىن ... لېكىن مەن نەدە كېتىۋاتىمەن؟ بالىچۇ؟! ...»

تراكتور تولغىماش يوللار ئارقىلىق خۇددى ئاسمانغا كۆتۈ-رۈلۈۋاتقاندەك، كۆچ بىلەن يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى، ھەيۋەت-لىك ئېقىۋاتقان ئۇلۇغساي دەرياسى تىك جىرالارنى بويلاپ تۆۋەندە قالدى.

كۆز شاملى مېۋىلىك باغلارنىڭ، كەڭ چىمەنلىكلەرنىڭ، دەريا ۋادىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس نەمخۇش پۇراقلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەلدى. سانىيە ئۇنىڭدىن نەپەس ئالغاندا، گويا ئانىسىنىڭ تىنىد-قىنى پۇرىغاندەك ۋۇجۇدى بىر ئاز تېتىكلەشتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم كۆزلىرىنى قىسىپ، نۇرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يىراقتىكى قامەتلىك تاغلارنىڭ ئۇچىغا چوققىلىرىغا تىكىلىپ قارىدى - دە، خۇددى شۇ ياققا قاراپ ئۇچماقچى بولغاندەك، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، سۆيگۈ ھەم بەخت ھامىلىسى تەۋرىنىپ تۇرغان پاك ۋە يۇمران تېنىنى تۆۋەنگە ئىرغىتىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ رەڭدار كۆڭ-لىكى خۇددى تور قانىتىدەك يېيىلىپ، تىك جىرادىكى تاشلار ئارىسىدا لەپىلدەپ، ئۇلۇغساي دەرياسىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى ...

1985 - يىل ئاۋغۇست، ئۇرۇمچى - قەشقەر

**图书在版编目(CIP)数据**

独眼龙：维吾尔文/艾海提·吐尔迪著. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2009.3
（艾海提·吐尔迪作品集）
ISBN978－7－5371－6505－1

Ⅰ.独… Ⅱ.艾… Ⅲ.短篇和中扁小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 023343 号

责任编辑：卡米拉·热合曼
责任校对：依巴达提·亚森
迪丽达尔·买买提
封面设计：阿里甫·夏

艾海提·吐尔迪作品集
独眼龙（维吾尔文）
（短篇和中扁小说集）
艾海提·吐尔迪　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号　邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开　14印张
2009年3月第1版　2009年3月第1次印刷
印数：1—2000

ISBN978—7—5371—6505—1　定价：28.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换